1 ـ قەۋرىستاندا يۈرۈپ چۈش كۆرسە، گۇناھى ئازلىغان بولۇر .

2 ـ مەسچىتنى كۆرۈپ چۈش كۆرسە، خۇدانىڭ خەزىنەسىدۇر .

3 ـ مەسچىتتە ناماز ئوقۇپ چۈش كۆرسە، مۇرادىغا يېتەر .

4 ـ چوڭ دەرەخ يىقىلىپ چۈش كۆرسە، شۇ جاينىڭ چوڭىغا خەتەر يېتەر .

5 ـ كۆچەت قويۇپ چۈش كۆرسە، پەرزەنت كۆرگەي .

6 ـ تاغدا يۈرۈپ تاغنى كۆرۈپ چۈش كۆرسە، ئىززەت ۋە ھۆرمەتلىك بولغاي .

7 ـ ئوتنى كۆرۈپ چۈش كۆرسە، مۇرادىغا يېتەر .

8 ـ تۈتۈن ئىسنى كۆرۈپ چۈش كۆرسە، ئازاپقا گىرىپتار بولۇر .

9 ـ ئانارنى كۆرۈپ چۈش كۆرسە، بىر يەردىن سوۋغات خەۋىرى كېلۇر .

10 ـ ئىشەكتىن يىقىلىپ چۈش كۆرسە، ئۆزىگە زىياندۇر . !

11 ـ تۆمۈر ئەسۋاپ كۆرۈپ چۈش كۆرسە، پەرزەنتى كۆپ بولغاي .

12 ـ قامچا كۆرۈپ چۈش كۆرسە، چوكان ئالۇر .

13 ـ ئىت قاۋاپ چۈش كۆرسە، دۈشمەن قەست قىلۇر .

14 ـ توشقان كۆرۈپ چۈش كۆرسە، پەرزەنت نىسىپ بولۇر .

15 ـ قاغا قىچقىرىپ چۈش كۆرسە، يامان خەۋەر كېلۇر .

16 ـ پاختەك كۆرۈپ چۈش كۆرسە، ئۆمرى ئۇزۇن بولۇر .

17 ـ قۇچقاچ كۆرۈپ چۈش كۆرسە، غەمكىن بولۇر .

18 ـ كەپتەر كۆرۈپ چۈش كۆرسە، بالىسى ئالىم بولۇر .

19 ـ لاچىن كۆرۈپ چۈش كۆرسە، بالىسى باتۇر بولۇر .

20 ـ دەمدەر كۆرۈپ چۈش كۆرسە، شۇ جايدىن قۇرئان ئاۋازى ئۈزۈلمەس .

21 ـ بۇلبۇل كۆرۈپ چۈش كۆرسە، بالىسى نەغمىچى بولۇر .

22 ـ قالغاچ كۆرۈپ چۈش كۆرسە، راست سۆزلۈك بولۇر .

23 ـ ھۆپۈپ كۆرۈپ چۈش كۆرسە، بالىسى بخىل بولۇر .

24 ـ ئاسماندا ئۇچۇپ چۈش كۆرسە، دۆلىتى زىيادە بولۇر .

25 ـ ئىگىز ئۇچۇپ چۈش كۆرسە، سەپىرى سالامەت بولۇر

26 ـ كەتمەن كۆرۈپ چۈش كۆرسە، مۇرادىغا يېتەر .

27 ـ ئارا كۆرۈپ چۈش كۆرسە، ئۆمرى ئۇزۇن بولۇر .

28 ـ خامان تېپىپ چۈش كۆرسە، خەلققە باشلىق بولۇر .

29 ـ كىيىك كۆرۈپ چۈش كۆرسە، نېمەتكە داخىل بولۇر .

30 ـ كالا قوغلاپ كېتىپ چۈش كۆرسە، ئۇلۇغلارنىڭ نەزىرىدىن يىقىلۇر .

31 ـ كالا بوغۇزلاپ چۈش كۆرسە، يۇرتىغا خەتەر يېتەر .

32 ـ كالا گۆشى تەقسىم قىلىپ چۈش كۆرسە، ئۆي سەرەمجانلىرى تەقسىم قىلىنۇر .

33 ـ قوي گۆشى تەقسىم قىلىنىپ چۈش كۆرسە، تەقسىم نۆۋىتى كىلۇر .

34 ـ پاقلان كۆرۈپ چۈش كۆرسە، بالىسى يېتىم بولۇر .

35 ـ ئۆچكە جېنىنىڭ سۇرىدۇر .

36 ـ ئوغلاق كۆرۈپ چۈش كۆرسە، مەككار پەرزەنت كۆرەر .

37 ـ مال بىقىپ چۈش كۆرسە، خەلققە باشلىق بولۇر .

38 ـ تۆگە قوغلاپ چۈش كۆرسە، ئەۋلىيالارنىڭ غەزىپىگە ئۇچرار .

39 ـ تۆگە كۆرۈپ چۈش كۆرسە، ئەۋلىيالار بىلەن دوست بولۇر .

40 ـ مىكىيان كۆرۈپ چۈش كۆرسە، خوتۇن ئالۇر ياكى ئەرگە تىگەر .

41 ـ تۇخۇم يەپ چۈش كۆرسە، پەرزەنت كۆرمەس .

42 ـ تۇخۇم چىقىلىپ چۈش كۆرسە، پەرزەنتى تۇرماس .

43 ـ قوناق كۆرۈپ چۈش كۆرسە، مۇشكىلى ئاسان بولۇر .

44 ـ ئىت قەست قىلسىپ چۈش كۆرسە، دۈشمەن سۈرىدۈر .

45 ـ شەھەر كۆرۈپ چۈش كۆرسە، مۈشكىلى ئاسان بولۇر .

46 ـ چوڭ بولۇپ چۈش كۆرسە، رەنجىگە گىرىپتار بولۇر .

47 ـ جىلغ ـ تارازا كۆرۈپ چۈش كۆرسە، داۋاگەر بولۇر .

48 ـ كۆۋرۈك كۆرۈپ چۈش كۆرسە، ئابرۇيلۇق بولۇر .

49 ـ گۈلنى كۆرۈپ چۈش كۆرسە، ئۇلۇغلاردىن ئىنئام ئالۇر .

50 ـ قورسقى ئېچىپ چۈش كۆرسە، غەمدىن قۇتۇلار .

51 ـ پۇتىغا ئاياق كىيىپ چۈش كۆرسە،خوتۇن ئالۇر.

51 ـ قىز بالا كۆرۈپ چۈش كۆرسە،ئۆمرى ئۇزۇن بولۇر.

53 ـ زىنا قىلىپ چۈش كۆرسە،غۇسلى تاھارەت ئېلىپ يۇيۇنسۇن،مۇرادىغا يىتەر.

54 ـ ئوڭ قولى غايىپ بولۇپ چۈش كۆرسە ئوغۇل پەرزەنتىگە،سول قولى غايىپ بولۇپ چۈش كۆرسەقىز پەرزەنتىگە خەتەر يېتەر.

55 ـ بەدىنىگە موي چىقىپ چۈش كۆرسە،پۇل ـ مېلىغا زىيان يېتەر.

56 ـ ھايۋاننىڭ تېزىكىنى تېرىپ چۈش كۆرسە،ئۆمرى مۇشەققەتتە ئۆتەر.

57 ـ ئۆيگە كىرىپ چۈش كۆرسە،غەمگە قالور.

58 ـ ئۆيدىن چىقىپ چۈش كۆرسە،غەمدىن قۇتۇلار.

59 ـ ئۆيگە سۇ كىرىپ چۈش كۆرسە،ئۆيىگە بەرىكەت كىلور.سۇ بەرىكەتنىڭ،نىجاسەت دۇنيانىڭ سۈرىدۈر.

60 ـ ئۆيگە ئوت كېتىپ چۈش كۆرسە،قەستكە ئۇچرار.

61 ـ دەريا كۆرۈپ چۈش كۆرسە،مەرتىۋىسى ئۇسەر.

62 ـ سۇغا چۈشۈپ كېتىپ چۈش كۆرسە،ھاجىتى راۋان بولۇر.

63 ـ كېمىگە چىقىپ چۈش كۆرسە،يۇزدە يۇز مەرتىۋە تاپار.

64 ـ بېلىق تۇتۇپ چۈش كۆرسە ،رىزقى كۆپ بولۇر.

65 ـ ئات يۈگۈرتۈپ چۈش كۆرسە ،مۇرادىغا يېتەر.

66 ـ ئات مىنىپ جەڭ قىلىپ چۈش كۆرسە ،خوتۇنى بىلەن ماجىرالىشىپ ئۆي بۇزۇلۇر.

67 ـ ئاتتىن يىقىلىپ چۈش كۆرسە ،خوتۇندىن يامانلىق كېلۇر.

68 ـ يايلا قۇيرۇقلۇق ئاتقا مىنىپ چۈش كۆرسە ،خوتۇنى كېسەل بولۇر.

69 ـ قوغۇن يەپ چۈش كۆرسە ،رىزقى كۆپ بولۇر.

70 ـ ئاچچىق قوغۇن يەپ چۈش كۆرسە ، خەقتىن ئىزا_ئاھانەت ئاڭلار.

71 ـ ياڭاق كۆرۈپ چۈش كۆرسە ،جۇداغا قالۇر.

72 ـ كۆك ئۈزۈم يەپ چۈش كۆرسە ،يىغا زارىلىق بولۇر.

73 ـ غەلۋىر كۆرۈپ چۈش كۆرسە ،ۋەيرانلىققا قالۇر.

74 ـ ئۈتكەمە كۆرۈپ چۈش كۆرسە ،غەمگە قالۇر.

75 ـ خوتۇن كىشى ئوغۇل تۇغۇپ چۈش كۆرسە قىزدۇر.

76 ـ ئالما كۆرۈپ چۈش كۆرسە ،دىدار كۆرۈشەر.

77 ـ چىلان كۆرۈپ چۈش كۆرسە ،بالىسى دوختۇر بولۇر.

78 ـ جىگدە كۆرۈپ چۈش كۆرسە ،نائەھلى بىلەن دوست بولۇر. !

79 ـ تولا يىغلاپ چۈش كۆرسە ،كېسەل بولۇر.

80 ـ گۈر كولاپ چۈش كۆرسە ،ھاجىتى راۋان بولۇر.

81 ـ ھەرە كۆرۈپ چۈش كۆرسە ،بىراۋدىن ئازارلىنۇر.

81 ـ ھېندى كۆرۈپ چۈش كۆرسە ،قارىغۇ پەرزەنت كۆرەر.

82 ـ چېچەك كۆرۈپ چۈش كۆرسە ،ئۈمرى راھەتتە ئۆتەر.

83 ـ شېكەر ناۋات كۆرۈپ چۈش كۆرسە ، خوشاللىق بولۇر.

84 ـ جەڭ قىلىپ چۈش كۆرسە ،كىسەل بولۇر.

85 ـ قاپاق كۆرۈپ چۈش كۆرسە،كېسەلدىن شىپا تاپار.

86 ـ قۆلىقى گاس بولۇپ چۈش كۆرسە،بەتنام سۆزدىن قۇتۇلار.

87 ـ بوغۇز تۇگە كۆرۈپ چۈش كۆرسە،جان ئالغۇچىنىڭ سۆرىدۇر.

88 ـ كەكلىك كۆرۈپ چۈش كۆرسە،ئاللا جۈپ پەرزەنت بىرۇر.

89 ـ سېۋەت كۆرۈپ چۈش كۆرسە،مەرتىۋىسىدىن چۈشەر.

90 ـ سۈرە پەلەقنى ئوقۇپ چۈش كۆرسە،ئالىم پەرزەنت كۆرەر.

91 ـ سۈرە ياسىن ئوقۇپ چۈش كۆرسە، خۇدا دوزاخ ئازابىدىن ساقلار.

92 ـ تاھارەت ئېلىپ چۈش كۆرسە،ئابرويى ئۆسەر.

93 ـ روھ كۈلۈپ چۈش كۆرسە،ئازاپ تارتقانىنىڭ سۆرىدۇر.

94 ـ روھ دەشنام قىلىپ چۈش كۆرسە،مەدەت قىلغانىنىڭ سۆرىدۇر.

95 ـ روھ ئۆرۈپ چۈش كۆرسە،ساقايماس كېسەلگە قالۇر.

96 ـ روھ ئىززەتلەپ چۈش كۆرسە،ئۆز يىنىغا تارتقانىنىڭ سۆرىدۇر.

97 ـ روھ سۆزلىسە راست سۆزلىگەي.

98 ـ روھ تائام بېرىپ چۈش كۆرسە،دۇئا تەلەپ قىلغاندۇر.

99 ـ روھ تاھارەت ئېلىپ چۈش كۆرسە،گۇناھى تۆكۈلەر.

100 ـ تۆگمەن قۇرۇق چۆرگىلەپ چۈش كۆرسە،قۇرۇق سۆز قۇرۇق تۆھمەتكە قالۇر.

101 ـ يامغۇر يېغىپ چۈش كۆرسە،ئەرزانچىلىق بولۇر.

102 ـ ئاپتاپ چىقىپ چۈش كۆرسە،مەرتىۋىلىك بولۇر.

103 ـ كۈننى كۆرۈپ چۈش كۆرسە،خۇدانىڭ جامالىدۇر.

104 ـ كۈن تۇتۇلۇپ چۈش كۆرسە،خەلق زۇلۇمدا قالغاي.

105 ـ يېڭى ئاي كۆرۈپ چۈش كۆرسە،پەرزەنت كۆرگەي.

106 ـ يۇلتۇز كۆرۈپ چۈش كۆرسە،مۇرادىغا يىتەر.

107 ـ ئۆلكەر يۇلتۇز كۆرۈپ چۈش كۆرسە ،پەرىشتىلەردىن مەدەت بولۇر.

108 ـ يۇلتۇز ئېقىپ چۈش كۆرسە ،بىر ئالىم ۋاپات بولۇر.

109 ـ يەر تەۋرەپ چۈش كۆرسە ،گۇناھلار كۆپلۈگىنىڭ ئالامىتىدۇر.

110 ـ باش غايىپ بولۇپ چۈش كۆرسە ،ئەجىلى يېقىنلاشقانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر.

111 ـ باش چۈشۈرۈپ چۈش كۆرسە ،يېرىم ھەج ساۋابى بولۇر.

112 ـ چېچى ئۆزۈن ئۆسۈپ چۈش كۆرسە ،قەرزدار بولۇر.

113 ـ كۆزى كۆر بولۇپ چۈش كۆرسە ،تېنەپ قالۇر.

114 ـ بۇرنى پۈچۈق بولۇپ چۈش كۆسە ،ئەيىبى ئاشكارە بولۇر.

115 ـ ئاق تون كېيىپ چۈش كۆرسە ،ماتەمدار بولۇر.

116 ـ كۆك تون كىيىپ چۈش كۆرسە ،يىغا زارىلىق بولۇر.

117 ـ يالاڭ ئاياق بولۇپ چۈش كۆرسە ،گۇماندىن خالاس بولۇر.

118 ـ لاي سۇ كۆرۈپ چۈش كۆرسە ،مىھنەتلىك بولۇر.

119 ـ سۈزۈك سۇ كۆرۈپ چۈش كۆرسە ،ئۆمرى ئاز قالغاندۇر.

120 ـ قان كۆرۈپ چۈش كۆرسە ،دۈشمىنى بىلەن دوست بولۇر.

121 ـ سارنى كۆرۈپ چۈش كۆرسە ،پاسىق بىلەن دوست بولۇر.

122 ـ تۈلكە كۆرۈپ چۈش كۆرسە ،ھىيلىگەر بىلەن دوست بولۇر.

123 ـ گۆرنى كۆرۈپ چۈش كۆرسە ،غەمسىز بولۇر.

124 ـ كېپەن كىيىپ چۈش كۆرسە ،ئۆمرى ئۇزۇن بولۇر.

125 ـ جىنازا كۆرۈپ چۈش كۆرسە ،خەلىققە چوڭ ئاپەت بولۇر.

126 ـ ئۆلۈك تىرىلىپ چۈش كۆرسە ،روھ ئاجىزلىغانلىقىنىڭ سۈرىدۇر.

127 ـ روھ يىغلاپ چۈش كۆرسە ،روھقا بىھۇش نىسىپ بولغانلىقىنىڭ سۈرىدۇر.

128 ـ روھ بىر نەرسە بىرىپ چۈش كۆرسە ،قوللىغانىنىڭ سۈرىدۇر.

**129** ـ روھ يىنىغا تارتىپ چۈش كۆرسە ، ئۆز يىنىغا تارتقانلىق سۈرىدۇر.

**130** ـ ساندۇق كۆرۈپ چۈش كۆرسە ،كەسپى راۋاج تاپار.

**131** ـ كوزا چېقىلىپ چۈش كۆرسە ،خۇتۇننىڭ تۇغۇتى تەس بولۇر.

**132** ـ تاۋاق كۆرۈپ چۈش كۆرسە ،پەرزەنت كۆرەر.

**133** ـ ئالتۇن كۆرۈپ چۈش كۆرسە ،ئىماندىن ئاجراش خەۋپى بار.

**134** ـ كۈمۈش كۆرۈپ چۈش كۆرسە ،دۇئاسى ئىجاۋەت بولۇر. !

**135** ـ داچەن كۆرۈپ چۈش كۆرسە ،پۇشايمانغا قالۇر.

**136** ـ ئۈزۈك كۆرۈپ چۈش كۆرسە ،بالىسىنىڭ بىرەر ئەزاسى كەم بولۇر.

**137** ـ ئەينەك كۆرۈپ چۈش كۆرسە ،سەپەر تەرەپتىن خەۋەر كېلۇر.

**138** ـ ئەينەككە قاراپ چۈش كۆرسە ،دىدار كۆرۈشەر.

**139** ـ بۇغداي كۆرۈپ چۈش كۆرسە ،جاپا بىلەن پۇل تاپار.

**140** ـ قۇناق كۆرۈپ چۈش كۆرسە ،رۇشەنلىككە چىقار.

**141** ـ ئارپا كۆرۈپ چۈش كۆرسە ،مەينەتچىلىككە قالۇر.

**142** ـ تېرىق كۆرۈپ چۈش كۆرسە ،مۇشكۇلى ئاسان بولۇر.

**143** ـ سېمىز ئېنەك كۆرۈپ چۈش كۆرسە ،مەمۇرچىلىق بولۇر.

**144** ـ ئورۇق ئىنەك كۆرۈپ چۈش كۆرسە ،قەھەتچىلىك بولۇر.

**145** ـ ھايۋان بىلەن سۆزلىشىپ چۈش كۆرسە ،ھەقىقى مۇسۇلمان بولۇر.

146 ـ سۈرە ئەرراھمان ئوقۇپ چۈش كۆرسە ،ئىككى ئالەمدە سائادەتمەن بولۇر.

**147** ـ قۇرئان ئوقۇپ چۈش كۆرسە ،بۇنىڭ ياخشىلىغىغا ھېچنىمە توغرا كەلمەس. !

# تېما:فاشست گېتلېرنىڭ نۇتقى

يوللىغۇچى:taklimakan | يوللىغان ۋاقىت :2011-10-27 23:32 | كۆرۈلۈش قېتىم

سانى:7397

گېتلىرنىڭ نۇتىقى

بۈگۈن بىز بۇ يەردە، گېرمانىيىلىكلەرنىڭ زىمىنىدا ــ بېرلىندا

تۇرۇپتىمىز !ئەجدادلىرىمىزنىڭ ساپ قانلىرى ۋە غورۇرى بىلەن سۇغۇرۇلغان زىمىندا

تۇرۇپتىمىز !

كۆز ئالدىمدا بىر مىللەت — ھاقارەت ئىچىدە ئىڭراۋاتقان بىر مىللەت تۇرۇپتۇ! ئاشۇ

ئۇرۇشتىن كېيىن بىزنىڭ بۇ مىللىتىمىزنىڭ مەغرۇرلىقى يوقالدى !ئاشۇ ئۇرۇشتا

غەلىبە قىلغان دۆلەتلەر ھازىر بىزنىڭ شىللىمىزدە زورلۇق قىلماقتا. بىزنىڭ

غورۇرىمىزنى دەپسەندە قەلماقتا، ياۋروپا قۇرۇقلىقىدىكى ئەڭ ئېسىل بىر مىللەتنىڭ

غورۇرىنى دەپسەندە قىلماقتا! ماڭا ئېيتىڭلارچۇ، سىلەر بېنيامىن، مارتىندەك بىر ھۆرلۈك

جەڭچىسى بولماقچىمۇ ياكى قۇل بولماقچىمۇ؟ !سىلەر بەلكىم :

”گىتلېر ئەپەندىم !

ماڭا بىر كىشىلىك خىزمەت، قۇرساق تويغۇدەك بولكا بولسىلا بولدى“دېيىشىڭلار

مۈمكىن .شۇنداق، سىلەرنىڭ دېگىنىڭلارمۇ توغرا، ھايات ھەقىقەتەنمۇ قىممەتلىك.

بىراق سىلەرگە شۇنى دەپ قويايكى، بۇ دۇنيادا ھاياتتىنمۇ قىممەتلىك بىر نەرسە بار، ئۇ

بولسىمۇ ھۆرلۈك! ئۇ بولسىمۇ غورۇر !

ئارزاس ۋە لوررېين كۆكلىرىدە فرانسىيەنىڭ دۆلەت بايرىقى لەپىلدەپلا تۇرىدىكەن،

بىزنىڭ غورۇرىمىز دىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ !ئاشۇ فرانسىيىلىكلەر،

ئەنگلىيىلىكلەر ۋەتىنىمىزنىڭ زىمىنىدا داۋاملىق زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىدىكەن،

بىزدىكى غورۇردىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ! ياۋروپا خەرىتىسىدە گېرمانىيە

ئىسىملىك بۇ دۆلەت پارچىلىنىپ، مۇشۇنداق شۈمشىيىپلا تۇرىدىكەن بىزدىكى

غورۇردىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ !

بىزگە كېرەكلىكى بىر پارچە بولكا بولماستىن بەلكى بىر ماكان، بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇدلىقى ئۈچۈن ياشايدىغان ماكان كېرەك! بۇ ماكانغا بىز يالۋۇرۇپ ياكى نارازىلىق بىلدۈرۈپ يۈرۈپ ئەمەس ئەكسىچە قورال ۋە قان تۆكۈۈشكە تايىنىپ ئېرىشىمىز ! باشقىلار بىزنى بۆزەك قىلسا، ھەتتاكى ئەڭ ئاجىز مىللەتلەرمۇ كېلىپ بىزنى دەپسەندە قىلسا بىز غىڭشىپ :

"بىز كۈچلۈك نارازىلىقىمىزنى بىلدۈرىمىز!" دەپلا يۈرسەك، بۇنداق ئادەملەرنى يۇمشاقباش دېسەك بولىدۇ! بۇنداق ئادەملەر پەسكەش ئادەملەردۇر !بىز زەمبىرەكلىرىمىزنىڭ قۇلاقنى يارغۇدەك ئاۋازلىرى بىلەن دۈشمەنلەرنى غال - غال تىترىتىشىمىز، ئۇلارنىڭ غورۇرىنى يەنجىۋېتىشىمىز كېرەك، ئۇلارغا ئۆزىمىزنىڭ پەقەت نارازىلىق بىلدۈرۈشنىلا بىلىدىغان ئاجىزلاردىن ئەمەسلىكىمىزنى بىلدۈرۈپ قويۇشىمىز كېرەك !

شۇنى ئەستە تۇتۇشىمىز كېرەككى، پەقەت نارازىلىق بىلدۈرۈشنىلا بىلىدىغان دۆلەت ياكى نارازىلىق بىلدۈرۈشنىلا بىلىدىغان ھۆكۈمەت يۇمشاقباش دۆلەت ياكى ھۆكۈمەتتۇر! بىزنىڭ غورۇرىمىز، زېمىنىمىز، ياشاش ماكانىمىز دەپسەندە قىلىنىۋاتقان مۇشۇنداق پەيتتىمۇ يەنىلا ئىزا تارتماستىن «نارازىلىق بىلدرۈپ» يۈرگەن ھۆكۈمەت بىزگە كېرەك ئەمەس! سىلەر ھامان بىر كۈنى ئۇلارنى تاشلىۋېتىسىلەر! شۇنىڭدىن ئېپتىخارلىنىمەنكى، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا، بۇنداق يۇمشاقباشلار يوق دېيەرلىك! مېنىڭ ئالدىمدا تۇرۇۋاتقانلار مىڭ يىللاپ قان ئاققۇزغان بولسىمۇ تىز پۈكمىگەن بىر قوشۇن !

بۇ قانلار ئىلگىرى بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزنىڭ تومۇرىدا ئاققان، ئۇلار تىز پۈكمىگەن! ھازىر بۇ قان بىزنىڭ تېنىمىزدە قايناپ تاشماقتا! ئېيتىڭلارچۇ، سىلەر بۇ قاننىڭ مۇزلاپ قېلىشىنى خالامسىلەر؟ !

كىشىلەرنى ئىنتىپاقلاشتۇرالايدىغان ئىككى نەرسە بار، يەنى، ئورتاق غايە ۋە ئورتاق

جىنايەت. بىزنىڭ گېرمانىيە بايرىقىغا نەقىشلەپ قويغان ئۇلۇغۋار غايىمىز بار، بىز بۇ غايىمىز ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى بىر تامچە قېنىمىزنىمۇ ئايىمايمىز !بۈگۈنكى بېرلىندا ھېچقانداق نەرسە بىزنىڭ ۋەتىنىمىزنى قۇتقۇزالمايدۇ، پەقەتلا مۇشۇ غايىمىز بار !

ۋېرسال شەرتنامىسى بىز ئۈچۈن غايەت زور ھاقارەت ! بىزنىڭ بۇنداق شەرتنامىنى ئىجرالاشنى رەت قىلىش ئىرادىمىز ۋە ھەققىمىز بار! ئۆزەڭلارنىڭ ئويلىغىنىنى قىلىڭلار! خۇددى بىنيامىن. مارتىنغا ئوخشاش، قولۇڭلارغا قورال ئېلىپ، خۇددى ئۇنىڭ باشلاپ ماڭغان قېرىنداشلىرىدەك ھۆرلۈك بايرىقىنى ئىگىز كۆتۈرۈپ، دۈشمەنگە باتۇرلارچە ئېتىلىڭلار !ئەگەر شۇنداق كۈرەشلەرنى قىلىشنى ئويلىغان بولساڭلار كۈرەشكە ئاتلىنىڭلار! شۇنداقتىلا بىز سىلەرنىڭ 70 مىليون قۇل ياكى تىز پۈكمەس ئارىئانلار ئىكەنلىكىڭلارنى كۆرىمىز !

ناۋادا شۇنداق بىر كۈنلەر كېلىپ، پىقىر ئادولف.ھىتلېر، ئۆزىمىزنىڭ يەنى گېرمانىيەنىڭ بايرىقىنى ئىگىز كۆتۈرۈپ، خۇددىي بىنيامېن .مارتىندەك، سەپنىڭ ئەڭ ئالدىدا ماڭالىسام، جەڭدە ئۆلسەممۇ، جەننەتكە كۈلۈمسىرەپ كىرىپ كەتكەن بولاتتىم. ئۇ يەردە مەن گېرمانىيەنىڭ سەلتەنەتلىك ئەجدادلىرى بىلەن كۆرۈشەتتىم، بېشىمنى تىك تۇتۇپ بۈيۈك ئىمپراتور فرېدېرىكنىڭ ئالدىغا بېرىپ، مەغرۇر ھالدا ئۇنىڭغا :

”سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭ سېنىڭ يۈزۈڭنى تۆكمىدى، مەن ئۇلۇغ گېرمانىيە ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى بىر تامچە قېنىمنىمۇ ئايىمىدىم، بىز قۇللۇققا قارشى كۈرەش قىلدۇق! بىز ھۆرلۈك ئۈچۈن كۈرەش قىلدۇق! بىز ماشىنا ياكى ھايۋان ئەمەس، بىز ئادەم! ئەزەلدىن قەددىمىزنى پۈكمىگەن ئارىئانلار !بىز ھۆرلۈك ئۈچۈن ئۇيۇشتۇق !يېڭى، ئادالەتلىك بىر دۇنيا ئۈچۈن كۈرەش قىلدۇق! بىزنى قۇل قىلماقچى بولغانلارنى گېرمانىيە تۇپرىقىدىن قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن كۈرەش قىلدۇق! غورۇرىمىز ئۈچۈن كۈرەش قىلدۇق !كۈنبويى نارازىلىق بىلدۈرۈپلا يۈرمەسلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلدۇق! بىز ئۆز لەۋزىمىز ئۈچۈن كۈرەش

قىلدۇق! بىز بۇ دۆلىتىمىز ئۈچۈن جەڭ قىلدۇق! بىز ئارىئانلار، ئەجدادلىرىمىزنىڭ شەرىپى ئۈچۈن، ئەۋلادلىرىمىزغا مەغرۇر ھالدا: بىز ئەزەلدىن تىز پۈكمىگەن ئارىئانلار دېيەلىشىمىز ئۈچۈن كۈرەش قىلدۇق! " دېگەن بولاتتىم .

قېرىنداشلىرىم! گېرمانىيە شۇنداقلا گېرمانىيە خەلقى ياشىسۇن! ئەركىنلىك - ھۆرلۈك ياشىسۇن !

# تېما: زاۋۇتى يوق مىللەت قانداق

# كۈنگە قالىدۇ

يوللىغۇچى:ablimit7304 | يوللىغان ۋاقىت :2011-10-13 14:14 | كۆرۈلۈش قېتىم سانى:10757

**زاۋۇتى يوق مىللەت قانداق كۈنگە قېلىشقا تېگىشلىك؟**

**بۇ 2011- يىل.**

**20مليوندىن ئارتۇق نوپوسقا ئىگە بىر مىللەتنىڭ ئىچكى ئىستېمال مىقدارى، ئوتتۇرىچە ئىستېمال سەۋ**

**نىسبەتەن، زادى قانچىلىك زاۋۇتلارنى قۇرۇش تەننەرخ كۆتىرىدۇ؟ قايسى قۇرۇلۇشلار تەننەرخ كۆتۈرمەيدۇ؟**

**قانداق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇتلىرىمىز بولسا ئاندىن نورمال ئەھۋال بولغان بولىدۇ؟ ھې**

**ئەڭ ئەقەللىي ئەھۋال بولغان بولىدۇ؟**

**يانچۇقىمىزدا باشقىلارنىڭ ئىشلىگەن مەھسۇلاتىنى سېتىۋېلىشقا پۇل بولسىلا ھەممە ئەھۋال نورمال بولغان**

**ھېساپلىنامدۇ؟**

**ستاتىسكىلاشقا ئېنىق سان يوق، شۇنداق بولسىمۇ ئاددىي، لېكىن ئېچىمىزنى ئاچچىق قىلىشقا يېتىدىغان**

**مىساللارنى ئالايلى:**

**ھەممىمىز ئاياق كېيىۋاتىمىز: تەخمىنەن ۋە ئاز دىگەندىمۇ 10 مىليون ئادەم (ئايىغى چىققان بوۋاقلاردىن**

**ئۆلەي دىگەنلەرگىچە..) يىلدا بىر جۈپ ئاياق ئالىدۇ، بۇ ئاياغلارنىڭ ئوتتۇرىچە باھاسى توۋەن ھېساپلان**

**(بالىلارنىڭ 40، چوڭلارنىڭ 160 تىن، ياش نىسبىتى كىرگۈزۈلگەندە) 110يۈەن بولىدۇ، دەيلى، يىللىق**

**ئۆزىلا 10 :مىليون جۈپ ئاياغ * 110 = بىر مىليارد 100 مىليون يۈەن بولىدۇ!**

**تىرناق ئالغۇچ: 20 مىليون كىشىنى ھەر بىر ئائىلدە 4 جان ياشاۋاتىدۇ، دەپ ئالساق، ئۈچ يىلدا بىر ت**

ئالغۇچ سېتىۋالدى، 4 يۈەندىن 10 يۈەنلىككىچە، ئوتتۇرىچە باھاسى 7 يۈەن بولدى، دىگەندىمۇ، 5 ملي
* 7 = 35 مىليون يۈەن، بۇنى ئۈچ يىلغا بۆلسەك، يىلغا 11 مىليون يۈەن بولىدۇ!

چايدان: ھەر بىر ئائىلىدە ئىككىدىن بەشكىچە چايدان بولىدۇ، بوپتۇ، ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن ئىككى چاي
تۇرايلى، بۇ چايدانلار، ئەگەر سۇلياۋ بولسا، بەشىنچى يىلى قېپى كاردىن چىقىدۇ، باھاسى 12~15 يۈەن،
مېتال قاپلىق بولسا، 10 يىلدىن 15 يىلغىچە تۇتقىلى بولىدۇ، داتلىشىپ سەتلىشىدىغىنى بولمىسىلا، باھاسى
30~120 يۈەن دەپ تۇرايلى. يەنە شۇ 5 مىليون ئائىلە بار دىگەن ھېساپ بويىچە، ھەر بەش يىلدا بىر چ
ئالىدۇ، ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن) مېتالدىن بىر، سۇلياۋدىن بىر بويىچە) 35 يۈەن بولىدۇمۇ دەيلى: 5 مىليون
يۈەن 175 = مىليون يۈەن بولىدۇ، بۇنى بەش يىلغا بۆلسەك، ھەر يىلغا 35 مىليون يۈەنلىك كىرىم بول

كومپيۇتېرنىڭ قېپى: ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن ھازىر ھەر بىر ئۆيدە بىر كومپيۇتېر بار، ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 6
يېڭىلايدۇ. ئىدارە -ئورگانلارنى ماركىلىق دەپ ھېساپلىماي تۇرايلى، بىر قاپنىڭ ئۆزى، توك مەنبەسىنى
ھېساپلىمىغاندا 90 يۈەندىن 250 يۈەنگىچە، بۇنى ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 120 يۈەن دەيلى 5 :مىليون
كومپيۇتېرى يوق ئائىلىلەر ئۈچۈن 3 مىليوننى چىقىرىۋېتىپ (3 مىليون ئائىلىنىڭ كومپيۇتېرى يوق دىگەن
مۇبالىغىمۇ قانداق..)، ئىككى مىليون ئائىلە ھەر ئالتە يىلدا بىر كومپيۇتېر قېپىغا ئېھتىياجلىق دېسەك، ئىك
مىليون 120 * يۈەن = 240 مىليون يۈەن، ھەر يىلى ئۈچۈن 40 مىليون يۈەن بولىدۇ!

كېيىم -كېچەك: بۇنىڭ ستاتىسكىسى سەل تەسىراق، چۈنكى دۇنيادا ئايالىلارلا بولىدىكەن، قانچىلىك كيي
ئىشلەپچىقارساڭمۇ يەتمەيدۇ! گەپ رەخت، رەڭ، پاسوندا قالىدۇ! بوپتۇ، بونىمۇ ئىشتىن سىرتقى سالاھيەت
ستاتىستىكا قىلايلى، ئەمدى ئائىلە سانى بويىچە ئەمەس، جان سانى بويىچە، 20 مىليون نوپوسنىڭ ئىچ
كېيىم كەيمەيدىغانلار ئۈچۈن 1 مىليوننى چىقىرىۋېتەيلى (چۈنكى ئېغىزدىن گەپ چىقىپ بولغىچە تۇغۇلۇۋا
ئۆلۈۋاتقانلارنىڭ سانىنىمۇ بىر نىمە دەپ بولغىلى بولمايدىچۇ، ئۇلار ئەدىيال بىلەن ماتا ئىشلىتىدۇ..) 19

ئادەم، 19 مىليون ئادەم! مېنىڭ ئېسىمدە قالغان ھازىرغىچە بىر يىللىق كىيىم پۇلۇمنى ئاساس قىلدىم، بۇ
چۈنكى مەن ئانچە كەيمەيمەن، ئىنچىكە ھېساپلىسام سەل ئېشىپ كېتىدىكەن، 2000 سوم چىقىدۇ، بۇن
ئازلار بىلەن بۇنىڭدىن كۆپلەرنىڭ ئوتتۇرىچە چىقىمى بۇسانغا يەتمەيدۇ، دىسىڭىزمۇ، ئاياللار بۇ ساننى
پۈتۈنلىۋېتىدۇ، يەنىلا دېھقانلارنىمۇ ھېساپ ئىچىگە كىرگۈزۈشنى ئۇنتۇمىغان ئاساستا، ھەر بىر ئادەم بىر يىل
ھېساپ بىلەن 1000 سوملۇق كېيىم كىيىدۇ، دەيلى (بۇنىڭغىمۇ يەتمەيدۇ، دىگۈچىلەرگە سودا سارايلارنىڭ
يول بولسۇن!.. بىر قېتىمدا خەجلەپ چىقىمسا مانا مەن)، ئەمدىكىسى ھېساپ: 19 مىليون كىشى 1000
= 19 مىليارت يۈەن!! ( ۋاي خۇدايىم! بۆگۈن ئەتىگەن ئورنۇمدىن تۇرغاندا مىليارت يۈەننىڭ گېپىنى ق
دەپ ئويلىماپتىكەنمەن!..) ئەمدى قانچىلا كەمبەغەللىك بىلەن ھېساپلىساڭمۇ بۇ ساننى يىلىغا ئىككى خ
مىليارت يۈەندىن تۆۋەن چۈشۈرسىڭىز كەم بولا! چۈنكى بىزنىڭ ئاز دىسە ھەپتىدە، كۆپ دىسە ئايدا كىيى
مۇرىسى قىچىشىپ توختىمايدىغان بۇيۇك كېيىم سېتىۋالغۇچى پىدائى ئاياللار قوشۇنىمىز بار، ئۇنىڭ ئۈستىگ
10 مىليونغا يېقىنلىشىدۇ (ئاياللار جىق .(!يىلىغا 19 مىليارت يۈەن.. بۇنى رەخت زاۋۇتلىرى بىلەن بىللە
ئون داڭلىق ماركىلىق كېيىم كارخانىسى بىلەن سانى 10 مىڭغا يەتمەيدىغان ئۇيغۇر سەيپۇڭلارغا بۆلۈپ
زادى كىمنىڭ قۇرسقى ئاچ قالىدىكىن، ئاشۇ كېيىم سېتىۋالغان قوللار ئاچ قالسا قالىدۇكى، رەخت زاۋۇتى ۋ
كارخانىلار ئاچ قالمايدۇ، ھەر ئەللىك ئادەم 2 نەپەر رەخت زاۋۇتى خادىمى بىلەن 1 نەپەر كىيىم- رەخ
لايىھىلىگۈچى ۋە بىر نەپەر سەيپۇڭنى باقالىشىدا غەم يوق. قالغان كاپىتاللىق ھېساپ ئۆزەڭلارغا قالدى.

قول سائەت: ئوقۇغۇچىلارنىڭ، چوڭلارنىڭ، بايلارنىڭ بويىچە، ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن بىر قول سائەت 200
تۇرسۇن، 19 مىليون كىشىدىن پەقەت 2 مىليون كىشى سائەت تاقىسۇن، ھەر 10 يىلدا كونا سائەتنى ئاۋ
مىليون تۇغقىنىغا بېرىۋېتىپ يېڭىدىن قىممىتىنى ئالسۇن.. شۇنىڭ بىلەن 200 سوم * 2 مىليون = 400 مىل
ھەر يىلىغا 40 مىليون يۈەن بولىدۇ!

سومكا:

خۇرۇم ئاياغ:

يانفۇن:

خاتىرە- كىتاپ:

ئورۇندۇق:

كارۋات:

ئۆي: توۋا، ئۆينى بىر ھېساپلايلى، ئەڭ پۇل خورىتىدىغىنى مۇشۇ.. مەن تونۇيدىغان ياشلاردىنلا 3 يۇرۇش بارلىرى بار، مەن بىلىدىغانلار ئىچىدە: 8 جان بىر ئۆيدە ئولتۇرىدىغان دېھقان ئائىلىسىدىن، ھەر بىرجانغ يۇرۇش ئۆيى بارلارغىچە بار؛ ھەر 3 جانغا بىر يۇرۇش ئۆي دەيلى، بىنا ئۆي بىلەن ئادەتتىكى ئۆي، شەھە بىلەن ناھيە ئۆيلىرىنى ئويلاشقاندىمۇ (بۇنداق ستاتىستىكىغا مەن مۇتەخەسسىس ئەمەس، ئۇلار دىگۈچە تۇراي)، 20 مىليون نوپوسنىڭ 7 مىليون ئۆيى بار دەپ تۇرايلى (ئەجەپكى ئۇرۇمچى ئەتراپىدىلا 3 مىلي نوپوس مانا مەن دەيدۇ، باشقا مىللەتلەرنى ھېساپلىماي تۇرىدىغان بولغان راست..) . 7 مىليون ئۆينىڭ قىممىتى ئوتتۇرىچە بولغاندا، شەھەر ۋە يېزىلارغىچە ئويلىغاندا (مەن راستىنلا مۇتەخەسسىس ئەمەس) 22 ت دەيلى: 7 مىليون * 22 تۈمەن = بىر تىرلىيون 540 مىليارت يۈەن (راست گەپ قىلسام، ماۋۇ ساننى ئ قېتىم ئوقۇپ ئاران چىقاردىم)، بۇنى ھەر بىر ئۆينى 60 يىل ئولتۇرغىلى بولىدۇ بويىچە ھېسالىغاندا، ھەر ب مىليارت يۈەنلىك ئۆي سېلىنغان بولىدۇ.

يەنە سېسىق تاماكا بىلەن بەدبۇي ھاراقمۇ بار ئىدى، ئۇنى ھېساپلاشقا تاقىتىم يوق، سانىمۇ يوق.. مۇشۇ ئ بىلەنلا يوقىرىدا دىيىلگەن كارخانىدىن نەچچىسنى قۇرۇشقا بولاتتى كۆپچىلىك! دۇنيادا ئەڭ ئەھمىيەتسىز ئىسراپ قىلىش دىسە، سېسىق تاماكا- ھاراققا كەتكەن پۇلنى دىسە بولىدۇ! 100% ئىسراپچىلىق!

خۇلاسە كالام، يوقىرىدىكى سانلارنى قوشقاندا، ئىستىمال سەۋىيىنىڭ GDP سى بويىچە بىزنىمۇ بوش چا
بولمايدۇ!

لېكىن، نۆۋەتتىنىڭ ئۆزىدە، ئاشۇ ئىستىمال چىقىمىمىزنىڭ نەچچە پىرسەنتى ئۆز ئادەملىرىمىزنى بېقىۋاتىدۇ؟
ئۆزىمىزدە قۇرۇلمىغان، قۇرۇلۇشقا تېگىشلىك زاۋۇتلارغا قارىتىلغان، ئەلۋەتتە زاۋۇت ئاسماندىن چۈشمەيدۇ،
تەدبىرلىك كاللا، ئىشچان بېلەكلەر، جاپاكەش پۇتلارنىڭ ئەجرىگە قۇرۇلىدۇ! بىر ملىيون كىشى كىيىم كەي
بۇ بىر ملىيون كىشىنىڭ ھېچقايىسسى رەخت خام ماتىرىيالى، رەخت، بوياق ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتلىرى با
ئالاقىسى بولمىسا؛ بىر ملىيون كىشى ئەينەك ئىستاكان ئىشلەتسە، لېكىن ئەينەك ئېرىتىش زاۋۇتلىرىدا ئور
بولمىسا؛ بىر ملىيون كىشى ھەر خىل شەكىللەردە ماشىنىدا ئولتۇرسا، لېكىن ماشىنىسازلىق ئېنژېنىرىدىن 10
يېڭى ماشىنا پاسونى لايىھلەشتە بولمىسا؛ بىر ملىيون كىشى كومپيۇتېر ئىشلەتسە، لېكىن بىرمۇ كىشى بىر ئ
بىر توك مەنبەنىڭ چىرتىيوژىنى سىزىشقا قاتناشمىسا.. بۇ بىر ملىيون كىشى..

بۇ بىر ملىيون كىشى ئەسلى ئۆلگۈ يانچۇقىدىكى پۇلنى سول يانچۇققا سېلىشنىڭ ئورنىغا ئىككىلا يانچۇقتى
چىقىرىشتىن باشقىنى بىلمىسە، بۇنى نىمە دەپ ئاتايمىز؟ مانا بۇ بىر ملىيون كىشىنىڭ ھەقىقي ساۋاتسىزلىق
بۇلار 20 ملىيون كىشىنىڭ ھەقىقي ساۋاتسىزلىقى !!

زاۋۇتسىز مىللەت ھەقىقەتەن، ھەقىقەتەن، ھەقىقەتەنمۇ پۈتۈنلەي بىر ساۋاتسىز مىللەت.

ھازىرقى ئۇيغۇر، مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بىر ساۋاتسىز مىللەت ھېساپلىنىمىز !ھەر ئالىملىرىمىز، دوكتور

مىڭلارچە ساناپ بېرىڭچۇ، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئۈستى- بېشىغا بىر قاراڭ، زاۋۇتسىز مىللەت- ساۋاتسىز مىللەت

دىگەننىڭ نىملىكى ھەتتا بىزنىڭ ئالىملىرىمىزنىڭ ئۈستىدىمۇ ئىسپاتى بىلەن تۇرۇپتۇ! ئىشلەتكىنى ھېساپ

سەن نىمە ئىشلەپچىقىرالىدىڭ؟ نىمە سەن تەرەپتىن لايىھلەنگەن؟ نىمىنىڭ خام ئەشياسىنى پىششىقلاپ ئ

قاتناشتىڭ؟

ساۋاتسىز مىللەتنىڭ بېلى بوش تەرەپلىرى ساناقسىز، ساۋاتسىز مىللەت ئېغىر ئىشقا چىدىمايدۇ!

ئەسلى قانداق بولۇشى كېرەك ئىدى؟

چۈشەنچە شۇكى، نوپوسنىڭ ئۆزى بىر بايلىق، چۈنكى ئۇنىڭدا تىرىك ئىستىمال كۈچى مەۋجۇت، بۇ ئىست

كۈچىنىڭ تۈرتىسىدە، بىر ساۋاتسىز مىللەت ساۋاتلىق مىللەتكە قەدەم قويالايدۇ، چۈنكى ئىستىمالنىڭ قۇد

ئىنتايىن زور!

ئەتىراپىمىزدا ئۇيغۇرنىڭ نوپوسنى قوشقاندا، 50 مىليوندىن ئاشىدىغان نوپوسنىڭ ئىستىمال كۈچى بار،

كىلومېتىردىن سىرت بازارلارنى قوشقاندا، ئەتىراپىمىزدا 100 مىليونلۇق نوپوس بار، يوقىرىدىكى ھەر بىر ئ

ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن توغرا كېلىدىغان ئىستىمال قىممىتى بىلەن مۇشۇ 50 مىليون نوپوسنى، 100 مىليون ئ

كۆپەيتىپ، چىققان ساننى ئوقۇپ بېقىڭلار، بۇ سانلارنىڭ قۇدرىتى بىر زاۋۇت قۇرۇش چىقمى، مۇتەخەسسىل

تەربىيلەش چىقمى، مائاش، ئۇپىراش، تەتقىقات خىراجىتى قاتارلىقلارنى ئوت ئالدۇرۇپ ئاسمانغا ئۇچۇر

چىقىرىشقىمۇ يېتىدۇ!

بۇ يىل 3- ئايدا، دېڭىز شاۋقۇنىنىڭ ھۇجۇمىدا، بىر قىسىم  ياپۇن     يادرو ئېلېكتىر ئىستانسىلىرى توك تەە
ئىقتىدارىدىن قالدى، نۇرغۇن  زاۋۇتلار ئېنېرگىيىسىز ئايلانمىدى، بۇنىڭ تەسىرىدە، پۈتۈن دۇنيادىكى ياپۇ
ئۆزەكلىرىنى ئىشلىتىدىغان ماشىنا زاۋۇتلىرىمۇ ئىشلەپچىقىرىشنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى. لېكىن، زور تې
زور ئىجادىيەت ۋە تەتقىقات كۈچىگە ئىگە بۇ ياپۇنلار،  ئاتوم بومبىسىدىن دەس تۇرالىغان يەردە، بۇ دېڭ
شاۋقۇنىدىنمۇ ئۆتۈپ كېتەلەيدۇ،  ئۇلارغا ئامەت تىلەيمىز، ئۇلارغا ئاستىدىكى تاش سۇدىن چىقىپ تۇرسلا
يېتەرلىك،  ھەممىنى قىلالايدۇ. نىمە ئۈچۈن؟ ئۇلار بىلىمنى پۇلغا ئايلاندۇرۇشنى، زىل  مەھسۇلاتلارنى ئۆز
ئېچىپ  ئىشلەپچىقىرىشنى بىلىدۇ.

بىر قىسىم  ھازىر بار كارخانىلارغا نەزەر سالايلى: ئارماننى ئاتاۋاتقىلى نۇرغۇن يىل بولدى،  پەخىرلىك بۇ
ھەممەيلەنگە مەلۇملۇق؛ ئىرپان يېڭىدىن ئوبدان چىقىۋاتىدۇ،  ئېلانلىرى تېلېۋىزىيە ۋە شەھەر ئېكرانلىرن
قاپلاۋاتىدۇ، ئەمدى ئېرپان ماركىلىق  رادىيو، MP4، يانفون.. قاتارلىقلارنى ساقلايدىغان ۋاقتىمىز بولدى.
بېكەتلىرىمىزمۇ كىرىم يارىتىش باسقۇچىغا كىرىپ بولدى  .
ئەمدى ئېھتىياجلىق  بولۇۋاتقىنىمىز، كەملىكىدىن يۈزىمىزنى قويىدىغان يەر تاپالمايۋاتقان يېرىمىز شۇكى،
ساناتەت، ئوتتۇرا ساناتەت، ئېغىر ساناتەت تۈرىدىكى، يەنى خام ئەشيالارغا تېخنىكا سىڭدۈرۈپ چىقارغ
ئېھتىياجلارنى تولۇقلايدىغان ساناتەت  كارخانىلىرىدۇر. 50 قەۋەت بىنالارنى ئۆز چېرتيوژلىرى، ئۆز مۇتەخ
بىلەن،  ئۆز ئىشچىلىرى بىلەن سالالايدىغان قۇرۇلۇش شىركەتلىرىدۇر.

تارىختىن بېرى نۇرغۇن نەرسىلەرنى تەتقىق قىلمىدۇق، زاۋۇتلارنى قۇرمىدۇق، ئاددى كۆپلەرنى ئىشلەپچ
يۇ، نۇرغۇن ساپال تاختا ۋە خىش ياساپ، تاج ماھال مەقبەرىسى كەبىي قۇرۇلۇشلارنى ئېگىز ۋە يوغان قىل
قويالمىدۇق، ئاكا- ئۇكا مۇسابايېۋلار تېرە زاۋۇتىنى داۋاملاشتۇرالمىدۇق، ھازىرقى ئىلى لىچۆەن تېرە زاۋۇتى
زاۋۇت ئاساسىدا نامىنى ئۆزگەرتىپ داۋاملاشتۇرۇلغان، بۇ توغرىسىدا ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى شى
گېزىتىدە مەخسۇس خەۋەر بار، ئەسلى بۇ زاۋۇتنىڭ ئىسمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ئەيىنى تۆھپىكارلار خاتىر
ئېتىراپ قىلىنىشى، تارىخى ئۆز ئۇيغۇر يېزىغىمىزدا تاشلارغا پۈتۈلۈپ، زاۋۇت دەرۋازىسى ئىچىگە توختىتىل
ئىدى .

ھەر قايسى شەھەرلەردىكى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەركەزلىرىدە، نۇرغۇن يىل ئالىي مەكتەپنىڭ ئېسىل كە
ئوقۇغان باللار چىرايى كەلگۈسىدىن بىخەۋەر جەدۋەل تولدۇرۇپ يۈرىدۇ، ئەسلى ئۇ باللارنىڭ ئىچىدىكى
كەسىپلەردە ئوقۇغان باللار مەلۇم كاپىتاللارنىڭ قوللىشىغا، خىزمەتكە سېلىشىغا ئېھتىياجلىق ئىدى، ھەم
باللارنىڭ قولىدىن كېلەتتى..

بىزنىڭ قولىمىز زادى زاۋۇت قۇرالمايدىغان قولمىدۇ؟ ئاسان قايرىپ كېتەمدىغاندۇ؟ قاپارسا نىمە بوپتۇ؟ ب
پىشانەڭدىكى تەردىن كېلىدىغۇ؟!

ھەر بىر ئادەم خەت تونۇيدۇ..

ھەر بىر ئادەم تېلېفون تۇتالايدۇ..

ھەر بىر ئادەم كومپيۇتېر ئىشلىتەلەيدۇ..

ھەر بىر ئادەم ئانا تىلىدىن سىرت بىر نەچچە تىلدا سۆزلىشەلەيدۇ..

مۇشۇ ھەر بىر ئادەم ساۋاتسىز ھېساپلىنامدۇ؟

ھەممە ئادەم تۇرمۇش زاۋۇتلىرى قۇرمىغان..

ھەممە ئادەم مېتال تاۋلاش ئۈچۈن تەر تۆكمىگەن..

ھەممە ئادەم مىليون، مىليارد يۈەنگە يارايدىغان چىرتىيوژ سىزىپ باقمىغان..

ھەممە ئادەم ئۆزى ئىشلەپچىقارغان يولۇچىلار ئايروپىلانىدا ئولتۇرۇپ باقمىغان.

مۇشۇ ھەممە ئادەم ساۋاتسىز بولماي نىمە؟

بىز ساۋاتسىز ئاتىلىشقا تېگىشلىك، بىز بىر ساۋاتسىز مىللەت..!

ساۋاتسىز ئاتالغان مىللەت، ئۆزىگە ئۇچۇپ كەلگەن مەسخىرە ئاياغلىرىنى نىمە بىلەن توسيالايدۇ؟

بەخت كېلىدۇ نەدىن،

پىشانەڭدىكى تەردىن.

بەخت گۈلى ئېچىلار،

جاپالىق ئىشلىگەن يەردىن.

**نىمشقا ئۆتكەن 15 يىلدىن بېرى مۇشۇ شېئىردەك شېئىردىن ئىككىنچىسى يېزىلماي كەلدى؟**

**نېمشقا ئۆتكەن 15 يىلدىن بېرى، 90- يىللاردا ئوينالغان "سىز بىزگە ئىشىنەمسىز" دىگەن درامىمىدىن ي**

**ئوينالمىدى؟**

**نېمشقا؟**

**"سىز بىزگە ئىشىنەمسىز" دىيەلەيدىغان ياشلار كۆپەيگەن بولسا، پۈتۈن دۇنيا بىزگە ئىشىنەتتى.**

**قانداق قىلغاندا ئىستىمالنىڭ غايەت كۈچىنى نۇرغۇن كېرەكلىك نۇقتىلارغا يىغقىلى بولىدۇ؟ قانداق قىلغان**

**نەچچە يۈز ئالقاننى بىر يېگى زاۋۇتقا قويۇپ، نەچچە يۈز پىشانىدىن تەڭ تەر ئاققۇزغىلى بولىدۇ؟**

**مەنبە: ئانا يۇرت تورى،ئەلكۈيىنىڭ كۆچۈرۈلگەن تېملارنى تەستىقلىمايدىغانلىقىنى بىلمەن بىراق بۇ تېم**

**قىلىشقا چوڭقۇر ئويلىنىشقا تىگىشلىك بولغاچقا بىر قېتىم قائىدىگە بۇزغۇنچىلىق قىلدىم،تەستىقلاپ قويغايس**

**ھەمدە تورداشلار ئاكتىپلىق بىلەن مۇنازىرە قىلىپ كۆرگەي.**

# تېما:ئۇيغۇرپەرۋەرلىك ۋە باشقا ئاشقۇنلۇقلار

يوللىغۇچى:gulen | يوللىغان ۋاقىت :2011-04-14 04:09 | كۆرۈلۈش قېتىم سانى:34901

باشقۇرۇش ئەسكەرتمىسى :تېما umidwar تەرپىدىن (2011-05-19) دە نادىرلاندى .

## چەتئەلدىكى ھىكايە

غەرپتىكى مەلۇم دۆلەتتە بىر قانچە ئۇيغۇر بىللە ئىشلەيدىكەن .ئارىدىكى بىرى خىزمەت ۋاقتىدا باشقا ئىشلارنى

خىزمەت ئۇرنىمىگە تەسىر كۆرسىتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ بىرى بۇ ئىشنى باشلىققا ئىنكاس قىلىپتۇ. نەتىجىدە

ئىنكاسچى ئىدارىدە يەكلىنىپ قاپتۇ. بۇ ھەقتە مەن ئاڭلىغان ئۇيغۇرلارنىڭ باھاسى مۇنداق بولدى. "ھەممەيلە

تۇرسا نېمە قىلىدۇ دوكىلات قىلىپ؟"، "مۇئاشىنى خەق بېرىۋاتسا نېمە كارى؟"، "باشلىقى ئۇيغۇر بولسىغۇ بىر گەپ

ئۇيغۇرنى ياتقا چاقتى دېگەن نېمە ئىش؟"

## ئىچكىرىدىكى ھىكايە

بىر كۈنى دۆلەتلىك ئىنگلىزچە ئىمتىھانغا نازارەتچى بولۇپ قالدىم، مەن بىلەن بىللە نازارەتچى بولغان مۇئەللى
سىنىپتا بىرمۇ ئۇيغۇر يوقكەن، بولغان بولسا ئىنگلىزچىڭىزنىڭ يارىدىمى تېگەتتىكەن ھە،" دېدى. كۈلۈپ قويد
ئىمتىھان يېرىملاشقاندا ھېلىقى مۇئەللىم نوقۇپ قالدى، قارىسام بىر ئۇيغۇر بالا بىزگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ ئولتۇر
ئىمتىھاننىڭ ماقالە قىسمىنى كۆچۈرگىلى تۇرۇپتۇ .ئاچچىق مىڭەمگە تەپتى، ئوقتەك بېرىپ قەغىزىنى تارتىۋالدىم
تۈگىگەندىن كېيىن سەبدىشىم مەندىن رەنجىدى "سىزنى بەك ئۇيغۇر باللارغا كۆيۈنىدۇ دەپ بىلەتتىم، سىز پەق
ئابستراكىت ئۇيغۇرنى سۆيىدىكەنسىز، كونكرىت ئۇيغۇرنى سۆيمەيدىكەنسىز"!

## ئۈرۈمچىدىكى ھىكايە

ئۇيغۇرلار تولىمۇ ئاز يېڭىشەھەر رايۇنىدا بىر ئوغرى تۇتۇلدى .تۇتقۇچىمۇ ئۇيغۇر ئوغرىمۇ ئۇيغۇر ئىدى. شۇ ئار
رايۇننىڭ تازىلىقىنى قىلىدىغان بىر توپ تازىلىقچى ئۇيغۇر ئاياللار بۇ ئىشقا ئارىلاشتى "ئاكا قاراڭ، بۇ بالىمۇ
ئۇيغۇركەن، سىزمۇ ئۇيغۇر بولغاندىن قويۇپ بېرىڭە، ساۋاپ بولا، ھەممىمىز ئۇيغۇر ھەممىمىز مۇسۇلمان ئەمەس
بولىدۇ، ھېلىمۇ كۆن ئالمىقىمىز تەس بولۇپ كەتتى"، نەتىجىدە ھېلىقى زىيان تارتقۇچى ئۇيغۇر كىشى خۇددى
گۇناھكاردەك بەك ئوڭەيسىزلاندى ۋە ئوغرىنى قويۇۋەتتى.

بۇندىن باشقا ئىدارىدە، توردا ۋە گېزىت ژورناللاردا ئەگەر بىرسى ئۇيغۇرغا تونۇلغان بىرەر كىشىنىڭ خاتا سۆزلى
يازغانلىرىدىكى خاتالىقلار ۋە بىنورمال قىلىقلىرى ھەققىدە گەپ قىلسا دەرھاللا "ئۇ دېگەن ئۇيغۇرلارنىڭ داڭلىق
ئۇ دېگەن ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ پەخرى، سەن نېمە ئىش قىلغانىڭغا ئۇنداق دەيسەن؟" دېگەندەك گەپلەنى
تۇرىمىز. بۇنداق سۆھبەتلەر تورلاردا ئايىقى بېسقماس زىددىيەتلىشىش بىلەن، تۇرمۇشتا جىدەل بىلەن تۈگەللىنى
بۇ ئىشلار ماڭا بىر قارىسام ئۇيغۇر سۆيگۈسىدەك، يەنە بىر قارىسام ئۇيغۇرلۇقنى سۇيئىستىمال قىلىش ياكى دەسم

پايدىلىنىشتەك تۈيۈلاتتى. ھازىر ئويلاپ باقسام بۇلار ئۇيغۇرلۇقنىڭ دەسمايە قىنىلىشى، نەپسى خاھشقا بوي سۇ
ئىكەن. ئۇيغۇرلۇقتىكى ئورتاق تارىخ، ئورتاق تىل، ئورتاق دىن، ئورتاق مەدەنىيەت، ئورتاق تەقدىر، ئورتاق
ۋە ئورتاق شەرەپ كىشلىرىمىزدىكى مەنىۋىي بىرلىكنىڭ ئاساسى بولغاندىن باشقا بەزى كىشلىرىمىزنىڭ سودا ت
پەيدا مەنپەئەت ۋە ھوقۇق ئىناۋەتلىرىدىكى دەسمايە ئىكەن. مېنىڭ چۈشەنمەيدىغىنىم ئۇيغۇرلۇقنىڭ بۇنداق
دەسمايىغا ئايلىنىپ قېلىشىدىكى سەۋەپلەر. مۇلاھىزەمگە كۆرە سەۋەپلەر ئىچىدە ھازىرچە مەن دېيەلەيدىغان سە
ئاشقۇنلۇق(رادىكال)تۇر. مەن بۇ يەردە تىلغا ئالغان ئاشقۇنلۇق بىز ئادەتتە تېلۋىزور ۋە رادىيولاردا ئاڭلايدىغان
ياكى خەلقئارا مەسلىلەردىكى ئاشقۇنلۇق ئەمەس. مەن بۇ يەردە تىلغا ئالغان ئاشقۇنلۇق كونكرېت مەسلىنى
ھادىسىنىڭ ۋە شەيئىلەرنىڭ قائىدە-پىرىنسىپلىرى، تۇزۇم-ئۆلچەملىرى، ئىلمىيلىك-مەنتىقىسىنى ئويلاشماي ھەم
خۇسۇسىي خاھىش، كۆڭگەن تەپەككۇر، مىللىي ھىسسىيات ۋە مەلۇم ئىدولوگىيەنى ئۆلچەم قىلىپ پىكىر قىلىش
ھەرىكەت قىلىشنى كۆرستىدۇ. تۆۋەندە مەن بۇ ئاشقۇنلۇقنى مۇنداق تۈرلەرگە ئايرىپ مۇلاھىزە قىلىمەن.

## .1ئۇيغۇرپەرۋەرلىك ئاشقۇنلىقى.

مىللەت سۆيگۈسى ئىنساندىكى تەبئى تۇيغۇ. بۇ ئىنسانلارنىڭ تەبئىي پىسخىك ئېھتىياجى بولغان تەۋەلىك ئېھ
كەلگەن. بۇ مەنىدە ئۇيغۇرنى سۆيۈش يەنى ئۇيغۇرپەرۋەرلىك ھەممىزدىكى ئورتاق تۇيغۇ. ئەگەر ئۇيغۇرلۇقنى
چۈشىنىش ۋە چۈشەندۈرۈش ئاقىللىقنى ئۆلچەم قىلمىسا، بىر قىسىم تەييارتەپلارنىڭ ئارامگاھىغا، بىر قىسىم خاتا
پىكىرلەرنىڭ پاناھگاھىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. يۇقارقى چەتئەل مىسالدا تىلغا ئېلىنغان خىزمەتتىكى ئۆنۆمنى قو
يارىماس خىزمەتچىنى نەچچە يىل ئارىسىدا ئاسراپ قالغان ئۇيغۇر ئىشداشلارنىڭ قىلىۋاتقىنى مىللەتنى سۆيۈش
پىرىنسىپسىزلىق ھىساپلىنىدۇ. بىر ئۇيغۇرنىڭ ئىشنى ساقلاپ قېلىش بەدىلىگە بىر توپ ئۇيغۇرنىڭ ئىشنى ئاقىس
ئاقىللىق ئەمەس .ئەگەر شۇ بىرەيلەن سەۋەبلىك خىزمەتخانا تاقالسا بىز ئاياپ كەتكەن يۈز ھېچ ئىش قىلىپ بې
ئۇيغۇرپەرۋەرلىك ئاشقۇنلۇقنىڭ زىيالىلاردىكى ئىپادىسى؛ "قۇربانجان تۇرەك ئۇيغۇردىن چىققان رىياللىقتىكى
دېگەن ھۆكۈم، يالقۇن روزىنىڭ" بېكخامدىن ئىشەك موھىم" دېگەن ھۆكۈمى، قۇددۇس ھاپىزنىڭ "ئۇيغۇر تىلى
21-ئەسىردە دۇنيا تىلى بولىدۇ،" دېگەن ھۆكۈمى، "قاسىم سىدىق ئۇيغۇرنى ئون يىلدىن كېيىن نوبىلغا ئېرىشت

قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇلارنى ئوتتۇرغا قويۇشقا سەۋەب بولغان ۋە بۇ ھۆكۈملەرنى ئالقىشقا ئېرىشتۈرگەن ئامىـ
ئوخشاشلا ئۇيغۇرپەرۋەرلىك ئاشقۇنلىقىدۇ. بۇ يەردە شەيئىي ۋە ھادىسلەرنى ئۇيغۇرنىڭ مەنپەئەتى ۋە شەرىپى نـ
باھالاش ھۆكۈم ئاساسى بولغان. ئەگەر بىز دۇنياغا مۇنداق ئۇيغۇرغا ياخشى بولسا ياخشى، مەنپەئەتسىز نەر
قىممتى يوق، دېگەن نەزەردە باقساق، ئۇيغۇر بىلەن ئالاقىسىز بولغان نۇرغۇن نەرسىنى يوققا چىقرىشىمىزغا توغـ
ئەگەر مۇشۇ پېتىلا ئويلىساق ئۇيغۇر ئەجداتلار خىزىرغا ئايلىنىدۇ، ئۇيغۇر ئالىمى تەنقىدسىز بولىدۇ، ئۇيغۇر ئەد
تەتقىقاتسىز قالىدۇ، ئۇيغۇر ئوغرىلار جازاسىز قالىدۇ، ئۇيغۇر پاسىقلار نەپرەتسىز قالىدۇ، نەتىجىدە يۇقارقى ھىكايـ
ئىجابىي ھادىسگە ئايلىنىدۇ.

## .2ئىلمىيلىك ئاشقۇنلۇقى

مەدەنىيەت) كۇلتۇر) ھادىسلىرىنىڭ ھەممىسى ئىلىمگە ئۇيغۇن بولۇۋەرمەيدۇ. مەسىلەن ئات بىلەن ئېشەكنى مـ
ئالايلى. ئات ئۇيغۇرلارنىڭ چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق، تېرىقچىلىق ۋە باغۋەنچىلىكنى بىرلەشتۈرگەن ئىگىلىك شەكـ
ئىزچىل موھىم ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن ھايۋان. ئەرلەرنىڭ جاسارىتىنى يېغىلىق دەۋرىدە جەڭدە، تىنچ زاماندا بـ
ئوغۇلاقتا ۋە ئاتتىكى جانبازلىق ماھارەتلىرىدە سىنىغان بوۋىلىرىمىز ئاتقا ئالاھىدە مۇھەببەت باغلىغان. گەرچە ھـ
تۇرمۇشىمىزدىن يىراقلاپ ئورنىنى ئېشەك، موتۇ، تراكتۇر، ماشىنا ئېگەللىگەن بولسىمۇ ئاتنىڭ مىللىي پىسخىكىمـ
ئورنى يەنىلا ھەرقاندا مەخلۇققا سېلىشتۇرغۇسىزدۇر. ئىلىم جەھەتتىن قارىغاندا ئات بىلەن ئىشەك ۋە باشقا ھايـ
باشقا ھايۋانلاردىن پەرقلىنىدىغان "ئۇلۇغ"لىقىغا ئائىت پاكىت يوق .مەسىلەن ھىندىستانلىقلار كالىنى، تېبەتلەر
خەنزۇلار كالىنى ياخشى كۆرىشىدۇ، ھەتتا چوقۇنىدۇ، بۇنىڭدىمۇ ھىچ قانداق پەننىي پاكىت يوق، پەقەت مەدە
پەرق مەسلىسى. بۇ يەردىكى پەرق ئەقىل-پەنگە چۈشىدىغان پەرق ئەمەس، مىللەتنىڭ مەدىنىيتىگە ياتىدىغا
تۇيغۇدىكى پەرق. بۇنى توغرا چۈشەنمەي، يالقۇن روزىنىڭ "ئۇيغۇرنى ئېشەك ئۈستىدىكى مىللەت دېمەي، نېمـ
ئۈستىدىكى مىللەت دەيمىز؟ ئېشەك بىزگە نېمە يامانلىق قىلدى؟" دېيىشى ئاشقۇنلۇقتىن باشقا گەپ ئەمەس .ئـ
"كرورەنلىك باللار" دېگەن باللار رومانىدا قارىغا ئىجابىي ئوبرازقىلىپ يېزىلىپتۇ. بۇ ھەقتە سورالغان سۇئالغا ئا

"قارغا ھېچ بىر يامان مەخلۇق ئەمەس..." دېگەن مەنىدە چۈشەنچە بېرىپتۇ. توغرا، ئىلمىيلىك جەھەتتىن قارغا ب
يامانلىق قىلغان يوق، ئېشەكمۇ شۇ، ئەمما بىر مىللەت يامان كۆرگەن نەرسىنىڭ ھەممىسىدە ئىلمىي سەۋەپ بو
بۇندىن باشقا بىر قىسىم كىشىلەر ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادەتلىرى، يېمەك ئىچمەكلىرى ۋە مۇراسىملىرىدىكى ئاتالمىش "
زامانىۋىي "مىللەتلەردە يوق تەركىپلەرنى ئىلمىي ئەمەس دەپ يامانلايدۇ. ھالبۇكى ھېچ كىم بىر مىللەت توغرا
قارىغان نەرسىنى ئىلمىيلىك نوقتىسىدىن ئىنكار قىلىپ غەلبە قىلالمايدۇ. چوڭ غەلبە قىلسا غالىبىيەت روھىغا بىر
چۈمۈۋالىدۇ خالاس. بىرقىسىملار قارغا بىلەن ئېشەكنى قانچە مەدھىيەلىسىمۇ ئۇيغۇر تىلىدا "قارغا بىلەن دوست
يېيىشىڭ پوق" "قىلىقسىز ئېشەك" دېگەن گەپلەر كەڭرى قوللۇنىلىۋېرىدۇ.

## .3دىن ئاشقۇنلۇق

يېقىندا توردا مۇستاپا كامال ۋە سادام ھۈسەيىن ھەققىدە قىزىقارلىق مۇنازىرە بولدى. مۇنازىدە داۋامىدا سادام
"مۇسۇلمان" بولغانلىقى سەۋەبلىك ئاقلاندى، مۇستاپا كامال بولسا "دىنسىز" غا چىقىرىلىپ قارىلاندى. ھەتتا
مۇئەييەنلەشتۈرۈش تەرەپتارى بولمىغانلار كاپىر، سادامغا مايىللار "مۇسۇلمان" بولۇپ قالدى. شۇنچە ئۇزۇن
تالاشقانلارنىڭ ئىچىدە سادامغا باھا بەرگۈدەك ئەرەبچە، مۇستاپا كامالنى قارىلىغۇدەك تۈركچە بىلىدىغان
مۇنازىرىچىلەرنىڭ يوقلىقى مېنى ھەيران قىلدى. مۇنازىرىدە تالىشىۋاتقانلار مۇنازىرە ئوبيېكتىنىڭ كىملىكى، ھايا
تارىخى، ئۇتۇق-ئۇتتۇرۇقلىرى بىر يەدە قېلىپ ئۇلارنىڭ دىنى باشتىن ئاخىر تالاشلارغا سەۋەپ بولدى. مېنىڭ "ئ
قونداق ۋە ئۇيغۇرچە قەپەز" دېگەن خاتىرەمگە ئىنكاس يازغان بىر ئانا بالىسىدىكى ئىزچىلسىزلىق، ئەخلەت
يېمەكلىكلەرگە خۇمارلىق، تورخۇمارلىقى...قاتارلىق مەسىلىلەرگە مەسلەھەت بېرىشىمنى سوراپتۇ. مەن قايسى ك
ئوقۇپ، قايسى ئۇسۇل بىلەن جاۋاپ بېرەرمەن دەپ ئويلاپ بولغىچە بىرەيلەن دىنىي تەربىيە بېرىشنى مەسلەھە
ئۆلگۈرۈپتۇ. دۇنيادا تەننىڭ كېسىللىنى تېبابەت، روھنىڭ كېسلىنى پىسخولوگىيە داۋالايدۇ. بۇ پەنلەرنىڭ ئىنسا
تۈرلۈك روھىي ۋە جىسمانى ساقسىزلىق ھەققىدە نەچچە يۈز يىللىق تەجرىبىدىن توپلانغان رىتسىپلىرى بار. بۇلارن
قوبۇل قىلماستىن، ھېچ ئويلاشماستىن كالىلىمىزغا كەلگەن، ئالدىمىزغا ئۇچرىغان مەسلىنى ئاللاھ بەرگەن ئەقىل
ئويلاپ، مىڭىمىزنى ئىشلىتىپ ئىزدىنىپ ھەل قىلماي، ھەممىنى ئاللاھقا يۈكلەپ قويساق بىزنىڭ ئىرادە ھۆرلىك

قالىدۇ؟ ئەگەر ھەممىنىڭ جاۋابى قۇرئاندا بولسا ئاللاھ نېمىشقا بىزنى تەپەككۇرسىز ياراتمىدى؟ بۇنداق ئاشقۇن
مايىل قېرىنداشلار كونكرېت مەسىلىنى كونكرېت ئوي ۋە ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىشقا قىزىقمايدۇ. چۈنكى تەييار
ھەممە ئادەمگە خوش ياقىدۇ. ۋاھالەنكى رېياللىق دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ماھىيەتلەرنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى
بىرخىل بولمايدۇ. شۇڭا بىز ئىشەنگەن ھۆكۈمنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ياكى ئەمەسلىكىنى بىلىش ئۈچۈن يەنە
مەسىلىنىڭ تارىخى يۈزى، سىېلىشتۇرما يۈزى ۋە كۆزىمىزگە كۆرۈنگەن-كۆرۈنمىگەن يۈزى ھەققىدە مۇناسىۋەتلىك
بىلىملەردىن خەۋەردار بولۇشقا توغرا كېلىدۇ.

ئاشقۇنلۇق ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى بىر زىيانلىق ئۆسمە. يۇقاردا تىلغا ئېلىنغان ئاشقۇنلۇقلارنىڭ ھەممىسىدە قارىـ
قۇتۇپ مەۋجۇد. مەسىلەن؛ مەسىلەن بەزىلەر ھەممە مەسىلىنىڭ داۋاسىنى دىنىدىن ئىزدىسە يەنە بەزىلەر ھەممە
پىشكەللىكنىڭ سەۋەپكارىنى دىن دەپ ئاشقۇنلۇق قىلىدۇ .بەزىلەر ئۇيغۇر تۇرمۇشىدىكى ھەممە ھادىسىگە پۈتۈن
كۆزى بىلەن قارىسا بەزىلەر ئۇيغۇر ئەجداتلارنىڭ ئۇدۇملىرىنى ھەممىگە ئەڭگۈشتەر بىلىدۇ. بەزىلەر ئۇيغۇرغا خ
بولسىلا پەخىرلەنسە بەزىلەر ئۇيغۇرغا تەئەللۇق بولسىلا گۇمانلىنىدۇ .مەسىلەن "ئۇيغۇرلار قوي گۆشىنى كۆپ يې
قويدەك يۇۋاش بولۇپ قالغان "، "ئۇيغۇرنىڭ جىنسىيتى ئاينىغان..."دېگەن سۆز ئىلمگە زىت ئاشقۇنلۇق بول
"ئۇيغۇر تائاملىرى سەۋەبلىك بىز قان بېسىم ۋە يۈرەك كېسەللىرىگە كۆپ گىرىپتار بولۇۋاتىمىز "دېگەنلىك ئىلم
ئاشقۇنلىقى بولىدۇ. ئاخباراتتىكى تەرەپتارلىق، تەشۋىقاتتىكى يەككە مېلودىيە، ئىدولوگىيە تۇمانلىرىغا يەم بولغ
رېياللىق بەلكىم بىر قىسىم ئەڭ غايىلىك، ھۇشيار ۋە ئويغاق قېرىنداشلىرىمىزنى ئاشقۇنلۇق مەپكۇرىلىرىغا مەھكۇ
بولۇشى مۇمكىن، ۋە ياكى دۇنيايىمىز ئاشقۇنلۇققا ئۈندەيدىغان ئامىللارغا تولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. مەنچە ش
شۈبھىسىزكى، ئاشقۇنلۇق بىزنى نورمال ئىنسانى تۇيغۇ ۋە ئادەتتىكى بىر ئىنسانغا خاس تەپەككۇردىن يىراقلاشت
ئاشقۇنلۇق ئەۋج ئالسا كۆزلىرىمىزگە دۇنيا بىربولسا دۈشمەنلىك، قاراڭغۇلۇق، رەزىللىك بىلەن تولۇپ كەتك
تۇيۇلىدۇ، يەنە بىر بولسا كۆز ئادىمىزدا ئالۋۇندەك بىر مەنزىل بىزنى چاقىرىۋاتقاندەك، شۇ يەردە ھەممە نەرسە گ
ھاياتنىڭ مەنىسى خىيالى مۇقەددەسلىكتەك بىلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا مەنچە مەيلى دىنى ئاشقۇنلۇق بولسۇن ياكى
ئۇيغۇرپەۋەرلىك ياكى لوگىكا ئاشقۇنلىقى بولسۇن ئەقىلدىن ۋە نورماللىقتىن ھالقىغان ھەرقانداق تۇيغۇ ۋە پىك

ئىنساننىڭ نورمال ھاياتىغا ۋە كەلگۈسىگە نۇر چاچالمايدۇ .مەنچە دۇنيانى ئاددىي بەندىنىڭ كۆزى بىلەن كۆ
ئۆزىمىزنىڭ ۋە ئۆزگىنىڭ ئىنسانلىقنى ئېتىراپ قىلىش، ھۆرمەت قىلىش ۋە ئېشىنىش ھاياتىمىزنى ئاددىي ئىنس
بەختىگە مۇشەررەپ قىلىدۇ.

# ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەتتە چېكىنىشىدىكى تارىخى سەۋەپلەر

http://www.misranim.com

---


يوللىغۇچى: ساداقەت

مەنبە: ئوكيان تورى

ۋاقتى:29 ـ 3 ـ 2011

چېكىلىشى:4600


---


غالىب بارات ئەرك


ئۇيغۇرلار قەدىمكى دەۋردە تەرەققىي قىلغان شەرق خەلقلىرىدىن بىرى ئىدى، ئەمما يېقىنقى 3 ـ 4 ئەسىردە تەرەققىياتى ئەڭ قالاق ھالەتكە چۈشۈپ قالدى، بۇ زادى نىمە ئۈچۈن؟

## 1 . تەرەققىياتنىڭ ئالدىنقى شەرتى ـ تېنچلىق بولمىغان

تارىخ بەتلىرىنى ۋاراقلايدىغان بولساق بىلەلەيمىزكى 1600 ـ يىلىدىن 1900 ـ يىلىغىچە بولغان 300 يىل ئۇيغۇر جەمئىيىتى پۈتۈنلەي ئۇرۇش ئوتى ئىچىدە قالغان ھەممە يەرنى قان ھىدى پۇراپ تۇرىدىغان جەمىيەتكە ئايلانغان. سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ ئادىللىقى بىلەن داڭ چىقارغان سۇلتانى ئابدۇكېرىمخاننىڭ قەستكە ئۇچرىشى بىلەن خاندانلىق خارابلىششقا يۈزلەندى. خانلىق دائىرىسى خانزادىلەرنىڭ ئۇستۇنلۇك، بايلىق، خانلىق، تېرىتورىيە (زېمىن) تالىشىدىغان ئۇرۇش سەھنىسگە ئايلاندى، بىر مەزگىل گۈللەنگەن بۇ دۆلەت ھالاكەتكە يۈزلەندى. سۇلتان سەئىدخاندىن باشلانغان سۇپىلارغا مۇرىت بۇلۇش ئەۋجىگە چىقىپ پۈتكۈل خەلق بىرقانچە توپقا بۆلۈندى، ئەسلىدىن خانقالاردا ئىستىقامەت قىلىۋاتقان سوپىلار ھوقۇق تالىشىش كۈرەشلىرىگە ئاكتىپ ئىشتىراك قىلدى ھەمدە قەستلەپ ئۆلتۈرۈش، مۇرىتلىرىغا رەھبەرلىك قىلىپ ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرەشلىرىدە ئاز بولمىغان قىرغىنلارنىڭ بىۋاستە سەۋەپچىكارىغا ئايلاندى. ئاخىرقى ھىساپتا سوپىلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك ۋە ھىلە مېكىرلىرى، سەئىدىيە ئەۋلاتلىرىنىڭ ئىقتىدارسىزلىقى تۈپەيلى 1680 ـ يىلى ھاكىمىيەت ئۇيغۇرلاردىن جوڭغارلارنىڭ قولىغا ئۆتتى، سوپىلار جوڭغارلارنىڭ سادىق غالچىلىرىغا ئايلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ قورچاق ھاكىمىيتىنى تىكلەشكە مۇيەسسەر بولدى. سوپىلارنىڭ جوڭغارلار ياردىمىدە تىكلەنگەن بۇ قورچاق ھاكىمىيتى ئەمەلىيەتتە خەلقنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ بايلىق توپلاپ ئۇنى خوجايىنلىرىغا سوۋغا قىلىپ خەلقنى تېخىمۇ دەھشەتلىك ۋەيرانچىلىققا گىرىپتار قىلدى.

سوپىلارنىڭ دەھشەتلىك زۇلۇمى ئاستىدا ئۇيغۇر خەلقى جوڭغارلار ئۈچۈن سېلىق تۆلەپ، قۇل دېدەك تۇتۇپ بەردى. پۈتكۈل ئۇيغۇر دىيارى سوپىلارنىڭ ”ئاق تاغلىق“ ۋە ”قارا تاغلىق“ تىن ئىبارەت ئىككى مەزھەپنىڭ ھاكىمىيەت، مۇرت، بايلىق تالىشىدىغان، ئۆز ـ ئارا قىرغىنچىلىق قىلىشىدىغان ھالاكەت مەيدانىغا ئايلاندى. بۇ ئىككى مەزھەپ قىرغىنچىلىق قىلىشقاندىن سىرت ئۆزلىرىنىڭ سوپىستىك ئېدىيىسى بويىچە مەدەنىيەتنى قاتتىق تەقىپ قىلىپ مەدەنىيەتنى خەلق تۇرمۇشىدىن ۋە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىن يوقاتماق بولدى، جۈملىدىن مەدەنىيەت ئەرباپلىرىنىمۇ قىرغىن قىلىپ يوقاتتى. ھاكىمىيەت جوڭغارلار ۋە ئۇلارنىڭ ھامىيلىغىدىكى سوپىلارنىڭ قولىدىن مانجۇ ـ چىڭ ئىمپىرىيىسىگە ئۆتكەندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ چېرىك ھۆكۈمرانلىرى بىر تۈركۈم يەرلىك فوداللار بىلەن ئېغىز ـ بۇرۇن يالىشىپ، خەلققە ئېغىر زۇلۇملارنى سالدى. نەتىجىدە پۇقرالار ئېغىر زۇلۇمغا قارشى كۆپ قېتىم قوزغىلاڭ قىلغان بولسىمۇ ئىنتايىن دەھشەتلىك باستۇرۇلدى، ئۈچتۇرپان جىگدە يېغىلىغى ( پۈتۈن خەلق قىرغىن قىلىپ يوقۇتۇلغان دىگەن مەلۇماتلار بار ) ۋە ھەر قېتىملىق قوزغىلاڭنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن كېيىن خەلقنىڭ يۇرت ماكانىنى تاشلاپ باشقا يۇرتلارغا كۆچىشى، شىمالى شىنجاڭدا قىرغىن قىلىپ ئادەم قالمىغاندا ( مەھمۇدكاشغەرى ‹‹ تۈركى تىللار دىۋانى ›› دا بۇ يەردە خېلى ۋكپ ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىغى، ئۇلارنىڭ شەھەرلىرى بولغانلىغىنى يازغان) جەنۇپتىن ئاھالە كۆچۈرۈشى شۇنىڭ مىسالىدۇر. خەلقنىڭ قوزغىلاڭلىرى ھە دىگەندىلا مەغلۇپ بولۇپ تۇردى، سەۋەبى ئۇلارنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمى شەكىللەنمىگەن، تارىخ دانكو ياكى ئاتا تۈرك مۇستاپا كامال كەبى رەھبەرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرمىگەندى، ئازاتلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ نىشانى پەقەت زۇلۇمنى يوقۇتۇشلا بولغىنى ئۈچۈن ئىنقىلاپتىن خوجىلارمۇ پايدىلىنىپ ئۆز ھاكىمىيتىنى

تىكلەشكە تىرىشتى، خوجىلارنىڭ توپىلاڭلىرىمۇ خەلقنىڭ تالاپەت تارتىشىغا سەۋەبچى بولۇپ زىيانلارنىمۇ كەلتۈردى.

19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە خەلق بىر قېتىم كەڭ كۆلەملىك ئازاتلىق ئۈچۈن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ خوتەن، قەشقەر، كۇچار ۋە غۇلجىلاردا ھاكىمىتىنى تىكلىدى، لېكىن ئۇلارغا يېتەكچىلىك قىلغۇدەك باشچىلار بولمىغانلىقتىن خوتەندە ھەبىبۇللا ھاجى، كۇچاردا راشادىنخان كەبى سوپى ـ زاھىت ھاكىمىيەت ئىشلىرىدىن خەۋەرسىزلەر رەھبەرلىك قىلىپ بۆلۈنمە ھالەتتە خانلىق قىلىشتى. ئۇلاردا ۋەتەن، خەلق، مىللەت ئېڭى بولمىغانلىقتىن بىرلىشىپ ھاكىمىيەت قۇرۇپ خەلقچىل سىياسەت يۈرگۈزۈشكە قادىر بولالماي ئاقىۋەت خەلقنىڭ غالىبىيەت مېۋىسىنى قوقانلىق رەڭۋاز ياقۇپبەگنىڭ ھىلە ـ مىكرى ئالدىدا تارتقۇزۇپ قويدى. ئىلى سۇلتانلىقى، ئۈرۈمچى ـ سانجى خۇيزۇ ھاكىمىيتى، كۇچار راشىدىنخان خوجا ھاكىمىيتى، خوتەن ھەبىبۇللا خوجا ھاكىمىيتى ۋە قەشقەر بۇزرۇك خوجا (ئەمەلىيەتتە بەدۆلەت ھاكىمىيتى بولۇپ ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن جاھانگىر خوجىنىڭ ئوغلى بۇزرۇك خوجىدىن پايدىلانغان) نىڭ ئۆز ـ ئارا ئىستىلا ئۇرۇشلىرى يۈز بەردى ۋە ياقۇپبەگنىڭ جەنۇبى شىنجاڭ ھەم تۇرپان، ئۈرۈمچىلەرنى ئىگەللەپ ئاتالمىش ” بەدۆلەت يەتتە شەھەر ھاكىمىيتى“ نى قۇردى. 1878 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى ھەممىنى يېڭىپ ئۆزىنىڭ نىسپى ھالدىكى تېنىچلىق ھاكىمىيتىنى يۈرگۈزگىچە يەنىلا ئۇرۇش داۋام قىلىپ كەلدى. تارىخ بەتلىرىنى ۋاراقلاپ باقساق، جۇملىدىن ئەينى ۋاقىتتا ئۇرۇشقا بىۋاستە قاتناشقان، ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن تارىخچى ئالىمىمىز موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخى ھەمىدى» ، « تارىخى ئەمنىيە» كىتاپلىرىنى كۆرىدىغان بولساق بۇ ھەقتە يېتەرلىك چۈشەنچىگە ئىگە بولالايمىز.

مسال:

«ئاتالىق غازى يىگىتلىرى، سەرۋازلىرى ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن چارچىدى، قوللىرى قاپاردى. ئاتىلىق غازى قوشۇنىغا ئەگىشىپ كەلگەن قاسساپلارنى ۋە خوتەندىكى ياقا يۇرتتىن كەلگەن مۇساپىر قاسساپلارنى چاقىرىپ كېلىپ ئادەم ئۆلتۈرۈشكە بۇيرىدى. قاسساپلار خەندەك لىۋىدە تۇرۇپ ئادەملەرنى بوغۇزلاپ خەندەككە ئىتتىرىۋەردى.... شۇ قېتىم تۆت تۈمەن ئادەم هالاك بولغان بولسا كېرەك.»

قەدىرلىك كىتاپخانلىرىمىزغا بۇ خىل قىرغىنچىلىقتىن تېخىمۇ كۆپ پاكىتلارنى كۆرستىپ بېرەلەيمىز. چۈنكى بىزنىڭ تارىخىمىز بۇ خىل قىرغىنچىلىقلار بىلەن تولۇپ كەتكەن. قان هىدى، ئادەم ئۇستىخانلىرى تارىم ۋادىسىنىڭ هەممە يېرىنى قاپلىغان ئىدى. " ئۇيۇشقاق، يەڭگۈچى، ئەقىللىق" مەنالىرىغا ئىگە خاسىيەتلىك نامى بار ئۇيغۇر خەلقىمۇ بىر ئۇچۇم مەزهەپچى، بايلىقخۇمار، هوقۇقپەرەست، ئۇرۇشپەرستلەر تەرىپىدىن ئۇرۇش قايىنىمىغا مەجبۇرى سۆرەپ كىرىلدى. خەلق ئۆز هاياتىغىمۇ كېپىللىك قىلالمايدىغان، ئەتىسىگىمۇ ئىشەنچ قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئەشۇ بىر ئۇچۇم رەزىل شەخسلەر ئۆزىنىڭ شەخسى مەنپەتى، پاراغەتلىك تۇرمۇشى ئۈچۈن مىللەتنى، خەلقنى، ۋەتەننى، كەلگۈسنى، ئەۋلاتلارنى پۇچەك پۇلغا (ئەرزىمەس شەخسى مەنپەئەتىگە) سېتىۋەتتى، ئۇيغۇر دىيارى هالاكەتكە يۈزلەندى.

**1678** ـ يىلىدىن **1685** ـ يىلىغىچە جوڭغارلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى ئىستىلا قىلىش ئۇرۇشلىرى بولدى، ئاق تاغلىقلارنىڭ داهىسى ئاپپاق خوجا دالاي لاماغا باش ئۇرۇپ مەدەت تىلىشى بىلەن پۇرسەت كۈتۈۋاتقان جوڭغارلار سەئىدىيە ئۇيغۇر دولىتىگە هۇجۇم قىلدى. ئاپپاق خوجىنىڭ ئاق تاغلىق مۇرتلىرى ئىچىدىن ماسلاشتى، شۇنىڭ بىلەن جوڭغارلار غەلىبە قىلىپ ئۇيغۇرلارنى ئۆز هۆكۈمرانلىقىغا ئالدى.

**1755** ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى شىمالى شىنجاڭنى ئىستىلا قىلدى.

**1759** ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى چوڭ ـ كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلاڭىنى تىنچىتىپ شىنجاڭنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا ئالدى. قارا تاغلىق ۋەتەنپەرۋەرلەر ئاق تاغلىق دۈشمەنلىرىنى يوقۇتۇش ئۈچۈن چىڭ سۇلالىسىنىڭ غەلىبە قىلىشىدا ئىچكى جەھەتتىن ماسلىشىپ زور تۆھپىلەرنى قوشتى.

**1765** ـ يىلى ئۈچتۇرپان ئۇيغۇرلىرى قوزغىلاڭ كۆتۈردى، بۇ مەشھۇر جەڭدە يېغىلىقى بولۇپ چىڭ سۇلالىسى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن بارلىق ئاھالىنى قىرغىن قىلىپ تۈگەتتى.

**1803** ـ يىلى يۈسۈپ خوجىدىن پايدىلىنىپ قوقەنلىكلەر پاراكەندىچىلىك سالدى.

**1820** ـ يىلدىن **1828** ـ يىلغىچە جاھانگىر خوجىنىڭ كۆپ قېتىملىق توپىلاڭى بولدى.

**1845** ـ يىلى قەشقەردە ئۇيغۇر ۋە قىرغىز دېھقانلار قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن.

**1847** ـ يىلى يەتتە خوجا توپىلىڭى بولدى.

**1852** ـ يىلى ۋەلىخان تۆرە تۆت قېتىم بېسىپ كىرىپ نۇرغۇن قىرغىنچىلىق قىلغان ۋە جاللاتلىق قىلىپ نەچچە كاللا مۇنارى ياسىغان.

**1854** ـ يىلى قەشقەردە دېھقانلار قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن.

**1857** ـ يىلى ئاتۇش مىس كان ئىشچىلىرى، مەمتىلى باشچىلىقىدا كۇچار دېھقانلىرى، خوتەننىڭ بىر قىسىم يېزىلىرىدىكى دېھقانلار قوزغىلاڭ قىلغان، ۋەلىخان تۆرىمۇ توپىلاڭ كۆتۈرگەن.

**1858** ـ يىلى قەشقەردە بىر قىسىم دېھقانلار قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن.

**1860** ـ يىلى يەكەندە، **1862** ـ يىلى خوتەن، كۇچار، بايلاردا قوزغىلاڭ بولغان.

1864 ـ يىلى كۇچا دېھقانلىرى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ غەلىبە قىلغان ھەمدە راشىدىنخان ھاكىمىيىتى تىكلەنگەن.

1864 ـ يىلى خوتەن دېھقانلىرى قوزغىلاڭ قىلىپ غەلىبە قىلغان ھەمدە ھەبىبۇللا ھاجى ھاكىمىيىتى تىكلەنگەن.

1864 ـ يىلى ئىلى خەلقى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ غەلىبە قىلغان ھەمدە ئىلى سۇلتانلىقىنى قۇرغان.

1864 ـ يىلى سىدىق بەگ قەشقەرنى ئىشغال قىلغان.

1865 ـ يىلى قوقەنتلىك قوشبېگى ياقۇپبەگ ئاق تاغلىقلاردىن بۇزرۇگ خوجىنى ئۆزىگە قالقان قىلىپ قەشقەرگە كىردى ھەم ئاق تاغلىق خوجىلار بۇزرۇگ خوجا ئۇچۇن ئۇلارنى قوللىدى. ئۇ چىلك سۇلالىسى تەرىپىدىن يۇقۇتىلىغىچە ھەر خىل ئۇرۇش ۋە قىرغىنلار بىلىپ تۇردى.

1871 ـ يىلى چاررۇسىيە چىلك سۇلالىسى بىلەن تىزۇلگەن توختام بويىچە ئىلى سۇلتانلىقىنى ئىشغال قىلدى.

1875 ـ يىلى چىلك سۇلالىسى قۇشۇنلىرى شىنجاڭغا يۈرۈش قىلدى. 1878 ـ يىلى چىلك سۇلالىسى پۈتۈن غەلبىنى قولغا كەلتۈرۈپ جەنۇبى شىنجاڭ ۋە ئۇرۇمچى، تۇرپان رايۇنلىنى ئىشغال قىلدى.

1881 ـ يىلى چىلك سۇلالىسى(قاراخان) چاررۇسىيە (ئاقخان) غا 70 مىڭ كۇۋادىرات كىلومېتىر زېمىن ۋە بەش مىليون 9000 سەر كۆمۈش ئۇرۇش چىقىمى تۆلەپ ئىلىنى قايتۇرىۋالدى.

يۇقۇرىدا كۆرگىنىمىزدەك نۇرغۇن قوزغىلاڭ ھەم توپىلاڭلار بولدى، خەلقنىڭ غەلبە قىلغان، مەغلۇپ بولغان دەۋرلىرىمۇ بولدى، ئەمما كەڭ خەلق ئاممىسىغا ھىچبىر

مەنپەئەت نېسىپ بولمىدى. چۈنكى خەلق ئىنتايىن تۆۋەن ئاڭ سەۋىيىدە بولغىنى ئۈچۈن پەقەت چېرىك، مۇستەبىت ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇشنىلا مەقسەت قىلغان بولۇپ كونكرېت نىشان بولمىغان، ئۇلادا مەخسۇس ھاكىمىيەتچىلىكنى چۈشەنگۈدەك سەۋىيە، سىياسى پېروگىراممىا تۈزگۈدەك ئىقتىدار بولمىغانلىقتىن غەلىبە مىۋىسى ھە دىگەندە بىر ئۈچۈم سوپى ـ زاھىت، خوجا ـ ئىشانلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى ياكى شۇلار تەرىپىدىن پايدىلىنىپ كېتىلدى، خەلق ئىككى سوپىلار مەزھىپىنىڭ مۇرىتلىرىغا ئايلىنىپ كەتكىنى ئۈچۈن بىر توپ قوزغىلاڭ قىلسا ئىككىنچى بىر تەرەپ ئۇلارغا قارشى تۇردى، نەتىجىدە ھۆكۈمرانلار ئۇيغۇرلارنىڭ ”ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشنى قورىدى“. سەئىدىيە ئۇيغۇر دۆلىتى دەۋرىدىن باشلاپ ئاق تاغلىق ۋە قارا تاغلىقلار ھاكىمىيەت يۈرگۈزسە ياكى ھاكىمىيەتكە تەسىر كۆرستەلىسە ئىككىنچى بىرتەرەپنى قاتتىق قىرغىن قىلدى، ئەگەر بىر مەزھەپ خەلق قوزغىلاڭى بىلەن ھاكىمىيەت تىكلىسە ياكى قوزغىلاڭغا ئىشتىراك قىلسا ئىككىنچى بىرى ئۇلارغا قارشى مەيدانىدا تۇردى، مەسىلەن: ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ رەھبىرى قارا تاغلىقلار تەسىرىدىكى سەئىدىيە خانلىغىنى يۇقۇتۇش ئۈچۈن دالاي لاماغا باش ئۇرۇپ جوڭغارلارنى باشلاپ كېلىپ مۇرىتلىرىنى ئىچكى جەھەتتىن ماسلاشتۇرۇپ ئۇيغۇر خەلقىنى جوڭغارلارغا قۇل قىلىپ بەردى. قارا تاغلىق خوجىلار بولسا جوڭغارلار ۋە ئۇلارنىڭ ھامىلىغىدىكى ئاق تاغلىق خوجىلار ھاكىمىيتىنى يۇقۇتۇش ئۈچۈن چىڭ سۇلالىسىغا يول باشلىدى (قارا تاغلىق خوجىلار شۇ خىزمەتلىرى ئۈچۈن ئۇيغۇر زېمىنىدە ۋاڭ، گۇڭ مەنسەپلىرىگە ئېرىشىپ بىر مەزگىل خەلقنى ئېزىپ پاراغەتلىك تۇرمۇش كەچۈردى، قۇمۇل ۋاڭلىرى، كۇچار ۋاڭلىرى، تۇرپان ـ ئىلى خوجىلىرى شۇلارنىڭ مىسالى) ۋە مۇرىتلىرى ئىچكى جەھەتتىن ماسلاشتى. گەرچە كۇچا ۋە خوتەن قاتارلىق جايلاردا ھاكىمىيەت تىكلەنگەن بولسىمۇ

خەلققە نەپ ئېلىپ كېلەلمىدى. بۇ ھەقتە تارىخچى موللا مۇسا سايرامى ئەپسۇسلانغان ھالدا «... كۇچا خوجىلىرىدىن راشىدىن خوجام دىگەن مەۋلانە ئەرشىدىن ۋەلىنىڭ مازىرىدا دۇئا تەلەپ بىلەن ياتقان، ھىچ كىشى بىلەن ئارىلاشمايدىغان ۋە دەرۋىش تەرىقىسىدە ئۆمۈر ئۆتكۈزىۋاتقان بىر ئادەم ئىدى ... ئاق كىگىز ئۈستىدە ئولتۇرغۇزۇپ، بۇرۇنقى سۇلتانلىق قائىدىسى بويىچە خانلىق تەختىدە ئولتۇرغۇزدى ... بۇ شەھەرلەردە ناھايىتى كۆپ غەزىنە ـ مۇلۇك، قورال ـ ياراقلارغا ئىگە بولدى، ناھايىتى كۆپ غەزىنە توپلاندى. بۇلارنىڭ ھەممىسى تولۇق مۇھەممەت ياقۇپ بېك ئاتالىق غازىنىڭ قولىغا چۈشتى. ئۇلار شۇنچىلىك دۆلەت ھۆكۈمەتكە ئىگە بولۇپ، نۇرغۇن مال ـ مۇلۇك توپلىغان چاغلاردا يا ئۆزىنىڭ بىرەر ئۇرۇق ـ قاياشلارىغا رەھىم ۋە شەپقەت قىلىپ باقمىدى، يا بىرەر دۇئاگۇي، ئەھلى پەزىل ۋە ھۈنەرۋەنلەرگە كەڭرى ئىنئام ۋە ئېھسان قىلىپ، ئۇلارنىڭ مال دۇنياغا بولغان ئېھتىياجىدىن چىقمىدى، يا بىرەر دەريا ـ ئۆستەڭگە كۆۋرۈك سالدۇرۇپ ياخشىلىق قىلمىدى، يا مېچىت خانىقا بىنا قىلىپ، كۆل قۇدۇقلارنى كولىتىپ ۋەخپە ئەشيالار توختاتمىدى .... نەمۇنە ئەسەر قالدۇرماي نام نىشانسىز كەتتى. ئۇلاردىن ھىچبىر نەمۇنە يادىكار ياكى ياخشى ئىش باقى قالمىدى .... » دەپ لەنەت ئوقۇيدۇ.

ئالىمنىڭ بايانىغا قارىغاندا بۇ خىل لەنەتكە يەنە خوتەن پادىشاھى ھەبىبۇللا ھاجىمۇ دۇچار بولۇپ ئۇمۇ خەلق ئىنقىلاپ قىلىپ ھاكىمىيەتنى ئېلىپ پادىشاھلىققا ئولتۇرغۇزسا ئۇمۇ ئوخشاشلا خەلق ئۈچۈن قىلچىلىك ياخشى ئىش قىلىپ بەرمەستىن غەزىنىنى ئالدى بىلەن بەدۆلەتنىڭ كېيىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ قولىغا ئوشۇغى بىلەن چۈشۈشكە سەۋەپچى بولغان. ئىلى سۇلتانلىغىنى ئېيتساق 10 يىللىق ھاياتىدا قانچە سۇلتان ئالماشتى؟ شۇنىڭ ئۆزىلا كۇپايە.

ۋەلىخان تۆرەنىڭ قىلمىشىنى كۆرسەك: ” ۋەلىخان تۆرەم كاشغەرنى مۇھاسىرە قىلىپ، قىشلاق ۋە كەنتلىرىنى قولغا كىرگۈزۈپ . . . . تۆت كاللا مۇنارىسى ياساپتۇ. مۇنارنىڭ ئېگىزلىگى ئون ئىككى گەز مىقدارى كېلەتتى دەيدۇ. لېكىن ئۇنىڭ ئۆزى بەڭ چېكىش، ھاياسىز ئىشلارنى قىلىش ۋە قان تۆكۈشتىن ھېچقانداق ئۆزىنى تارتىپ ئېھتىيات قىلمايدىكەن.“ خەلق ئېتىقات قىلغان خوجىلار مەغلۇپ بولۇپ ئوتتۇرا ئاسىياغا قاچقىنىدا قىرغىنچىلىقتا يەنىلا ئازاتلىقتا، باراۋەرلىككە ئىنتىلگەن، باراۋەرلىك، ئادەمدەك ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلغان خەلق قانلىق قىرغىنىدا قالدى. ئىلى قايتۇرىۋېلىنغاندا 50 نەچچە مىڭ ئۇيغۇر ئاھالىسىنىڭ يۇرت ماكانىنى تاشلاپ چاروسىيە دائىرىسىدىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈشى، روسىيەلىك ظا.ن. كۇرپاتكىنىنىڭ « قەشقەرىيە » ناملىق كىتابىدا يازغان «جوڭگولۇقلار بۇ ۋەقەنى ” خوجىلار يېغىلىقى“ دەپ ئاتايدۇ. بۇ ۋەقەنىڭ نەتىجىسىدە 20000 تۇتۇن يەنى **100000** كىشى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن قورقىنىدىن ، قەشقەر، يەكەن ۋە ئاقسۇلاردىكى يۇرت ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ، خوجىلارنىڭ كەينىدىن تاغقا چىقىپ كەتتى . . . بۇ قېتىمقى قاچ ـ قاچ 1 ـ ئايدا يۈز بەردى. شۇ كۈنلەردە شۇۋرغان ئارىلاش قاتتىق قار يېغىۋاتقان بولۇپ، بۇ ئاچ يالىڭاچ كەمبەغەللەرنىڭ كۆپچىلىگى ئىز دېرەكسىز يوقالغان»، بۇ ۋاقىئەلەر ھەر قېتىملىق قوزغىلاڭلار ھەم قوزغىلاڭلار مەغلۇبىيىتىدىن كېيىنكى قاتتىق قىرغىنچىلىقلار بولغانلىغىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ھەقىقەت شۇنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردىكى گەرچە خەلق قوزغىلىپ مۇستەبىت ھەم چېرىك ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇشنى كۆزلىسىمۇ ئۇلاردا ئەشۇ زۇلۇمنى يوقۇتۇشتىن ئۆزگە نىشان بولمىغان، ئۇلاردا بىرەر سىياسى پېروگىرامما بولمىغان ھەم بولىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى، چۈنكى خەلقتە ئۇنچىلىك ئىقتىدار بولمىغان، ئۇلاردا بىرەر سىياسى

نشان ئورتاق ئېتىقات بولمىغىنى ئۈچۈن قان تۆكۈپ ئىنقىلاپ قىلىسمۇ بىرلىشەلمەستىن بۆلۈنۈپ ياشاپ بۆرىگە يەم بولغان. ئۇلارنىڭ قىسقا ھاكىمىيەتلىرى، قوزغىلاڭلىرى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن خەلق يەنىمۇ قاتتىق دىشۋارچىلىققا دۇچار بولغان جۇملىدىن يۇرت ماكانىنى تاشلاپ چىقىشقا مەجبۇر بولغان.

چارروسىيە ئىلىنى چىڭ سۇلالىسىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەندە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن ئەنسىرىگەن ئاھالە روسىيە تېرىتورىيىسىگە كۆچتى. موللا مۇسا سايرامى «بۇ يەتتە شەھەرنى سەرەنجام قىلغاندىن كېيىن، يەتتە شەھەردە قىرىق مىڭ چېرىك تۇرغۇزۇشقا ھۆكۈم قىلدى. لېكىن ئىلىنى ئىگەللىگەن چاغدا بىر مىليوندىن ئارتۇق ئادەمنى ھالاكەتكە گىرىپتار قىلغان ئىدى. نۇرغۇن ئادەم تەرەپ تەرەپكە قېچىپ ئىلى ئەتراپىدا ئادەم گۇروھى ئاز قالدى... » ، دىسە « خاقان مەنسەپدارلىرى بۇ يەتتە شەھەردە تۆرەمگە يار بولغان ياكى تۆرەمنىڭ ئىشىنى تۇتۇپ خىزمەت قىلغان ئادەملەرنى ئىزدەپ تېپىپ ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ چارۋا مال ۋە زېمىنلىرىنى ئولجا قىلىپ، ئۇنىڭدىن كۆپرەك خوتۇن ـ قىز ۋە ئوغۇل رىسىدە ـ نارىسىدە باللارنى ئولجا ئەسىر قىلىپ ئۇ تەرەپ لەنجۇ ئۆلكىسى، بۇ تەرەپ ئىلى، چۆچەككە ئېلىپ بېرىپ، مانجۇلارغا تاپشۇرۇپ ۋە خىزمىتىگە تۇتۇپ بەردى» دەيدۇ.

2. ئىسلامىيەتتىن چەتنىگەن سوپىستىك دىنى ئەسەبىلىكنىڭ ئېلىپ كەلگەن جاھالەتنىڭ ۋەيرانچىلىقى

قازاق ئالىمى چوقان ۋەلىخانوۋنىڭ بايانىغا ئاساسلانغاندا پۈتكۈل ئۇيغۇر خەلقى سوپىلارنىڭ ئىككى گۇروھىغا بۆلۈنۈپ كەتكەن بولۇپ قەشقەر، ئاقسۇ، كۇچارلاردا ئاقتاغلىقلار مەزھىبىدىكى ئاھالە كۆپ بولسا، يېڭىسار، ياركەند، خوتەنلەردە قاراتاغلىق خوجىلارغا مۇرىت بولغان ئاھالىلەر كۆپ بولغان. ئۇلار ھەربىر شەھەر

يۇرتلاردىمۇ مۇرتلىرى ئارقىلىق خەلقنى پارچىلىغان بولۇپ ئۆز ـ ئارا ئالاقىمۇ قىلمايدىغان بولغان ( مىسال قىلساق قەشقەر شەھرى ئاھالىسىنىڭ شەرقى شىمال تەرەپتىكىلىرى ئىچىدە ئاق تاغلىقلار كۆپ سانىنى، غەربى جەنۇپ مەھەللە كەنتلىرىدە قارا تاغلىقلار كۆپ بولغان)، ئۆز ـ ئارا پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ئاق ۋە قارا تاقى كەيگەن، ئاق تاغلىق ۋە قارا تاغلىقناملىرىمۇ شۇندىن كەلگەن. بىز تارىخى پاكىتلاردىن ئەينى ۋاقىتتا سوپىزىمنىڭ قانچىلىك يامراپ كەتكەنلىگىنى، نادان خەلقنىڭ سوپىزىمنىڭ كىشەنلىرىدە مەنىۋىيەت جەھەتتىن قانداق خاراپلاشقانلىغىنى كۆرۈپ باقايلى:

« ئاللا خاسلىغى خوجاملارغا خاس ياكى 'ئاللا خوجام' دەپ خوجاملارغا ھەددىدىن زىيادە ئەقىدە ۋە ئىخلاس قىلىپ، ئۇلارنى ھەممىدىن يۇقۇرى مەرتىۋىلىك دەپ ھىساپلاپ، ئاللا بىلەن خوجاملار ئارىلىقىدا تۇرىدىغان ھىچقانداق بىرەر يۇقۇرى مەرتىۋىلىك ئىنسان ياكى جاننىڭ بولىشىنى ئېتىراپ قىلمايدىكەن ۋە يول قويمايدىكەن . . . ئۇلارغا ناھايىتى يۇقۇرى ئەقىدە باغلاپ ، ئاتلىرىنى يىلقا ئۆيۈرى بىلەن، قويلىرىنى قوتىنى بىلەن ۋە قىزلىرىنى قىزلىق ئىپپەتلىرى بىلەن، سىكىلەك بولسا سىكىلەكلىكى بىلەن ئېلىپ كېلىپ خوجاملارغا تارتۇقلاپ، نەزىر ھەدىيە قىلىپ 'ئەمدى بىزگە ھىچقانداق نەرسە لازىم ئەمەس' دەپ ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ 'ئاللا خوجام' دەپ تونىغان ئىدى. »

بۇندىن باشقا يەنە« تەزكىرەئى ھىدايەت» قاتارلىق ئەسەرلەردىنمۇ سوپىلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئىسلام دىنىغا مۇخالىپ، كۇپىرلىق بىلەن ئۆزلىرىنى ئاللا بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇپ تەرغىپ قىلغانلىغىنى بىلىۋالالايمىز. بىز گەرچە يۇقىرالارنى سوپىزىمغا ھەممىسى بۇ دەرىجىدە ئىخلاس قىلىدۇ دەپ قارىمىساقمۇ ، سوپىزىمنىڭ تەسىرىنىڭ ناھايىتى

چوڭقۇر بولغانلىغىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئۆزلىرىنى ئاللا بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويغان بۇ سوپىلار نىمىنى تەرغىپ قىلىدۇ؟ دوتسىنت ئىبراھىم نىياز بۇ ھەققتە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

«سوفىزىمنىڭ تۈپ غايىسى ئىنسانلارنى تەركى دۇنيالىققا باشلاپ، رىئال دۇنيادىن، ئىجتىمائى تۇرمۇشتىن يۈز ئۆرۈپ خىيالى دۇنيادا كۆرىدىغان <راھەت> غېمىنى قىلىشقا چاقىرىشتىن ئىبارەت ».

خەلقىمىز ئەقدە قىلغان« ئۆزلىرىنى دىنى ئىسلامغا بېغىشلىغان خۇدانىڭ ئاشىقلىرى» ئىسلام ئەقىدىلىرىگە مۇخالىپ بولغان قىلمىش ئەتمىشلىرى بىلەن ئۆزلىرىنى ”سەئىد ـ مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادى“ دېيىشىپ ساپ ئەقىدىلىك مۇسۇلمانلارنى ئالداپ، خەلقنىڭ مۇھەممەت ئەلھەيكىسلامغا بولغان ئەقىدىسىدىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنى نىقاپلاپ خەلقنى تەركى دۇنيالىققا باشلاپ ئۆزلىرىگە ئىخلاس قىلغۇچىلارنى › جەننەت‹ كە ئېرىشتۈرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىپ، خەلقنى ئۆزلىرىگە مايىل قىلىشتى، بۇ دۇنيانىڭ ياخشىلىغىغا مۇيەسسەر بولالمىغان خەلقىمىز ئۇ دۇنيادا جەننەتتە بولسىمۇ راھەت كۆرۈشنى، ئۇ دۇنيادا بولسىمۇ ئادەمدەك ياشاشنى ئىستىدى، شۇڭا خوجىلارغا ئىشىنىپ ئۇلارغا مۇرىت بولدى. سوفىزىمنىڭ بۇنچە كۈچىيىپ كېتىشىدە ئەينى دەۋرنىڭ قەلەمدە ھەم ئەلەمدە يېتىلگەن پادىشاھلىرى سۇلتان سەئىدخان ۋە سۇلتان ئابدۇرەشتخانلارنىڭ سوپىلارغا مۇرىت ـ مۇخلىس بولغانلىغىمۇ سەۋەپچى بولغان ئىدى، ئۇلار خان ـ سۇلتانلارنىڭ ئۆزلىرىگە مۇرىت بولغان پۇرسەتتە سىياسى جەھەتتىنمۇ پايدىلىنىپ (مەسىلەن، مۇرىتلىرىنىڭ باج ـ سېلىغىنى كەچۈرۈم قىلىشىنى تەلەپ قىلىش) ئۆز مۇرىتلىرىنى كۆپەيتكەندىگەن قاراشلارمۇ بار.

خوجا ئىشانلار ئۆزلىرىنى ھەق كۆرستىش ئۈچۈن « سۇدا ماڭالايمىز، ئۆلۈكنى

تىرىلدۈرەلەيمىز، ئاسماندا ئۇچالايمىز، توپىنى يىمەك ئىچمەك، ئالتۇن كۆمۈشكە ئايلاندۇرالايمىز، يامغۇر ياغدۇرالايمىز، بىرلا ۋاقىتتا بىرقانچە جايدا زاھىر بولالايمىز، سۇپكۇشلەپ كېسەل داۋالايمىز، غايىپنى بىلىمىز، قول تەككۈزمەستىن نەرسىلەرنى يۆتكىيەلەيمىز، ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلار بىلەن سۆزلىشەلەيمىز» دەپ ساختا كارامەتلىرىنى ھەرخىل ئۇسۇللار ئارقىلىق تەشۋىق قىلىپ، ھەرخىل ھىيلە ـ مىكىرلەرنى قوللىنىپ خەلقنى ئالداپ، ئۇلارنىڭ ئەقىدە ـ ئىشەنچىگە ئېرىشكەندىن كېيىن خەلقىمىزنىڭ ماددى ـ مەنىۋى دۇنياسىغا ھۇجۇم قىلدى. نەتىجىدە ئۇلار بارلىق ئۇيغۇر مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئۇرۇپ چاقتى، بۇزدى، ئوت قويدى، ۋەيران قىلدى. مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرىنى بۇزۇپ، مەدەنىيەت سورۇنلىرىنى سوپىلىق پائىلىيەت سورۇنلىرى خانىقالارغا ئايلاندۇردى. خەلقنىڭ مەدەنىيەت سورۇنلىرى ـ مەكتەپ، مەدرىس، كۇتۇپخانىلار سوپىلارنىڭ ئاياغ ئاستىدا ۋەيران بولدى. ئاۋامنى مەدەنىيەتتىن ۋاز كېچىشكە قىستاپ مەدەنىيەتنى مەنئى قىلدى. كىمكى سوپىلار بىلەن قارشىلاشسا خۇددى خوجا جاھان ئەرشى، بابا رەھىم مەشرەپ ۋە مىرزا شاھ مەھمۇت جوراس كەبى قەستكە ئۇچراپ پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلدى. بۇ ھەقتە« جاھالەت پىرلىرى شىنجاڭدا» ناملىق ئەسەردە يېزىلغاندەك:« ئاپپاق خوجا ۋە ئاپپاق خوجىچىلار (بىز بۇ يەردە ئاق تاغلىق خوجىلارنىلا ئەمەس، قارا تاغلىق خوجىلارنىمۇ بىر قاتاردا تۇنۇشىمىز لازىم) زامانىسىدا قەشقەرىيەدە مەدەنىيەت، مائارىپ، ئىلىم ـ پەن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، مۇزىكا، ناخشا، ئۇسۇل، گۈزەل ـ سەنئەت، تىياتىر، سېرىكچىلىك، تىبابەتچىلىك، مەتبەچىلىك، تەرجىمە, خەتتاتلىق ... قاتارلىق بارلىق ئىلمي پائىلىيەتلەرنىڭ ھەممىسى قەتئى مەنئى قىلىنىۋېتىلگەن. بۇنداق ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ”كاپىر“ ، ”جادۇگەر“، ”مۇرتەد“لەر ھىساپلىنىپ جازاغا

تارتىلىپ تۇرغان، ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. ھەتتا خەت يېزىشنى ئۆگىنىش، ساز ئۆگىنىش، ياساش، مەشرەپ ئويناش، ئويۇن ـ كۈلكە، خوتۇن ـ قىزلار پەرەنجىسىز ئاشكارە يۈرۈش قاتارلىق ئادەتتىكى ئىجتىمائىي ئىنسانچىلىق خىسلەتلىرىمۇ قەتئىي مەنئىي قىلىنىۋېتىلگەن. پۈتۈن جەمئىيەتتە قۇرئان ۋە ھەپتىيەكتىن باشقا بارلىق يېزىلما ئەسەرلەر، بولۇپمۇ مىللىي ئەسەرلەر، خاتىرە، نەمۇنىلەر، كۆيدۈرۈۋېتىلگەن، يوق قىلىپ تاشلانغان. ئىلىم ـ مەرىپەت ئورۇنلىرى بۇزۇۋېتىلگەن، چەكلەنگەن. ئۇلارنىڭ ئورنىغا زىكرى سۆھبەت خانىقالىرى، گۈلەخ، سازايىي ھەمدانىلار (توۋا قىلدۇرۇش ئورۇنلىرى)، خوجا، ئىشانلارنىڭ تۇرالغۇ جايلىرى، ئەمەلدار بىنالىرى دەسسىتىلگەن.

پۈتۈن جەمئىيەتتە دۇئا ـ تىلاۋەت، خەتمە، ئىستىغپار ئوقۇش (ئاللاھتىن گۇناھىنى تىلەپ تۇرۇش) ئاممىۋى ئىجتىمائىي مەشغۇلاتقا ئايلاندۇرۇلغان.»

«تەزكىرەئى ئەزىزان» قاتارلىق ئەسەرلەردىن مەلۇمكى " ئاق تاغلىق"، "قارا تاغلىق" خوجىلارنىڭ دەستلەپكى باشچىلىرى بىر تۇغقان بولۇپ ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا نوپۇز تىكلەش ئۈچۈن كۆز قاراشلىرىدا ماھىيەتلىك پەرق بولمىسىمۇ خەلقنى ئىككىگە بۆلۈپ مەزھەپچىلىك قىلغان. ئۇلار ئۆز ـ ئارا نىزاھ قىلىشىپ، خەلقنى ئۇرۇش جىدەلگە سېلىپ قان تۆكۈپ مەڭگۇ ئورنىنى تولدۇرۇپ بولغۇسىز تارىخي جىنايەتلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بارلىق پاجىئەلىرى، يامان كۈنلەرگە قېلىشى پۈتۈنلەي سوپىلارنىڭ قىلمىش ئەتمىشلىرىدىن بولغان. پۈتۈن ئۇيغۇر دىيارىنى جاھالەت قاپلاپ پۈتۈن خەلق قاراڭغۇلۇق دۇنياسىغا غەرق بولدى.

3. ئېغىر زۇلۇم خەلقنى ھالىدىن كەتكۈزىۋەتكەن

ھاكىمىيەت بېشىدا ئولتۇرغان ھەرقانداق ھۆكۈمران ئۆز ھۆكۈمىنى قول ئاستىدىكى ئەمىر ئەكابىرلىرى ئارقىلىق يۈرگۈزىدۇ، ھۆكۈمران قانچە چىرىك، خىيانەتچى ۋە

پارىخور بولسا قول ئاستىدىكىلەرمۇ شۇنچە چىرىك، پارىخور ۋە خىيانەتچى بولىدۇ. تارىخىمىزنى ۋاراقلاپ كۆرىدىغان بولساق ئەنە شۇنداق چىرىك، پارىخور، خىيانەتچى ئەمەلدارلارنىڭ كۆپ ئۆتكىنىنى بىلەلەيمىز. ھۆكۈمران ۋە قولچۇماقلىرىنىڭ چىرىكلىكى، پارىخورلىغى تۈپەيلىدىن خەلق ئۈستىدىكى باج سېلىق كۆپىيىپ كەتكەن، خەلق قاتمۇ ـ قات زۇلۇم دەستىدىن ياشاشقىمۇ ئامالسىز قالغان. بىر تەرەپتىن خان ۋە ئۇنىڭ ئامبال، دوتەيلىرى زۇلۇم قىلسا يەنە بىر تەرەپتىن، نائىنساپ بەگلەر، خوجىلار، شەرىئەتنى دەستەك قىلىۋالغان مولللار ھەرخىل ئالۋاڭ ـ ياساق، باج ـ سېلىق، ئۆشرە ـ زاكات، پىترە يىغىپ زۇلۇم سالغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ سادىق قۇل غالچىلىرى بەگلەر بولسا باج ۋە سېلىقنى ھەسسىلەپ يىغىپ ئۆزىنى بېيىتىش بىلەن بىرگە ئامبال، دوتەيلەرگە سوغا ـ سالام ، پارا بېرىپ تېخىمۇ چوڭ ئىمتىيازلار ئۈچۈن (توغرىسى خەلقنىڭ قېنىنى تېخىمۇ بەك شوراش ئۈچۈن) ھەرىكەت قىلدى، خەلق قاڭغىر قاخشاپ جان تەسلىم قىلىۋاتسا ئامبال، دوتەي، بەگ ـ غوجانلار ئۆزلىرىنىڭ پاراغەتلىك تۇرمۇش پەيزىنى سۈردى، نەتىجىدە زۇلۇمغا چىدىمىغان خەلق نۇرغۇن قېتىملىق قوزغىلاڭلار قىلىپ مۇستەبىت، چىرىك ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرماق بولدى. خوتەنلىك تارىخچى مۇھەممەت ئەلەمنىڭ « تارىخى ۋەتەن ۋاقىئاتى خوتەن» ناملىق ئەسىرىدە ئەينى دەۋردىكى باج ـ سېلىقنىڭ 65 خىلى خاتىرلەنگەن ئىكەن. چىرىك چىڭ سۇلالىسى چىرىكلىكتە مەنسەپنى باھا قۇيۇپ ئېلان چىقىرىپ سېتىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن بولۇپ ئەمدى بىز چىڭ سۇلالىسىنىڭ مەنسەپ سېتىش ھەققىدىكى ئېلانىغا مۇناسىۋەتلىك باياننى كۆرۈپ باقايلى:

«ھەرقانداق پۇلى بار ئادەم كۈمۈش پۇل سوۋغا قىلسا مەنسەپ بېرىمىز، دەپ بازار گۇزەرلەرگە ئېلان چاپلىدى... ھەرقانداق نامى نىشانى يوق ، ئوغرى، قىمارۋاز،

سەرگەردان بولسمۇ پۇل بەرسە ئۇنىڭغا مەنسەپ بېرىلدى. . . . مەنسەپنى سودىلىشىپ باھا قويۇپ ئاشكارە ساتىدىغان بولدى.»

مانا بۇنىڭدىن شۇ چاغدىكى ھاكىمىيەتنىڭ قانچىلىك چىرىكلەشكەنلىگىنى، بۇ سەۋەپلىك خەلقنىڭ قانچىلىك رىيازەت چەككەنلىگىنى، قانچىلىك زۇلۇمغا دۇچار بولغىنىنى قىياس قىلىش مۇشكۇل ئەمەس. دېمەك ئەينى تارىخى دەۋردە ھوقۇق ئاچكۆز، بايلىق پەرىست، پارىخورلارنىڭ، ئوغرى، قىمارۋازلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ«سۇ ئاقىدۇ سايغا، پۇل ئاقىدۇ بايغا» دىگەندەك ۋەزىيەت داۋام قىلغان، پۇقرالار ئۈستىدىكى زۇلۇم تېخىمۇ كۈچەيگەن.

قەرز ئۈچۈن، ئالبان ئۈچۈن بولدى مېنىڭ ھالىم خاراپ،

ھەزرىتى چۈنۋاڭ بېگىم ھالىمغا رەھىم ئەتكەي يانا.

كەلسەلەر ئالبانچىلار خېنە پۇلى دەپ تۇتسىلەر،

پۇل تاپالمايمەن تىنەپ ، دىشۋار بولۇر ھالىم يانا.

كېچىلەر، كۈندۈزلەرى ھەم دەرس ئوقۇر ئېردى بالام،

قەرز ئۈچۈن، ئالبان ئۈچۈن، ھەم دەرسىنى قالدى يانا.

ئاقسۇلۇق مۇئەللىپ موللا توختى مۇندىن يۈز نەچچە يىل مۇقەددەم يازغان ئەسىرى«ئەرزىيەت » تىكى يۇقۇرقى بايانلار ئارقىلىق شۇنىمۇ بىلەلەيمىزكى ، زۇلۇم شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى بەگ ـ غوجاملار ئۆزلىرىنى ئاغىچىلىرى ئۈچۈن خېنىگىمۇ ئالۋاڭ يىغقان. بۇ خىل ئالۋاڭ، باج سېلىقلارنىڭ كۆپلىگىدىن، زۇلۇمنىڭ ئېغىرلىغىدىن خەلق ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا قالغان. دىنى ئۆلىما، تارىخچى ئىمىر ھۈسەيىن قازى ئاخۇنۇم بىر شېئىرىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ:

ئۆتمۈشتە بۇ شىنجاڭغا شەن دوتەي ئىكەن مانجۇ،

ماگازا، تاۋا توكۇ، كىيگەنلىرى ساپ پاڭچۇ.
راھەتتە ياتار ئۇخلاپ پۇخراغا كۆتەرتىپ جىن،
پۇقرانى ھاقارەتلەپ سىڭكۇ بىلەن دەپ چەنتۇ،
داتاڭغا قاداپ قويغان نەيزە قىلىچ ھەم چەيدۇ.

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى تارىخ، ئەينى دەۋردىكى رېئاللىق. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى دەۋرى ۋە باشقا دەۋرلەردە بولسۇن ھۆكۈمرانلارنىڭ ئېغىر زۇلۇملىرى خەلقنى پۈتۈنلەي ھالىدىن كەتكۈزىۋەتكەن. مۇشۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا تېنچلىقنىڭ بولماسلىقى، سوفىزىمنىڭ بېسىمى، ئىقتىسادى قىيىنچىلىق خەلقنى ئۆزىنىڭ مەدىنىي مائارىپ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلەلمەيدىغان قىلىپ قويغان. خەلق ماددى، مەنىۋى بايلىقلىرىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولغان.

”پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا“ دەيدۇ ئۇيغۇر دانالىرى، دەرھەقىقەت پۇل بولمىسا ھېچ ئىش ئاقمايدۇ، پۇل دېمەك ئىقتىساد، كاپىتال، مەبلەغ دېمەكتۇر. يۇقۇرىدا كۆرگىنىمىزدەك ئۇرۇش ۋە دەھشەتلىك ئېزىشلەر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىگىلىگىنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلغان بولۇپ سوپىزىمنىڭ تەركى دۇنياچىلىق تەشەببۇسى بۇ ۋەيرانچىلىقنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتكەن. مەيلى جوڭغارلار بولسۇن ياكى چىڭ سۇلالىسى بولسۇن خەلقنىڭ مەدەنىيەت مائارىپ ئىشلىرىغا مەبلەغ سېلىشى، قوللىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، چۈنكى خەلق پەن ـ مائارىپ ئارقىلىقلا ھاياتلىق يولىنى، باراۋەرلىكنى ھەتتا ئۇلارنى ئاغدۇرۇپ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش يولىنى تاپالايتتى، ھۆكۈمرانلار ئۇيغۇرلارنى ئاداققى ئۆز ھۆكۈمدە تۇتۇشنى مەقسەت قىلىدىغان تۇرسا بۇنى قانداقمۇ خالىسۇن؟ ئۆز ـ ئۆزىنى تونىغان، مىللەتپەرۋەرلىكى ۋۇجۇتقا كەلگەن مىللەتلا مەڭگۇ ئۆز مەۋجۇتلىقىنى كاپالەتلەندۈرەلەيدۇ، بۇنى پەقەت ھەققى پەن ـ مائارىپلا ئىشقا

ئاشۇرالايدۇ. شۇڭا بۈيۈك مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىلىم بىلەن كۆككە چىققىلى بولىدىغانلىقى، قۇلنىڭ قۇللۇقتىن خالاس بولالايدىغانلىقىنى مۇندىن مىڭ يىل مۇقەددەم بىزگە جاكا قىلغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى غالچىسى ياڭ زېڭشىننىڭ خەلقنى مەڭگۈ نادانلىق كىشەنىدە كىشەنلەپ تۇرۇش ئۈچۈن پەن مائارىپنى قاتتىق چەكلەپ، خۇراپى موللىلارنى سېتىۋېلىپ خەلقنى ئىدارە قىلغانلىقى بۇنىڭ پاكىتى ئەمەسمۇ؟ 20 ـ ئەسىردىن ئىلگىرى ئەرشى، فۇتۇھى، موللا مۇھەممەت سادىق قەشقىرى، زوھۇرى، موللا يۈنۈس يەركەندى، غېرىبى، نىزارى، كاتىبى، موللا مۇھەممەت تۆمۈرى، نازىمى، تەجەللى... گە ئوخشاش مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بىر تۈركۈم مەدەنىيەت ئەرباپلىرى يېتىشىپ چىققان، ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدا مەلۇم ئىقتىسادى ئارقا تېرەكى بار ئىدى. بولۇپمۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنىقى يېرىمىدىكى مەدەنىيەت ئەرباپلىرىمىزدىن ئابدۇقادىر داموللا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، موللا مۇھەممەت ئوغۇز ھەمرا، ئىمىنجان باھاۋىددىن... قاتارلىق بىر تۈركۈم ئوت يۈرەك كىشىلەر ئىقتىسادى جەھەتتىن ئازراق بولسىمۇ ئاساسى بولغاچقىلا چەتئەلگە چىقىپ ياكى ئۆلكە مەركىزىگە بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلالىغان، مەكتەپ ئېچىپ ئىلىم تارقىتالىغان. ئىقتىساد يەنى پۇل بولمىغانلىقتىن نۇرغۇن ئەقىللىق پەرزەنتلەر خۇددى موللا توختى يازغاندەك ئۇقۇشتىن قېلىشقا مەجبۇر بولغان. ئىقتىساد بولمىسا قۇرۇلۇش قىلغىلى بولمىغىنىغا ئوخشاش مەكتەپ مەدرىسلەرنى سېلىپ ئىلىم مەرىپەت تارقىتىش مۇمكىن بولمايدۇ، خەلقمۇ نادان قېلىپ مەڭگۈ "ماڭقۇرت" بولۇپ قالىدۇ.

**4. سىرتقى دۇنيا بىلەن ئالاقە ئازىيىپ بېكىنمىچىلىك كۈچەيگەن**

خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت ۋە تەرەققىياتتا بۇنچىلىك قالاق ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشى خەلقارا مۇھىت بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇر دېڭىزچىسى يىغمىشنىڭ غەرپكە بارىدىغان دېڭىز يولىنى ئېچىشى، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە خۇيزۇ دېڭىزچىسى جېڭ خېنىڭ دېڭىز قاتنىشىنى يەنە بىر بالداق يۇقۇرى كۆتۈرىشى بىلەن شەرق - غەرپ ئالاقىسى قۇرۇقلۇقتىن ( قۇرۇقلۇق يولى بىخەتەر ئەمەس ئىدى) كۆرە دېڭىز يولىغا كۆچتى. چۈنكى كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىردىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر - بىرىگە قارشى بىرمۇنچە ئۇششاق فېئودال خانلىقلار بارلىققاكەلدى. نەتىجىدە يىپەك يولىدىن ئىبارەت بۇ شەرق - غەرپ مەدەنىيەت، ئىقتىساد - سودا لېنىيىسى تېنچ بولمىغانلىقتىن ئاستا - ئاستا ئۆز رولىنى يۇقۇتۇپ بارىدۇ. بۇ ھەقتە سابىق سوۋېتلىك مۇئەللىپلەر گافروف بىلەن مىروشنىكوۋلار مۇنداق دەپ يازىدۇ:

«يىپەك يولىنىڭ توسۇلىشى ھەمدە ياۋرۇپالىقلارنىڭ ھىندىستان ۋە جوڭگوغا بارىدىغان دېڭىز يولىنى ئېچىپ، ئۇنى ئىگەللىۋېلىشى سەۋەبىدىن مەركىزى ئاسىيانىڭ دۇنيا بىلەن بولغان سودا قاتناش ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالدى. غەرب بىلەن شەرقنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش يولى ئۆزگىرىپ، مەركىزى ئاسىيانى جەنۇب ۋە شىمال تەرەپتىن ئەگىپ ئۆتىدىغان بولدى. مەركىزى ئاسىيادا يەرلىك فېئودال ھۆكۈمرانلىق كۈچەيگەنلىكتىن، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتتە ناھايىتى تېز خاراپلىشىشقا قاراپ ماڭدى.»

ئامېرىكىلىق ئاتاقلىق تارىخشۇناس ستاۋرىئانۇس ئەپەندى دۇنيا تارىخىدىن يەكۈن چىقىرىپ ‹‹ دۇنيانىڭ ئومۇمى تارىخى ›› ناملىق كىتابىدا " دۇنيا تارىخى ئىسپاتلىدىكى بىر ئىجتىمائى گۇرۇھنىڭ مەدەنىيەتتە تەرەققى قىلىشى ئۇنىڭ

خوشنلىرىنىڭ تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلالىغان قىلالمىغانلىقى بەلگىلەيدۇ. بىر ئىجتىمائى گۇرۇھ ئېرىشكەن ھەر خىل كەشپىياتلارنى باشقا ئىجتىمائى گۇرۇھلارغا تارقىتىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بېرىش كېلىش قانچە كۆپەيسە ئۆز ئارا ئۆگۈنۈش پۇرسىتىمۇ كۆپىيىدۇ. ئومۇمەن ، مەدەنىيەتتە ئەڭ ئىپتىدائى ھالەتتىكى قەبىلىلەرمۇ ئۇزاق جەرياندا بېكىك ياشىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار خوشنا قەبىلىلەرنىڭ مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىدىن پايدىغا ئېرىشەلمىگەن. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا باشقا جۇغراپىيىلىك ئامىللارغا ئوخشاش ئىنسانلارنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئاچقۇچ مىللەتلەر ئارىسىدىكى يېقىنلىشىشقا باغلىق. باشقا مىللەتلەر بىلەن ئۆز ئارا تەسىر كۆرسەتكەن ئەشۇ مىللەتلەر غايەت تەرەققىياتلارغا ئېرىشىش ئىمكانىيىتى ئىنتايىن زور . ئەمەلىيەتتە ، ئۇلارنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققى قىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ دۇچ كېلىدىغىنى تەرەققىيات پۇرستى بولۇپلا قالماستىن يەنە شاللىنىش بېسىمىدۇر. ناۋادا ئۆز ئارا تەسىر پۇرستىدىن پايدىلىنىپ تەرەققى قىلمىسا چۇقۇملا ئاسلىماتسىيە بولىدۇ ياكى يوقۇلۇش خىرىسنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئەكسىچە بېكىك ھالەتتە ياشىغان مىللەت سىرتتىن كېلىدىغان ئىنرتسىيگە ئېرىشەلمىسە ، يەنە خەۋپ - خەتەر بولمىسا شاللىنىش بېسىمۇ ئۇلار ئۈچۈن مەۋجۇت بولمىسا ئۇلار ئەسلىدىكى ھالىتى بۇيىچە نەچچە مىڭ يىل ياشايدۇ". ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان ئۇيغۇر خەلقىمۇ يۇقارقى قانۇنىيەتنىڭ سىرتىدا ئەمەس.

بۇ چاغدا شىنجاڭدىلا ئەمەس، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى ئەھۋالمۇ بۇنىڭغا ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ مۇسۇلمان شەرق دۇنياسى خاراپلىششقا يۈزلىنىپ بۇرۇنقى مەدەنى گۈللىنىش پۈتۈنلەي توگەشكەن، بۇرۇنقى ئىلىم پەن گۈللىنىشى ئاخىرلىشىپ خۇراپلىق ۋە مەزھەپچىلىك كۈچىيىپ تەپرىقى ھاكىمىيەتلەر كۆپەيگەن،

ئۆز ـ ئارا نىزالار كۆپىيىپ ئىگىلىك ۋە خەلق تۇرمۇشى خاراپلاشقان. ياۋروپادا بولسا ئەھۋال بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ ئىسلاھات، رىقابەت جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، تەبىئى پەن، ئىجتىمائى پەنلەردە ۋە سانائەتتە يېڭى بۆسۈش بولىۋاتقان ۋە سانائەت، يېزا ئىگىلىگى تەرەققى قىلىپ ماشىنىلىشىۋاتقان بولۇپ ئۇچقاندەك تەرەققى قىلغان ئىدى. بىز بولساق بولاردىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ھالدا " قۇدۇقنىڭ تېگىدىكى پاقىدەك" ئاسمان مۇشۇ دەپ، يۇرۇۋاتاتتۇق. نەتىجىدە ئىنسانلار تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشۇپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر خەلقى« ئۇچار گىلەم» ، «ياغاچ ئات» تا ئەكس ئەتكەن ھاۋا قاتناش ئارزۇلىرىمۇ شۇ بويىچە چۆچەك بولۇپ قېلىۋەردى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىلىم بىلەن كۆككە چىققىلى بولىدىغانلىغى، قول بولسىمۇ ئىلىم بىلەن ئازاتلىققا ئېرىشەلەيدىغانلىغى ھەققىدىكى چاقىرىقلىرىمۇ بىزنى ئويغىتالمىدى، بىز ئەسىرلەرنى ئىشەك ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ ئۆتكۈزۈپ كەلدۇق، ئىشەك ھارۋىسىنى ئالاھىدە قاتناش قورالى، كالا بىلەن ساپاننى ئىشلەپچىقىرىش قورالى قىلىپ ئەسىردىن ئەسىرگە كۆچۈپ كەلمەكتىمىز. ئۆزىمىزنى بېكىك ھالەتتە ساقلاپ كەلگىنىمىز ئۈچۈن ياۋروپا ئەللىرىنىڭ جۇملىدىن پەرەڭ ۋە ئورۇس، جوھوت ـ ئەجنەبىلەرنىڭ قانداق تەرەققى قىلغىنىنى پىسەنتىمىزگە ئالمىدۇق، ۋەلسىپىت ياسىسا "شەيتان ھارۋا" دەپ ئاتىدۇق، مۇشۇ ئەسىردە ھەتتا ئايروپىلانغا «نىمە دىگەن چوڭ قۇش بۇ دەپ دان چاچقان» لىغىمىز نىمىنى ئىسپاتلايدۇ؟

**5. مەدەنىيەت، مائارىپ جەھەتتىن تارلىققا يۈزلەنگەن**

ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيادا تۈركى خەلقلەر ياشاپ كەلگەن ئانا ماكان بولۇپ ئۇلارنىڭ ئەل فارابى، مۇھەممەت خارەزمى، مەھمۇد كاشغەرى،

يۈسۈپ خاس هاجىپ، جامال قارشى، ئەھمەت يۈكنەگى، ئىمائىددىن كاشغەرى، سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ ... كەبى بىرمۇنچە پەيلاسوپ، ئەدىپ ـ ئالىملار ياشىغان بولۇپ ماتېماتىكا (ئەلجەبىر)، ئەدەبىيات، ئىلمىي كىمىيا، ئىلمىي مەنتىق، ئىلمىي نۇجۇم، پەلسەپە، تىبابەت، ناخشا ـ ساز قاتارلىق ساھەلەردىن خېلى ياخشى ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ئىدى. موڭغۇللار دەۋرىگە كەلگەندە ئالىملىمىزنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى موڭغۇل ئىمپېرىيىسى بىلەن ناھايىتى كەڭ دائىرىگە تارقىلىپ ئۆزىنى نامايەن قىلدى ۋە دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى. مەسىلەن: ئەدىپلەردىن سەئدۇللا، سەۋىنىچ ھىيا، مازۇچاڭ، شۈئاڭفۇلارنى، يېزا ئىگىلىك ئالىمى تۆمۈر تۆبرۈك (لۇ مىڭسەن)، ئۇزۇقلۇقشۇناس قۇسقۇي، يېزىقشۇناس تاتاتۇڭا ۋە چوسگىخودرىز، تەرجىمان ئەنتساڭ ۋە بىلاناشىل، سىياسىئون لىئەن شىشەن، ئەھمەت، ئۆمەر، ئاستۇرنوم جامالىددىن، بىناكار ئەختەرىددىن، ياراغشۇناس ئالاۋىددىن ۋە ئىسمايىل، رەسسام گاۋكوكۇن، ئالىملاردىن چىنشىمىڭ ۋە شەمسىددىن، دېڭىزچى يىغمىش، تارىخشۇناس لىئەنخۇيشەن.... قاتارلىقلارنىڭ تۆھپىسى سۆزىمىزگە دەلىل بولىدۇ. ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا باشقىلارنىڭ ئىلغار ئىلىم ۋە تەخنىكىلىرىنى ئۆگىنىش بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭ ئىلغار نەرسىلىرىنى خوشنا ئەللەرگە ئۆگەتكەن. تۆمۈر، كۆمۈر، مىس، بۇغداي، پاختا ... لارنىڭ شىنجاڭدا ئېچىلىپ ئۆلكىلەردىن بالدۇر بولىشى، خەنزۇ تىلىدىكى تۆمۈر سۆزىنىڭمۇ تۈركى تىلىدىكى تۆمۈردىن قىسقىراپ 铁 بولۇشى، يۇقارقى تەخنىكىلارنىڭ شىنجاڭ ئارقىلىق ئىچكىرىگە تارىلىشى قەدىمىي مەدەنىيەتلىك بولغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قانداقتۇر ئەكىلىشپەرۋەر مىللەت بولماستىن، باشقىلار مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلالايدىغان ھەم ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھىرىنى باشقىلارغا تەغدىم قىلالايدىغان مىللەت ئىكەنلىگىنى

كۆرستىپ بەردى. ئەمما ئۇيغۇر جەمئىيتى 16 ـ ئەسردىن باشلاپ سوپىزىمنىڭ كۈچلۈك تەسرىگە ئۇچرىدى، سەئىدىيە دۆلتىنىڭ ئاداللەتلىك سۇلتانى سەئىدخاندىن باشلاپ خانلارنىڭ سوپىلارغا مۇرىت بولۇشى تۈپەيلىدىن خوجا ـ ئىشانلار رايۇنىمىزدا ناھايىتى تېز كۆپەيدى، مۇرىتلىرى كۈنسىرى ئاشتى. تەسر دائىرىسى زورايغان سوپىلار قۇرئان، ھەدىس ۋە سوپىلىق كىتاپلىرىدىن باشقا بارلىق مەدەنىيەتنى چەكلىشى ھەم بۇ خىل تەقىپنىڭ ئۇزۇن داۋام قىلىشى ئۇيغۇر خەلقىنى مەڭگۈ تولدۇرۇپ بولمايدىغان زىيانلارغا گىرىپتار قىلدى. ئۇيغۇر خەلقى سوپىلارنىڭ دەھشەتلىك روھى قۇل قىلىشى، ئۇلارنى غالىبىيەت يولىغا، ھۆرلۈككە باشلايدىغان ئىلىم يولىدىن مەھرۇم قىلىشى بىلەن ئۇلار روھى قۇللۇقىقا چۈشۈپ قالدى. ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ مىللەت روھى يوقۇلىدىكەن شۇ مىللەت يوقالماي قالمايدۇ، ئۇيغۇر روھى يوقالغىنى ئۈچۈن ئۇيغۇر مىللىتى ئەۋۋەل جوڭغارلارغا ئاندىن چېرىك چىڭ سۇلالىسىغا ئات ـ ئىشەك ئورنىدا ئىشلىدى.

سوپىلار ئۆزلىرىنى ئاللا بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇپ، ئىسلام ئەقىدىلىرىگە مۇخالىپ ئىش قىلىپ، ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پۈتمەس، تۈگمەس ۋەيرانچىلىق ۋە خارلىق ئېلىپ كەلدى. ئۇلار مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى بۇزۇپ، مەدەنىيەتنى مەڭگۈلۈك يوق قىلىۋېتىش ئۈچۈن تىرىشتى. مەكتەپ مەدرىسلەرنى سوپىزىملىق پائلىيەت سورۇنلىرىغا ئايلاندۇرۇپ، ساپ ئەقىدىلىك ئۇيغۇر خەلقىنى روھى قۇللارغا ئايلاندۇردى. سوپىلار ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان ۋە قورچاق ھۆكۈمدار بولۇپ تۇرغان ۋاقىتلاردا قۇرئان ۋە ھەپتىيەك بىردىنبىر ئوقۇشلۇققا ئايلاندى. قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىمۇ سوپىزىم ئىدىيىلىرى بويىچە تەپسىرلەندى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا يەنى سوپىلار تەختتىن چۈشكەن ئەمما تەسرى يەنىلا چوڭقۇر بولغان چاغلاردا مائارىپ ئاستا ـ ئاستا ئەسلىگە

كېلىشكە باشلىدى، ئەمما ئىجتىمائى پەنلەر مۇتلەق ئاساسى ئورۇننى تەشكىل قىلدى. تەبىئى پەنلەر ۋە تېخنىكىلار (ھۈنەر سەنئەت) ئاساسەن ئۆنتۈلدى، ئوقۇتۇش دائىرىسى بەكمۇ تار بولۇپ قالدى. نەشرىياتچىلىق، باسما ئىشلىرىمۇ ئۆنتۈلۈپ قولدا كۆچۈرۈدىغان قالاق ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. شۇ دەۋر ئىجتىمائى جەمئىيىتىگە نەزەر سالساق پەقەت شائىر، تەرجىمان، تېۋىپلەرلا يېتىشىپ چىقتى، ھۈنەر سەنئەت يەنىلا ناتۇرال ئىگىلىك باسقۇچىدا تۇرۇپ قالغىنى ئۈچۈن ھېچقانداق تەرەققىياتقا ئېرىشەلمىدى. ھۆكۈمران چىك سۇلالىسىمۇ ئەسلىدىنلا قالاق بىر مەدەنىيەتنىڭ ۋەكىلىگە ئايلانغىنى ئۈچۈن ئۇلارمۇ ئۇيغۇر خەلقىگە ھېچقانداق بىر مەدەنىيەت ئاتا قىلالمىدى، ئەكسىچە ھۆكۈمرانلىغىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا پايدىلىق توڭچى (تەرجىمان) يېتىشتۈرىدىغان مەكتەپتىن بىرقانچىنىلا ئاچتى. شۇ چاغلاردا ئۇيغۇرلاردا تەسىر قىلغۇدەك، ئۇلاردا ئويغۇنۇش پەيدا قىلغۇدەك بىرەر مەدەنىي تەرەققىيات، يۈكسىلىش بولمىغىنى ئۈچۈن خوشنىلىرىمۇ ئۇيغۇرلارغا ھېچقانداق ئىجابى تەسىر ئاتا قىلالمىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا جۈملىدىن مۇسۇلمانلار دۇنياسى خارابلىشىپ، چۈشكۈنلىشىپ كەتكەن بولۇپ ئۇيغۇرلار ئاساسەن ئەنە شۇ ئىسلامىيەت دۇنياسى بىلەن ئالاقە قىلاتتى، ئۇيغۇرلارغا ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتكۇدەك بىرەر ئىلغار مەدەنىيەت ئۆز خوشنىلىرى ئارىسىدا بولمىغىنى ئۈچۈن دوكتۇر ئەسەد سۇلايمان ئېيتقاندەك " ئەسھابۇل كەھەب" ئۇيقۇسىغا غەرق بولغان ئىدى. "تەغدىر تۇغۇلۇشتىنلا پىشانىسىگە يېزىلغان بۇلىدۇ" دەپ قارىغان خەلقىمىز ھەممىنى خۇدادىن، مازار ماشايىقلاردىن ئاھ ئۇرۇپ ئىزلەيدىغان روھ چىرمىۋالغان بۇلۇپ، "يارىتىش مېنىڭدىن يارىلىش ئۆزۈڭدىن" نى ئۇنتۇغان ئىدى، "جەننەت قىلىچ سايىسىنىڭ ئاستىدا" دىگەننى چۈشەنگەنۇ جەننەتنى قانداق ھالدا قۇرۇشنى بىلمىگەن.

ئۇيغۇر خەلقى پۈتۈنلەي ئەنە شۇنداق چۈشكۈن، قالاق دۇنيا مۇھىتىنىڭ ئىچىدە بۇلۇپ غەرپنىڭ يېڭى مەدەنى مۇۋەپپەقيەتلىرىدىن پەقەت 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى توغرىراقى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا خەۋەر تاپتى ۋە« ... بۇ زامان غەپلەت ۋە بىپەرۋالىق زامانى ئەمەس، ئويغىنىش ۋە سەزگۈرلۈك زامانىدۇر! جاھىللىق ۋە نادانلىق دەۋرى ئەمەس ئىلىم ـ پەن دەۋرىدۇر. سۇسلۇق ۋە بىكارلىق دەۋرى ئەمەس تىرىشىش ۋە غەيرەت ۋاقتىدۇر. باشقا مىللەتلەر ئىلىم مەرىپەت سايىسىدە ھاۋادا ئۇچۇپ پەرۋاز قىلماقتا، سۇ ئاستىدا بولسا خۇددى قورۇقلۇقتا يۈرگەندەك ئەركىن ئۈزۈشمەكتە. بىز تېخى غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتماقتىمىز. ئۇيقۇ ئۆلۈمنىڭ بۇرادىرى ۋە مۇقەددىمىسىدۇر. بۇ ھالەتتە دائىم ئۇخلىماق يوقۇلىش ۋە ئۆلۈم يولىدۇر !ھېلىھەم ۋاقىت ۋە پۇرسەت بار... » دەپ چۇقانلار سالدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىغا كەلگەندە ئاندىن بۇ ھالەت ئۆزگىرىشكە باشلىدى.

خۇلاسە قىلغاندا، ئۇيغۇرلار 1600 ـ يىلدىن 1900 ـ يىلغىچە بولغان 300 يىل جەرياندا تۆرلۈك قىسمەتلەرگە دۇچار بۇلۇپ مەدەنىيەتتە چېكىنىپ كەتتى، بۇرۇنقى جەڭگىۋارلىغىنى يۇقاتتى. ئەمما ئۇ ئۆتمۈش، ھەرگىزمۇ ھازىر مەدەنىيەتتە ئالغا باسالماسلىغىمىزنىڭ سەۋەبى ئەمەس، ھازىر مەسئۇلىيەتنى ئۇلاردىن ئىزلەش ئۆز مەسئۇلىيتنى باشقىلارغا ئىتتىرىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، لېكىن تارىخى ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىشىمىز ، سەۋەنلىكلەر ئۈستىدە ئىزدىنىپ ئۇنى تۈزۈتىشىمىز لازىم. ئەمدى، مانا ئىنسانىيەت 21 ـ ئەسىرگە ئۆزىنىڭ تۆرلۈك يېڭىلىقلىرى بىلەن زامانىۋىلىشىپ كىرىسمۇ بىز تولىمۇ تۆۋەن ئاڭدا مەس ۋە ئەلەڭ ـ سەلەڭ ھالدا، كۆپىمىز ئىشەك ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ كىرىپ كەلدۇق، بىز داۋاملىق مۇشۇنداق يۈرسەك ئەۋلاتلىرىمىز بىز توغرىلىق نېمە دەپ يەكۈن يازار تارىخ بېتىگە؟

مەنزىل :[url]http://qamus.okyan.com/view.aspx?id=8856[/url]

# هون ،تۈرك ،ئۇيغۇر قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەرگە رەددىيە

http://www.misranim.com

---


يوللىغۇچى: مىسرانىم

مەنبە: مىسرانىم مۇنبىرى


ۋاقتى:25 ـ 2 ـ 2011

چېكىلىشى:5751

---

**تەۋسىيە :**

**ئۆزىمىزنىڭ تارىخىنى باشقىلارنىڭ بىزگە ئاللىقانداق يېزىپ بېرىشىدىن كۆرە ئابدۇرېھىم ئۆتكۈردەك ، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىنىدەك ئۆزىمىز يازغىنىمىز تۈزۈك ھەم يېزىشقا ھەقلىقمىز.**

# هون ،تۈرك ،ئۇيغۇر قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەرگە رەددىيە

**1.** هون نامى توغرىسىدا . .

بىز هازىر ئاتاۋاتقان :«هون« نامى ياۋرۇپادىن كىرگەن ، يەنى خەن تىلىدا :«匈奴« دەپ خاتىرلەنگەن .
قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئىزھلىمىغانمۇ ؟
**12** ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئىددىقۇتلىق مەشھۇر تەرجىمان سىڭقۇلى سەلى تۇتۇڭ ئۆزى تەرجىمە قىلغان شۇەنزاڭنىڭ تەرجىمالى دىگەن ئەسىردە :«匈奴»خىتىنى :«تۈرك يۇچۇل بۇدۇن« يەنى :«كۆچمەن تۈرك خەلقى « دىگەن مەندە .

**2.** ئۇيغۇرنى تۈركتىن ئايرىپ قاراش .

ئۇيغۇرلارنىڭ كىلىپ چىقىشنى تۈركلەردىن ئايرىپ قاراش بەزى بىر تەرەپلىمە قاراشلىق ئالقاپلارنىلا ئىشى خالاس ، ئۇيغۇرلار توققوز ئوغوزلاردۇر ،تۈرىكلەر ئۇنداق ئەمەس دەيدۇ .
بىز بىلگە قاغان مەڭگۈتىشىغا نەزەر سالساقلار مۇنۇ خەتلەرنىڭ تاشقا ئويۇلغانلىقنى كۆرەلەيمىز ، :« توققوز ئوغوز خەلقى ئەسلى ئۆز خەلقىم ئىدى ،ئۇلار ئازغانلىقى ئۈچۈن ياتلاشتى .......«
مانا مۇشۇ يىتەرلىتۇر ،چۈنكى بۇ مەڭگۈ تاش كۆك تۈرىك قاغانلىقى دەۋرىدە

تىكلەنگەن .

3. ئۇيغۇر نامى توغرىسىدا .

ئۇيغۇر نامى بۇرۇندىنلا مىللەت نامى بولغانمۇ ياكى قەبىلە نامى بولغانمۇ ؟
ئۇغوزنامە داستانىدا :« مەن ئۇيغۇرنىڭ قاغانىمەن « دەپ خىتاپ قىلدى ئوغوزخان .
بۇداستاندا دىيىلگەن ئۇيغۇر نامى ئاددىيلا بىر نەچچە قەبىلىنىڭ ياكى مىللەت نامى بولماستىن بەلكى يۈزلىگەن قەبىلەر بۇيۇك ئىتتىپاقىنىڭ نامى ،يەنى بىر ئىتتىپاقنىڭ نامى .
بۇنىڭ دەللى توققوز ئۇيغۇر (ئۇغۇز )بۇيۇك ئىتتىپاقى ، ئىچكى تاشقى توققوز قەبىلەر ئىتتىپاقى .
دىۋاندا ، مەھمۇد كاھشغەرى ئۇيغۇر بىر ئەلنىڭ ئىسمى دەپ ئاتايدۇ .

4. ئورخون ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى توغرىسىدىكى خاتا قاراش

كۆك تۈرك قاغانلىقى 550 ـ يىلى تۇمەن قاغان تەرىپىدىن قۇرۇلدى ۋە تۇمەن قاغانىنىڭ ئوغلى مۇقان قاغان دەۋرىدە مىسلىسىز گۈللەندى ھەم 580 ـ يىلى شەرق ۋە غەرب دەپ ئىككىگە بۆلۈندى ، شەرقىي تۈرك قاغانلىقى (582__630) بىلەن غەربى تۈرك قاغانلىقى (742__680) .
605 ـ يىلى ئۇلۇق ئىلتەبىر سۈركىن ئىركىن ئورخون بويىدا ئۆزىنى قاغان ئاتاپ ئورخون ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكالىدى .مانا 605 ـ يىلى ئورخون ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ

قۇرۇلغان ۋاقتىدۇر . 744 ـ يىلى بولسا كۆل بىلگە قاغان ئورخون ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ كۆك تۇرك قاغانلىقىنىڭ ئورنىنى رەسمى ئالغانلىقنى جاكالىغان .

5. 845 ـ يىلى ئۇيغۇرلار تاشقى موڭغولدىن كەلگەنگە رەدىيە :

840 ـ يىلى مەركىزى ئۆلكە ئىغىر تەبىئىي ئاپەت ۋە ئاسىي باش ۋەزىر قارا قوۋۇ باشلاپ كەلگەن قىرغىز قوشۇنى بىلەن قاغانبالىق قارا بالغانسۇنىنىڭ كۈلى كۆككە سورۇلدى ،خانلىق جىددى پەيتتە پايتەختنى كۆچرىش كىرەك ئىدى ، تىكىنلەرنىڭ قاغانلىق ئورنى تالىشش كۈرەشلىرى كەسكەنلەشتى ، ئۆگە تېكىن ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتىدى پانتېكىن ۋە بۆكۈتىكىن يابغۇلۇق ئۇنۋانىغا نائىل بولدى ، بىراق كىينكى ئىشلار ئۇلار ئويلىغاندەك بولمىدى ،

مانا بۇ مەزگىل تاڭ خانلىقى ئاجىزلاپ لىڭشىپ قالغان ،ئەكسىچە تىبەتلەر ئەڭ كۈچەيگەن مەزگىل بولوپ ، تاڭ خانىلقغا ۋە ئورخون ئۇيغۇر قاغانلىقغا تەۋە بولغان يىپەك يولىدىكى موھىم شەھەرلەرگە يەنى دەشتىئاتا (دوڭخۋاڭ)قوچو ،قاراشەھەر ، كىرۇرەن ،ئۇدۇن ،سۇلى ، كۇسەن قاتارلىق شەھەرلەرگە ئوت ئاچقان تاجاۋۇز قىلغان مەزگىلى ئىدى .

ئۆگە تىكىن تىبەتلەر بىلەن قان كىچىپ جەڭ قىلىپ دەشتىئاتا نى چۆرىدىگەن ھالدا850 ـ يىلى كەڭسۇ ئۇيغۇر خانلقنى قۇرۇپ چىقتى .

پانتىكىن ئىددقۇتنى تىبەتلەر قورىشاۋۇدىن قۇتۇلدۇرۇپ 847 ـ يىلى ئىددقۇتتا ئۆزىنى قاغان ئاتاپ ئىددقۇت ئۇيغۇر خانلقنى قۇرۇپ چىقتى ۋە بۆكۈتىكىن پانتېكىنگە

ھەمدەمدە بولوپ تىبەتلەرنى تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى شىمالدىن تەل ـ تۆكۈس قوغلاپ چىقاردى ۋە بۆكۈخانغا ئىلىك خان مەرتىۋىسى بەردى ۋە سۇلى غا ئورۇنلاشتى ،كىيىنكى مەزگىلگە كەلگەندە كۆل بىلگە قادىرخان ئۆزىنى قاغان ئاتاپ ئۇلۇق قاراخانىلار سۇلالىسىنى قۇرۇپ چىققان .

ئەمدى گەپكە كەلسەك مەركىزى ئۆلكىدىن(ئورخون ئۇيغۇرلىرى) كەلگەنلەر پان تىكىن رەھپەرلىكىدىكى 15 قەبىلە ئەڭ كۆپ ھىساپلىساق 120مىڭ ئادەم بۆكۆتىكىنگە تەۋە بولغانلارنى تەخمىنى قوشقاندىمۇ 200مىڭ غان يەتمەيدۇ ........شۇمەگىلدە تەڭرى تىغىنىڭ جەنۇب شىمالىدىكى ئاھالە سانى 1 مىليون ئەتراپىدا ، ئۇرخوندىن كۆچكەنلەرنىڭ ئېتىقاتى شامان بىلەن مانى دىنى ،چارۋۇچىلقنى ئاساس قىلدىغان قالاق كۆچمەن تىپپىك يايلاق خەلقى ، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇب شىمالدىكى خەلق بولسا بۇددا دىننى مۇتلەق ئۇستۈنلۈكتىكى ،شەھەرلەشكەن ،تارغىچىلقنى (دىھقانچىلقنى ) ئاساس قىلغان ئىلغار مۇقىم ئولتۇراقلاشقان خەلق .

ھەرقانداق كالىسى بار ئادەم بولسلا ماڭقۇرۇت بولمىسلا ئايرۋالالايدۇ .

كۆپ سانلق دىنى ،كەسپى ،ئاساسى ئۇخشىمغان خەلق قانداق بولوپ نەچچە يىل ئىچىدىلا ھەممىسى ئۇيغۇر ئاتالدى ؟ ئەلۋەتتە ئازسانلقنى ئاسىملاتسيە قىلدى .....

كۆپ سانلقلارتەڭرى تىغىنىڭ جەنۇبى شىمالى ۋە قازاقىستان يايلاقلىرىغچە سوزولغان غەربى ئۇيغۇرلار ئىدى .

ئەينى دەۋىردە قىرىنداشلىرىمىز كۆچۈپ كەلگەن .

سانلقلارتەڭرى تىغىنىڭ جەنۇبى شىمالى ۋە قازاقىستان يايلاقلىرىغچە سوزولغانلار سىر ـ تاردۇش (شەرقى ئۇيغۇرلار ) ئۈچ قارلۇق (ئورخون ئۇيغۇر قاغانلقى دەۋرىدە بۈيۈك ئۇيغۇر قەبىلە ئىتتىپاقى ئىچىدە ) ،باسمىل (ئورخون ئۇيغۇر قاغانلقى دەۋرىدە بۈيۈك

ئۇيغۇر قەبىلە ئىتتىپاقى ئىچىدە ) ياغما (توققوز ئۇيغۇرنىڭ غوللوق قەبىلىسى ) .
يەنە شۇنداق دىيىشكە ھەقلىقمىزكى 840 ـ يىلىدىن مىڭ يىللار ئىلگىرى بىز بۇ يەردىتۇق .

گۇمان :

ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ كۆچىشى پەقەت ۋەپەقەت خەن تارىخى خاتىرلىرىدىلا خاتىرلەنگەن ، تۇرپاندىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىغان :«ئىزۇپ مەسەللىرى ..... ئۇدىسا «دەك يۇنان ئەپسانىلىرى تېپىلدى ، يەنە كىلىپ بىز مەدەنىيەت كىرەلەشكەن يىپەك يولى ئۇستىدىكى مىللەت، ئۇنىڭ ئۇستىگە بىزدىن بىزنىڭ ئەتراپىمىزدا بىزنى ماراپلا تۇردىغان پارىسلار ،تىبەتلەر ،ئەرەپلەر ،ھىندىلار بار نىمە ئۇچۇن ئۇلار بىرەسىمۇ بۇ ۋەقەنى تىلغا ئالمىدى ؟ بىزدىن نۇرغۇن ئەدىپلار ئۆتتى مەيلى ئىددقۇت قاغانلىقى مەيلى قارخانىلار نىمە ئۇچۇن بۇۋەقەنى بىرەسىمۇ تىلغا ئىلىپ قويىمىدى ؟ ئۇيغۇرلار راست كۆچكەنمۇ ياكى كۆچمىگەنمۇ ؟

6. تارانچى ئاتالغۇسى ھەققىدە

ئاتالمىش تارىخچىلار تارانچى ئاتالغۇسى ھەققىدە ھەر خىل قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە موڭغۇل تىلىدىن كەلگەن دېگەننى كۆپرەك ئۇچرىتىمىز.
ئۇنداقتا موڭغۇللار بۇ ئاتالغۇنى زادى كىمدىن قوبۇل قىلغان؟
موڭغۇلارغا سىرتتىن كىرگەن سۆزلۈكلەر ھەققىدە:
ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان <يىلچىننىڭ موڭغۇلشۇناسلىق ھەققىدىكى ماقالىلىرى> ناملىق كىتابتا مۇنداق بايانلار بار: موڭغۇل تىلغا ئۇۋچىلىق

مەزگىلىدە تۈركىي قاتارلىق تىللاردىن كىرگەن سۆزلەر 30 پىرسەنت ئەتراپىدا؛ چارۋىچىلىقتا ئات ئاتالغۇلىرىنىڭ 70 پىرسەنتىنى تۈرك - ئۇيغۇرلاردىن قوبۇل قىلغان(مەسىلەن، بۇقا - بۇخ، مارال - مارال...)؛ دېھقانچىلىقتا ئائىت ئاتالغۇلارنىڭ 90 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى ئاساسەن ئۇيغۇرلاردىن قوبۇل قىلغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ موڭغۇللارغا تېرىقچىلىق - دېھقانچىلىقنى ئۆگىتىشى

بۇ ھەقتە چىڭگىزخان زامانىسىدا چىڭگىزخاننىڭ ئۇيغۇرلارنى قانداق ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەنلىكى ھەققىدە نۇرغۇن پاكىتلار بار. تۆمۈر تۆۋرۈك يۈەن سۇلالىسىنىڭ پايتەختى بېيجىڭدا تۇرۇپ، دېھقانچىلىققا ئائىت مەخسۇس كىتابلارنى يازغان، يەنە تۇرپان، بېشبالىق ھەمدە ئىلى، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىن نۇرغۇن ئۇيغۇرلار مەجبۇرىي ھالدا موڭغۇلىيەگە كۆچۈرۈلۈپ ئاپىرىلىپ، دېھقانچىلىققا سېلىنغان. بۇلار موڭغۇللارنىڭ دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىگە ئاساس سالغۇچىلاردۇر. ئۇ زامانلاردا ئۇيغۇرلار دېھقان دېگەن ئاتالغۇنى ئىشلەيتمەيتتى. تارىغچى، تارىمچى، دەپ ئاتايتتى. دېھقان ئاتالغۇسى پارىسچە.

مەنبە : ئىلى تارىخى ماتېرىيالىدىن ئېلىندى .

7. ئىلى ئۇيغۇرلىرىنى جەنۇبتىن كۆچۈپ چىققان دېگەنگە :

ئۇيغۇرلا ئىلىغا چىڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە كەلگەنمۇ؟ ئۇندىن بۇرۇن ئىلىدا ئۇيغۇرلار يوقمىدى؟ مانا بۇ سوئال دائىم بېشىمنى قاتۇراتتى. ئۇندىن باشقا ئۇيغۇرلا شىنجاڭغا

مىلادى 840 ـ يىلى كەلگەن، ئۇندىن بۇرۇن شىنجاڭدا ئۇيغۇرلار يوقتى دېيىشلىرىچۇ؟ گەرچە بۇ ھەقتە ئېنىق مەلۇماتلار بولسىمۇ، يەنىلا شۇ كالتا تارىخنى دەستەك قىلىۋالىدۇ بەزى‹يولداش›لار. بۇنداق ۋاقىتتا شۇ تارىخى بايانى كىتاپلارنى ئېلىپ، كۆزىگە تىققۇم كېلىپ كېتىدۇ شۇلارنىڭ.

ئاساسى مەخسەتكە كەلسەك، ئىلى ئۇيغۇرلىرى زادى قانداك شەكىللەنگەن؟ قانداق ئولتۇراقلاشقان؟

ئىلى ئۇيغۇرلىرى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئاجرالماس تەركىۋى قىسمى سۈپىتىدە ئۆزلىرى ئەزەلدىن ياشاپ كەلگەن ئانا ماكان ـ ئىلى ۋادىسىنى گۈللەندۇرۇش ۋە ئاۋاتلاشتۇرۇشقا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقايسى تارىخى دەۋرلەردىكى سىياسى، مەمۇرى ۋە مەدەنىيەت، سەنئەت ئىشلىرىدىمۇ مۇھىم رول ئوينىغان. بۇ مەملىكەت ئىچى ـ سىرتىدىكى تارىخچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە نۇرغۇن قېتىملاپ قەيت قىلىنغان.

تارىخى مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىخىنى مىلادىدىن ئىلگىرىدىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. ھازىرقى جۇڭغارىيە ۋادىسى، تارىم ۋادىسى ۋە تيانشان ئېتەكلىرى قەدىمدىن تارتىپ ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئانا ماكانى ئىدى. «ئۇيغۇرلار مىلادىدىن ئۈچ ئەسىر ئىلگىرىدىكى چاغلاردا تۇغلۇقلار دىگەن نام بىلەن شەرقى ۋە غەربى ئىككى قىسىمغا بۆلۈندى.»، «غەربىتىكى ئۇيغۇرلار ئىرتىش دەرياسى بىلەن بالقاش كۆلىنىڭ ئارلىقىدا پائالىيەت ئېلىپ باردى.» (ھاجى نۇر

هاجى: «قاراخانىلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» 3 ـ بەت). بۇ ئارلىق ئەلبەتتە ئىلى ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بەزى تارىخى ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، مىلادىدىن ئىلگىرىكى هازىرقى شىنجاڭنىڭ تۇرلۇك جايلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا ـ بۇۋىللىرى كۆچمەن هالدا ياشاپ كەلگەن. بۇلار كۆچمەن خەلىق بولغانلىقتىن، فېيۇدالىزىم تۈزۈمىگە ئاستا ئۆتكەن. بۇ كۆچمەن فېيۇدالىزىم چارۋىچىلىق خوجىلىقى ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى يايلاقلارنى ئىگىلەش ئاساسىدا راۋاجلانغان. شۇ مەزگىللەردە دېهقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئۇيغۇرلار « تارانچى» دەپ ئاتالغان. ئىلى ئۇيغۇرلىرى هىلىهەم ئۆزلىرىنى مۇشۇ نام بىلەن ئاتايدۇ. بۇ هەقتە تارىخچى دوكتۇر رىزانور « كونا زامانلاردىن بىرى تۇرۇك تارانچىلىرى سارىسۇ، ئىلى، تارىم، سىر، ئامۇ دەريالىرى كانارلىرىدا ۋە ئارىلىرىدا چۆپلۇكلەرنى سۇغارماق ئۈچۈن مۇهىم قانااللار ياپىشلەر، هۇبۇبات ئەكمىشلەر، مىۋە ياغاچلارى يىتىشتۈرمىشلەر...... دۇنيانىڭ هېچبىر يىرىدە بۇ تارانچىلاردەك تۇپرىقغا يەرلىشىدىغان، ئۇنى سۇيۇدىغان ۋە مۇداپىيە ئىتىدىغان خەلق يوق.»، « ئىلى سۆزى تۇرۇكچىدە مەشهۇر دىمەكتۇر، تارىم ـ تۇرۇكچىدە تارىماق مەنىسىدىن كەلگەن، زىرائەت ئەتمەك دىمەكتۇر. ئەسلى تۇرۇكچىدە چۆپچىنى تارانچى دەر ئىدى». يەنە بەزى تارىخى ماتېرىياللاردا «تارانچى» دىگەن سۆزنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا بارلىقى، بۇ مەشهۇر ئۇيغۇر ئالىمى مەهمۇت قەشقىرىنىڭ «تۈركى تىللا دىۋانى» دىگەن ئەسىرىدە تەپسىلى چۈشەندۈرۈلگەنلىكى تىلغا ئېلىنغان. مەهمۇت قەشقىرى «تارانچى» دىگەن سۆز (دىۋاندا تارىغچى دەپ ئېلىنغان) نىڭ قانداق ياسالغانلىقىنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: «پۈتۈن تۈرۈك قەبىللىرى هۈنەر ـ كەسىپ قىلغۇچىلارنىڭ سۈپىتىنى ئىپادىلەشتە ئىسىمنىڭ ئاخىرىغا ئوخشاشلا .... ‹چى› نى قوشۇدۇ. مەسىلەن: ‹تارىغ ـ ئاشلىق›

سۆزىدىن ‹تارىغچى ـ دېھقان› ........ دىگەن سۆزلەرنى ياسىغانغا ئوخشاش» (تۈركى تىللار دىۋانى، 2 ـ توم 63 ـ ، 64 ـ بەتلەر). بۇنىڭدىن ئىلى ۋادىسىدا قەدىمقى زامانلاردىن تارتىپلا ئۇيغۇرلارنىڭ ياشاپ كەلگەنلىكى، ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ «تارانچى» دەپ ئاتىلىشى مۇڭغۇللار ياكى جۇڭغارلار تەرىپىدىن قويۇلغان نام بولماستىن، بەلكى قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىن ئېلىنغانلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

ئىلى ۋادىسىدا مىلادىدىن كىيىن ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ياشىغانلىقى ۋە كۆرەش قىلغانلىقىغا دائىر تارىخىي ماتىرىياللار خېلى كۆپ. ئۇيغۇرلار «5 ـ ئەسىردىن باشلاپ.... تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى ئېتەكلىرىدىكى جايلاردا ياشىدى» (قاراخانىلارنىڭ قىسقىچە تارىخى 2 ـ بەت). تارىخى ماتىرىياللارغا ئاساسلانغاندا 5 ـ ئەسىردە سېلىنغان، شۇ چاغدا ئوتتىرا ئاسىيانىڭ سىياسى، ئىقتىسادى ۋە مەدىنىيەت ماركەزلىرىدىن بىرى بولغان ئالمالىق شەھىرىنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسى ئۇيغۇرلار ئىدى. 5 ـ ئەسىردە ئۇيغۇرلار ھازىرقى جۇڭغارىيە ۋە تيانشاندىكى يايلاقلار ئۈچۈن جورجانلارغا قارشى كۆرەش باشلىغان. جورجان تۈرۈكلىرىنىڭ قاغانى شىرون زامانىسىدا (مىلادى 400 ـ يىلدىن 411 ـ يىلغىچە) قاغانلىقنىڭ زىمىنى غەربىي جەنۇپتا ھازىرقى قارا شەھەرگىچە، غەرپتە ئىلى ۋادىسىغىچە، شەرقتە چاۋشەننىڭ غەربىگىچە، شىمالدا ھازىرقى تاشقى مۇڭغۇلىيىنىڭ شىمالىغىچە، جەنۇپتا ھازىرقى ئىچكى مۇڭغۇلىيىنىڭ جەنۇبىغىچە بولغان. ئۇيغۇرلا مىلادى 487 ـ يىلى جورجانلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، تارىختا «ئىگىز ھارۋىلىقلار (قاڭقىللار) خانلىقى» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر خانلىقنى (487 ـ 546 ـ يىللار) قۇرغان. ياپۇنىيىلىك تارىخچى ئەنبۇ جيەنفۇمۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئىگىز ھارۋىلىقلار يەنى تۇغلۇقلار 6 ـ ئەسىرنىڭ

باشلىرىدىن تارتىپلا خىللىرى كۆپ، يۇقالماس مىللەت دەپ قارىلىپ كەلدى.»،

«شۇنداق قىلىپ تۇغلۇقلار دۇنياغا تونۇلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ھازىرقى تاشقى مۇڭغۇلىيەدىن تاتىپ شەرقى، غەربىي تۇرك ماكانىغىچە بولغان بىپايان زېمىندا شۇ خىلدىكى مىللەتلەر قەيسەرلىك بىلەن كۆپەيگەن ئەھۋال ئاستىدا، ئاخىر 7 ـ ئەسىرنى كۆتۈۋالدى» (غەربىي ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقات. خەنزۇچە نەشرى، 5 ـ ، 6 ـ بەتلەر). دېمەك بۇنىڭدىن 6 ـ 7 ـ ئەسىرلەردە ئىلى ۋادىسىنىڭ «ئىگىز ھارۋىلىقلار خانلىقى» دائىرىسىدە بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بىز ئۇنىڭدىن كېيىن قۇرۇلغان ئۇيغۇر خانلىقى يەنى شەرقى ئۇيغۇر خانلىقى توغرىسىدىكى تارىخى ماتېرىياللاردىنمۇ ئىلى ئۇيغۇرلىرىغا دائىر ئاساسلارنى تاپالايمىز. شۇنداقلا مەھمۇت قەشقىرىنىڭ «تۈركى تىللا دىۋانى» دىنمۇ بىز ئىلى ۋادىسىدا ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىغا دائىر نۇرغۇن ئىشەنچلىك مەنبەگە ئىگە بولالايمىز.

بىز ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ھازىرقى شىمالى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ياشىغانلىقىغا دائىر بايانلارنى ئۇيغۇر تارىخچىسى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ «تارىخى رەشىدى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىدە بېرىلگەن مۇقەددىمىسىدىنمۇ كۆرۈۋالالايمىز: «دەسلەپكى مەزگىللەردە شەرىقتەرەك جايلاردا، ھېچبولمىغاندا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككى ئىتتىپاقى بولغان. بىرى ھازىرقى جۇڭغارىيە دەپ ئاتىلىدىغان جايدا ياشىغان بولۇپ، نايمان ئۇيغۇرلار، يەنى ‹سەككىز ئۇيغۇرلار› دەپ ئاتالغان. يەنە بىرى ئۇرقۇن دەرياسى بىلەن تولا دەرياسى ۋادىسىدا ياشىغان بولۇپ، ‹توققۇز ئۇيغۇرلار› دەپ ئاتالغان. توققۇز ئۇيغۇرلار غەربى

جەنۇپقا قوغلۇتىلگەن چاغدا سەككىز ئۇيغۇرلار كونا ئورنىدا قېلىۋەرگەن. چىڭگىزخاننىڭ دەۋرىدىمۇ ئۇلارنى مۇشۇ جايدا كۆرگىلى بولاتتى»(تارىخى رەشىدى، خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ قىسىم 106 ـ بەت).

ئۇيغۇر خانلىقى ئىچكى ماجىرا ۋە تەبىئى ئاپەتلەر تۇپەيلىدىن 839 ـ يىلى يىمىرىلگەندى كيين، بۇ خانلىقنىڭ شەرىقى قىسمىدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلار ئۆتۈكەن تاغلىرىدىن ئايرىلىپ، خانلىقنىڭ غەربىي قىسمىدىكى كەڭ جايلارغا كۆچۈپ كەلدى. 840 ـ يىلىدا ئۇيغۇرلارنىڭ تاشقى توققۇز قەبىلىلىرىدىن بولغان ياغمىلار ۋە قارلۇقلار ئىلى، يەتتىسۇ ۋە چۇ رايۇنلىرىدا، يەنى ئىلگىركى ئۇيغۇر خانلىقنىڭ غەربىي زىمىنىدا، بالاساغۇننى مەركەز قىلغان بىر ھاكىمىيەت قۇردى. كيىنچە بۇ ھاكىمىيەتكە قەشقەر رايۇنىمۇ تەۋە بولدى... بۇ ھاكىمىيەت ‹قاراخانىلار› دەپ ئاتالدى. بۇ دۆلەتنىڭ ئاساسى ئاھالىسى تەركىۋىدە... ياغمىلار ۋە قارلۇقلاردىن باشقا ...... چىگىللەر، ئاندىن باسمىل، توخسى، چارۇق.... قەبىلىلىرىمۇ بار ئىدى. (تۈركى تىللار دىۋانىنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىگە كىرىش سۆز، 2 ـ، 3 ـ بەتلەر).

قاراخانىلار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى 9 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدىن 13 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىغىچە داۋام قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا 850 ـ يىلدىن 1250 ـ يىلغىچە بولغان تۆت ئەسىر داۋامىدا قوچۇ خانلىقىمۇ ھۆكۈم سۈردى. بۇ ئىككى ئۇيغۇر خانلىقى چەتئەل تارىخچىلىرى تەرىپىدىن ‹غەربىي ئۇيغۇر خانلىقى› دەپ ئاتالدى.يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تەكتى بولغان ياغما، توخسى، چىگىللەر قاراخانىلار خانلىقىنىڭ قۇرۇلىشىدا ئالاھىدە رول ئوينىدى.

قاراخانىلار خانلىقى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ياغمىلار قەشقەرنى ئىگىلىگەن ئىدى.

‹قاراخانىلار خانى تۈركىي قەۋملىرى ئىچىدە جەڭگىۋارلىقى بىلەن مەشھۇر بولغان ياغمىلاردىن چىققىتى›، ‹ياغمىلار باشلىقىنى بۇغرا، قاراخان ئۇنۋانى بىلەن ئاتايتتى› (قاراخانىلار خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى). ‹ياغمىلارنىڭ خانى بۇغراخان دەپ ئاتىلاتتى، ھالبۇكى بۇ نامنىڭ تۈرۈكلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىسلام خانلىقى، يەنى... قاراخانىلار خانلىقىنى كۆرسىتىدىغانلىقى شەك ـ شۈبھىسىز›. بىز مۇنداق خۇلاسىنى 10 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا تۈزۈلگەن قەدىمقى جۇغراپىيىلىك تارىخى ئەسەر «ھۇدۇدۇلئالەم» ناملىق ئەسەردىنمۇ كۆرەلەيمىز.

ئىلى ۋادىسىنىڭ قاراخانىلار خانلىقىنىڭ دائىرىسىگە كىرىدىغانلىقى نۇرغۇن تارىخى ئەسەرلەردە تىلغا ئېلىنىدۇ: «ئۇ چاغدا ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنى تەخمىنەن بالقاش كۆلىنىڭ شەرقى چېتىگىچە، ھەمدە غۇلجىغىچە بارغان ھەمدە جۇڭغارىيىنىڭ غەربى چېتىگىچە كېڭەيگەن». (گرېنارد: ‹بۇغراخان ھەققىدە رىۋايەتلەر›) بۇ خانلىقنىڭ چېگرىسى ‹غەربىي تيانشاننىڭ شىمالى ئېتىكىدە، غۇلجىنىڭ شىمالىدىكى تەلكە تاغلىرىدىن شىمالغا قاراپ ئالاتاۋغىچە بارغان».(غەربىي ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخى ھەققىدە تەتقىقات). يۇقىرىقى تارىخى ماتېرىياللاردا ۋە «ھۇدۇدۇلئالەم» گە قىستۇرۇپ بېرىلگەن خەرىتىدە ‹غۇلجا› دېگەن نام ئۇچرايدۇ. بۇ پاكىتنىڭ ئۆزى ‹غۇلجا› دېگەن نامنىڭ قەدىمدىن تارتىپ، ھېچبولمىغاندا 10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن تارتىپ مەۋجۇتلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە ئىلى ۋادىسىدا

ئۇيغۇرلارنىڭ ياشىغانلىقىغا دائىر بىرنەچچە پاكىتنى كۆرگىلى بولىدۇ: چىڭگىزخاننىڭ 2 ـ ئوغلى چاغاتاي ئاساسلىق ئاھالىسى ئۇيغۇرلار بولغان ئالمالىقنى ئۆز خانلىقىنىڭ پايتەختى قىلغان. ئۇيغۇر ئالىمى جامال قارشى ئىلىدا تۇغۇلغان. ئىجادىي پائالىيىتىنى قەشقەردە ئۆتكۈزگەن. 12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 13 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆتكەن ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى مەۋلانە يۈسۈپ سەككاكىمۇ ئىلىدا ياشىغان. ئۇنىڭ قەبرىسى چاپچال ناھىيىسىدىكى خونخاي مازىرىدا.

چىڭ سۇلالىسى (1644 ـ 1911) ھۆكۈمرانلىقىنىڭ دەسلىۋىدە ئىلى ۋادىسىدا ئۇيغۇرلار زور دەرىجىدە ئازىيىپ كەتكەن. بۇنىڭ ئاساسى سەۋەۋى، چىڭ سۇلالىسى جۇڭغارلارنى باستۇرۇش جەريانىدا جۇڭغارىيىدىكى ئاھالىنىڭ ئاساسە دىگۈدەك يېرىمى قىرىپ تاشلانغان. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنى بېقىش ۋە ئۇلارغا ئىستىكام قۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن قەشقەرىيىدىن ئىلىغا ئادەم يۆتكىگەن. 1759 ـ يىلىدىكى ئۈچتۇرپان قوزغىلىڭىدىن كېيىن 6000 ئۇيغۇر ئائىلىسى ئىلىغا كۆچۈرۈلگەن. ئۇلار ئاساسەن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇلاردىن 600 ئائىلە قاينۇققا، 500 ئائىلە قاشقا، 1100 ئائىلە بولوبورغۇسقا، 900 ئائىلە جىرغىلاڭغا، 400 ئائىلە تاش ئۆستەڭگە، 600 ئائىلە بايتۇقايغا، 800 ئائىلە خونخايغا، 500 ئائىلە دادامتۇغا، 600 ئائىلە ئارا ئۆستەڭگە ئورۇنلاشقان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە 2000 ئائىلە ئۇيغۇر ئىلىغا كۆچۈرۈلگەن. بۇلار نىلقا، توققۇزتارا ۋە باشقا جايلارغا ئورۇنلاشقان.

200 نەچچە يىلدىن بىرى باشقا جايلاردىن ئىلىغا كەلگەن ئۇيغۇرلار يەرلىك ئۇيغۇرلار

بلەن بىرلىكتە قان ـ تەر تۆكۈپ، شەھەرلەرنى بىنا قىلىپ، ئىلىنى ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ،يىراق ـ يېقىنغا مەشھۇر بولغان گۈزەل ۋادىغا ئايلاندۇردى. دىمەك، يۇقارقىلارنى يىغىنچاقلىغاندا، ئىلى ۋادىسى قەدىمدىن تارتىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ماكانى بولۇپ كەلگەن. ئۇلار بۇ ۋادىنى گۈللەندۇرۇش ھەم بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئورتاق ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش يولىدا قوشقان ئۆچمەس تۆھپىلىرى بىلەن تارىخ سەھنىسىدىن ئورۇن ئېلىپ كەلدى ۋە كەلمەكتە.

«گۈلشەن ۋادىدىكى ئىزلار» ناملىق كىتاپتىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

قوشۇمچە :

ياۋرۇپا ھون قاغانىقى

4 ـ ئەسىر ئەمدىلا كىرىشكە ياۋرۇپاغا دەشىشەتلىك كۈنلەر كىلىشكە باشلىدى . ئونوغۇر(ئون ئۇيغۇر ) قاتارلىق ئۈچ قەبىلىدىن تەشكىل تاپقان قوشۇن يولتۇز قاغان باشچىلىقىدا ئىتىل دەرياسىدىن تىز سۈرئەتتە ئۆتۆپ ئالانلارنى ئۇ يەردىن قوغلاپ چىقادى ، ئالانلار ئامالسىز شەرىقى رىم دىن پانالىق تىلىدى ، شەرقى رىم پانالىق بىرىش بەدىلگە ئالانلارنى خورلىدى ،ئالانلار شەرقى گوتلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ قوزغىلاڭ كۆتۈردى ، ھون قوشۇنغا بالامىر(مەنىسى : بالا قاغان )رەھبەلىك قىلغاندا

شەرقى رىم ئىمپېرىيىسگە جازا يۈرۈشكە ئاتلاندى ، رۇئا قاغانغا كەلگەندە شەرقى رىم ئىپېرىيىسىنىڭ ئاز بىرقىسىم زېمىنىنى ئىگىلەلىدى ۋە شەرقى رىمنى ئۆلپان تۆلەش ھالىتىگە يەتكۈزدى .

«تەڭرىنىڭ جازاسى ،تەڭرى قامچىسى « دەپ تەرىپلەنگەن ئاتتىلا (مەنىسى :ئاتا قاغان ، ) قاغان تەختكە چىقىپلا شەرقى رىم ئىمپېرىيىسى يوق قىلدى ،غەربى رىم ئىمپېرىيىسى ھەسسىلەپ ئۆلپان تۆلەش بەدىلىگە ئۆزىنى ساقلاپ قالدى .تەڭرىنىڭ قامچىسى ئاتالغان قاغان بىر ئايالنىڭ قولدا ئۆلتۈرۈلدى .ئاتتىلا دىن كيىن 4ئەقىلسىز ئوغلىغا قالدى، ياۋرۇپا ھون ئىمپېرىيىسى تىزلىكتە پارچىلىنىپ كەتتى تارىخ سەھنىسىدىن چۈشتى .

مەنبە: ئورخون شەجەرىسى(پەرھات جىلان ) ، يىپەك يولىدىكى توققۇز ھىكمەت(ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ) ، قەدىمكى مەركىزى ئاسىيا (ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن )، ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى (تورغۇن ئالماس ) .

مەۋلان تۇران

# تۈرك تارىخىمىزدىكى خانلىقلار

**http://www.misranim.com**

يوللىغۇچى: مىسرانىم

مەنبە: مىسرانىم مۇنبىرى

ۋاقتى:25 ـ 2 ـ 2011

چېكىلىشى:1005

**تۈرك تارىخى(دەسلەپكى دەۋر)**

**1 ـ بۈيۈك ھون ئىمپېرىيەسى(م ب 4 ـ ئەسىر~م ب 46)**

**2 ـ غەربىي ھون(م ب 46~م ك 23)**

**3 ـ شەرقىي ھون(م ب 46~م ك 48)**

4 ـ دىڭلىڭ(م ب 1 ـ ئەسىر)[دىڭلىڭ، گاۋچې، چىلې، تېيلې دەپمۇ ئاتالغان]

5 ـ ئۇسۇن(م ب 1 ـ ئەسىر)

6 ـ ئۇغان(م ب 1 ـ ئەسىر)

7 ـ شىمالى ھون(م ك 48~156)

8 ـ جەنۇبىي ھون(م ك 48~216)

9 ـ ئالدىنقى جاۋ(م ك 304~329)[ھونلار قۇرغان، 16پادشاھلىق ئىچىدە]

10 ـ كېيىنكى جاۋ(م ك 319~351)[جېيلار قورغان، 16پادشاھلىقنىڭ ئىچىدە]

11 ـ ۋېي(م ك 338~392)[دىڭلىڭلار قورغان، 16پادشاھلىق ئىچىدە]

12 ـ ياۋروپا ھون ئىمپېرىيەسى(م ك374~496)

13 ـ ئاق ھون ئىمپېرىيەسى(م ك 390~577)

14 ـ شىمالىي لياڭ(م ك 397~439)[ھونلار قورغان]

15 ـ شيا(م ك 407~431)[ھونلار قورغان، 16پادشاھلىق ئىچىدە]

16 ـ سابىر (م ك 515~576)

تۈرك تارىخى(ئوتتۇرا دەۋر) 17 ـ كۆكتۈرك(م ك552~582)

18 ـ ئاۋار(م ك580~805)

19 ـ غەربىي كۆكتۈرك(م ك 583~657)

20 ـ شەرقىي كۆكتۈرك(م ك 583~630)

21 ـ شۆيەنتو(م ك 630~647)[دىڭلىڭلارنىڭ تارمىقى]

22 ـ ئوتتۇز ئوغۇز(                ) [شەرقىي كۆكتۈركلەرنىڭ12قەبىلەسى+غەربىي

كۆكتۈركلەرنىڭ 10قەبىلەسى+باسمىللارنىڭ5قەبىلەسى+قارلۇقلارنىڭ3قەبىلەسى]

23 ـ توققۇز ئوغۇز(           )[تېيلې=توققۇزئوغۇز=ئۇيغۇر9 قەبىلەسى]

24 ـ قۇترىغۇر(م ك 5~6 ـ ئەسىر)[قارادېڭىزنىڭ شىمالى قىسمىنى ئىگەللىگەن]

25 ـ ئوترىغۇر(م ك 5~6 ـ ئەسىر) [قارادېڭىزنىڭ شىمالى قىسمىنى ئىگەللىگەن]

26 ـ ئونوغۇر(م ك 5~6 ـ ئەسىر)

27 ـ فەرغانە ئىخشىدلەرى(م ك 627~670)[كۆكتۈركلەرنىڭ قەبىلەسى]

28 ـ بۈيۈك بۇلغارلار(م ك 630~665)

29 ـ تۇخار يابغۇلۇقى(م ك 630~700)[كۆكتۈركلەرنىڭ قەبىلەسى]

30 ـ ھازار(م ك 630~965)

31 ـ دەسلەپكى بۇلغار دەۋلەتى(م ك 632~1018)[دوناي بۇلغار دەۋلەتى632~864،بۇلغار كىنەزلىكى 864~913،بۇلغار چارلىقى913~1018]

32 ـ ئىدىل بۇلغار دەۋلەتى(م ك 665~1391)[تۇنجى مۇسلىم تۈركلەر،چۇۋاشلارنىڭ ئەجدادى]

33 ـ كېيىنكى كۆكتۈرك خانلىقى(م ك 681~744)[قۇتلۇقلار ياكى تۈركلەر دەپمۇ ئاتىلىدۇ]

34 ـ تۈركەش خانلىقى(م ك 717~776)[غەربىي كۆكتۈركلەرنىڭ ئون ئوق قەبىلەسى]

35 ـ كوڭلۇلار(م ك 712~730)[كۆكتۈركلەرنىڭ قەبىلەسى]

36 ـ كىمەك(م ك 720~810)

37 ـ ئۇيغۇر خانلىقى(م ك744~840)

38 ـ قارلۇق خانلىقى(م ك 766~840)

39 ـ باسمىل خانلىقى(           )

**تۈرك تارىخى(ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى دەۋر)**

**40 ـ قاراخانىيلا خانلىقى(م ك 840~1042)[قارلۇقلار بىلەن ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ بىر قىسمى قورغان،تۈرك تارىخىدە ئىسلامىيەتنى قەبۇل قىلغان تۇنجى خانلىق]**

**41 ـ قىرغىز خانلىقى(م ك 840~1207)**

**42 ـ پەچەنەك خانلىقى(م ك 860~1091)**

**43 ـ قىپچاق خانلىقى(م ك 9~13 ـ ئەسىر)[كۇمانلار]**

**44 ـ ئۇزلار(م ك860~1068)**

**45 ـ شىرۋانئىساھ(م ك 861~1538)[بۈگۈنكى ئازەربايجاندا قۇرۇلغان]**

**46 ـ تولۇنئوغۇللار خانلىقى(م ك 868~905)[مىسىردا ئابباسىيلارنىڭ مەملۇكلەرى تەرەفىدىن قۇرۇلغان]**

**47 ـ ساجىيلار خانلىقى(م ك879~941)[بۈگۈنكى ئازەربايجاندا قۇرۇلغان]**

**48 ـ كەڭسۇ ئۇيغۇر خانلىقى(م ك 905~1226)[بۈگۈنكى سارىغ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى]**

**49 ـ قاراخوجا ئۇيغۇرخانلىقى(م ك911~1368)[بۈگۈنكى شىنجاڭدا قۇرۇلغان]**

**50 ـ كېيىنكى تاڭ(م ك923~936)[شاتۇ تۈركلەرى قۇرغان، بەش خانلىق،ئون بەگلىك دەۋرى، بەش خانلىق ئىچىدە]**

**51 ـ ئاقشىدلار(م ك 935~969)[مىسىردا ئابباسىيلەر مەملۇكلەرى تەرەفىدىن قۇرۇلغان]**

**52 ـ كېيىنكى جىن(م ك 936~947) [شاتۇ تۈركلەرى قۇرغان، بەش خانلىق،ئون بەگلىك دەۋرى،بەش خانلىق ئىچىدە]**

53 ـ سالاریيلەر خانلىقى(م ك 941~981)[بۇگۇنكى ئازەربايجاندا]

54 ـ كېينكى خەن(م ك 947~950) [تۈركلەر قۇرغان، بەش خانلىق، ئون بەگلىك دەۋرى، بەش خانلىق ئىچىدە]

55 ـ كېينكى جۇۋ(م ك 951~960) [تۈركلەر قۇرغان، بەش خانلىق، ئون بەگلىك دەۋرى، بەش خانلىق ئىچىدە]

56 ـ رەۋادىيلەر خانلىقى(م ك981~1040)[بۇگۇنكى ئازەربايجاندا قۇرۇلغان]

57 ـ ئوغۇز يابغۇ دەۋلەتى(م ك950~1040)

58 ـ غەزنەۋىيلەر خاقانلىقى(م ك 962~1187)[سامانىيلارنىڭ مەملۇكلەرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان]

59 ـ سەلجۇقىيلار(م ك1037~1194)

60 ـ شەرقىي قاراخانىيلار(م ك 1042~1211)

61 ـ غەربىي قاراخانىيلار(م ك1042~1212)

62 ـ مەڭگۇجەكلىكلەر بەگلىكى(م ك1072~1277)[ئالدىنقى دەۋر ئانادولۇ بەگلىكلەرى]

63 ـ چاقا بەگلىكى(م ك 1081~1098) [ئالدىنقى دەۋر ئانادولۇ بەگلىكلەرى]

64 ـ دىلماچئوغۇللارى بەگلىكى(م ك1085~1092) [ئالدىنقى دەۋر ئانادولۇ بەگلىكلەرى]

65 ـ چۇبۇك ئوغۇللارى بەگلىكى(م ك 1085~1092) [ئالدىنقى دەۋر ئانادولۇ بەگلىكلەرى]

66 ـ دانىشمەندىيلەر(م ك1092~1202) [ئالدىنقى دەۋر ئانادولۇ بەگلىكلەرى]

67 ـ سالتۇقلار(م ك1092~1202) [ئالدىنقى دەۋ ئانادولۇ بەگلىكلەرى]

**68 ـ سۇرىيە سەلجۇق خانلىقى(م ك 1092~1117)[مەلىكشاھنىڭ قېرىندىشى، تۇتۇشنىڭ ھۆكۈمدارلىقى]**

**69 ـ ئانادولۇ سەلجۇق خانلىقى(م ك1092~1243)**

**70 ـ كىرمان سەلجۇق خانلىقى(م ك 1092~1230)[ئالپئارسلاننىڭ قېرىندىشى كاۋۇرد بەگنىڭ خاندانلىقى،قاشقاي تۇركلەرى بىلەن خامسە تۇركلەرىنىڭ ئەجدادى]**

**71 ـ خارەزمشاھلار(م ك1097~1231)[سەلجۇقلارنىڭ مەملۇكلەرىدىن ئانۇش تېكىن تەرەفىدىن قۇرۇلغان]**

**72 ـ ئىنال ئوغۇللارى(م ك1098~1183) [ئالدىنقى دەۋر ئانادولۇ بەگلىكلەرى]**

**73 ـ ئاھلاتشاھلار(م ك1100~1207) [ئالدىنقى دەۋر ئانادولۇ بەگلىكلەرى]**

**74 ـ ئارتۇكلۇلار(م ك1102~1408) [ئالدىنقى دەۋر ئانادولۇ بەگلىكلەرى]**

**75 ـ بۆرىلەر(م ك1117~1154) [سۇرىيە ئاتابەگلىك]**

**76 ـ زەنگىلەر(م ك1127~1259)[ئىراق ئاتابەگلىكى]**

**77 ـ ئىلدېڭىزلىلار(م ك1146~1225)[ئازەربايجان ئاتابەگلىكى]**

**78 ـ ئېربىل بەگلىكى (م ك1146~1232)**

**79 ـ سالغۇرلۇلار(م ك1147~1284)[ئىران ئاتابەگلىكى]**

**80 ـ ئىراق سەلجۇق خانلىقى(م ك1157~1194)[سەنجەرنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئىراقىي ئەرەب ۋە ئىراقىي ئەجەم(غەربىي ئىران)نى باشقۇرغان بۇيۇك سەلجۇقلارنىڭ بىرقىسمى]**

**81 ـ كۆلە خانلىقى(م ك1206~1290)[دەھلى سۇلتانلىقى(م ك1206~1526)]**

**82 ـ قارلۇق بەگلىكى(م ك1212~1300)[قاراخانىيلارخانلىقىنىڭ داۋامى]**

تۈرك تارىخى(موڭغول ئىستىلاسىدىن كېيىنكى دەۋر)

83 ـ ئالتۇن ئوردۇ(م ك 1227~1502)[جۇجى ئۇلۇسى]

84 ـ چاغاتاي خانلىقى(م ك1227~1369)[چاغاتاي ئۇلۇسى]

85 ـ مىسىر مەملۇك خانلىقى(م ك1250~1517)[بەھرى خاندانى تۈرك مەملۇكلەرىدىن، بۇرچى خاندانى چېركەس مەملۇكلەرىدىن]

86 ـ كارامان ئوغۇللارى(م ك1250~1483)[كېيىنكى دەۋر ئانادولۇ بەگلىكى]

87 ـ ئىنانچ ئوغۇللارى(م ك1261~1368) [كېيىنكى دەۋر ئانادولۇ بەگلىكى]

88 ـ ساھىبئاتائوغۇللارى(م ك1275~1342) [كېيىنكى دەۋر ئانادولۇ بەگلىكى]

89 ـ پەرۋانەئوغۇللارى(م ك1227~1322) [كېيىنكى دەۋر ئانادولۇ بەگلىكى]

90 ـ تەجەتتىن ئوغۇللارى(م ك12 ـ ئەسىر) [كېيىنكى دەۋر ئانادولۇ بەگلىكى]

91 ـ چانىك ئوغۇللارى(م ك12 ـ ئەسىر) [كېيىنكى دەۋر ئانادولۇ بەگلىكى]

92 ـ بەرچەمەئوغۇللارى(م ك12 ـ ئەسىر) [كېيىنكى دەۋر ئانادولۇ بەگلىكى]

93 ـ يارۇقلۇلار(م ك12 ـ ئەسىر) [كېيىنكى دەۋر ئانادولۇ بەگلىكى]

94 ـ ئالائىيىيە(م ك12 ـ ئەسىر) [كېيىنكى دەۋر ئانادولۇ بەگلىكى]

95 ـ ئەشرەف ئوغۇللارى(مك 12 ـ ئەسىر~1326) [كېيىنكى دەۋر ئانادولۇ بەگلىكى]

96 ـ مەنتەشە ئوغۇللارى(م ك1280~1424) [كېيىنكى دەۋر ئانادولۇ بەگلىكى]

97 ـ دوبۇرجا بەگلىكى(م ك1281~1299) [كېيىنكى دەۋر ئانادولۇ بەگلىكى، ئورنى بۈگۈنكى بۇلغارىيە ۋە رومانىيەدە]

98 ـ ھالەجى خاندانلىقى(م ك1290~1321)[دېھلى سۇلتانلىقى(م ك1206~1526)]

99 ـ كارەسى ئوغۇللارى(م ك1297~1360) [كېيىنكى دەۋر ئانادولۇ بەگلىكى]

100 ـ چاندارئوغۇللارى(م ك1299~1462) [كىيىنكى دەۋر ئانادولۇ بەگلىكى]

101 ـ ئوسمانلى ئىمپېرىيەسى(م ك1299~1922)

102 ـ گېرميان ئوغۇللارى(م ك1300~1423) [كىيىنكى دەۋر ئانادولۇ بەگلىكى]

103 ـ هامىت ئوغۇللار(م ك1301~1423) [كىيىنكى دەۋر ئانادولۇ بەگلىكى]

104 ـ سارۇهان ئوغۇللارى(م ك1302~1410) [كىيىنكى دەۋر ئانادولۇ بەگلىكى]

105 ـ ئايدىن ئوغۇللارى(م ك1308~1426) [كىيىنكى دەۋر ئانادولۇ بەگلىكى]

106 ـ باساراب خانىدانلىقى(م ك1310~1627)ئەفلاك شاھزادىلىكىنىڭ

قىپچاق=كۇمان ئەجدادلارىنىڭ قۇرغان خانلىقى]

107 ـ تۇغلاق خانلىقى(م ك1321~1398)[دېھلى سۇلتانلىقى(م ك1206~1526)]

108 ـ تەكەئوغۇللارى(م ك1321~1390) [كىيىنكى دەۋر ئانادولۇ بەگلىكى]

109 ـ ئېرېتنا بەگلىكى(م ك1335~1381) [كىيىنكى دەۋر ئانادولۇ بەگلىكى]

110 ـ زۇلقەدىر ئوغۇللارى(م ك1339~1521) [كىيىنكى دەۋر ئانادولۇ بەگلىكى]

111 ـ رامازان ئوغۇللارى(م ك 1325~1608) [كىيىنكى دەۋر ئانادولۇ بەگلىكى]

112 ـ شەرقىي چاغاتاي خانلىقى(م ك1347~1508)[ياكى موغۇلستان خانلىقى

دېيىلەدۇ]

113 ـ ئاق قوي خانلىقى(م ك1305~1507)[تۈركمەنلەر قۇرغان]

114 ـ قاراقوي خانلىقى(1380~1469)[تۈركمەنلەر قۇرغان]

115 ـ كادى بۇرھانىددىن ئەھمەد دەۋلەتى(م ك1381~1398) [كىيىنكى دەۋر ئانادولۇ

بەگلىكى]

116 ـ تېمۇرىيلەر ئىمپېرىيەسى(م ك1370~1507)[چاغاتاي خانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك

بولۇپ،تۈركلەشكەن موڭغول بارلاس قەبىلەسى قۇرغان]

117 ـ سەييدى خانل ؛ىقى(م ك1414~1451)[دەهلى سۇلتانلىقى(م ك1206~1526)]

118 ـ نوغاي ئوردۇ(م ك1440~1465)

119 ـ شەيبانىي خانلىقى(م ك1428~1599)[ياكى ئۆزبېك خانلىقى دەپمۇ ئاتالادۇ. جۇجى ئۇلۇسىنىڭ شىبان سۇلالەسىدىن]

120 ـ قازان خانلىقى(م ك 1437~1552)[جۇجى ئۇلۇسىنىڭ توكال تېمۇر سۇلالەسىدىن، بۈگۈنكى تاتارىستاندا]

121 ـ قىرىم خانلىقى(م ك1440~1475) [جۇجى ئۇلۇسىنىڭ توكال تېمۇر سۇلالەسىدىن]

122 ـ قاسىم خانلىقى(م ك1445~1681)[جۇجى ئۇلۇسىدىن ئايرىلىپ چىققان خانلىق]

123 ـ قازاق خانلىقى(م ك1465~1737) [جۇجى ئۇلۇسىنىڭ توكال تېمۇر سۇلالەسىدىن، بۈگۈنكى قازاقىستاندا]

124 ـ ئاستراخان خانلىقى(م ك1466~1554) [جۇجى ئۇلۇسىنىڭ توكال تېمۇر سۇلالەسىدىن]

125 ـ سەفەۋىيلار خانلىقى(م ك1502~1736)[تۈركمەنلەر قورغان]

126 ـ خىۋە خانلىقى(م ك1512~1806)[ئۆزبېك ئۈچ خانلىقىنىڭ بىرى، جۇجى ئۇلۇسىنىڭ شىبان سۇلالەسىدىن، شەيبانى خانلىقى]

127 ـ بابۇر ئىمپېرىيەسى(م ك1526~1858)

128 ـ ياركەند خانلىقى(م ك1514~1680)[كاشغەر خانلىقى، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ بىرقىسمى]

129 ـ كۈچۈم سىبىر خانلىقى(م ك1556~1600)[جۇجى ئۇلۇسىنىڭ شىبان

سۇلالەسىدىن،ئالتاي ۋە تۆمەن تاتارلارىنىڭ ئەجدادى]

130 ـ بۇخارا خانلىقى(م ك1599~1785)[ئۆزبېك ئۈچ خانلىقىنىڭ بىرى،جۇجى ئۇلۇسىنىڭ توكال تېمۇر سۇلالەسىدىن،ئاشتارخانىدانى]

131 ـ قوقەند خانلىقى(م ك1710~1876)[ئۆزبېك ئۈچ خانلىقىنىڭ بىرى،چىنگىزخان نەسلىدىن بولماغان مىڭ قەبىلەسىدىن]

132 ـ ئافشار خانلىقى(م ك1736~1802)[تۈركمەنلەر قۇرغان]

133 ـ باكۇ خانلىقى(م ك1747~1806)[ئازەربايجاندا]

134 ـ بۇخارا ئەمىرلىكى(م ك1756~1924)[ئۆزبېك ئۈچ خانلىقىنىڭ بىرى،مانغىت خانىدانى]

135 ـ شىرۋان خانلىقى(م ك17 ـ ئەسىر)[كاۋكاس خانلىقلارى]

136 ـ شەكى خانلىقى(م ك17 ـ ئەسىر) [كاۋكاس خانلىقلارى]

138 ـ قاراباغ خانلىقى(م ك17 ـ ئەسىر) [كاۋكاس خانلىقلارى]

139 ـ قۇبە خانلىقى(م ك17 ـ ئەسىر) [كاۋكاس خانلىقلارى]

140 ـ گەنجە خانلىقى(م ك17 ـ ئەسىر) [كاۋكاس خانلىقلارى]

141 ـ تالىش خانلىقى(م ك17 ـ ئەسىر) [كاۋكاس خانلىقلارى]

142 ـ نەخچەۋان خانلىقى(م ك17 ـ ئەسىر) [كاۋكاس خانلىقلارى]

143 ـ قاجار خانلىقى(م ك1781~1925)[تۈركمەنلەر قۇرغان،هازىرقى ئىراننى بىرلىككە كەلتۈرگەن]

144 ـ خىۋە خانلىقى(م ك1806~1920)[ئۆزبېك ئۈچ خانلىقىنىڭ بىرى،ئىناق خانىدانى]

145 ـ ئىلى سۇلتانلىقى(م ك1864~1871)[ئىلى ئۇيغۇر تۈركلىرى قۇرغان]

## 146 ـ قەشقەرىيە خانلىقى(م ك1866~1877)[قوقەند خانلىقىنىڭ گېنېرالى يەئقۇب بەگ قۇرغان]

مەنبە : يەركەن بلوگى

[url]http://yarkan.blogbus.com/logs/85783434.html[/url]

http://www.misranim.com

بىز زىدىيەتلىك بىر دۇنيادا ياشاۋاتىمىز

بىز زىدىيەتلىك بىر دۇنيادا ياشاۋاتىمىز. بىزنىڭ بىنا- ئىمارەتلىرىمىز بارغانسىرى ئېگىزلىمەكتە، ئەمما بىزدىكى كەڭ قورساقلىق بارغانسىرى ئازايماقتا؛ بىزنىڭ يوللىرىمىز بارغانسىرى كېڭەيمەكتە، ئەمما بىزنىڭ نەزەر دائىرىمىز بارغانسىرى تارايماقتا؛ بىزنىڭ سەرىپ قىلغىنىمىز كۆپ، بەھىرلەنگىنىمىز ئاز بولماقتا. بىزنىڭ ئۆيلىرىمىز چوڭ، بىراق ئائىلىمىز تۇلىمۇ كىچىك؛ قاتنىشىمىز بارغانسىرى قولايلاشتى، ئەمما ۋاقتىمىز بارغانسىرى قىسلاشتى؛ ئۇنۋانىمىز بارغانچە چوڭايدى، بىراق سەزگۈمىز بارغانچە ناچارلاشتى؛ بىلىمىمىز كۆپەيگەن بولسىمۇ، ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىمىز تۆۋەنلىدى؛ مۇتخەسىسلەر كۆپەيدى، مەسىللەرمۇ كۆپەيدى؛ مېدىتسىنا تەرەققى قىلدى، ئەمما بىز بەھىرلىندىغان پاراۋانلىق بارغانچە ئازلىدى.

يەپ- ئىچىشىمىز ھەشەمەتلىك،ئاقىۋىتى بىلەن ھېساپلاشماي خىراجەت قىلغان بولساقمۇ، كۈلگەن چاغلىرىمىز ئاز، ئەمما ئاسانلا ئاچچىقلىندىغان بولدۇق؛ كېچىلەپ ئۇخلىمايمىز، ئەتىسى ھارغىن تۇرىمىز؛ ئوقىغان كىتاپلىرىمىز ئاز، كۆرگەن تېلۋۇزۇرلىرىمىز كۆپ. سۆزلىگەنلىرىمىز كۆپ، ئاڭلىغانلىرىمىز ئاز؛ مۇھاببىتىمىز ئاز، ئاداۋەتلىرىمىز كۆپ؛ بىز قانداق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشنى ئۆگەنگەن

بولساقمۇ، لېكىن قانداق ياشاشنى ئۆگەنمىدۇق.
گەرچە بىز ئايغا چىقىپ- چۈشكەن بولساقمۇ، بىر كوچىدىن ئۆتۈپ يېڭى قوشنىمىز بىلەن تونۇشۇشنى خالىمايمىز؛ بىز ئالەمنى بويسۇندۇردۇق، بىراق كۆڭۈلنى بويسۇندۇرالمىدۇق؛ بىز نورغۇن ئىشلارنى قىلدۇق، لېكىن تېخىمۇ ئوبدانراق ئىشلارنى قىلالمىدۇق.
بىز ھاۋانى ساپلاشتۇردۇق، ئەمما روھىمىزنى بۇلغۇدۇق؛ بىز ئاتومنى پارچىلىيالىدۇق، لېكىن بىر تەرەپلىمە قاراشتىن قۇتىلالمىدۇق؛ يازغانلىرىمىز كۆپ، ئەمما ئۆگەنگەلىرىمىز ئاز بولدى؛ پىلانلىرىمىز كۆپ، ئەمما ئورۇنلىغىنىمىز ئاز بولدى.
بىزئالدىراشنى ئۆگەندۇق، لېكىن ساقلاشنى ئۆگەنمىدۇق؛ كىرىملىرىمىز ئاشماقتا، بىراق بىزنىڭ ئەخلاق سەپايىمىز بارغانسىرى تۆۋەنلىمەكتە. بىز تېخىمۇ كۆپلىگەن كومپيۇتېرلارنى ئىشلەپچىقىرىپ، تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇرلارنى ساقلاپ، ئەسلىدىكىدىنمۇ كۆپ نۇسخىلانما بويۇملارنى ئىشلەپ چىقىرمىز، ئەمما ئالاقىمىز بارغانسىرىئازايماقتا؛ سان جەھەتتە ئىرىشكەنلىرىمىز كۆپەيدى، بىراق سۈپەت بارغانسىرى چۈشمەكتە.
بۇ دەۋىردە ئەر- ئاياللارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنىڭ كىرىمى بار، ئەمما ئاجىرشىدىغانلار بارغانسىرى كۆپەيمەكتە؛ بىزنىڭ چىرايلىق ئۆيلىرىمىز بار، بىراق ئائىلىلەر يىمىرىلمەكتە.
بۇ دەۋىردە بىز دۇنيانىڭ ھەممە جايلىرىنى ساياھەت قىلالايمىز، ئەخلاقنى يوقۇتۇپ، بىر كېچىلك ئىشقىۋازلىق قىلالايمىز؛ زىيادە سىمىز بەدەنلەرگە ئىرىشەلەيمىز، ئادەملەرنى كۆلدىرەلەيمىز، تىنىچلاندۇرالايدىغان ۋە ئۆلتۈرەلەيدىغان دورا- كوملاچلارغا ئىرىشەلەيمىز... ئەمما بىز زادى نەگە كىتىۋاتىمىز؟

ساقلىۋېلىش: Del.icio.us

# ئىككى قېتىملىق دۇنياۋى كىرزىسنىڭ ئۇيغۇر دىيارىغا بولغان تەسىرى



ئىككى قېتىملىق دۇنياۋى كرىزىسنىڭ ئۇيغۇر دىيارىغا بولغان تەسىرى

مەمەتئابدۇللا غوجابدۇللا

1 ـ زامانىمىزدىكى خەلقئارالىق نوتۇقلارنىڭ ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ كىرىمگە بولغان تەسىرى

2008 ـ يىلى سىنتەبىردە تولۇق 3 ـ يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلارمەندىن: بۇ يىل پاختا باھاسى داۋاملىق ئۆسەمدۇ ياكى چۈشەمدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. مەن ئامېرىكا بىلەن ئىران رەھبەرلىرى بۇش بىلەن ئەھمەدى نىجاتنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىگە باغلىق دىدىم .

ـ مۇئەللىم نىمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ نىمىشقا ئۇلارنىڭ سۆزى تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇلارنىڭ پاختا كىرىمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ؟ كۆنكرتنى سۆزلەپ بەرگەن بولسىلا، ـ دىدى .

مەن ـ 2 يىللىقتا ساۋاقداشلارغا دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئاساسى يۈزلىنىشىنى سۆزلگەن يەنى ئىقتىسادىنىڭ دۇنياۋىيلىششى ۋە ئىقتىسادىنىڭ

رايونلىششى... . دېمەك نېفىت باھاسى ئۆسكەندە نىلون رەخت باھاسى ئۆسىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پاختا رەختكە بولغان ئېھتىياج ئېشىپ ،پاختا رەخت باھاسى ئۆسۈپ پاختىغا بولغان ئېھتىياج تېز ئاشىدۇ.ئەكسىچە بولغاندا ،پاختا رەخت باھاسى چۈشىدۇ ھازىرچە رايونىمىزدا پاختا باھاسى چۈشىدۇ ،ئەھمەدى نىجات<>دىگەن گىپىگە قارىتا بوشنىڭ سۆزلىرى ... ئامرىكا بىلەن ئىران مۇناسىۋىتىنى جىددىيلەشتۇرۇپلا قالماي ،خەلقئارا ۋەزىيەتنى كەسكىنلەشتۇردى.شۇڭا دۇنيادا نېفىت باھاسى تېز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى ،ئەمما خەلقئارا ئاتوم ئېنىرگىيىسى ئاپپاراتىدىكى رەھبەرلەرنىڭ ماسلاشتۇرىشى ھەم ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ ۋەزىيەتنىڭ داۋاملىق يامانلىشىپ كېتىشىنىڭ ئۆزلىرىگىمۇ پايدىسىز ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىشىدىن، خەلققە ئاپەت ئېلىپ كېلىشىدىن ئەنسىرەپ مۇناسىۋەتنى يۇمشىتىشقا تىرىشقانلىقى ئۈچۈن نېفىت باھاسى چۈشتى.ئەگەر 2008 -يىلى 7-ئايدىكى نېفىت باھاسى بويىچە بولغان بولسا، پاختا باھاسى يۇقىرى بولغان بولاتتى ئەمما ھازىر مەلۇم نىسبەتتە چۈششى مۇمكىن دىگەن ئىدىم .

-2دۇنياۋىيلىشىش كەلتۈرۈپ چىقارغان كىرىزىسنىڭ يەرشارىلىششى ۋە ئىككى قېتىملىق دۇنياۋى كىرىزىس .

بىز تارىخنى ۋاراقلايدىغان بولساق يىڭى دېڭىز يولىنىڭ ئېچىلىشىدىن باشلانغان يەرشارىلىشىش دولقۇنى ئىنسانىيەت جەمىيىتىنى بىرگەۋدىلىششكە قاراپ يۈزلەندۇردى.يىڭى دېڭىز يولىنى ئاچقۇچىلاردىن بولغان ياۋروپالىقلار ھەرقايسى قىتئە،ئەل ۋە مىللەت ئارا ئالاقىدە باشلامچى بولدى .دۇنياۋى چۈشەنچىسى ئاشتى دۇنياۋى كىڭەيمىچىلىك باشلاندى،غايەت زور ماددىۋى بايلىق تۇپلاپ قالماستىن يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئۇچۇرغا ئېرىشتى.يىڭىدىن

شەكىللەنگەن بۇرژۇئازىيە تېز باش كۆتۈرۈپ ئىنسانلار ئارىسىدىكى يېڭى بايلار تۈپى رەھبىرى كۈچ بولۇپ قالدى. دۇنيانى بىرگەۋدىلەشتۈرۈش مۇساپىسىدىكى ئاساسى تۈغچى (بايراقدار)بولدى. ئۇيغۇر دىيارىمىز دەل يېڭى دېڭىز يولى ئېچىلغان دۇنياۋىيلىشىش شاملى كۆتىرىلگەندە قەدىمقى يىپەك يولىنىڭ مەركىزى ،ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتىكى تۈگۈن. يەنى قەدىمقى شەرقتىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك، غەربتىكى ئىران يىراقتىكى يۇنان، جەنۇپتىكى ھىندى ۋادىسى ۋە شىمالنىڭ يايلاق مەدەنىيىتى ئۇچرىشىدىغان خاسىيەتلىك ئالتۇن دىيار .

كۆپ خىل مەدەنىيەت ئۇچراشقان،سىڭىشىشكەن،تەسىر كۆرسەتكەن ،مەدەنىيەت قان تومۇرلىرى تۈقتىسى يۈرەكتەك ياۋرو ـ ئاسىيانىڭ جۇغراپىيىلىك تۈگىنى،قەلبى ئىدى. قەدىمقى دىيارىمىزھەرخىل مەدەنىيەت تىپلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن ئۆزگىچە مەدەنىيەت يۈرىقى ئارقىلىق ئاسىيانىڭ قەلبى ھىسابلاشقا تېگىشلىك گۆھەر زىمىن، ھەر خىل كۈچلەرنىڭ تالىشىش نىشانى ئىدى. 16 ـ ئەسىردىكى سودا،ئىقتىساد يولى يەر (قۇرۇقلۇق)نى مەركەز قىلىشتىن، دېڭىز ـ ئوكيان(سۇنى)نى مەركەز قىلىشقا باشلىشى بىلەن مەركەزدىن قاچقان ،يىراق ئىچكى قۇرۇقلۇققا ئايلاندى. خەلقئارامۇناسىۋەتلەردىن ياتلىشىش، بىكىنمە، تۇرغۇن، ئىقتىساد ۋەسودىنى مەھەللىدىن چىقماي بىجىرىش،زامانىۋى مەدەنىيەتنى پىنھان ھىس قىلىش ۋە بىلىش ئارقىلىق مەۋجۇتلۇقنى ساقلىدى. دۇنيادىكى ئۆزگىرىشلەر تەسىرىنى دىيارىمىزغا كىرگۈزەلمەيدىغان، يېگانە، بىكىك ،ئۇنتۇلغان ،ئاسىيانىڭ يۈرىكىدە تۇرۇپمۇ ئالەمنىڭ چىتى،مەركەزدىن يىراق بولۇڭغا ئايلاندى .

ئوتتۇرا ئەسىردىكى قاراڭغۇلۇق يوقالغان ، ھەتتا قاراڭغۇلۇق سايىسى باشقا جايلاردا ئاللىقاچان قوغلانغاندا ئۇيغۇر دىيارى كىچىكىپ بولسىمۇ يەرشارىلىشىشنىڭ تەسىرگە ئۇچرىدى. ياۋروپالىق باشلامچىلار دىيارىمىزغا كىلىشكە باشلىدى.شۇنداقتىمۇ دۇنياۋى دولقۇنغا كۆپ ئۇچرىمىدۇق. داغدۇغىسى زور بورژۇئا ئىنقىلابلىرى ،مىللى ئازاتلىق كورەشلىرى ياكى ئەقلىنىڭ ئاجايىپ پارتلىشى بولغان ئىككى قېتىملىق سانائەت ئىنقىلابىنى كىچىكىپ ئاڭلىدۇق.دۇنيا زومگەرلىك تالىشىشنىڭ ئالاھىدە ئىپادىلىنىشى بولغان **1** ـ جاھان ئورىشى بولغان دەۋرىدىمۇ ئارۇن **6**كۇنلۇك پادىشاھ راخمان گوگوتتەكلەر چىقتى. راخمان گوگوتنىڭ تىنى تىتما ـ تىتما بولغاندا ھەر ھالدا پارچە بولۇپ كەتكەن تەننى يىغىپ دەپنە قىلدۇق.يەرشارىدىكى كىشلەر توپى بەربىر ،يەرشارى ئاتلىق ئالەمدە بىر هارۋا ياكى كېمىگە چىققان سەپەرداشلار بولغاچقا مۇقەررەر باغلىنىش ئارقىلىق ئالغا ماڭدۇق. دەل مۇشۇ ۋاقىتلاردا ئامېرىكا ھالىدىن كەتكەن ياۋروپانىڭ ئورنىنى ئېلىپ دۇنيانىڭ ئىقتىسادي ھوقوقىنى ئىگەللىدى،نيويوركمۇ دۇنيا پول مۇئامىلە مەركەزلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى .ئەملى كوچىگە تايىنىپ ئامرىكا پول دىپلوماتىيىسىنى يولغا قويدى،گوللىنىۋاتقان ئىقتىساد مۇددەتكە بولۇپ پول تولەش ۋە بانكا ئىناۋەتلىك قەرزى(كرېدىتى) ۋاقتلىق گوللىنىشنى بارلىققا كەلتوردى. پاي چېكى باھاسىمۇ داۋاملىق ئۆستى <> .مانا بۇ ،تولۇق ئوتتۇرا تارىخ دەرسىدىكى **1929** ـ يىلىدىن **1933** ـ يىلىغىچە بولغان ئىقتىسادى كىرزىسىنىڭ باشلىنىشى ھەققىدىكى بايان . ئامېرىكىدا **1850** ـ يىلى قورۇلغان ،ھازىر ئامېرىكا ۋە دۇنيادىمۇ زور تەسىرگە ئىگە چوڭ بانكا ـ **2008** <> يىلى **16** ـ سىنتەبىر دەل شۇ نيويوركتىكى ۋال كوچىسىدا ۋەيران بولغانلىقىنى

جاكارلىدى. 2008 ـ يىلى ،ياز پەسلىدىكى بانكىلارنىڭ ۋەيران بولۇشى بىلەن قوشۇلۇپ تىزلىك بىلەن دۇنياغا تەسىر كۆرسەتتى.يەرشارىدىكى ئاساسلىق ئاخبارات ۋاستىلىرى رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ،گېزىت ـ ژۇرنال ،ئىنتېرنېت تورى ھەتتا <>مۇ يېنىدىكى ئادەملەرگە كىرزىس توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىنى سۆزلەپ بەردى .ئۆزىگە نىسبەتەن ھەممىدىن خەۋەردار ئەربابلاردىن ،قىزىقىشى بويىچە سوئال سوراپ بۇ ھەقتىكى ئەھۋاللارنى ،زىيان ۋە تەسىرىنى بىلگۇسى كەلدى ھەم . ...

ياپونىيە باش ۋەزىرى تارائاسو <>،ئامېرىكا فېدېراتسىيە زاپىسى كومىتېتىنىڭ رەئىسى گېرىنس فاننىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا <> بۇ خەۋەرلەر ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئىككى قېتىملىق مىسلىسىز كىرىزىسنىڭ ئاپىتىنىڭ دەھشەتلىك تەسىرىنىڭ ۋەھىمىسىنى ھەم ئىنكاسىنى ئىپادىلەيدۇ. يەرشارى پۇل ـ مۇئامىلىسىنىڭ يۈرىكى بولغان ۋال كوچىسىدىن باشلانغان ئىسىنى ئاسىيانىڭ كىندىكى تەڭرىتاغ بويىدا تومان پەيدا قىلمايدۇ دەپ كىم ئېيتالايدۇ. زامانىمىز تەكلىماكاندا باشلانغان شامال، سەھرايى كەبردە بوران، چىلى قوملۇقىدا قۇيۇن.سىبىرىيەدە چىققان شامال ھىندونىزىيەدە قارىيامغۇر ،ئاۋستىرالىيەدە سىم ـ سىم يامغۇر ياغدىغان دەۋرىدە تۇرىۋاتىمىز. شۇڭا مۇھىت تۈزەشتىمۇ بىر،ئىككى رايوندا ئەمەس بەلكى ،مۇھىتنى يەرشارى خاراكتېرلىق تۈزەيدىغان ئېكولوگىيىلىك سىستېماقارىشىنى تۇرغۇزدۇق.ئەمدىلا پارتلىغان ئىقتىسادى كىرىزىس، ئامېرىكىدىلا ئەمەس يەرشارى خاراكتېرلىك ئىقتىسادى ئاپەتكە ئايلاندى.پىلانسىز ئىقتىسادى ، ئېكولوگىيىسىگىمۇ مۆلچەرلىگۇسىز زىيان سالدى.تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدا پەيدا بولغان تومان بىرقېتىملىق يامغۇر ياغسىلا توگەيدىغان بولۇت ئەمەس .بىز ئالدى بىلەن ئىككى قېتىملىق

ئىقتىسادى كىرىزىسىنىڭ پارتلاش سەۋەبى ،تەسىرى بولۇپمۇ جۇڭگو ۋە ئۇيغۇر دىيارىمىزغا كەلتۈرىدىغان تەسىرى ئايرىم ـ ئايرىم قانداق بولدى ۋە بولىدۇ؟ نۆۋەتتە رايونىمىزقانداق تەدبىر قوللىنىش لازىم؟...قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە قارىشىمنى بايان قىلىمەن .

يەرشارىلىشىش ماھىيەتتە ئىقتىسادنىڭ يەرشارىلىشىشى بولۇپ بازار ئېچىش ۋە خام ـ ئەشيا مەنبەسى ئىگەللەش ئاساسى مەقسەت ئىدى. سىياسىدا مۇستەملىكىچىلىك ۋە جاھانگىرلىك شەكلىدە ئىپادىلەندى .سىياسىنىڭ جىددى ۋە كەسكىن ئىپادىلىنىشى بولغان خەلقئارالىق ئۇرۇش ھەم تەڭسىز شەرتنامىلەر نامىدىكى رەڭلەردە بىزەلدى. يەرشارىلىشىش تىگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا ئەڭ ئاساسلىقى ئىقتىسادى بوشلۇقتا ئىگە بولۇش ۋە ئىزدەشتۇر. ئىقتىسادى بوشلۇق ئىزدەش ،پەن ـ تېخنىكىنىڭ يۈكسىلىشى ۋە جەمىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى ،ئىنسانىيەتنىڭ ھەمكارلىقىنى قويۇقلاشتۇردى .

يەرشارىلىشىشنى ئامەت بىلەن ئاپەتنىڭ بىرلىكى دىسەكمۇ بولىدۇ .

يەرشارىلىشىش دۆلقىنىنىڭ پايدىلىق تەرىپىگە ئەگىشىپ ئۇنىڭغا يوشۇرۇنغان زىددىيەتلەر كىلىشتۈرگىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتتى ،ئۇرۇش ئىقتىسادنى ۋەيران قىلغىنى بىلەن يىڭى ئىقتىسادى بوشلىقنى تەبئىي شەكىللەندۈردى. ئەمما ئۇرۇش ئارقىلىق ئىقتىسادى بوشلوق يارىتىش يولى ياخشى يول ئەمەس، ئىقتىساد بوشلىغى ئىلمى ئارقىلىق ئىقتىسادى قورۇلۇش ئارقىلىق ئىقتىساد تەرەققىيات (بوشلۇق يولى)ئۇسۇلىنى تېپىشىمىز كىرەك .

ـ 1جاھان ئۇرۇشى ياۋرۇپا ئەللىرىنىڭ ھالىنى كەتكۈزىۋەتىپ<>دەپ ئاتالغان ئەنگلىيىنى ئاجىزلىتىپ بوشرىنى قىرانلىقىدىن كەتكۈزىۋەتتى .ۋاشىنگتون يىغىنى ئارقىلىق ئامېرىكا ،ئەركەك شىرنى ئەمدى ئامېرىكىدىن ئىبارەت بۈركۈتكە يول

قۇيۇشقا مەجبۇرلاشقا باشلىدى .دېڭىز شىرى سىلكىنىسە سۇ شارى دولقۇنلاشتىن شىربىلەن بۈركۈت ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرىغان ھەم بىرلىكتە دەۋران سۈرىدىغان دەۋر يىتىپ كىلىشكە باشلىدى. بىز بۇنى <> دەپ ئاتىدۇق. قانات قۇيرىقى يىتىلىۋاتقان بۈركۈتمۇ، شىربىلەن تۇتىشماي يەرشارىنى<> غا ئېلىش ئۈچۈن يۈرەك (ئىقتىساد) نى كۆچەيتىشكە تىرىشتى .دىققىتىنى ئىقتىسادنى ئىلگىرى سۈرۈشكە قاراتتى .بۇ ۋاقىتتا ھەقىقەتەنمۇ ئامېرىكا ئىقتىسادى تىزيۈكسەلدى، بىراق ئۇنىڭغا ئېغىر كىرزىس يۈشۈرۈنغان ئىدى .

كىرزىسنىڭ پارتلاش سەۋەبى ۋە جەريانى توغرىسىدا : بىرىنچىدىن ئىككى قېتىملىق ئىقتىسادى كىرزىسنىڭ پارتلاشتىكى توپ سەۋەبى ئوخشاش يەنى كاپىتالىستىك تۈزۈمنىڭ ئاساسى زىددىيىتى بولغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا خۇسۇسىيلارئىگىدارچىلىق قىلىش بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىششى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتۇر.ئىككىنچىدىن يەرشارى بويىچە پارتلىغان ئىككى قېتىملىق كىرزىس پۇل ـ مۇئامىلە ساھەسىدىن باشلانغان ئۇت پىلتىسى تۇتاشقان ئورۇنمۇ ئوخشاش ۋال كوچىسى .

ئىككى قېتىملىق ئىقتىسادى كىرزىسنى مىنىڭچە ئىقتىساد بوشلىغى نەزىرىيىسى يەنى ۋاكىئۇم ئىقتىساد ئىلمى ئارقىلىق چۈشەندۈرۈش ياخشى دەپ قارايمەن. ئۇنداقتا ئىقتىساد بوشلىغى نەزىرىيىسى دىگەن نىمە؟

ئىقتىساد بوشلىغى نەزىرىيىسى دىگىنىمىز : ئىقتىسادنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى كىڭىيىشى،تەرەققى قىلىپ گۈللىنىشى ۋە تۇرغۇنلۇق ،چېكىنىش ھەمدە باشقا شەكىلدە تەرەققى قىلىش قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىمدۇر .

ئىقتىساد بوشلىغى ئىلمىنىڭ ئاساسى تۈرلىرى ئاساسى ئىقتىساد شۇناسلىق ، ئوچۇر بوشلىقى ئىقتىساد شۇناسلىغى، مەدەنىيەت كېڭىيىش ئىقتىساد شۇناسلىقى

،كرزس بۇشلۇقى ئىقتساد شۇناسلغى قاتارلق تۇرلرى بار .ئىقتساد بۇشلقى ئىلمغا ئاددى مسال كەلتۇرسەك : يەرشارىنىڭ ئەڭ چۇڭقۇر قاتلمدىن ئاتمۇسفرانىڭ يۇقرى قاتلمغىچە ،ئىنسان مەنۋى بۇشلغدىن تاكى ئالەم بۇشلغىدىكى ئىقتساد تەرەققياتغا پايدىلق بۇشلقلارنىڭ يغىندىسنى كۆرستدۇ .بىز ئىككى قېتىملق ئىقتسادى كىرزىسنىڭ پارتلاش سەۋەبىنى تەھلىل قلغاندا، ئامېرىكىنىڭ يەرشارى مقياسىدىكى ئىقتسادىنىڭ كېڭىيش(گۈللىنش) ئەھۋالىنى ئاساسى ئىقتساد شۇناسلق بىلەن چۈشەندۈرگىلى بۇلىسمۇ ئىقتسادى تۇرغۇنلۇق ۋە تۇيۇقسز يۈزبەرگەن كىرزىسنى ئىقتسادى ئۇچۇر بۇلۇپمۇ مەدەنىيەت كېڭىيش ئىقتساد شۇناسلقى ،كىرزس بۇشلۇقى ئىقتساد شۇناسلغى قاتارلقلارنى بىرىكتۇرۇپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن.ئەينى ۋاقتتا ئامېرىكا ئىقتسادى گۈللىنش بۇشلغىنى ئامېرىكا،ياۋرۇپا،لاتىن ئامېرىكسى،يىراق شەرق،كانادا،ئۇتتۇرا شەرق،جەنۇبى ئاسيا ۋە ئۇكىئانيە ، ئۇتتۇرا ۋە جەنۇبى ئافرىقائەللرى، سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلق 9 بۇشلۇققا ئايرىپ مۇھاكىمە قىلىپ كۆرسەك بۇلىدۇ(1 ـ بۇشلۇق ئامېرىكىنىڭ ئۇزى).1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئالدى بىلەن ئۇزىنىڭ بازىرىنى رىقابەتسىز ئىگەللەشكە شارائىت ياراتتى .ياۋرۇپادىكى ئاساسلق سانائىتى تەرەققى قلغان ئەللەر ۋەيرانچىلىققا ئۇچراپ ياۋرۇپادىكى ئىقتسادى تەسرىنى ئاشۇردى. بۇلۇپمۇ گېرمانىيىدىكى تەسرى ئاشتى ،ئەنگلىيە، فرانسىيىدىن قەرزىنى قايتۇرىۋىلىش بىلەن بىرگە تاۋاركىرگۈزدى .پۈتكۈل ياۋرۇپا بازارلىرىنى قىسقا مەزگىللىك ئىگەللىدى ياكى تەسرى كېڭەيدى.يىراق شەرقتىن باشقا رايۇنلاردا ئامرىكا كۈچلۈك رىقابەتچىگە ئۇچرىماي تىزلىك بىلەن كېڭەيدى.يىراق شەرقتە ئۇرۇشنىڭ تەسرى كۈچلۈك بۇلمىدى .تىز باش كۆتۈرگەن ياپۇنىيە بىلەن

جۇڭگو قاتارلىق رايونلارنىڭ بازىرىنى تالاشتى .شۇنداقتىمۇ ياۋروپانىڭ تەسىرى ئاجىزلاشقان شارائىتتا بازارنى كېڭەيتتى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان لاتىن ئامېرىكىسى ،يىراق شەرق ،كانادا ،ئوتتۇرا شەرق ،جەنۇبىي ئاسىيا ۋە ئوكئانىيە ، ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي ئافرىقا ئەللىرىدىكى مىللىي كاپىتالىزمى 1 ـ جاھان ئۇرۇشى ۋە ئۇرۇشتىن كېيىن قىسقا مەزگىللىك گۈللىنىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى . ئۇلار ئامېرىكا بىلەن رىقابەتلىشەلمەيتتى ،ئامېرىكا ياخشى خەلقئارالىق بازارغا ئېرىشتى .سوۋېت رۇسىيىسى يولغا قويغان يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەت(دىڭ شياۋ فىڭ يولغا قويغان ئىسلاھاتقا بىرئاز ئوخشاپ كېتىدۇ.ھەتتا جۇڭگو رۇسلارنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇش بوخىل چارىسىدىن ئۆرنەك ئالغان) خەلق ئىگىلىكىدە كاپىتالىزم ئامىللىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنى مەلۇم دەرىجىدە يولغا قويۇپ سوۋېت ئىتتىپاقى ئىگىلىكى تەرەققىي قىلىپلا قالماستىن ئامىرىكىنىڭ تەسىرىمۇ كېڭەيگەن ئىدى. (ئەلۋەتتە ئىنتايىن كىچىك ئىقتىسادىي بوشلۇق) ياۋروپادىكى ئاساسلىق دۆلەتلەر سوۋېت ھۆكۈمىتىگە دۈشمەنلىك بىلەن قارىدى.شۇڭا ئامېرىكىنى بازار بوشلۇقى بىلەن تەمىنلىدى ،يۇقارقى خەلقئارالىق ئامىللار قوشۇلۇپ ئامېرىكىنى پايدىلىق خەلقئارالىق گۈللىنىش بوشلۇقى بىلەن تەمىنلىدى. بۇ ئامېرىكىدىكى مەشھۇر (2)<> نى شەكىللەندۇردى. سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى بولۇپمۇ ستالىن تەختكە چىقىپ كوللېكتىپلاشتۇرۇش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىپ يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەت ئەمەلدىن قالدى .ئامېرىكا كىچىك بولسىمۇ بىر بازاردىن (9 ـ بازىرىدىن)ئايرىلىپ قالدى .

ئالدى بىلەن ياۋروپانىڭ ئىگىلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىش بىلەن بۇ غايەت زور بازاردىن ئايرىلىپ قالدى ياكى تارايدى. دېمەك ،بازار بوشلۇقى ئىلمىي بويىچە

تۇرغۇنلۇق ياۋرۇپا بازىرىدا باشلاندى .

ئامېرىكىنىڭ شىمالىدىكى كانادا ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكە زىمىنى ،ياخشى بازىرى بولسا، جەنۇبىدىكى لاتىن ئامرىكىسى ئەنگلىيە قاتارلىق ياۋرۇپا ئەللىرىنىڭ تاۋار بازىرى ئىدى. 1 ـ جاھان ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئەنگلىيە ئۇرۇش بىلەن بولۇپ كېتىپ بۇ رايوننىڭ مىللى كاپىتالىزمى مەلۇم تەرەققىياتقا ئېرىشتى. بۇ ئامرىكىنىڭ بۇ رايوندىكى بازىرىنى ئېچىشقا پايدىلىق بولغاندەك قىلسىمۇ ئەمىلىيەتتە چەكلىدى . مېكسىكابۇرژۇئا ئىنقىلابى ئارقىلىق ئىگىلىكنى تەرەققى قىلدۇرۇش يولىغا مېڭىپ ئامېرىكىنى چەكلەشتە ئەڭ گەۋدىلىك بولدى. ئامېرىكا بۇ رايوندا باش كۆتۈرگەن مىللى بۇرژۇئازىيىنىڭ چەكلىشىگە ئۇچراش بىلەن ئۇرۇشتىن كېيىن كونا بازىرىنى ئىگەللەشكە ئالدىرىغان ياۋرۇپا ئەللىرى بىلەن بازار تالاشتى، بازىرى تارىيىپ قوشنا بازارلىرىدا تۇرغۇنلۇق باشلاندى. دىمەك بازار كېڭىيىشىدىكى 2 ـ ،3 ـ بوشلۇق كىچىكلىدى .

يىراق شەرق رايونى (بۇماقالىدە ئاساسەن شەرقى ئاسيا ۋە شەرقى جەنۇبى ئاسيا رايونى كۆرسىتىدۇ. )دا ئامېرىكا فىللىفىننى (3)بازا قىلىپ ئىقتىسادى تەسىرىنى كېڭەيتكەن .بۇ رايوندا ياپونىيە بىلەن بازار تالاشقاندىن باشقا يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن مىللى بۇرژۇئازىيە بىلەنمۇ دوقۇرۇشۇپ قالدى. يەنى جۇڭگو ۋە شەرقى جەنۇبى ئاسيا بۇرژۇئازىيىسى مەلۇم بازار ئىگەللىدى. بىراق ئەڭ يامان بولغىنى 1 ـ جاھان ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن يۈپۈرلۈپ كەلگەن ،ياۋرۇپا بىلەن بازار تالاشتى شۇنىڭ بىلەن بۇ رايوندىكى سودىسى تار كوچىغا كىرىپ قالدى. گوللىنىشتىكى 4 ـ بوشلۇق كىچىكلىدى .

ئوتتۇرا شەرق،جەنۇبى ئاسيا ۋە ئوكيانىيە ، ئوتتۇرا ۋە جەنۇبى ئافرىقا ئەللىرىدىكى بولۇپمۇ ئاۋستىرالىيە،ھىندىستان،تۈركىيە،مىسىر،يېڭى زىللاندىيە

جەنۇبى ئافرىقا ۋە ئىرانلاردىكى مىللى بۇرژۇئازىيىنىڭ باش كۆتىرىشى ، مىللى ئىقتىسادنىڭ جانلىنىشى ئامېرىكىنى مەلۇم چەكلىدى . بىراق بۇ، رايونلار ئاساسەن ياۋرۇپا ئەللىرىنىڭ مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكىسى بولغاچقا، ئۇرۇشتىن كېيىن ئۇلارنىڭ بازار ئىگەللىشى بىلەن ئامېرىكا ئۇ جايلاردىكى بازارلىرىدىن زور دەرىجىدە ئايرىلدى .

ئامېرىكا1 ـ جاھان ئۇرۇشى ئاخىرلىشىپ بەش ،ئالتە يىل يۇقارقى9چوڭ بازاردا كۈچلۈك رىقابەتكە ئۇچۇرمىدى. بىراق ئامېرىكا غايەت زور بازارغا ئېرىشىپ ئىقتىساد ئىزچىل ئاشتى. ئامېرىكىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق بازىرى (1 ـ بازىرى) بولغان ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىدا پاي بازىرى ئاجايىپ جاللاندى. تازا گۈللىنىۋاتقان ئىقتىساد يەنە ئىككى ،ئۈچ يىل گۈللىنىش دەۋرىدىكى تورغۇنلىقنى باشلىدى . ھەتتا ياۋرۇپا تاۋارلىرىمۇ ئامېرىكا بازارلىرىغا زور كۆلەمدە كىردى. ئامېرىكىلىقلارمۇ ئۇخشىمىغان ئەللەر تاۋارلىرىنى ئېلىش ئىستىكىدە چەتئەل تاۋارلىرىنى قىزىقىش شەكلىدە ئالدى. تورغۇنلۇقنىڭ داۋاملىششى چېكىنىشنى كەلتۈردى. كاپىتالىستلار پايدا ئالدى ،ئىشچىلارنىڭ كىرىمى ماس قەدەمدە ئۆسمىدى، نورمال ئىقتىسادى ئايلىنىش بولمىدى. بۇنى بىز كىرزىسنىڭ توپ سەۋەبى دەيمىز .

مەدەنىيەت كېڭىيىش ئىقتىساد شۇناسلىقى يەنى ئىقتىسادنىڭ كېڭىيىش ۋە تارىيىش جەھەتتىكى مەدەنىيەت ئامىللىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم . بۇ ئىلىم نوقتىسىدىن تەھلىل قىلغاندا مەلۇم ئىقتىساد گەۋدىنىڭ تاۋارلىرى كۆپەيدى دىگەنلىك شۇخىل مەدەنىيەتنىڭ كېڭىيىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەكسىچە يەنە بىرخىل ئىقتىسادى گەۋدىنىڭ تەسىرى تارىيىدۇ. ئەركىن مال ئېلىشتىمۇ مەلۇم مەدەنىيەت ئاملى يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ئامېرىكا

ئىقتىسادىغا پايدىلىق ئىدىيۋى ئامىللار تۆۋەندىكىچە :

(1)يىغىلىققا ئىنتىلىش ئاملى. ياۋروپا ماللىرىغا كۆنۈپ كەتكەن يەرشارى ئەهلى ،1 ـ جاھان ئۇرۇشىدا ھالىدىن كەتكەن ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ماللىرىنى ئېلىشتىن ،يەنى <>مالنى ئېلىشتىن، يىغىدىن باش كۆتۈرگەن ئامېرىكا ماللىرىنى ئېلىشقا ئىنتىلدى. بۇ<>نىڭ مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ بىرى ئىدى .

(2)نارازى بولۇش ئاملى.ياۋروپا ماللىرىنى ئالدىن تاللاپ ئالمىدى ،چۈنكى ياۋروپا ئەللىرىنىڭ تاجاۋۇزى نۇرغۇن ئەل خەلقىنىڭ قەلبىدە مەلۇم ئۆچمەنلىك قوزغىغان .

(3)ئەڭ كۈچلۈككە زەربە بىرىش ئاملى.دۇنيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلەتلەر ئەنگلىيە ،فرانسىيىلەرنىڭ ماللىرى ئالماسلىق ياكى ئاز ئېلىش ئارقىلىق ،نۇرغۇن كىشىلەر ئۇ،دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىنى چەكلەپ ، ئۇلارنىڭ ئاجىزلىششىنى ئارزۇ قىلدى .

(4)ئۆدۈل كەلگەننى سېتىۋېلىش ئاملى. بىرقىسىملار ئەنئەنە جەھەتتىن ياۋروپا ماللىرىنى ئېلىپ كۆنگەن بولسىمۇ،ياۋروپا ئەللىرى ئۇرۇش بىلەن بولۇپ كىتىپ تاۋار چىقىرىشنى بوشاشتۇرۇپ قويدى.ئۇلارنىڭ تاۋارلىرى بازاردا ئازايدى.ئەكسىچە ئامېرىكا تاۋارلىرى شىددەت بىلەن بازارغا كىرىپ ،مالنى ئانچە تاللاپ ئولتۇرمايدىغان ياكى غاچچىدە ئېلىپ بازار ئارىلاپ يۈرۈشنى خالىمايدىغان كىشىلەر بار .بۇ، دەل بۇ خىلدىكى مال سېتىۋېلىش روھىيىتىدىكى كىشىلەرنىڭ سېتىۋېلىشىغا پايدىلىق بولدى .

مەدەنىيەت كېڭيىش ئىقتىساد شۇناسلىقى نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئامېرىكا ماللىرىنىڭ بازاردا نۇرغۇنلۇق ھالىتىگە چۈشۈپ قېلىشىنىڭ سەۋەبلىرى

(1)يۇقارقى 1 ـ ، ـ 4ئامىلدىكى سەۋەبلەرنىڭ ئامېرىكىدا

تەكرارلىنىشى .چۈنكى 1 ـ جاھان ئۇرۇشى ئاخىرلىشىپ ئىگىلىكنى تەرەققى قىلدۇرۇشقا باشلىغان،دۆلەتلەر ئامېرىكىغا مال كىرگۈزگىلى تۇردى. ئامېرىكىلىقلار مال سېتىۋالغاندا ئۆزىنىڭ ماللىرىنى ئەمەس چەتئەل ماللىرىنى <> ، <>دەپ قاراپ سېتىۋالدى .ئامېرىكا ماللىرىنىڭ ئۆز ۋەتىنى ئامېرىكىدا ئىنتايىن تۆۋەن نىسبەتتە بازىرى تارايغان بولۇپ ئۇنىڭدىن باشقا ياۋروپا ئەللىرىنىڭ قايتىدىن بازىرىنى كېڭەيتىشى مۇھىم سەۋەب بولدى .

(2)ئۆزلىرىنىڭكىنى ئالدىن تاللاش ئاملى.يەنى يېڭىلىققا ئىنتىلىش ھەم پايدىنىڭ قىززىقتۇرىشى بولۇپمۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەم مىللەتچىلىك ئىدىيلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن ھەرقايسى ئەللەردە مىللى سانائەت تىزباش كۆتەردى.خەلقئارا بازاردا ھەرقايسى ئەل خەلقى ئۆزلىرىنىڭكىنى ئالدىن سېتىۋالدى.چەتئەل ماللىرى مەلۇم مىقداردىكى بازار بوشلىغىدىن ئايرىلدى .

ئىقتىسادى كىرزىسىنىڭ يۈزبىرىشىدىكى يەنە بىر سەۋەبنى ،ئۇچۇر بوشلىقى ئىقتىساد شۇناسلىغى ئارقىلىق چۈشەندۈرۈش مۇمكىن. ئالدى بىلەن بوخىل نەزىرىيىگە تەبىر بىرەي يەنى ئىقتىسادنىڭ كېڭىيىش ۋە تارىيىش جەريانىدىكى ئۇچۇر سىستىمىسىنى ئىگەللەپ زىيانىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئىقتىسادى تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش ياكى زىيان سەۋەبىنى ئىگەللەپ يېڭىدىن ئالغا بېسىشنى كۆرسىتىدۇ .

ئۇچۇر بوشلىقى جەھەتتىن ئالغاندا دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلى ۋە ئۇرۇشتىن كېيىنكى ۋاقىتلىق بازارنىڭ نىسبى بوشلىغى ئامرىكا كارخانىلىرىغا غايەت زور كېڭىيىش ئوچۇرلىرىنى ئېلىپ كەلدى. كاپىتالىستلار پايدىنىڭ تۈرتكىسىدە ئىشلەپچىقىرىشنى زور دەرىجىدە كېڭەيتتى تەلەپ بىلەن تەمىنلەش ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت كۆرۈلدى.ئادەت خارەكتېردىكى مال زاكاس ئۇچۇرلىرى مىڭىسگە

قاچىلانغان كارخانچىلار داۋاملىق تاۋارنى ئىشلەشنى بىلىپ ،تارىيىۋاتقان ئۇچۇرغا دىققەت قىلمىدى ،كىرزىس يېقىنلاپ كەلدى. ئەمما كاپىتالىستلار پايدا قوغلىشىپ ئىشلەپچىقىرىشنى كېمەيتمىدى .

ئىقتىساد بوشلىغى ئىلمى بويىچە بولغاندائىقتىساد بولىدىكەن ئۇنىڭدا خوراش بولىدۇ ياكى تەرەققىيات بولىدىكەن ئۇنىڭغا كىرزىس يوشۇرۇلغان بولىدۇ .

يەرشارىلاشتۇرۇش كىرزىسنىڭ دۇنياۋىيلىششىدۇر. يەرشارىلاشتۇرۇش ئىككى قەدەم ماڭسا كىرزىس بىر قەدەم ئىلگىرلەيدۇ. ئىقتىسادى تەرەققىياتنىڭ ئاچچىق سايىسى ھەم زەھەرلىك دۇرىسى ئىقتىسادى بوھراندۇر .

كىرزىس چوقۇم قانۇنىيەتلىك بولىدۇ. ئەمما ئاساسى مەسىلە بىزنىڭ ئۇنى ۋاقتىدا بايقىمىغانلىمىزدىن تويۇقسىز ياكى ئوشتۇمتۇت يۈزبەرگەندەك ھىسسىياتتا ھەم تونۇشتا بولغانلىغىمىز ئۇچۇن ھەيران قالىمىز ،ئازاپلىنىمىز ،دۈشمەنلىرىمىز بولسا خوشال . ...

بىز كىرزىسنى چۈشىنىش ئۇچۇن ئالدى بىلەن كىرزىس بوشلۇقى ئىقتىساد شۇناسلىغى بىلىشىمىز لازىم .

كىرزىس بوشلۇقى ئىقتىساد شۇناسلىغى دىگىنىمىز: ئىقتىسادى تەرەققىياتنىڭ بوشلىغى تارىيىپ كۆپلىگەن تورغۇنلۇق ئامىلىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ئىپادىلىنىشى ھەم ئالاھىدە ئاپەت تۇپەيلىدىن كېلىپ چىققان ئىقتىسادنىڭ ۋاقىتلىق چېكىنىش ھادىسىسىنىڭ قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلمىنى كۆرسىتىدۇ .

بۇ خىل قاراش ئاساسەن ئىقتىسادنىڭ چېكىنىش ۋە تەرەققىياتىنى نورمال ئىزغا سېلىشنى بىلىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە .

ئامېرىكا ئىقتىسادى ئاساسى جەھەتتىن ئۆز بازىرىنى ئاساس قىلغان ئىنتايىن چوڭ بازار چەتئەللەردىكى بازىرى ئىنتايىن كىچىك ھىسابلىنىدۇ(ھازىرمۇ % 70

ئامېرىكا مەھسۇلاتلىرى ئۆز بازىرىدا سېتىلىدۇ). ئامېرىكا ئىقتىسادى راۋاجلانغان ۋاقىتتا پاي چېكى بازىرىغا كىرگەنلەر زور پايدىغا ئېرىشتى. تېخىمۇ كۆپ كىشىلەر مەبلەغنى بۇ، ساھەگە ھەسلەپ سالدى <>. ،(4)يوقارقىلاردىن پاي ساھەسگە سېلىنغان ئىقتىسادنىڭ كۆپلىكىدىن مەۋھۇم بۇشلۇقتا ئىلگىرلىگەن بايلىقنىڭ كىرىزىسقا يېقىنلاشقانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ (5)<>.يۇقارقىلاردىن پول ـ مۇئامىلە ساھەسگە داۋاملىق مەبلەغ سېلىنىپ ئىلگىرلەش مۇمكىنلىكى قالمىغان تەكرار مەبلەغ سېلىشنىڭ ئاپەت بوشلۇقىغا ئىلگىرلىگەنلىكىنى بىلىمىز .

(6)<>يۇقارقىدىن <> پول سودىسىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشتە گۈللىنىش ئەملىيەتتە ئىقتىسادنىڭ تېز ئاشمىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. ماھىيەتتە ئىقتىساد بوشلىقى كەڭ ئامېرىكا پول ـ مۇئامىلە ساھەسگە ئاققان مەبلەغ توپەيلىدىن بوشلۇق تارىيىپ ،ئۇنۇمسىز مەبلەغ زىچلىقى كۆرىلىپ كىرىزىس يېقىنلاپ كىلىپ قالغان ئىدى. كىشىلەر ئادەت خاراكتىرلىق پايدا تەپەككۇرى بىلەن بېيىش،<>بولۇشقا ئالدىرايتتى. ئەكسىچە ئامېرىكا كارخانىلىرىنىڭ بازىرى تارىيىپ تۇرغۇنلۇق باشلانغان بولغاچقا پايدا تۆۋەنلەپ كەتتى. داۋاملاشقان تۇرغۇنلۇق دەۋرىدە كىشىلەر ئەنئەنىۋى ئەركىن بازار ئىگىلىكىدە چىڭ تۇرۇپ ، يېڭى ئىقتىسادى بوشلۇق ياكى تەرەققىيات بوشلۇقى ئۈستىدە ئىزدەنمىدى ،كىشلەر سالغان مەبلەغنى ئازساندىكى كاپىتالىستلار داۋاملىق تەكرار ئىشلەپچىقىرىشقا سالدى ئاخىرى زىيان ئاۋۇپ يەنى كىرىزىسنى كەلتۈردى .

دۇنيا بويىچە ئىقتىساد تەرەققى قىلغان ياكى تۇرغۇنلۇق كۆرۈلگەن ۋاقىتتا يېڭى بوشلۇق ئېچىلمىسا ،كىرىزىس يېقىنلاپ داۋالغۇش كۆرىلىشى تەبىئىدۇر. مانا بۇ دۇنياۋىيلىششىنىڭ ئاپەت تەرىپىدۇر .

بۇ قېتىمقى كىرىزىسنىڭ ئاساسلىق تەسىرى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئىجتىمائىي

كرزىسنى ۋە دۇنيا ۋەزىيىتىنى جىددىيلەشتۇرۇۋەتتى. ياۋرۇپادا گىرمانىيە فاشىزمى باش كۆتۈرۈپ ،ئىتالىيە فاشىزمى كۈچەيدى ،ئىسپانىيىدە ئىنقىلاب پارتلىدى ،ئارقىدىن ھۇقۇق فاشىست كۈچلەرنىڭ قولىغا ئۆتتى باشقا دۆلەتلەردە زىددىيەت كەسكىنلەشتى. ئاسىيادا ياپونىيە فاشىزم باش كۆتۈردى ،رايون ۋەزىيىتى جىددىيلەشتى .ئافرىقا يەنىمۇ ئىلگىرلەپ تاجاۋۇزغا ئۇچرىدى .بىرقەدەر تىنچ لاتىن ئامرىكىسىدا چاكۇ(7)ئۇرۇشى پارتلىدى .

بۇ قېتىمقى ئىقتىسادى كىرزىس جۇڭگوغىمۇ زور تەسىر كۆرسەتتى .1ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئالدى ـ كەينىدە <> كۆرۈلگەن. جۇڭگو پاختا توقۇلما بويۇملىرىنىڭ 1925 ـ يىلى ئېكسپورت مىقدارى%20بولۇپ ،جۇڭگولۇقلارنى خوشال قىلغان ئىدى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ئۇرۇشتىن كىيىن ئىقتىسادى ئەسلىگە كەلگەن تەرەققى قىلغان كاپىتالىستىك ئەللەر( 1ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا ۋەيران بولغان ئەنگلىيە ،فرانسىيىنىڭ1924 ـ يىلى ئىگىلىكى ئەسلىگە كەلدى.)جۇڭگوغا بولغان ئىقتىسادى تاجاۋۇزىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن ھەم كۈچەيتكەن ئىدى.گەرچە نەنجىڭ مىللى ھۆكۈمىتى <> نى قانات يايدۇرغان بولسىمۇ،ئىقتىسادى كىرزىس زەربىسى تۈپەيلىدىن تەرەققى قىلغان كاپىتالىستىك ئەللەر جۇڭگوغا بولغان ئىقتىسادى تاجاۋۇزىنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈردى، ماللىرىنى تۆكمە قىلىپ ساتتى. 1931 ـ يىلى جۇڭگونىڭ پاختا توقۇلما بويۇملىرى ئېكسپورتى تۆۋەنلەپ %2،1ئەتراپىغا چۈشۈپ قالغان.ئەكسىچە پاختىنىڭ ئىكسپورت مىقدارى ئاشقان،نۇرغۇن كارخانىلار تاقالغان ياكى ۋەيران بولۇشقا يۈزلەنگەن ئىدى (8)<>.

يۇقارقىلار1929 ـ 1933 ـ يىللاردىكى كىرزىسنىڭ جۇڭگو جەمىيىتىگە تەسىر كۆرسەتكەنلىگىنىڭ ئىسپاتى. بىراق بىكىنمە جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات

بۇشلغى بار.ئىگىلىك باشقۇرۇش ياخشى بۇلسىلا،ئىقتىساد بۇشلغى كەڭرى ئىدى. خەلقئارا نۇقتىدىن ياپۇنىيە دۆلەت ئىچىدىكى كىرزىسنى هەل قىلىش هەم تاجاۋۇزچىلىق قارانىيىتىنى ئاشكارىلاپ<>نى پەيدا قىلىپ، جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ شەرقى شىمالنى بىسىۋالدى. كىيىنكى يىلى مانجۇرىيە دۆلىتىنى قۇردى،مانا بۇلار كىرزىسنىڭ رىئال ئىپادىسىدۇر.ئىقتىسادى كىرزىسنىڭ جۇڭگودىكى تەسرى، ئىجتىمائىي زىددىيەتنىڭ كەسكىنلىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. جەنۇبى جۇڭگودا قىزىل هاكىمىيەتلەرنىڭ مەۋجۇت بۇلىشى ئۈچۈن، سىنىپى ئىتتىپاقچى كۆچلەرنى كۆپەيتتى هەم گومىنداڭ هاكىمىيتىنىڭ ئىقتىسادى زەربىگە ئۇچرىشى ئىنقىلابى تايانچ بازىلارنىڭ تەرەققى قىلىشىغىمۇ پايدىلىق بۇلدى.ئەلۋەتتە جۇڭگو كومىنىستىك پارتىيىسىنىڭ تۇغرا رەهبەرلىكى، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىلىكى قاتارلىق سەۋەبلەر ئىنقىلابى تايانچ بازىلارنىڭ تەرەققى قىلىشىغىمۇ پايدىلىق بۇلدى . قانداق بۇلمىسۇن ئىقتىسادى كىرزىس جۇڭگوغا تەسىر كۆرسەتتى.خوش ئۇنداقتا ئۇيغۇر دىيارىغا تەسىر بۇلغانمۇ؟ئىپادىسىچۇ؟ دىگەن مەسىلىگە كەلسەك مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن .

3ـ يەرشارلىششىنىڭ تەسىرىگە كىچىكىپ،ئاران ئۇچرىغان ئۇيغۇر دىيارىنىڭ كىرزىسكىمۇ ئاستا ،ئاجىز ئۇچرىشى

يەرشارى بۇيىچە ئەڭ بىكىنمە ئۇيغۇر دىيارى ئىقتىسادى كىرزىس زەربىسىگە كىچىكىپ هەم ۋاستىلىق ئۇچۇردى . جۇڭگو ئىقتىسادى زەربىگە ئۇچراشقا باشلاپ دىيارىمىزغا تەسىر كۆرسەتتى، ئىقتىسادى كىرزىس زەربىسىگە ئۇچرىغان رايۇنلارنىڭ سانائەت مەهسۇلاتلىرى دىيارىمىزغا كىرىدى ،نامرات رايۇنىمىز يەنىمۇ ئىلگىرلەپ زەربىگە ئۇچرىدى،خەلقىنىڭ هالى خارابلاشتى. ئەكسىيەتچى

كۆچلەر خەلقنى شلىشنى ۋە بۇلاڭ ـ تالاڭنى تىزلەتتى.غەزەپلەنگەن خەلق ئارقا ـ ئارقىدىن قوزغالدى ، ئالدى بىلەن كىرزىسنىڭ كىرىش ئىشىكى بولغان ئۇيغۇر دىيارلىرىدىن بىرى بولغان قۇمۇلدا 1931 ـ يىلى خوجنىياز ھاجىم رەھبەرلىگىدە قوزغىلاڭ پارتلىدى.ئارقىدىنلا تۇرپاندا مەھمۇت مۇئىتى رەھبەرلىگىدە قوزغىلاڭ باشلاندى ،ئۇلارغا جۇر بولۇپ قاراقاش خەلقىمۇ قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ئىقتىسادى كىرزىس ياپونىيىنىڭ جوڭگوغا قىلغان تاجاۋۇزىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى .شەرقى شىمالدىن چىكىنگەن بىرقىسىم قوشۇن سوۋىت ئىتتىپاقى ئارقىلىق ئۇيغۇر دىيارىغا كەلدى .بۇ قوشۇن مىللىتارىست شىڭ شىسەينىڭ ھاكىمىيەت ئىگەللىشىگە مەلۇم پايدىلىق رول ئوينىغان .

خەلق ئىنقىلابىدىن پايدىلانغان جاھانگىرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بولغان يەرلىك ئەكسىيەتچىلەر ۋەتەننى پارچىلايدىغان بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت <>نى قۇردى. دىمەك ئىقتىسادى كىرزىسنىڭ كىچىكىپ كەلگەن تەسىرى ئۇيغۇر دىيارىدا تۈرلۈك زىددىيەتلەرنى كەسكىنلەشتۈرۈشى ھامان يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرىدۇ.يۇقارقىدەك بۆلگۈنچى ھاكىمىيەتنىڭ قۇرۇلىشى بىر مىسال بولىدۇ .

ـ 21 ـ 4ئەسىر بۇسوغىسىدىكى دۇنياۋى ئىقتىسادى كىرزىس ۋە ئۇنىڭ زەربىسىگە ئۇچراۋاتقان جوڭگونىڭ چىقىش يولى

دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئاساسى تەرەققىيات ئېقىمىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ئامىرىكىدا پارتلىغان ،بۇ قېتىمقى ئىقتىسادى كىرزىس. 21 ـ ئەسىر كىرىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئىنسانىيەت دۇچ كەلگەن ئەڭ چوڭ ئىقتىسادى ئاپەت بولدى .

ئىقتىساد بوشلىغى ئىلمى بويىچە ـ 2008 يىلى باشلانغان دۇنياۋى كىرزىس پارتلاش سەۋەبىدىن قارىغاندا ، ئاۋالقى كىرزىسنىڭ ماھىيەتلىك سەۋەبلىرى بىلەن ئوخشاش .بىراق كونكىرىتنى سەۋەبلىرى پەرقلىنىدۇ ھەم بۇ قېتىمى

كىرزىسنىڭ سەۋەبى بىرقەدەر مۇرەككەپتۇر .

تارىختا نەزەر تاشلايدىغان بولساق ،ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ياۋرۇپانى 1 ـ جاھان ئۇرۇشىدىنمۇ بەكرەك ھالسىزلاندۇرۇپ قويدى.ئامېرىكا كاپىتالىزم دۇنياسىدىكى سىياسى ،ئىقتىسادى ۋە ھەربى ئىشلار جەھەتتە ئەمىلى كۈچى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەت ۋە ئاتوم بومبىسىغا ئىگە دۇنيادىكى بىردىن بىر دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت بولۇپ قالدى .

ھازىر قانات قۇيرۇقى يېتىلىۋاتقان بىركۈت ئەمدى قىرانلىقىغا يەتكەن دەۋرگە كىردى. شىمالى قۇتۇپ ئېيىقى بىلەن دۇنيادا زومىگەرلىك تالاشتى .سىياسى جەھەتتە (9)<> شەكىللەندى مانا بۇ يالتا سىستىمىسىدۇر .ئەمما ئىقتىسادى جەھەتتە ئەينەك پەردە شەكىللەندى .

ئىقتىساد بوشلىغى ئىلمى بويىچە ئەينەك پەردە دېگىنىمىز: يەرشارى نۇقتىسىدىن ئىقتىسادى گەۋدىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسى ئىچىدە قانۇنى بەلگىلىمىلەر ئارقىلىق ئىقتىسادنى تەرەققى قىلدۇرۇش بىلەن بىرگە باشقا ئىقتىسادى گەۋدىلەرنىڭ تەرەققىيات بوشلىغىنى چەكلىشى، ئىگەللىشى،ياكى ئالدىن مەنپەتلىنىش،تەرەققى قىلدۇرش نامى بىلەن مەلۇم جوغراپىيىلىك رايۇننىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققى قىلدۇرىشى ئارقىلىق شەكىللەنگەن،رايۇنلار ئارا شەكىللەنگەن ئىقتىسادى پەرق چېگرىسىنى كۆرستىدۇ.ئەڭ قىسقىسى قارىماققا ئىقتىسادى ئالاقە قىلىۋاتقان توسۇق يوقتەك (يورۇق، ئەينەكتەك )بىراق ئەمىلىيەتتە توسۇق ۋە پەرق ساقلىنىۋاتقان ئىقتىسادنىڭ رايون ۋە دۆلەتلەر شەكىللەنگەن ئىقتىسادى چېگرا ،كورۇنمەس پەردىنى كۆرستىدۇ .

ئەينەك پەردە ئۇقۇمى يەنە مەلۇم بىر دۆلەت چېگرىسى ئىچىدىكى ئىقتىسادنى رايۇنلار ئارا باسقۇچقا ئايرىپ تەرەققى قىلدۇرۇش (نىسبى

چىگرىسنى )ئىقتىسادى ھەركىتىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. ئەينەك پەردە ئۆز ئىچىدىن كۈمۈش پەردە ۋە ئالتۇن پەردە قاتارلىقلارغىمۇ بۆلىنىدۇ .

سوغۇق ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى ياۋروپا ، شۇنداقلا ھازىرقى زامانىدىكى ئىقتىسادنىڭ رايونلىشىشى ،چاۋشيەن يېرىم ئارىلى ،تەرەققى قىلىۋاتقان ئەللەر بىلەن تەرەققى قىلغان ئەللەر يەنى جەنۇپ بىلەن شىمال سۆھبىتى چىگرىسىمۇ ئەينەك پەردىنىڭ چۈشۈرىلىشىنىڭ ئىپادىسىدۇر. جۇڭگو چوڭ قورۇقلۇقى بىلەن تەيۋەن ئوتتۇرىسىدا شونداقلا جۇڭگو چوڭ قورۇقلۇقنىڭ ئىقتىسادى پەرق تۆپەيلىدىن شەرقى قىسىم ،ئوتتۇرا ۋە غەربى قىسىم ئايرىلىشىمۇ يەنى ئىقتىسادى تەرەققياتنىڭ نىسبى چىگرىسىنىڭ شەكىللىنىشىمۇ بىر دۆلەت ئىچىدىكى ئەينەك پەردىنىڭ چۈشۈرىلىشىدۇر. سىياسى ،ھەربى زىددىيەتلەر تۈپەيلىدىن ئەينەك پەردە تېخىمۇ قاتتىقلىشىپ كۈمۈش پەردىگە ئايلىنىدىغان ئەھۋاللار بار . بۇنداق ئاتىشمىزدىكى سەۋەپ ،كۈمۈش تارىختا ئۇزاق زامانلاردىن بىرى ئەتىۋارلىنىپ پۇل قاتارىدا ئىشلىتىلگەن .ئىقتىسادى ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئىگىلىكنى تەرەققى قىلدۇرغىلى بولىسىمۇ ، زامانىمىزدا تەرەپلەرنىڭ قاتتىق بەلگىلىملەرنى چىقىرىپ ،ئىمبارگو يۈرگىزىشى ياكى ئالاھىدە بەلگىلىمە چىقىرىپ مەلۇم رايون،ساھەنىڭ ئىقتىسادى تەرەققياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن پايدىسىزلىرىنى ئىقتىسادى جەھەتتىن چەكلىشى كۆزدە تۇتىلىدۇ. ئايرىم ئىقتىسادى تەدبىرلەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ نورمال تەرەققياتىنى ساقلاپ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداش ئىشلىرى كۈمۈش قالقان دىيىش كىرەك.

مىساللار: 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىن يېقىنقى يىللارغىچە شىمالى ـ جەنۇبى كورىيە(چاۋشيەن) ،20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ 80 ـ يىللىرىغىچە بولغان چوڭ قورۇقلۇق بىلەن تەيۋەن ،ئامېرىكا بىلەن ئىقتىسادى ئىمبارگو يۈرگىزىۋاتقان كوبا

قاتارلىق دۆلەتلەر.مەلۇم دۆلەت ئىچىدىكى مەلۇم رايون ،مەلۇم ساھەنىڭ ئىقتىسادىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق ئالاھىدە سىياسەت بەلگىلەشمۇ كۈمۈش پەردە ئىچىدىكى رايونلاردۇر .مىسال : دىڭىز بويىدىكى ئالاھىدە ئىقتىسادى رايونلار،ئېچىۋېتىلگەن شەھەرلەركىرىدۇ .

ئىقتىساد بۇشلىغى نەزىرىيىسى بويىچە ئىقتىسادى ساھەدىكى بۇ قېتىمقى كىرزىس ياكى ئاۋالقى كىرزىس بولسۇن بىۋاستە سەۋەبى ئالتۇن پەردىدىن چاتاق چىقتى. ئالتۇن پەردە ئۇقۇمى : ھەرقانداق بىر دۆلەتنىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈش،ئۈنچە ـ مەرۋايىت، پۇل ـ مۇئامىلە قاتارلىق ساھەلەرنى قوغداش ،تەرەققى قىلدۇرۇشتىكى مالىيە سىياستى ھەم ئورگانلارنىڭ يىغىندىسىدۇر. بۇساھەدىكى كىشلەر ئالتۇن پەردە ئىچىدىكىلەردۇر .

سوۋىت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ سىياسى جەھەتتە <> ئېچىلدى ،ئىككى قۇتۇپلۇق دۇنيا ئاخىرلاشتى . ئەمىلىيەتتە دۇنيا <> ،ئامېرىكىنىڭ تەسىرىدە بولدى . دۇنيانى بىر قۇتۇپلۇق دۇنيا(ھېچ بولمىغاندا بو قېتىمقى ئىقتىسادى كىرزىس دەۋرىگىچە شۇنداق بولدى دىسەكمو بولىدۇ)دەۋرى باشلاندى.ئەمما ئىقتىسادى جەھەتتە كۆپ قوتوپ ۋەزىيىتى شەكىللەندى.ئالدى بىلەن ياۋروپادىكى ئەينەك پەردە ئېچىلدى .كۈمۈش پەردە يوقتىلدى .ئەمما تەرەققى قىلغان ئەللەر بىلەن تەرەققى قىلىۋاتقان ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى نىسبى پەرق چىگرىسى بولغان ئەينەك پەردە نىسبى ئېچىلغان بولسىمۇ ،ئاساسى جەھەتتىن چۇشۇرۇلۇپ توردى.غەرب ئەللىرنى مەركەز قىلغان ئەينەك پەردىنىڭ بۇ تەرىپى بىلەن ئۇ تەرىپىنىڭ چىگرىسىدىكى مۇۋاپىق بولمىغان ئىقتىساد ،سۇدا مۇناسىۋتى يەنى ئادىل ،مۇۋاپىق خەلقئارا ئىقتىسادى سىستىمىنىڭ ئورنىتىلمىغانلىقى .غەرب ئەللىرىنىڭ دۇنياۋىيلىشىش بايرىقىنى

كۆتىرىۋېلىپ،ئوچۇق بازار،ئەركىن رىقابەت شۇئارى -ئەملىيەتتە پەن-تېخنىكا ۋە ئىقتىسادى ئەملى كۈچ ئارقىلىق تەدبىر قوللىنىپ ئەملى كىرىمگە ئىگە بولىۋېلىپ ئەينەك پەردە بىلەن ئۆز مەنپەئەتىنى ئاساس قىلغانلىغى كىرزىسنىڭ مۇھىم سەۋەبىدۇر .

ئىقتىسادى تەرەققىياتتا مەبلەغنىڭ ھەددىدىن زىيادە پۇل موئامىلىسىگە ئېقىپ كىرىپ زىچلىق كۆرىلىپ ، ئامېرىكىدا ئىككىلەمچى قەرىز شەكلى ئارقىلىق بازارغا كىرىپ تەرەققىيات بوشلىغى تارىيىپ ،ئۈنۈملۈك ئەملى قىممەت يارىتىش تۆۋەن بولۇش .

ئىسلاھ قىلىنمىغان ياكى ئوزاق موددەت تەرەققىيات بوشلىغى دائىرىسىدە چوڭ ئۆز گىرىش بولمىغان دۇنيا بانكىسى ،خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتى قاتارلىق دەرىجىدىن تاشقىرى پۇل-موئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تورغۇنلوق ياكى ھاياتى كۈچىنىڭ كەمچىل بولىشى،پول سىستىمىسى نازارەتچىلىكىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىغى قاتارلىق 3خىل سەۋەب كىرزىسنىڭ بىۋاستە سەۋەبىدۇر .

مۇھىتىنىڭ ناچارلىششى،ئاشلىق ،ئالتون ،نىفت باھاسىدىكى ئىگىز- پەسلىك ،ئەتكەسچىلىك ۋە زەھەرلىك چېكىملىك(بىرقىسىم پۇلنىڭ يوقارقى 2 قار ئۆڭكىرگە ئېقىپ كىتىشى) سۇدىسىنىڭ ئەۋج ئېلىشىنىڭ يىغىندا تەسىرى قاتارلىقلارمۇ بۇ قېتىمقى دۇنياۋى كىرزىسنىڭ پارتىلىشىغا سەۋەب بولدى .

ھەرقايىسى ئەللەر بولۇپمۇ-2 ئورۇشدىن كىيىنكى ئاساسلىق كاپىتالىستىك ئەللەردە يولغا قويولغان دۆلەت مونوپول كاپىتالىزمى 20-ئەسرنىڭ 70-يىللىرى ئىقتىسادىتىكى داۋالغۇشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى ،دەپ قارىغان ئەللەر رۇزۋېلتچە ئىقتىسادقا ئارىلىششتىن ،نۆۋەتتىكى ئۈنىمدىن گۇمانلاندى.

شوڭا ھەرقايىسى ئەللەر ئىقتىسادقا ئارىلىششنى تارايتىپ، ئاخىرى بىرىپ

،ئەركىن قوغدىشىش سىياسىتىنى يولغا قويدى پاراۋانلىقنى مەلۇم جەھەتتە قىسقارتتى . ھۆكۈمەتنىڭ پىلان ،كۆرسەتكۈچ ياكى ئىقتىسادى مىخانىزىمىنىڭ ئايلىنىشىنى نازارەت قىلىش ۋە پۇل باشقۇرۇش نازارەتچىلىكىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى .

ئامېرىكىنىڭ ئىراق ،ئافغانىستانغا ئەسكەر چىقىرىشى ،ئىران ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنىڭ داۋالغۇشى. تېررورلۇقنىڭ يامرىشى ،روسىيە ـ گىرۇزىيە مۇناسىۋىتىنىڭ يامانلىشىشى ،شىمالى ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ شەرققە كېڭىيىشى .ئوتتۇرا شەرق ۋەزىيىتىنىڭ جىددىيلىشىشى ،چاۋشيەن يېرىم ئارىلى ۋەزىيىتىنىڭ كەسكىنلىشىشى، كەشمىر مەسىلىسى زىددىيىتىنىڭ بېسىقماسلىقى قاتارلىق ئامىللار تەسىرىدىن ھەربى خىراجەت ئېشىپ كەتتى .خەلقئارادا ئامېرىكىنى مەركەزقىلغان بىر قۇتۇپلۇق دۇنياغا بولغان نارازىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. مەدەنىيەت كېڭىيىش ئىقتىساد شۇناسلىقى بويىچە ھەتتا ئامېرىكىنىڭ زوراۋانلىقىغا ئۇچرىغان ھەم ئۇچرىغانلارغا ھېسداشلىق قىلىدىغانلار ئامېرىكا ماللىرىنى ئالماسلىق ياكى ئاز مىقداردا سېتىۋالىدىغان سىلىق قارشىلىشىش كەيپىياتى مەۋجۇت بولدى.گەرچە ئامېرىكا%70تاۋارلىرى ئۆز بازىرىدا سېتىلىپ خەلقئارا بازارغا تايىنىشچانلىقى تۆۋەن بولسىمۇ ئىقتىسادى تەرەققىياتقا پاسسىپ تەسىر كۆرسەتتى .ئەمما ئامېرىكىنىڭ تەسىرى داۋاملىق كۈچەيدى ،بولۇپمۇ ھەربى ھەركىتى كۆپىيىپ باردى .شۇڭلاشقا قورال ـ ياراق سودىسى ،بىر قۇتۇپلۇق دۇنيا ۋەزىيىتى شەكىللەنگەندىن بويانقى پەسىيىشتىن يۇقىرى ئۆرلەش ۋەزىيىتى شەكىللەندى ،مۇداپىيە چىقىمىنىڭ ئېشىپ كېتىشى گەۋدىلىك بولدى .چىگرا مەسىلىسى ،مىللەت ،دىن ،ئىدئولوگىيە ،سىياسى تۈزۈم، قىممەت قارىشى

قاتارلىق مەنپەئەت جەھەتتىكى زىددىيەتنىڭ گەۋدىلىنىشى يەرشارى ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا پاسسىپ تەسىر كۆرسەتتى. 1 ـ ، 2 ـ ، 3 ـ كەسىپ تەرەققىياتىنىڭ تەكشى بولماسلىقى ، زەھەرلىك چېكىملىك، ئەتكەسچىلىك ، باج ئوغرىلاش ياكى ھەر خىل شەكىلدىكى باجدىن قېچىش ۋە سىياسىنىڭ چىرىكلىشىشى قاتارلىق سەۋەبلەر بۇ قېتىمقى خەلقئارا كىرزىسنىڭ يۈزبېرىشىگە مەلۇم تەسىرلەرنى ئېلىپ كەلدى. مەن بۇ يەردە ئالدىنقى قېتىملىق ئىقتىسادى كىرزىس سەۋەبىگە ئوخشاش ئامېرىكىنىڭ بازاردىن ئايرىلىپ قېلىش ئەھۋالىنى ئايرىم تەھلىل قىلمىساقمۇ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن يېڭى مۇستەقىل بولغان ئەللەر بېقىندىلىقتىن ئۇزاق مۇددەت قۇتۇلالمىغان بولسىمۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىن باشلاپ ئىقتىسادى داۋاملىق ياخشىلىنىشقا باشلىدى . دۇنيا بازارىغا 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى قېتىلدى. دېمەك ئامېرىكىنىڭ بازار بوشلىقى داۋاملىق كېڭىيىپ باردى. ئىقتىسادىنىڭ دۇنياۋىيلىشىشىدىكى يېتەكچى دۆلەت ئامېرىكىغا داۋاملىق پايدىلىق بولدى. ئەمما ھەرقايسى ئەللەر ئىقتىسادىنىڭ يۈكسىلىشى ئامېرىكىنىڭ كىچىك رىقابەتچىلىرىنى كۆپەيتتى. ئىقتىسادىنىڭ دۇنياۋىيلىشىشى يېتەكچى دۆلەت ئامېرىكا يەنى بىرقۇتۇپلۇق دۇنيانى شەكىللەندۈرگەن بولسا، رايونلىشىشى يەنى ئىقتىسادى قۇتۇپلارنىڭ (گەۋدىلەرنىڭ )كۆپىيىشى سىياسىدىكى بىرقوتۇپلۇق دۇنياغا تەھدىت ۋە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. ئىقتىسادى رىقابەت، سىياسى جەھەتتە بىردۆلەتنىڭ دىگىنى، دىگەن بولۇشقا قارشى تورۇش ساداسىغا ئوخشاش خەلقئارا سىياسىدىكى كۆرەشلەر بىلەن قوشۇلۇپ، مۇۋاپىق بولمىغان ئىقتىسادى قورۇلما تۈپەيلىدىن يەرشارى خاراكتىرلىك ئىقتىسادى كىرزىس پارتلاپ، دۇنياغا زور تەسىر

كۆرسەتتى. دىمەك ئىقتىسادى مەسىلىلەر يىغىلىپ لاي ـ لاتقىلار چۆكتۈر دىڭىز قاتلىمىدىن ئۆرلەپ چىققاندەك ،سۇ يۈزىگە چىقتى. ئىنسانىيەتنىڭ ئانچە گۈزەل دەپ كەتكىلى بولمايدىغان تۇرمۇشى يەنە دەھشەتلىك كىرزىسنىڭ قايىنىمىغا ئۇچرىدى. ئىقتىسادى گەۋدىلەر پارچىلىنىشقا يۈزلىنىش،كارخانىلار ۋەيران بولۇش ،زاۋۇتلارتاقىلىپ قېلىش ،باھا قالايمىقانچىلىقى كۆرىلىپ ،ئىقتىسادنىڭ چېكىنىشى تېزلىشىپ ،تۇرلىك زىددىيەت ئەۋج ئالدى. ئىقتىسادى تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلىش ساداسى جاھاندا ياڭرىدى. باھا چۈشۈرۈش شاملى بىلەن سودا قۇرۇقچىلىقى دۇنيانى قاپلىدى. دۇنياۋىيلىشىش دۇلقۇنىدىكى سۇدا قۇرۇقچىلىقى ئەمىلىيەتتە يەرشارى مىقياسىدا ئەينەك پەردىنىڭ چۈشۈرىلىشىدۇر. دۇنياۋىيلىششتىكى چېكىنىش ،رايۇنلار ئىقتىسادىنى بىرگەۋدىلەشتۈرۈشتىكى بۆلىنىشتۇر. كىرزىس تەسرىدە ئىشسىزلىق كۆپىيىپ ،ئىجتىمائى زىددىيەت كەسكىنلەشتى، ھۆكۈمەتلەرگە بولغان بېسىم كۆپەيدى. ئىسلاندىيە ئىقتىسادى ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالدى ،ھۆكۈمەت غۇلاپ چۈشتى .ياپونىيگە ئوخشاش سىرتقا تايىنىشچانلىغى كۈچلۈك ئىقتىسادى گەۋدىلەرنىڭ ئىقتىسادى تېز چېكىندى. يەرشارى ئىقتىسادى تەرەققىياتى ئاستىلاش ،تۇرغۇنلۇق ۋە چېكىنىشكە دۇچ كەلدى. ياپۇن تاقىم ئاراللىرىدىن ـ ئىران ئىگىزلىگىگىچە ئورۇش ھىدى پۇراشقا باشلىدى،ئىران ئىگىزلىگىدىن ـ سىپىرۇس(قىبرىس) ئارىلىغىقىچە ئورۇش ئۆكسىمىدى،ھەربى زوراۋانلىق، تېرورلوق بىسىقمىدى. يەرشارى تىنچلىقى ئېغىر تەھدىتكە ئۇچراشقا باشلىدى. بىر قوتۇپتىن ،كۆپ قوتۇپلىششقا يۈزلىنىش گەۋدىلىك كۆرىلىشكە باشلىدى .

مىنىڭ مۆلچەرىمگە ئاساسەن ئەگەر دۇنيا ئىقتىسادىدا ـ 2010 يىلى ، ئاخىرىغىچە

ياخشلننش بولمسا ،كىرزىس 2014 ـ يىلىغىچە ئوزىراپ كىتىشى ئىقتىسادى زىيان كۆپىيىپ ئىقتىسادى ئاپەت 2 ـ دۇنيا ئورىشىدىن 9ھەسسە ئېشىپ كىتىشى مومكىن .

# ستالىننىڭ ئاتوم بومبىسى ۋە ئۇيغۇرلار ـ تارىخنىڭ ئېچىلمىغان سىرلىرى ـ

نەبىجان تۇرسۇن ( تارىخ پەنلىرى دوكتورى)

مۇندەرىجە

مۇقەددىمە ئورنىدا

1. ستالىننىڭ ئاتوم بومبىسى خىيالى قانداق تۇغۇلدى ؟

2. جاللاتلار ئارىسىدىكى 50 يىللىق كېلىشىم.

3. نەدە ئۇران بار؟

4. ستالىننىڭ قىلىچى ـ ئەيتىنگون قانداق ئۇچۇرغا ئېرىشتى ؟

5. كرېملدىن چىققان سادا: شېڭ شىسەينى يىقىتىش كېرەك!

6. ناگاساكى ۋە غۇلجا

7. ئارشاڭ ۋە كۆكتوقايدىكى قېزىش

8. ستالىننىڭ ئۇران پىلانىنى كىم پاش قىلىپ قويىدى؟

9. ئازادلىق ۋەدىسىگە ئالماشتۇرۇلغان بايلىقلار

10. "سىز كۈچلۈك پارتلاش ئاۋازى ئاڭلىدىڭىزمۇ"؟ ـ ئامېرىكىلىقلار نېمىنى بىلمەكچى بولدى؟

11. ئەخمەتجان قاسىمى ئۆلگەن كۈننىڭ ئەتىسى پارتلىغان ئاتوم بومبىسى

خۇلاسە ئورنىدا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى خەلقئارالىق ئاتوم كۈرىشىدە مۇھىم رول ئوينىدى.

مۇقەددىمە ئورنىدا

20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن باشلاپ، گېرمانىيە، ياپونىيە، ئىتالىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەر پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ھەربىي تېخنىكىسىنى راۋاجلاندۇرۇپ، قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچكە ئىگە بولۇش ئۈچۈن زور مەبلەغ سەرپ قىلدى. بولۇپمۇ، گىتلېر گېرمانىيىسى ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدە دۇنيانى بويسۇندۇرۇش پىلانىنى كۆڭلىگە پۈككەنلىكى ئۈچۈن ھەربىي خامچوتىنى يىلدىن ـ يىلغا كۆپەيتىپ، ھەربىي تېخنىكىنى تېز سۈرەتتە راۋاجلاندۇرۇپ، دۇنيا بويىچە ئەڭ قۇدرەتلىك ئارمىيە قۇرۇپ چىقىش ھەم ئەڭ ئۈستۈن ھەربىي قۇۋۋەتلەرگە ئىگە بولۇش ئارقىلىق كۆزلىگەن پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشتى. 2 ـ جاھان ئۇرۇشىنىڭ باشلىنىش ھارپىسىدىكى ئەنە شۇ قۇدرەتلىك كۈچلەر رىقابىتى ئەۋجى ئالغان

پەيتلەردە ئىلگىر ـ كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى، گېرمانىيە، ئامېرىكا، ئەنگلىيە ۋە باشقا دۆلەتلەر ئالىملىرى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ كۈچلۈك پارتلىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە بومبا ياساپ چىقىش مۇمكىنلىكىنى تونۇپ يەتكەن بولۇپ، مەزكۇر بومبىنى ياساش ئۈچۈن تۈرلۈك چارە ـ تەدبىرلەر قوللىنىلدى.

ئامېرىكىدىكى ئاتوم تەتقىقاتى ۋە ئۇنى ياساش پىكرى ئالدى بىلەن 1939 ـ يىلى گېرمانىيە پولشانى بېسىۋېلىپ، ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچقاندىن كېيىن مەيدانغا كەلدى. 1939 ـ يىلى، گىتلېر گېرمانىيىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى خالىماي، ياۋروپادىن ئامېرىكىغا قېچىپ كەلگەن بىر قىسىم ئاتوم ئالىملىرىدىن ۋېنگىرىيىلىك فىزىك كىلاد سىيو ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئەگەردە گېرمانىيە ئاتوم بومبىسىنى بۇرۇن ياساپ چىقسا ،ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ ئىنتايىن ئېغىر بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. ئارقىدىنلا ئېينىشتەيىن شۇ يىلى 8 ـ ئايدا ئامېرىكا پرېزىدېنتى روزۋېلتقا خەت يېزىپ، ئاتوم بومبىسى ياساش تەكلىپىنى سۇندى. 1940 ـ يىلغا كەلگەندە ئامېرىكا ئالىملىرى ئارىسىدا مەخسۇس ئاتوم بومبا ياساش مەسىلىلىرىنى مۇزاكىرە قىلىنغان بولۇپ، پەقەت 1941 ـ يىلى، 6 ـ دېكابىر كۈنى ياپونىيە دېڭىز ۋە ھاۋا قىسىملىرى ھاۋاي ئاراللىرىدىكى پېرىل ـ خاربور پورتىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قوزغاشتىن بىر كۈن بۇرۇنلا روزۋېلت ئامېرىكىنىڭ ئاتوم بومبىسى ياساش ۋە جىددىي تەرەققى قىلدۇرۇش لايىھىسىنى تەستىقلىدى. 1942 ـ يىلى، 8 ـ ئايدا ئاتوم بومبىسى ياساشنى مەقسەت قىلىدىغان " خامىلتون لايىھىسى" نى تەستىقلاپ، مەزكۇر لايىھە بويىچە ئاتوم قورالى ياساشقا كىرىشتى. 1943 ـ يىلى 7 ـ ئايدا بولسا، ئاتوم تەتقىقات ئىنستىتۇتى قۇرۇلۇپ، بۇ ساھەدىكى پۈتۈن تەتقىقاتلارنى مەركەزلەشتۈردى.(1)

ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى 1940 ـ يىلى ئاتوم بومبىسى ياساشنى قارار قىلىپ، بىر مەخپىي كومىتېت قۇردى. بۇ كومىتېتقا گېرمانىيىدە تۇغۇلغان كوممۇنىست ، ئەمما 1933 ـ يىلى گېرمانىيىدىن ئەنگلىيىگە كېتىپ، شۇ يەردە ئوقۇپ يەرلىشىپ قالغان ، فىزىكا ئالىمى كلائۇس فكۇسمۇ قاتناشتۇرۇلدى. بۇ ئارىدا ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا ئاتوم ياساش ساھەسى بويىچە يېقىندىن

ھەمكارلاشقان بولۇپ، 1943 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئەنگلىيە ئاتوم ئالىملىرى ئامېرىكىنىڭ "خامىلتون پىلانى"غا قاتنىشىپ، ئىككى دۆلەت بىرلىكتە ئاتوم تەتقىقاتى ۋە ياساش ھەمكارلىقى ئېلىپ بارغاندا، فىكۇسمۇ ئامېرىكىغا بېرىپ، مەزكۇر لايىھەگە قاتناشتى ھەمدە ئاتوم تېخنىكىسىغا ئائىت تېخىمۇ زور مەخپىيەتلىكلەرنى بىلىش ھەتتا ئاتوم بازىسىنىڭ فىزىكا تەتقىقاتىغا مەسئۇل بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.(2)

ناتسىستلار گېرمانىيىسىدىكى ئاتوم پىلانى 1939 ـ يىلى باشلانغان بولۇپ، گېرمانىيە ھەربىي تەييارلىقلار ۋە پىلان ئىدارىسى ئاتاقلىق فىزىكا ئالىملىرىدىن ۋېرنا خەرسېنبېرگ بىلەن ئوتتو گاننىڭ باشلامچىلىقىدا "ئۇران جەمئىيىتى" نامى ئاستىدا تەتقىقات ئورگىنى تەسىس قىلىش بىلەن ئاتوم تەتقىقاتى ۋە ئاتوم بومبىسى ياساشقا جىددىي كىرىشتى. ئۇنىڭ ئالدىدا ھامبۇرگ ئۇنىۋېرستېتىنىڭ پروفېسسورى پوۋل ھاداك گىتلېرگە ئاتوم بومبىسى ياساش ، ئەگەردە گېرمانىيە ئاتوم بومبىسىنى ياساش مۇمكىنچىلىكىگە ئىگە بولسا، ئۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ ئورۇننى ئىگىلەيدىغانلىقى ھەققىدە تەكلىپ سۇنغان ئىدى. 1940 ـ يىلى شىمالىي ۋە شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، بىر قىسىم دۆلەتلەردە ئۇران كانلىرىنى تېپىپ ئۇران ئايرىش مۇمكىنچىلىكىگە ئېرىشتى ھەمدە 1940 ـ يىلى 5 ـ ئايدا نورۋېگىيىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ، ئەينى ۋاقىتتا ياۋروپادىكى بىردىن بىر ئېغىر سۇ ئىشلەپچىقىرىدىغان نورۋېگىيىنىڭ ۋەيمونك زاۋۇتىنى كونترول قىلدى شۇنىڭدەك يەنە بېلگىيىنىڭ ئۇران كانىنى كونترول قىلىپ، گېرمانىيىنىڭ ئاتوم بومبىسى پىلانى ئۈچۈن ئىشلەتتى. شۇ يىلى، 12 ـ ئايغا كەلگەندە ئۇران تاۋلاش تېخنىكىلىرىنى ئىگىلىدى. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن، گېرمانىيە ئالىملىرى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتوم بومبىسى ياساشقا كېرەكلىك تېخنىكىنى ئۈزلۈكسىز تەتقىق قىلىپ ھەم تەرەققى قىلدۇرۇپ، مول تەجرىبىلەرنى توپلىغان بولسىمۇ، لېكىن گېرمانىيىنىڭ يادرو قورالى ياساش پىلانى ئىتتىپاقچى دۆلەتلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز ھۇجۇملىرى ۋە بۇزغۇنچىلىقلىرىغا ئۇچراپ، ناتسىسلارنىڭ ئاتوم بومبىسىنى ياساپ پۈتتۈرۈش ۋاقتى ئارقىغا سۈرۈلدى. مەسىلەن 1943 ـ يىلى، 2 ـ ئايدا ئەنگلىيە

ئالىي ھەربىي قوماندانلىق شتابى گېرمانىيىنىڭ نورۋگىيىدىكى ۋەيمونك ئېغىر سۇ ياساش زاۋۇتىنى پارتلىتىش ئۈچۈن بىر زەربىدار ئەترەت تەشكىللىگەن بولۇپ، ئالتە كىشىلىك مەزكۇر گۇرۇپپا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا بۇ زاۋۇتنى پارتلىتىۋېتىپ ، گىتلېرنىڭ ئاتوم بومبىسى ياساش پىلانىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى. بۇ زاۋۇت بىر يىلغا يېقىن ۋاقىت ئاتوم بومبىسىغا كېرەكلىك ئېغىر سۇ ئىشلەپچىقىرىش مۇمكىنچىلىكىدىن مەھرۇم قالغان بولۇپ، بۇ ئەھۋال گېرمانىيىنىڭ ئاتوم بومبىسىنى بۇرۇن ياسىشىنى كېچىكتۈرۈپ، ئىتتىپاقچىلارنىڭ ئاخىرقى غەلبىسى ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىش رول ئوينىدى. ئەلۋەتتە، گىتلېر گېرمانىيىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئاتوم بومبىسى ياساشقا ئەڭ بۇرۇن كىرىشىپ، يەنىلا ئۇنى ياساپ چىقىشقا ئۈلگۈرەلمىدى؟ دېگەن سوئال ھازىرغىچە مۇنازىرە قوزغاۋاتقانلىقى مەلۇم بولۇپ، بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى سۈپىتىدە تۆۋەندىكى ئامىللارنى ئەسلەپ ئۆتۈش مۇمكىن.

بىرىنچىدىن، ئىتتىپاقچى ئارمىيىنىڭ ناتسىسلارنىڭ ئاتوم ياساش بازىلىرىغا ھاۋا ھۇجۇمى قوزغاپ، ئۇلارغا تۇرلۇك بۇزغۇنچىلىقلارنى ئېلىپ كېلىشى، گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا كۆپ سەپلەردە ئۇرۇش قىلىشى نەتىجىسىدە ماددى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن قىيىنچىلىققا يولۇقۇپ، ئاتوم پىلانىغا سېلىنغان مەبلەغدە كەمچىللىك كۆرۈلۈشى.

ئىككىنچىدىن ، ئاتوم تەتقىقات تارماقلىرىنى تارقاقلاشتۇرىۋېتىپ، بىر مەركەزگە يىغىنچاقلىنالماي، ئالىملار ئارىسىدا دائىم پىكىر ۋە تەتقىقات ئىختىلاپلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى شۇنىڭدەك يەنە ناتسىسلارنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى ئىرقچىلىك سىياستى يۈرگۈزۈپ، ئېينىشتەيىن قاتارلىق كۆپلىگەن يەھۇدىي ۋە باشقا مىللەتلەردىن كېلىپ چىققان ئاتوم ساھەسىگە مۇناسىۋەتلىك ئالىملارنى چەتكە قېقىشى ھەمدە ئۇلارنى زەربە بېرىشى ئوبيېكتى قىلىش تۈپەيلىدىن، ئۇلارنىڭ گىتلېر گېرمانىيىسى ئۈچۈن ئىشلەشتىن باش تارتىپ، ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيىنىڭ ئاتوم بومبىسى پىلانى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى.

ئۈچىنچىدىن ، گىتلېر گېرمانىيىسىنىڭ ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ ھەربىي

قۇدرىتىگە ھەددىدىن زىيادە ئېشىپ كېتىپ، ئاتوم قورالى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدىكى مەۋجۇت ھەربىي كۈچىگە تايىنىپمۇ ئۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ غەلىبىگە ئېرىشەلەيدىغانلىقىغا بولغان ھەددىدىن زىيادە ئىشىنىشتىن كېلىپ چىققان ئۆزلىرىنى كۈچلۈك چاغلاش ھەمدە ئامېرىكا، ئەنگلىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇنچىۋالا تېز ئارىدا ئاتوم بومبىسى ياسىيالىشىغا ئىشەنمىگەنلىكى قاتارلىق خاتا ھۆكۈملىرىمۇ ئەڭ مۇھىم ئامىللاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشىنىڭ باشلىنىشى ۋە كۈنسايىن جىددىيلىشىشى ھەمدە ئۇرۇش سەپلىرىنىڭ كېڭىيىشى شۇنىڭدەك سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە قاتارلىق ئىتتىپاقچى دۆلەتلەرنىڭ 1944 ـ يىلىدىن تارتىپ گېرمانىيە ئارمىيىسىگە قارشى ھەربىي ھەرىكەتلىرى ھەل قىلغۇچ باسقۇچقا ئۆتۈش جەريانىدا ئاتوم قورالىغا ئىگە بولۇش ۋەزىيەتنىڭ مۇھىم تەقازاسىغا ئايلانغان بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى، گېرمانىيە، ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا مەزكۇر قورالغا تېز ئىگە بولۇش ئۈچۈن تېخىمۇ جىددىي ھەمدە مۇتلەق مەخپىي تەدبىرلەرنى ئالدى. چۈنكى، مەزكۇر قورالنىڭ ئالدى بىلەن كىمنىڭ قولىدا بولۇش ئەينى ۋاقىتتىكى دۇنيا ۋەزىيىتى ۋە تەرتىپىنى بەلگىلەشتىكى ئۇستۇنلۈككە باغلىنىشلىق مەسىلە بولغاچقا، ئەگەردە مەزكۇر قورال گىتلېر گېرمانىيىسى تەرىپىدىن بۇرۇن ياسىلىپ، ئىشلىتىش پۇرسىتىگە ئېرىشىلسە، ناتسىستلارنىڭ پۈتۈن سەپلەر بويىچە ئىتتىپاقچىلارنى ( سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى، ئەنگلىيە ) مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىشى، بەلكى گىتلېرنىڭ دۇنيانى بويسۇندۇرۇپ، 3 ـ ئىمپېرىيە قۇرۇش چۈشىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان بولار ئىدى. شۇ سەۋەبتىن 2 ـ جاھان ئۇرۇشى داۋامىدا ئاتوم بومبىسى گېرمانىيىدىن بۇرۇن ياساپ چىقىش ۋە ياكى گىتلېر گېرمانىيىسىنىڭ بۇ پىلانىنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا يول قويماسلىق ئىتتىپاقچى دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي ـ سىياسىي ئىستراتېگىيىسىنىڭ مۇھىم كۈن تەرتىپىگە قويۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ئاتوم پىلانى ۋە تېخنىكىسى مۇتلەق مەخپىي تۇتۇلدى جۈملىدىن ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيە بۇ ساھەدە ھەمكارلاشسىمۇ، بىراق ئۇنى ئۆز ئىتتىپاقچىسى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ھەمدە ئورتاق رەقىبى گىتلېر گېرمانىيىسىدىن مۇتلەق مەخپىي تۇتقان بولۇپ،

ئامېرىكا ـ ئەنگلىيە  مەيلى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ياكى گېرمانىيە بولسۇن ھەر ئىككىلىسىنىڭلا بۇ قورالغا ئۆزلىرىدىن بۇرۇن ئىگە بولۇشنى خالىمىغان ئىدى. چۈنكى، بۇ قورالغا مەزكۇر ئىككى دۆلەتنىڭ قايسىسى ئۆزلىرىدىن بۇرۇن ئىگە بولسا، ئوخشاشلا ئۇلارنىڭ مەنپەئەتلىرىگە خىلاپ بولۇپ، ئەگەر گېرمانىيە بۇرۇن ئىگە بولسا، 3 ـ ئىمپەرىيىنىڭ قۇدرىتى ئىتتىپاقچىلارنى ۋەيران قىلىپ، دۇنيا سىياسىي تەرتىپنى  گىتلېر گېرمانىيىسىنىڭ بەلگىلەش ئۈستۈنلۈكى بولاتتى. بۇ ئەلۋەتتە، ئامېرىكا، ئەنگلىيە  ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەنپەئەتلىرىگە ئورتاق زىيانلىق بولسىمۇ، بىراق، ئامېرىكا ـ ئەنگلىيىنىڭ ئوخشاشلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ قورالغا ئۆزلىرىدىن بۇرۇن ئىگە بولۇشنى خالىماسلىقىدىكى سەۋەب، ئەگەر ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشى گىتلېر گېرمانىيىسىنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلاشقان تەقدىردىمۇ، 30 يىلدىن بېرى غەرب كاپىتالىزم دۇنياسى بىلەن رىقابەتلىشىپ ھەم دۈشمەنلىشىپ كەلگەن، دۇنيانى ئىدىئولوگىيە جەھەتتىن ئىككىگە بولۇپ، ئۆزلىرىگە كۈچ توپلاپ، ئاخىرىدا كوممۇنىزم لوزۇنكىسى ئاستىدا پۈتۈن دۇنيادىكى رەھبىرى دۆلەتلىك سالاھىيەتكە ئېرىشمەكچى بولغان  سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاتوم قورالغا تايىنىپ، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنى ئاخىرلاشتۇرۇشتا زور ھەسسە قوشقان، ئەڭ غالىپ ۋە قۇدرەتلىك مەملىكەت سۈپىتىدە قەد كۆتۈرۈپ، خۇددى گىتلېر گېرمانىيىسىگە ئوخشاشلا  ئامېرىكا، ئەنگلىيە ۋە باشقا غەرب دۆلەتلىرىنىڭ مەنپەئەتلىرىنى زەربىگە ئۇچرىتاتتى. ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا مەيلى ناتسىسىزم، مەيلى كوممۇنىزم بولسۇن ھەر ئىككىلىسى ئوخشاشلا خەتەرلىك ئىدىئولوگىيە بولۇپ، غەربنىڭ دېموكراتىك، ئەركىن ئىدىيىسى ۋە باشقا تۈرلۈك مەنپەئەتلىرىگە تامامەن خىلاپ ئىدى. نەتىجىدە، ئۇرۇشتىن كېيىنكى دۇنيا تەرتىپنى قايتىدىن بېكىتىشتە يالغۇز سوۋېت ئىتتىپاقىلا ئەمەس، بەلكى ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە    بىر تەرەپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىر تەرەپ  بولۇپ، رول ئوينىدى. زاتەن، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىمۇ ئەنە شۇ مەنپەئەتلەر توقۇنۇشىنىڭ خۇلاسىسىدىن ئىبارەت ئىدى خالاس.

ئۇنداقتا ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئاتوم بومبىسى مەسىلىسىگە قانداق پوزىتسىيە تۇتتى ھەمدە بۇ

ساھەدە قانداق ھەرىكەت قوللاندى؟ نېمە ئۈچۈن  سوۋېت ئىتتىپاقى ئامېرىكىدىن  تۆت يىل كېيىن مەزكۇر قورالغا ئىگە بولالىدى ؟ دېگەن سوئالنىڭ تۇغۇلۇشى تەبىئىي. ئومۇمەن، بۇ ھەرگىزمۇ يېڭى سوئال ئەمەس، بەلكى مەزكۇر سوئاللار 50 يىللاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭ  ئارىسىغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاتوم بومبىسىغا ئىگە بولۇشىدا ئۇيغۇرلار ، جۇملىدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدىكى دۇنيا سىياسىي تارىخىدىكى بىر مەزگىللىك قىستۇرما كۆي بولغان "شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى" ۋە ياكى  "ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى  ھۆكۈمىتى " قانداق رول ئوينىدى؟ دېگەن سوئالنى قوشقاندا مەزكۇر تېما بىراز يېڭىلىنىدۇ ھەمدە تولۇقلىنىدۇ.

1. ستالىننىڭ ئاتوم بومبىسى خىيالى  قانداق تۇغۇلدى؟

بۈگۈنكى رۇسىيە تارىخچىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ  ئاتوم ياساش ئىدىيىسىنىڭ پەيدا بولۇشى ھەمدە بۇ ساھەدە مەخسۇس پىلان تۈزۈپ، ئىشقا كىرىشىنىڭ  گېرمانىيە، ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىدىن كېيىن بولغانلىقىنى ھۆكۈم قىلسىمۇ، لېكىن پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، گىتلېر گېرمانىيىسىنىڭ   ھەربىي خامچوتىنىڭ يىلدىن ـ يىلغا كۆپەيتىپ، ھەربىي تېخنىكىسىنى تېز سۈرەتتە راۋاجلاندۇرۇپ، دۇنيا بويىچە ئەڭ قۇدرەتلىك ئارمىيە قۇرۇپ چىقىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ دۇنياغا زومىگەرلىك  قىلىش پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئۇرۇنۇشى ھەتتا  1939 ـ 1940 ـ يىللىرىدا پولشا ھەم باشقا بىر قىسىم شىمالىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنى بېسىۋېلىشى   ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقى، ئەنگلىيە  قاتارلىق دۆلەتلەرنى ئوخشاشلا ئەندىشىگە سالغان.  گەرچە، 1939 ـ يىلى، 23 ـ ئاۋغۇست كۈنى گېرمانىيە پولشاغا ھۇجۇم قىلىش بىلەن 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنى باشلاشقا بىر ھەپتە قالغاندا موسكۋادا  " سوۋېت ئىتتىپاقى ـ گېرمانىيە ئۆزئارا ئۇرۇش قىلماسلىق كېلىشىمى"  تۈزگەن بولسىمۇ، بىراق موسكۋا يەنىلا  ھەربىي جەھەتتىن گېرمانىيىدىن خاتىرجەم ئەمەس ئىدى . بولۇپ، گىتلېر پولشانى ۋە ئارقىدىنلا باشقا ياۋروپا دۆلەتلىرىنى ئارقىمۇ ـ ئارقا ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ھەربىي جەھەتتە  گېرمانىيىدىن ئاجىز قېلىشنى تېخىمۇ خالىمىدى. ئۇرۇش ئوتلىرىنىڭ ئۇچقۇنلىرى چاقناۋاتقان ئەشۇ كۈنلەردە   گېرمانىيە ئالىملىرىدىن  ئوتتو گان، فرانسىيە ئالىمى فرېدېرىك زھولىيو

كيۇرى قاتارلىقلار 1938 ـ يىلى، ئۇران ـ 235 نى پارچىلاش ئارقىلىق ،ئۇنىڭدىن كۈچلۈك بىر ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى چىقىرىش مۇمكىنلىكىنى سەزدى. بۇ زور قىزىقىش قوزغىدى. ئارقىدىنلا رۇسىيە ئالىملىرىدىن گېئورگىي فلېروۋ بىلەن يۇلىيا خارتىنوۋ 1939 ـ يىلى، ئۇران ـ 235 رېئاكسىيىسىدىن كۈچلۈك پارتلاتقۇچ ياساش مۇمكىنلىكىنى بىلدى. 1939 ـ 1940 ـ يىلى بولسا، ئاتوم بومبىسى ياساش مەسىلىسى ئامېرىكا ئالىملىرى ئارىسىدا ھەتتا مەتبۇئاتلىرىدا پەيدا بولۇشقا باشلىدى. قىسقىسى ئاتوم بومبىسىدىن ئىبارەت پارتلىتىش ئىقتىدارى ئەڭ كۈچلۈك قىرغۇچى بومبا ئۈچۈن ئۇران ـ 235نىڭ ھەل قىلغۇچ ماتېرىيال قىلىنىدىغانلىقى ئېتىراپ قىلىنىپ بولۇنغان ئىدى. ستالىن ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتقان بۇ بىر قاتار زور ھەربىي ـ سىياسىي ئۆزگىرىشلەرگە شۇنىڭدەك گېرمانىيە، ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىنىڭ ئاتوم بومبىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەربىي پەن ـ تېخنىكىسىغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارغا دىققەت قىلماسلىقى ھەمدە بۇنىڭغا جاۋابەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي ۋە ئېغىر سانائىتىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇشنى تېزلىتىشنى ئويلاشماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەنە شۇ سەۋەبلەردىن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئۆز دۆلىتى تەۋەسىدىلا ئەمەس، بەلكى ئەينى ۋاقىتتىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرى ئاستىدىكى رايون ("بۇففەر زونى") ھېسابلانغان شىنجاڭ ئۆلكىسىدىمۇ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، يەر ئاستى بايلىقلىرىنى جۈملىدىن ئۇران ، ۋولفرام قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈرلۈك كەم ئۇچرايدىغان مېتال بايلىقلىرىنى تېپىپ چىقىپ ۋە قېزىپ، ئۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك سانائەت پىلانلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىشنى قارار قىلغان ئىدى.(3)

1941 ـ يىلى، 6 ـ ئايدا گېرمانىيە ئارمىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قوزغاپ، سوۋېت ـ گېرمان ئۇرۇشى باشلانغاندىن كېيىن، سوۋېت ئالىملىرى ئارىسىدا ئاتوم بومبىسى ھەققىدىكى مۇنازىرىلەر مەيدانغا چىقتى ھەتتا 1941 ـ يىلى "ھەقىقەت" گېزىتىنىڭ 13 ـ ئۆكتەبىردىكى سانىدا ئاكادېمىك پ. ل.كاپىتسىنىڭ "بىر شەھەرنى ھەتتا مىليونلاپ ئادەمنى بىراقلا قىرىۋېتىش مۇمكىن بولغان ئاتوم بومبىسى ھەققىدىكى ئىنكاسى ئېلان قىلىندى " (4). قىسقىسى، بۇ ۋاقىتتا

سوۋېت فىزىكا ۋە خىمىيە ئالىملىرى ئارىسىدا ھەقىقەتەن مۇنداق بىر قورالنىڭ ئىجاد قىلىنىشى مۇمكىنلىكىگە بولغان ئىشەنچ شەكىللىنىپ بولغان ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى قوشۇنلىرىنىڭ گېرمانىيە ئارمىيىسى تەرىپىدىن زور مەغلۇبىيەتلەرگە ئۇچرىتىلىپ، دۆلەت تەقدىرى ئېغىر تەھدىتكە دۇچ كېلىۋاتقان 1941 ـ يىلىنىڭ ئۆكتەبىر ئېيىدا سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ چاقىرغان بىر يىغىنىدا سوۋېت ئىتتىپاقى خەلق ئىچكى ئىشلار كومىسسارىياتىنىڭ كومىسسارى لاۋرېنتى بېرىيا دوكلات بېرىپ، ئەنگىلىيىنىڭ ئاتوم قورالىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن تۈزگەن پىلانى تۈزگەنلىكى ، ئامېرىكىنىڭ بولسا ئاتوم بومبىسىنى ياساشقا جىددىي تۇتۇش قىلىۋاتقانلىقىنى رازۋېتكا ئارقىلىق ئىگىلەنگەنلىكىنى مەلۇم قىلغان(5). بۇ ماتېرىيالنى ئەنگىلىيىنىڭ ئۇران تەتقىقات كومىتېتىدا ئىشلەۋاتقان فىزىكا ئالىمى . سوۋەت جاسۇسى فكۇس مەخپىي تۈردە تەمىنلىگەن بولۇپ، ئۇ ئەنگىلىيىنىڭ بەلكى ئىككى يىل ئىچىدە ئاتوم بومبىسى ياساپ چىقىشى مۇمكىنلىكىنى يەتكۈزگەن(6). ئارقىدىنلا مەزكۇر جاسۇس يەنە ئۇران ـ 235 نىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئايرىلىش ھەققىدىكى تېخنىكىلىق ئۇچۇرلارنى، ئۇزۇن ئۆتمەي، بېرىتانىيە ھەربىي كابىنېتى تەييارلىغان ئاتوم بومبىسى ھەققىدىكى مەخپىي دوكلاتنىڭ تولۇق تېكىستىنى موسكۋاغا يەتكۈزدى. بېرىيا بۇ ئۇچۇرلارنى ستالىنغا مەلۇم قىلدى. لېكىن، مەزكۇر ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى مۇرەككەپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى پەقەت كەسپىي ئاتوم ئالىملىرىلا چۈشىنەلەيتتى. شۇ سەۋەبتىن بۇ ماتېرىياللار تاكى 1943 ـ يىلىغىچە بىر يېرىم يىل مەخپىي ساقلىنىلدى.(7)

شۇنى ئەسكەرتمەي بولمايدىكى، ئەينى ۋاقىتتا ئۆزىنى پرولېتارىياتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ داھىيسى، خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ داھىيسى دەپ ھېسابلىغان يوسىف ستالىننىڭ ئۇيغۇر ئېلىدىن قىممەتلىك، كەم ئۇچرايدىغان، ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە رەڭلىك مېتاللار جۈملىدىن "مۇناسىۋەتلىك يەر ئاستى بايلىقلىرى" نى تەكشۈرۈپ تېپىشقا ئۆزى بىۋاستە ئارىلىششى ھەم رەھبەرلىك قىلىشى، مەزكۇر پىلاننىڭ پەقەت ئاددىي ھالدا گېئولوگىيە ۋە رەڭلىك مېتال ساھەسىنىڭ خىزمىتى ئەمەسلىكى، بەلكى دۆلەتنىڭ ھەربىي ـ سىياسىي قۇدرىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك

پىلان ئىكەنلىكىنى كۆرسەتسە كېرەك.

2. جاللاتلار ئارىسىدا تۈزۈلگەن 50 يىللىق كېلىشىم

گرۇزىيىدىن چىققان يوسىف ستالىن بىلەن مانجۇرىيىدىن چىققان شېڭ شىسەينىڭ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىكى ئىنسانىيەتنىڭ پاجىئەلىك تارىخىدا جاللاتلىق بىلەن مۇھىم ئىز قالدۇرغانلىقى تارىخ سوتى تەرىپىدىن ئاللىبۇرۇن ھۆكۈم قىلىنىپ بولۇنغان. ئۇلارنىڭ بىرى ئۇستا يەنە بىر شاگىرت بولۇپ، بىراق رەھىمسىزلىكتە ھەر ئىككىسىلا ئوخشاش. ئۇستىسى ستالىن ئۆز ئايالىنى ھەم ئەڭ يېقىن دوستلىرى، ئۆزىنى قوللىغان مەسلەكداشلىرىنى ئۆلتۈرگەن بولسا، شاگىرتى شېڭ شىسەيمۇ ئوخشاشلا بىر قوساقتىن تۇغۇلغان ئۆز ئىنىسىنى ھەمدە ئەڭ يېقىن دوستلىرىنى ئۆلتۈرگەن . ئالدىنقىسىنىڭ قولىدا مىليونلىغان ئىنسانلار ھاياتىدىن ئايرىلغان ۋە خانىۋەيران بولغان بولسا، ئوخشاشلا كېيىنكىسىنىڭ قولىدىمۇ يۈزمىڭلىغان ئىنسانلار ئۆلدى ۋە خانىۋەيران بولدى. يەنە كېلىپ، بۇ ئىككى شەخسنىڭ قولىدا ئۆلگەن ھەم ۋەيران بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانىنى ھېسابلاپ چىقىش تېخىمۇ قىيىن. ستالىننىڭ نەزىرىدە شېڭ شىسەي رەھبەرلىكىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىسى ئۆز تەۋەلىكىدىكى جاي بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 17 ـ ۋە ياكى 18 ـ جۇمھۇرىيىتىگە ئوخشىتىلغان، چۈنكى ئەينى ۋاقىتتا غەرب سىياسىيونلىرى تاشقى موڭغۇلىيىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 16 ـ جۇمھۇرىيىتىگە ئوخشاتقان ئىدى. بىراق، موسكۋانىڭ 15 ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاشقىرىسىدىكى ، ئۆزى بىلەن چېگرا مەزكۇر ئىككى رايوننىڭ موسكۋا ئۈچۈن ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيىتى، كۆزلەنگەن مەقسىتى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى تاشقى موڭغۇلىيە پەقەتلا سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىنلا ئېتىراپ قىلىنغان مۇستەقىل دۆلەت بولۇپ، ئەمما، شىنجاڭ ئۆلكىسى نامدا جۇڭگونىڭ بىر ئۆلكىسى دەپ ئېيتىلسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە بۇ يەر نەنجىڭگە ئەمەس، بەلكى موسكۋاغا بېقىناتتى(8). ستالىن ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ يەردە مەيلى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ۋە ياكى باشقا مىللەتلەر ھەتتا مىلتارىستلار تەرىپىدىن مۇستەقىل بىر دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشىغا قەتئىي يول قويماسلىق قارارىغا كەلگەن بولۇپ، ھەتتا شېڭ شىسەينىڭ ئۇدا

بىر قانچە قېتىم شىنجاڭنى مۇستەقىل سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەت قىلىش ۋە ياكى  ھېچ بولمىغاندا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىگە ئايلاندۇرۇش  تەلىپىنى رەت قىلىپ،(9) شېڭ شىسەينىڭ " 6 بۈيۈك سىياستى" نىڭ تەركىبىگە "شىنجاڭنى ئەبەدىي جۇڭگونىڭ بىر ئۆلكىسى قىلىش" دېگەن ماددىنى كىرگۈزگىنىدى (10). ئەينى ۋاقىتتىكى مەركىزىي ئۆلكە ستالىن ئۈچۈن ئۆز ئېغىر سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى  سانائەت خام ئەشياسى ھەم  چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىسى  شۇنىڭدەك يېنىك سانائەت ماللىرىنى ئوتكۈزۈشقا سېتىپ، زور سودا ـ ئىقتىساد كاپىتالى يارىتىدىغان مەخسۇس بازىرى ئىدى.  غەرب دۇنياسىدا پەيدا بولغان ئاتوم قورالى ياساش پىلانىدىن ئارقىدا قېلىشنى خالىمىغان سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى  بۇ جايدا گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، قىممەتلىك، كەم ئۇچرايدىغان مېتاللار ۋە باشقا يەر ئاستى بايلىقلىرى، قىسقىسى  رادىئاكتىپلىق مېتاللارنى  قىدىرىپ تەكشۈرۈش ھەم ئۇنى قېزىش پىلانىنى ئالدىبۇرۇن بېكىتىپ بولغان ئىدى. ئەنە شۇ پىلان بويىچە،  1940 ـ يىلى 26 ـ ئۆكتەبىر كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە  سوۋېت ئىتتىپاقى خەلق كومىسسارىياتلىرى كېڭىشى يىغىن ئېچىپ،  " شىنجاڭدا قەلەي  ئىزدەش ھەم ئېلىش" ھەققىدە بىر مۇتلەق مەخپىي قارار قارارى قوبۇل قىلغان.(11)  "مۇتلەق مەخپىي" دەپ بېكىتىلگەن مەزكۇر قارار  رۇسىيە دۆلەتلىك ئارخىپخانىسىدىكى  "ستالىنىنىڭ ئالاھىدە پاپكىسى" دا ساقلانغان بولۇپ، بۇ ھۆججەت ھازىر  تەتقىقاتچىلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئېچىۋېتىلگەن .(12)

ھۆججەتنىڭ تولۇق تېكستى مۇنداق :

سوۋېت ئىتتىپاقى خەلق كومىسسارىياتلىرى  كېڭىشى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى بولشېۋىكلار پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى  شىنجاڭ ئۆلكىسىدە قەلەي ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان كەم ئۇچرايدىغان پايدىلىق يەر ئاستى بايلىقلىرىنى ئىزدەش ھەققىدە تۆۋەندىكى قارارنى چىقىرىدۇ؛

1. سوۋېت ئىتتىپاقى رەڭلىك مېتال خەلق كومىسسارىياتى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان كېلىشىم  لايىھىسىنى تەستىقلاش

2. خەلق رەھبەرلىك مىتال كومىسسارىياتىغا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى بىلەن 50 يىللىق مۆھلەت بىلەن شىنجاڭ تېررىتورىيىسىدە قەلەي ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك پايدىلىق يەر ئاستى بايلىقلىرىنى ئىزدەش ھەم مەنبەلەرنى تەكشۈرۈش ۋە ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ئېرىشىش ھەققىدە كونسېسسىيە كېلىشىمى تۈزۈش ھوقۇقى بېرىش.

3. شىنجاڭدا قەلەي ئىزدەش، مەنبەلەرنى تەكشۈرۈش ھەم ئىشلىتىش ئىشلىرى بويىچە كونسېسسىيە باشقارمىسىغا تۆۋەندىكى تەركىبنى بەلگىلەش

1) باشقارما باشلىقى. يولداش كارپېنكو فېدور ئاگىيېۋىچ

2) مۇئاۋىن باشلىقى يولداش شىبايېۋ پېتىر ئاندرېيېۋىچ

3) باش ئىنجېنېر يولداش شىمانوۋ كونستانتىن ئىۋانوۋىچ

4) باش گېئولوگ يولداش لوزھېچكىن مىخائىل پاۋلوۋىچ

4. ف.ئا كارپېنكوغا ئۈرۈمچىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باش كونسۇلى يولداش باكۇلىن ئىۋان نىكولايېۋىچنىڭ قاتنىشىشى بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىلەن كونسېسسىيە ھەققىدە كېلىشىم ئۈچۈن سۆزلىشىش ئېلىپ بېرىشنى تاپشۇرۇش

5. خەلق رەھبەرلىك مىتال كومىسسارىياتى 1940 ـ يىلى دېكابىردىن بۇرۇن 1941 ـ يىللىق كونسېسسىيە خىزمەت پىلانىنى سوۋېت ئىتتىپاقى خەلق كومىسسارىياتلىرى كېڭەشى ۋە كوممۇنىستلار پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشىغا سۇنۇشى كېرەك.

6. سسسر خەلق كومىسسارىياتلىرى كېڭەشى يېنىدىكى ئىقتىسادى كېڭەش خەلق رەھلىق مىتال كومىسسارىياتى تەلەپ قىلغان بارلىق كېرەكلىك ماتېرىياللار، ماددىي بۇيۇملار ۋە پۇلنى 1940 ـ يىلىنىڭ 4 ـ كۋارتالىغىچە ئاجرىتىپ بولۇشى كېرەك .

س س س ر خەلق كومىسسارىياتلىرى كېڭەشىنىڭ رەئىسى ۋىچېسلاۋ مولوتوۋ.

كومۇنىستلار پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى يوسىف ستالىن (13)

سوۋېت كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىدا ئېلىنغان ئەنە شۇ مەخپىي قارار بويىچە شۇ يىلى

11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى   باكۇلىن، كارپېنكو باشچىلىقىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋەكىللىرى بىلەن شېڭ شىسەي ئارىسىدا 50 يىللىق مۇھلەتلىك" سوۋېت  ئىتتىپاقى ـ شىنجاڭ كونسېسسىيە كېلىشىمى" ئىمزالىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى 50 يىلغا قەدەر بۇ زېمىننىڭ يەر ئاستى بايلىقلىرىنى ئېچىش، سودا ـ ئىقتىسادىي ۋە باشقا جەھەتلەردە ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە بولۇش ھوقۇقىنى قانۇنلاشتۇردى. شېڭ شىسەي بىلەن ستالىن ئارىسىدا تۈزۈلگەن كېلىشىم  مۇتلەق مەخپىي بولۇپ، بۇنى ئەينى ۋاقىتتا جۇڭگو  مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلمەيتتى(14). سوۋېت ئىتتىپاقى مەزكۇر كونسېسسىيە كېلىشىمى ئارقىلىق  گېئولوگىيە خادىملىرىنى خالىغانچە، ئەركىن ھالدا شىنجاڭدا پائالىيەت قىلدۇرۇش، يەر ئاستى بايلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە قېزىش ئىمتىيازلىرىنى قولغا كەلتۈردى. ستالىننىڭ مۇنداق زور ئىمتىيازغا ئىگە بولۇشى، ئەمەلىيەتتە، ستالىننىڭ 1934 ـ يىلى خوجا نىياز ھاجىم باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر قوزغىلاڭچىلىرىنى ئىندەككە كەلتۈرۈپ،  شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، شېڭدۇبەن باشچىلىقىدىكى ئۆلۈمچى ھۆكۈمىتىنىڭ پۈتۈن ئۆلكىنى كونتروللۇق ئاستىغا ئېلىشى، خوجا نىياز ھاجىمنى  مۇئاۋىن  ئۆلكە رەئىسى قىلىپ، قىلتاققا چۈشۈرۈپ بېرىشى، "ئالتايسكى" نامىدىكى قىزىل ئارمىيە كۈچلىرىنى ئەۋەتىپ، 1934 ـ يىلى ما جوڭيىڭنى ئۆلۈمچى ئەتراپىدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىشى شۇنىڭدەك  ئاخىرىدا يەنە  1937 ـ يىلى تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىغا قايتىدىن قوشۇن كىرگۈزۈپ، ئابدۇنىياز بەگ ۋە   ما خۇسەن باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر ـ تۇڭگان قوشۇنلىرىنىڭ  كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭلىرىنى   باستۇرۇپ، لەپپەڭشىپ قالغان شېڭشىسەي ھۆكۈمىتىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغانلىقىغا بېرىلگەن تۆلەم ۋە ياكى بەدەلدىن ئىبارەت بولۇپ، پۈتۈنلەي دېگۈدەك موسكۋانىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالغان شېڭ شىسەينىڭ مۇنداق قىلمايمۇ ئامالى يوق ئىدى.

ئسلا مەنبە        كۆكتۇغ بىلوگى

**(2)ستالىنىنىڭ ئاتوم بومبىسى ۋە ئۇيغۇرلار تارىخىنىڭ ئېچىلمىغان سىرلىرى**

**(2)ستالىنىنىڭ ئاتوم بومبىسى ۋە ئۇيغۇرلار تارىخىنىڭ ئېچىلمىغان سىرلىرى**

**3.** قەيەردە ئۇران بار؟

ستالىن، ئەينى ۋاقىتتىكى چۇشەنچە بويىچە ئالغاندا، دۇنيانىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەشتىكى "ئەنگۈشتەر" ھېسابلىنىدىغان ئاتوم بومبىسىنى ياساپ چىقىش ئىدىيىسىگە كەلسەك، لېكىن بۇ قورال ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئاساسلىق كەم ئۇچرايدىغان رادىئاكتىپلىق ماددا ئۇران زاپىسىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى تېررىتورىيىسىدە تېخى تېپىلمىغانلىقىنى، موسكۋانىڭ قولىدا ئازراقمۇ ئۇراننىڭ يوقلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، دەرھال ئۇنى ئىزدەش ھەمدە قېزىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن بولۇپ، ئاتوم يادرو پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ھەمدە كېرەك بولغان يەر ئاستى بايلىقلىرىغا ئېرىشىش ۋەزىپىسى سوۋېت ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارى ۋالەنتىنە بېرىياغا تاپشۇرۇلغان ئىدى.

ئۇنداقتا نەدە ئۇران بار؟ بىر دانە ئاتوم بومبىسى ئۈچۈن زادى قانچىلىك ئۇران كېرەك؟ بۇ ئۇراننى قانداق ئۇسۇل بىلەن تاۋلاپ، ئاخىرىدا ئۇنى قورالغا ئايلاندۇرۇش مۇمكىن؟ دېگەندەك يۈز مىڭلىغان سوئاللار سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچۈن تېخى ھەل قىلىنمىغان ھەم ھەل قىلىنىشى ناھايىتى مۈشكۈل بىر سىر ئىدى. لېكىن، سوۋېت ئىتتىپاقى بولشېۋىكلار پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ستالىن باشلامچىلىقىدا شېڭ شىسەي بىلەن كونسېسسىيە كېلىشىمى تۈزۈپ، شىنجاڭدا قەلەي كانلىرىنى ئىزدەش ۋە قېزىش ھەققىدە قارار قوبۇل قىلىشنى قانداقتۇر، ئاددىيلا قەلەي ئىزدەش دەپ ھۆكۈم قىلىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، بۇ بىر كۆرۈنۈشتىكى شەكىل بولۇپ، ھەقىقىي مۇددىئا ئەسلىدىن چاررۇسىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرى تەرىپىدىن يەر ئاستى بايلىقلىرى ئىنتايىن مول دەپ ئالدىن ھۆكۈم قىلىنىپ بولۇنغان بۇ زېمىندا ئۇران كانلىرىنىڭ بولۇشىنىڭ ئېھتىماللىقى نەزەرگە ئېلىنىپ، ئۇران قاتارلىق كەم ئۇچرايدىغان ، قىممەتلىك يەر ئاستى مىنېراللارنى ئىزدەشتىن ئىبارەتتۇر. سوۋېت ئىتتىپاقى گېئولوگىيە ئالىملىرى ستالىن رەھبەرلىكىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىۋاستە ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن 1941 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئۈيغۇر ئېلىغا كىرىپ، كەڭ كۆلەمدە ئۇران قاتارلىق يەر ئاستى بايلىقلىرىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى باشلىغان . ئەينى ۋاقىتتىكى بۇ تەكشۈرۈشكە قاتناشقان، كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاتاقلىق گېئولوگىيە ئالىمى بولغان ئاكادېمىك بورىس سوكولوۋ ئۆزىنىڭ 1941 ـ يىلى ۋەتەن

ئۇرۇشى باشلىنىشتىن بىر قانچە ئاي ئىلگىرى ئۇيغۇر ئېلىدە گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانلىقى، ئۇنىڭ تاكى 1943 ـ يىلىغىچە شىنجاڭدا رەڭلىك مېتاللار ۋە نېفىت مەنبەلىرىنى تەكشۈرۈش ھەم گېئولوگىيىلىك سۈرەتكە ئېلىش بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى" ئەسلەپ ئۆتكەن. ( 13) سوۋېت گېئولوگىيە ئالىملىرى بىر قانچە گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ، تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمال تەرەپلىرى، ئالتاي، پامىر ۋە قارار قورۇم تاغلىق رايونلىرىدا تاكى 1943 ـ يىلىنىڭ بېشىغىچە قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئەمەلىيەتتە بۇ قېتىملىق تەكشۈرۈش سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئۇيغۇر تۇپراقلىرى ھەققىدە ئەڭ ئەتراپلىق ماتېرىياللارغا ۋە چۈشەنچىلەرگە ئىگە قىلغان بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا مەيلى جۇڭگو، مەيلى ئەنگلىيە ۋە ياكى باشقا ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ ھېچ قايسىسى مەزكۇر ئۆلكە توغرىسىدا بۇنچىلىك چۈشەنچىلەرگە ئىگە ئەمەس ئىدى.

ئۇيغۇر مەنبەلىرىدىمۇ 1941 ـ 1942 ـ يىللىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدا گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر ئېلىپ بارغانلىقى ھەققىدە مەلۇماتلار بار. ھەتتا، رۇس تىلىنى ياخشى بىلگەن ئاتاقلىق ئۇيغۇر شائىرى لۇتفۇللا مۇتەللىپنىڭ 1941 ـ يىلىدىن تاكى 1942 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا سوۋېت ئىتتىپاقى گېئولوگىيە ئالىملىرىغا تەرجىمان بولۇپ، تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدا بىر يىل ئەتراپىدا تەكشۈرۈشكە قاتناشقانلىقى ھەققىدە تولۇقسىز مەلۇماتلار مەۋجۇت. شۇ تەكشۈرۈشتە قەشقەردىن قېتىلىپ، يول باشلىغۇچى بولغان قىرغىز ئاق يولبەگنىڭ ئەسلىشىچە، ل. مۇتەللىپ ۋە ئۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سوۋېت گېئولوگىيە تەكشۈرۈش خادىملىرى 1941 ـ يىلى 6 ـ ئايلاردا قەشقەر تەۋەسىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ ھەمدە تاشقورغان، قىزىل تاغ، قوشراپ، يەركەنت قاتارلىق جايلاردىن ئۆتۈپ، خوتەننىڭ يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا جايلاشقان قاراڭغۇ تاغ دېگەن يەرگىچە بارىدۇ. ( 14) بىراق، مەزكۇر سوۋېت گېئولوگىيە ئەترىتى 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا قايتىپ، 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە كېتىدۇ. لۇتفۇللا مۇتەللىپ دوستى ئاق يولبەگكە تۇيۇقسىز قايتىشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ، بۇنىڭ سەۋەبىنىڭ گىتلېر گېرمانىيىسىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قوزغىغانلىقى

بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى. ( 15). ئەمما، پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، ل. مۇتەللىپ، 1942 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەن بولۇپ، بۇ چاغدا شېڭ شىسەي بارا ـ بارا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇپ، گومىنداڭ بىلەن ئالاقە ئورنىتىۋاتقان بىر پەيت ئىدى. ل. مۇتەللىپ تەرجىمانلىق قىلغان سوۋېت گېئولوگلىرىنىڭ مەزكۇر تەكشۈرۈش پائالىيىتى ئەمەلىيەتتە ئەشۇ ستالىن بىۋاسىتە بۇيرۇق بېرىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئۇران قاتارلىق رادىئاكتىپلىق ماددىلارنى ئىزدەشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان بولۇپ، ئەلۋەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ شېڭ شىسەينىڭ رازىلىقىنى ئالغان بۇ تەكشۈرۈشنىڭ تۈپ مەقسىتىنىڭ موسكۋانىڭ مۇتلەق مەخپىي ئاتوم بومبىسى ياساش ئىستراتېگىيىلىك پىلانىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى قەتئىي مەخپىي تۇتۇپ، پەقەت يەر ئاستى بايلىقلىرى ۋە نېفىت مەنبەلىرىنى ئىزدەش ھەم تەكشۈرۈش دەپلا ئاتىغانلىقى ئۈچۈن 19 ياشلىق ئاددىي تەرجىمان ل. مۇتەللىپلا ئەمەس ھەتتا 1938 ـ يىلىدىن تارتىپ سوۋېت بولشېۋىكلار پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى، ستالىننىڭ ئىشەنچلىك مۇرىتى بولغان، ئۆلكىنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانى شېڭ شىسەينىڭمۇ مەزكۇر تەكشۈرۈشنىڭ تۈپ مەقسىتىنى بىلمەسلىكى تەبىئىي ئەھۋال بولسا كېرەك. شۇ قېتىم جەنۇپ تەرەپتە پامىر ئېگىزلىكىنى ئاساسىي تەكشۈرۈش نۇقتىسى قىلغاندا سوۋېت ئالىملىرىنىڭ ئۇران زاپىسى بەلۋېغىنى بايقىغانلىقىنى نەزەردىن قالدۇرۇشقىمۇ بولمايدۇ. ئۇلار ئۇران زاپىسىنى بايقىغاندىن كېيىنلا سەپىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئۈرۈمچىگە قايتقان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، سوۋېت ئىتتىپاقى 1947 ـ يىلى ئەشۇ سوۋېت گېئولوگىيە ئالىملىرى تاشقورغان بىلەن تۇتاشقان پامىر ئېگىزلىكىنىڭ تاجىكىستان تەۋەسىدىن زور مىقداردا ئۇران كانى تېپىپ، ئۇنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى باشلىغان ھەمدە پامىر ۋە تەڭرى تاغ سىستېمىسى تۇتۇشۇپ كەتكەن ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان ۋە قازاقىستاننىڭمۇ ئۇيغۇر ئېلىغا يېقىن بەلۋاغلىرىدىن ئۇران زاپاسلىرىنى تاپقان ئىدى.(16)

سوۋېت ـ گېرمان ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، ستالىن گەرچە دەسلەپكى بىر قانچە ئايلار ئىچىدە

گاڭگراپ قالغان، پۈتۈن دىققىتى قانداق قىلىپ، گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇملىرىنى توسۇپ قېلىش ۋە موسكۋا، لېنىنگراد ھەم ستالىنگراد قاتارلىق مەركىزىي شەھەرلەرنى مۇداپىئە قىلىشقا قارىتىلغان بولسىمۇ، بىراق شىنجاڭدا يەر ئاستى بايلىقلىرىنى ئىزدەش خىزمەتلىرىنى بىراقلا بوشاشتۇرۇپ قويمىغان. سەۋەب شۇكى، ئۇرۇشنىڭ دەسلەپىدە سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئاساسلىق ئېغىر سانائەت بازىلىرىنى ئۇرال تاغلىرىنىڭ شەرقىدىكى سىبىرىيە، قازاقىستان، ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيەتلىرىگە يۆتكىگەن بولۇپ، بۇ زاۋۇتلار ھەربىي قوراللارنى ئىشلەپچىقىرىشقا جىددىي كىرىشىپ كەتكەن. بۇ مەزگىلدە سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچۈن يەر ئاستى بايلىقلىرى تېخىمۇ كېرەك بولۇپ، خام ئەشياغا بولغان ھاجەت ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى ۋاقتىدىن ھەسسىلەپ ئېشىپ كەتكەن. شۇڭا ستالىننىڭ بۇ ئۆلكىنى ئۆزىنىڭ خام ئەشيا ئېھتىياجىنى ھەل قىلىشتىكى ئارقا سەپ خەزىنىسىگە كىرگۈزگەنلىكى تەبىئىي.

**1942**-يىلىنىڭ بېشىغا كەلگەندە سوۋېت ئارمىيىسى موسكۋا بوسۇغىسىدا گىتلېر ئارمىيىسىنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىپ، موسكۋانى قوغداپ قالغاندىن كېيىن، ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا پايدىلىق ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلۈشكە باشلىدى. مانا شۇنىڭدىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئاتوم پىلانىنى جىددىيلەشتۈردى. شۇ يىلى، **30**-ئىيۇن كۈنى دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتىنىڭ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە ئۇران قېزىشنى تەشكىللەش ھەققىدىكى قارارى تەستىقلانغان بولسا، **28**-سېنتەبىر كۈنى يوسىف ستالىن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنىڭ **2352**-نومۇرلۇق " ئۇران خىزمىتى تەشكىللەش ھەققىدە" ناملىق بۇيرۇقنى تەستىقلىدى **(17)**. مەزكۇر بۇيرۇقتا سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەركىبىدە ئالاھىدە ئاتوم يادروسى لابوراتورىيىسى قۇرۇش قارار قىلىنغان. ۋ. مولوتوۋ دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتىنىڭ نىڭ **2542**-نومۇرلۇق " ئۇران قېزىش" قارارىنى تەستىقلىغان **(18)**.

**1942**-يىلى ئىچىدە سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى رازۋېتكىسى ئۇران مەسىلىسى بويىچە ئەنگلىيىنىڭ كۆپلىگەن مەخپىي ئۇچۇرلىرىغا ئېرىشىپ تۇردى. ئامېرىكىنىڭ ئاتوم پىلانى ھەققىدىكى ئۇچۇرلارمۇ

داۋاملىق تۇردە  ئىتالىيىلىك سوۋېت جاسۇسى بۇرنو ئونتېكورۋو تەرىپىدىن  يەتكۈزۈلۈپ تۇردى (19).  كلائۇس فۇكس ۋە بۇرنو ئونتېكورۋو قاتارلىق مەزكۇر سوۋېت جاسۇسلىرى  ئامېرىكا  بىلەن ئەنگلىيىنىڭ ئاتوم تېخنىكىسىدا قولغا كەلتۈرگەن ھەر بىر يېڭى ئىلگىرىلەش ۋە نەتىجىلەر ھەتتا پىلانلارنى  ۋاقتى ـ ۋاقتىدا سوۋېت ئىتتىپاقى رازۋېتكا ئورگانلىرىغا  يەتكۈزۈپ تۇرغان بولسىمۇ، بىراق بۇ ۋاقىتتا گېرمانىيىنىڭ ئاتوم تېخنىكىسىغا ئائىت ئۇچۇرلار ئاساسەن كەلمىگەن.( 20) .

ستالىن 1943 ـ يىلى 11 ـ فېۋرالدا  سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتىنىڭ "ئاتوم بومبىسى ياساش ھەققىدىكى پروگراممىسى ۋە قارارى"نى تەستىقلىدى ھەمدە ئاكادېمىك كۇرچاتوۋنى "2 ـ نومۇرلۇق لابوراتورىيە"  يەنى  "مەخپىي ئاتوم ياساش ئىنستىتۇتى"نىڭ دىرېكتورى  قىلىپ قىلىپ تەيىنلىدى . سوۋېت ئاتوم ئالىملىرى   چەتئەللەردىن ئېرىشكەن ئاتوم تېخنىكىسىغا ئائىت ئۇچۇرلاردىن پايدىلىنىپ، بۇ ساھەگە جىددىي كىرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن  بۇ ساھەدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلگىرىلىشى ناھايىتى ئاستا بولدى(21). سەۋەب شۇكى، بۇ ۋاقىتقىچە سوۋېت ئىتتىپاقى زېمىنىدا ئۇران كانلىرى تېخى تېپىلىپ، ئۇران قېزىش  باشلانمىغان ھەمدە ھۆكۈمەتنىڭ ئىسكىلاتىدا  ئۇران يوق بولۇپ، "2 ـ نومۇرلۇق لاباراتورىيى"دە پەقەت  بىر قانچە كىلوگراملا ئۇران بولغان(22). دېمەك، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ  زور مىقداردا ئۇرانغا ئېرىشمەي تۇرۇپ، ئاتوم بومبىسىنى ياسىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەمما، بۇ ۋاقىتتا  ئەنگلىيە، ئامېرىكا ۋە گېرمانىيىنىڭ ھەممىسىنىڭ مەلۇم دەرىجىدە ئۇرانلىرى   بار   بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىدا ئىلگىرىلەشلەر داۋاملاشماقتا ئىدى.

**4. ستالىننىڭ قىلچى  ـ  ئەيتىنگون قانداق ئۇچۇرغا ئېرىشتى ؟**

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى كگ گېنېرالى، 40 ـ يىللاردا  دۆلەت بىخەتەرلىك كومىسسارلىقىنىڭ ( كېيىنكى ۋاقىتتىكى  ك گ ب )سوۋېت ئىتتىپاقى دۈشمەنلىرىنى تازىلاش ۋە يوقىتىش ئوپېراتسىيە تارمىقىنىڭ مەسئۇلى ، گېنېرال لېيتېنانت پاۋل سۇدپلاتوۋنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئېلان قىلغان ئەسلىمىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلىشچە، 1943 ـ يىلى باھاردا ئۇنىڭ مۇئاۋىنى،  يوسىف ستالىننىڭ ئەڭ

ئىشەنچىلىك ئادىمى گېنېرال مايور نائۇم ئەيتىنگون شىنجاڭغا مەخسۇس ئەۋەتىلگەن (23). دۆلەت بىخەتەرلىك ساھەسىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن گېنېرال مايورى نائۇم ئەيتىنگون ستالىننىڭ بىۋاستە بۇيرۇقى بويىچە، مېكسىدا پاناھلىنىۋاتقان سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى رەھبەرلىرىدىن بىرى، لېنىننىڭ قوللىغۇچىسى ، ئەمما ستالىننىڭ ھوقۇق تالىشىش بويىچە كونا رەقىبى لىۋ تروتسكىينى ئۆلتۈرۈش ئوپېراتسىيىسىگە قوماندانلىق قىلغان شەخس بولۇپ، ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۈشمەنلىرىنى ئۆلتۈرۈشتەك دۆلەت تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنىڭ ئىجراچىسى بولۇش بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ك گ ب تارىخىدا مۇھىم ئورۇنغا ئېرىشكەن(24). گېنېرال سۇدپلاتوۋ " نائۇم ئەيتىنگون 1943 ـ يىلى شىنجاڭدىن ئىبارەت مەزكۇر سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن چېگرىداش مۇھىم ئىستەراتېگىيىلىك جاينىڭ ئەڭ مۇھىم ھەربىي ـ سىياسىي ئەھۋالى ھەققىدىكى رازۋېتكا دوكلاتىدىنمۇ كۆپ مۇھىم ھېسابلىنىدىغان ئۇچۇرنى سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتىنىڭ رەئىسى يوسىف ستالىنغا ئېلىپ كەلدى." دەپ يازىدۇ (24). ئۇنداقتا، نائۇم ئەيتىنگون ستالىنغا ئېلىپ كەلگەن ئۇيغۇر دىيارى ھەققىدىكى مەزكۇر ئىنتايىن مۇھىم ۋە مەخپىي ئۇچۇر زادى قانداق ئۇچۇر؟ بۇنىڭ ستالىننىڭ ئاتوم پىلانى بىلەن مۇناسىۋىتى بارمۇ يوق؟ دېگەن سوئالنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى تەبىئىي. گەرچە، ھازىرچە ئەيتىنگوننىڭ زادى قانداق قىممەتلىك ئۇچۇرنى ستالىنغا بىۋاستە يەتكۈزگەنلىكى ھەققىدىكى ئېنىق تارىخىي ئارخىپ تېخى ئېلان قىلىنمىغان بولسىمۇ، بىراق بۇ ھەقتە ھەر خىل پەرەزلەر مەۋجۇت. رۇس تارىخچىسى ۋادىم ئوبۇخوۋ بۇ ئۇچۇرنىڭ سوۋېت گېئولوگىيە خادىملىرىنىڭ شىنجاڭدا ئۇرۇن كاننى بايقىغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇمات ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈرىدۇ (25). ئەمما، شۇنداق ئېھتىماللىقنى چەتكە قېقىشقا بولمايدۇكى، ئۇنىڭ دوكلاتىدا بىرىنچىدىن سىياسىي جەھەتتە ئۆلكىگە ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيىنىڭ سىڭىپ كىرگەنلىكى، بولۇپمۇ ئامېرىكىنىڭ كونسۇلخانە قۇرۇش بىلەن بىرگە ئۈرۈمچى، غۇلجا ۋە باشقا جايلارنى ھەربىي ئىستراتېگىيىلىك دائىرىگە كىرگۈزۈپ، بەزى پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغانلىقى، جاڭ كەيشى ھۆكۈمىتىنىڭ بولسا

ئامېرىكىنىڭ تەسرىنى  بۇ جايغا ئېلىپ كىرىش تاكتىكىسى قوللىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسرىنى ئۆزئۆل ـ كېسىل قوغلاپ چىقىرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئارقا سېپىگە خاتىرجەمسىزلىك پەيدا قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت سياسىي  ئۇچۇر . ئىككىنچىدىن سوۋېت گېئولوگلىرىنىڭ  تارباغاتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبى  ۋە ئالتاي تاغلىرىدا ئۇران زاپىسى بارلىقى ھەمدە ئىلى ۋە ئالتاي تاغلىق رايونلىرىدىن تىتان، ۋولفرام، ئالتۇن ۋە باشقا رەڭلىك مېتال زاپاسلىرى ، ئۇرۇمچى رايونىدىن بولسا مول نېفىت  ۋە كۆمۈر زاپىسى بايقىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەربىي سانائەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇر بولۇشى مۇمكىن.  ۋادىم ئوبۇخوۋ ، ستالىننىڭ  ئەينى ۋاقىتتا   نائۇم ئەيتىنگوننىڭ قوماندانلىقىدىكى  دۆلەت بىخەتەرلىك ئورگىنىنىڭ مەخسۇس قوغداش ئەترىتىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا  سوۋېت گېئولوگىيە ئالىملىرى بىلەن بىرگە يەنە  گېئولوگىيە  رازۋېتچىكلىرىنىمۇ  ئۇيغۇر ئېلىغا ئۇران ئىزدەشكە  ئەۋەتكەن بولۇشى مۇمكىنلىكىنى، بەلكى ئۇنىڭ دوكلاتىنىڭ ئەشۇ ئۇران قاتارلىق قىممەتلىك  رادىئاكتىپلىق مېتال زاپاسلىرىنىڭ تېپىلىشىغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىدۇ. (26)

شۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشلەردە  سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى  ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئالتاي تەۋەسىدىكى كۆك توقاي رايونىدىن ئۇران ماددىلىرىنى تاپقانلىقىنى، ئۇران قاتارلىق رادىئاكتىپلىق ماددىلار مەنبەلىرىنىڭ  گەرچە تارباغاتاي ـ ساۋۇر تاغلىرىنىڭ قازاقىستان تەۋەسىدىكى قىسىملىرىدىمۇ بارلىقى سېزىلگەن بولسىمۇ، لېكىن  كۆك توقاي كان مەنبەلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى قاتلامغا جايلاشقانلىقى ۋە قېزىشقا ئاسان ئىكەنلىكىنى سەزگەنلىكى ئەھتىماللىققا يېقىن .

بىراق، پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، 1943 ـ يىلى، نائۇم ئەيتىنگوننىڭ سوۋېت گېئولوگلىرىنىڭ ئالتايدا ئۇران كانلىرىنى بايقاپ، ئۇنى دەرھال قېزىشقا بولىدىغانلىق ھەققىدىكى ئۇچۇرى ستالىننى خۇش قىلغان بولسىمۇ، لېكىن  ئۇنىڭ خۇشاللىقى غەزەپكە ئايلاندى. چۈنكى، بۇ ۋاقىتتا، شىڭ شىسەي ستالىندىن تولۇق يۈز ئۆرۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ ئۆلكىدىكى بارلىق تەسىرگە ۋە

پائالىيتىگە خاتىمە بېرىپ، ئاشكارا ھالدا ستالىن بىلەن دۈشمەنلەشتى ھەمدە ئۆزىنى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ قوينىغا ئېتىپ، تۈنجى قېتىم بۇ جايغا مەركەز قوشۇنلىرى يېتىپ كەلدى. شىنخەي ئىنقىلابى يۈز بېرىپ، پەقەت 32 يىلدىن كېيىنلا، جۇڭخۇئا مىنگو مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ كۈچى يېتىشكە باشلىغان بۇ ئۆلكىگە ئاتوم بومبىسى ياساش ئۈچۈن جىددىي ھەرىكەت قىلىۋاتقان يەنە بىر قۇدرەتلىك دۆلەت ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ تەسىرىمۇ يېتىپ كەلدى (27). جاڭ كەيشىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئارقا ئىشكى يېنىغا ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيىنىڭ تەسىرىنى ئېلىپ كىرىش تاكتىكىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنى خاتىرجەمسىزلەندۈردى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا چېگرىسى يېنىدا يۈز بېرىۋاتقان ، ئۇنىڭ مەنپەئەتلىرىگە تەتۈر تاناسىپ يېڭى سىياسىي ۋەزىيەت ستالىننىڭ ئاتوم بومبىسى ياساش پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدا تۈنجى قېتىم بايقىغان ئۇران كانىنى قېزىش پىلانىغا توسقۇنلۇق قىلدى.

ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشى ھەل قىلغۇچ باسقۇچقا كىرىۋاتقان ،سوۋېت ئىتتىپاقى ستالىنگراد ئۇرۇشىدا ئەمدىلا غەلىبە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن تېخى گېرمانىيە ئارمىيىسى ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىش ۋاقتى جەدۋىلى ئېنىق بولمىغان، ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە ئىككىنچى ئۇرۇش سېپىنى تېخى ئاچمىغان ئەھۋال ئاستىدا ستالىن ئۆزىنىڭ 12 يىللىق " بۇفېر زونى"( تەسىر دائىرىسىدىكى رايون) دىن ئايرىلىپ قېلىشنى، ئۆز دۆلەت مەۋجۇتلۇقى بىلەن باغلىنىشلىق بولغان يادرو قورالى پىلانىغا كېرەك بولغان بىردىن بىر ئۇران مەنبەسىدىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمايتتى. چۈنكى، بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر دىيارى ئۇنىڭ بىردىن بىر تاپقان ئۇران مەنبەسى بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىپايان زېمىنلىرىدا تېخى ئۇران كانلىرى بايقالمىغان ئىدى. ئۇنداقتا نېمە قىلىش كېرەك؟ ئۇران بولمىسا، ئاتوم بومبىسىنى قانداق ياسايدۇ؟ ئەگەر ئۆزلىرىدىن بۇرۇن ئامېرىكا ۋە ياكى گېرمانىيە بۇ قورالغا ئېرىشىۋالسا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەقدىرى، ستالىننىڭ تەقدىرى نېمە بولۇپ كېتىدۇ؟ ئالتايدا تاپقان ئۇرانلارغا سوۋېت ئىتتىپاقى ئەمەس، بەلكى ئامېرىكا ئوغچىۋاشقا ئېرىشىۋالسا قانداق قىلغۇلۇق؟ ستالىن كرېمل سارىيىدىكى ئازادە ئىشخانىسىدا غاڭزىسىنى شوراپ، ئۇياقتىن

ـ بۇياققا ئېغىر قەدەملىرىنى ئاستا تاشلاپ، مېڭىپ يۈرۈپ، پىكىر يۈرگۈزدى. ئۇنداقتا قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇنىڭ ئۈچۈن بىردىن ئۈنۈملۈك يول، ئۇيغۇر قاتارلىق يەرلىك خەلقلەرنىڭ قوزغىلاڭلىرىنى قوللاپ، شېڭ شىسەينى ئورنىدىن قالدۇرۇشتىن ئىبارەت.

5. كرېملدىن چىققان سادا: شېڭ شىسەينى يىقىتىش كېرەك !

دېمەك ، 1943 ـ يىلى شېڭ شىسەي موسكۋادىن يۈز ئۆرۈش ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگرا سىرتىدىكى بىردىن ـ بىر مۇھىم تەسىر دائىرە ئاستىدىكى كولونىيىسىدىن ئايرىپ تاشلىدى. بۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچۈن ھەر جەھەتتىن زەربە بولدى. ستالىن قاتارلىق سوۋېت رەھبەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئازادلىق ھەرىكەتلىرىنى ھەمدە بۇ يولدا ئاققۇزغان قانلىرىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە تىكلىگەن مەزكۇر "ئىشەنچلىك قونچىقىدىن" دەككىسىنى يەپ، ئالدىن ئويلاپ باقمىغان ماددىي ۋە مەنىۋى زەربىلەرگە ئۇچرىدى. چۈنكى، 1931 ـ يىلىدىكى قۇمۇل قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرى ئاستىدا پۈتۈن ئۇيغۇر دىيارىنى قاپلىغان ئىنقىلاب يالقۇنلىرى نەتىجىسىدە 1933 ـ يىلى، 12 ـ نويابىر كۈنى قەشقەردە شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى تەسىس قىلىندى. بۇ ۋاقىتتا پەقەت ئۈرۈمچىدىن باشقا جايلارنىڭ ھەممىسى قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن بولۇپ، ئەمما، 1933 ـ يىلى، 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىكى سىياسىي ئۆزگىرىشتە ئۆلكىنىڭ دۆبەنلىك ھوقۇقىنى قولىغا ئالغان شېڭ شىسەي ما جوڭيىڭ قوشۇنلىرىنىڭ قورشاۋىدا قېلىپ، پۈتۈنلەي ۋەيران بولۇش گىردابىغا كېلىپ قالغاندا، موسكۋانىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىل ھۆكۈمىتىنى ئەمەس بەلكى مىللەتچى شېڭ شىسەينى قوللاش قارارى بويىچە "ئالتايسكىي" نامىدىكى قىزىل ئارمىيە قوشۇنلىرى چېگرىدىن كىرىپ، ماجوڭيىڭ قوشۇنلىرىنى تارمار قىلدى ھەمدە شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىدى.

ئەلۋەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقى بولشېۋىكلار پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شېڭ شىسەينى قوللاش قارارىغا كېلىشمۇ ئاسانغا چۈشمىگەن بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت رەھبەرلىك قاتلىمىدا ئۇيغۇر قاتارلىق يەرلىك ئېزىلگەن مىللەتلەرنىڭ ئازادلىق ھەرىكەتلىرىنى قوللاش بىلەن مىللەتچىلارنى

قوللاشتىن ئىبارەت ئىككى خىل پىكىر ئېقىمى مەۋجۇت بولغان(28). 3 ـ ئىنتېرناتسيونال قەتئىي تۈردە ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنى قوللاپ، ئۇلارنىڭ مۇستەقىل سوتسىيالىستىك ھاكىمىيەت بەرپا قىلىشىغا ياردەم بېرىش مەيدانىنى ئىپادىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن سوۋېت بولشېۋىكلار پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ئاخىرقى ھېسابتا مىللەتارىست شېڭ شىسەيگە ياردەم بېرىپ، ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش قارارىنى قوبۇل قىلغان ئىدى.(29)

1934 ـ يىلدىن تارتىپ تاكى 1942 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھىمايىسى ھەمدە تەسىرى ئاستىدا پۈتۈن ئۆلكىنى ئۆز ئالدىغا ئىدارە قىلىپ، جوڭخۇئا مىنگو مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ رايوندا ھۆكۈمرانلىق ئورنىتىشى ۋە ھەربىي قوشۇن تۈرغۇزۇشىنى چەكلىدى. شېڭ شىسەينى يۆلەپ تۇرغۇزغان سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە باشقا جەھەتلەردىن مەزكۇر ئۆلكىنى ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسى ۋە كونتروللۇقى ئاستىدىكى نۇقتىغا ئايلاندۇرۇپ، تۈرلۈك ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن بولدى ھەتتا 1940 ـ يىلى شېڭ شىسەي بىلەن تۈزگەن 50 يىللىق مەخپىي كونسېسسىيە كېلىشىمى ئاساسىدا ئۇيغۇر دىيارىدا كەڭ كۆلەملىك گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش نەتىجىسىدە تاپقان ۋولفرام، نېفىت ھەم باشقا يەر ئاستى بايلىقلىرىنى قېزىشقا باشلىغان ئىدى. بىراق، سوۋېت ـ گېرمان ئۇرۇشىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتلىرىنى كۆرگەن شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تامامەن تۈگەشتى دەپ ھېسابلاپ، ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقە ئورناتتى. 1943 ـ يىلى، 3 ـ ئايغا كەلگەندە پۈتۈنلەي نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئاشكارا ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەمگە كەلگەن ھەر كەسپتىكى بارلىق خادىملارنى ھەتتا قۇمۇلدىكى 8 ـ پولك نامىدىكى قىزىل ئارمىيە قوشۇنىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشنى، ئۈرۈمچى تۇدوڭخابادىكى ئايروپىلان ياساش زاۋۇتىنى ھەم مايتاغدىكى نېفىتلىكنى تاقاشنى تەلەپ قىلىپ، بۇنى ئىشقا ئاشۇردى (30). قىسقىسى، شېڭ شىسەي ستالىننىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرى ھەتتا مولوتوۋنىڭ مۇئاۋىنى دېكانازوفنى ئەۋەتىپ، مەخسۇس شېڭ شىسەي

بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنى توختىتىشقا دەۋەت قىلىشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئاشكارا قوپال سىياسەت يۈرگۈزۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي ـ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىشتىن يانمىدى . بۇ ۋاقىتتا ، سوۋېت ئىتتىپاقى شىڭ شىسەي تەرىپىدىن ئۇچرىغان بۇ زەربىلەرنى ئاساسلىقى ئىككى نۇقتىدىن چۈشىنىش مۇمكىن. ئۇنىڭ بىرى گېرمانىيىگە قارشى ئۇرۇشنىڭ ئەڭ ئېغىر يىللىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتلىك ھېسابلىنىدىغان شىنجاڭدىن ئالىدىغان نېفىت قاتارلىق يەر ئاستى بايلىقلىرى، يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق ۋە باشقا يەرلىك مەھسۇلاتلار مەنبەسىنىڭ ئۈزۈۋېتىلىشى. يەنە بىرى، يەنى ئەڭ مۇھىم ئامىل سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1943 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاتوم قورالى ياساش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئۇران قاتارلىق رادىئاكتىپلىق مېتاللارنى قېزىش پىلانىنىڭ شىڭ شىسەي تەرىپىدىن بىتچىت قىلىۋېتىلىشىدىن ئىبارەتتۇر. مەزكۇر ئىككى نۇقتا، بولۇپمۇ ئۇران قېزىپ، ئاتوم بومبىسى ياساش ستالىنغا ئەڭ كېرەك بولۇپ، سوۋېت گېئولوگلىرى مەخپىي تۈردە ئالتاي قاتارلىق جايلاردىن تاپقان ئۇران كېنىنى قېزىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان توسالغۇلارنى يوقىتىپ، قىممەتلىك يەر ئاستى بايلىقنى ئۆز ئىختىيارى بويىچە ئېلىشقا توسقۇنلۇق قىلمايدىغان ھەتتا ئۇنى قوللايدىغان بىر سىياسىي ئاتموسفېرا ۋە ياكى سىياسىي گەۋدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇلۇشى كېرەك ئىدى.

گەرچە، شىڭ شىسەي ۋە جاڭ كەيشى بىلەن بىرلىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرىدىغان قوپال چارىلارنى ئەمەلگە ئاشۇرسىمۇ، لېكىن، بۇ ئۆلكىدە ئەمدىلا كونسۇلخانىسىنى ئېچىپ، ئۆز پائالىيەتلىرىنى باشلىغان، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇشقا قاتنىششىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىۋاتقان ئامېرىكا ئۆلكىدە جىددىي ۋەزىيەت شەكىللىنىشىنى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو ئارىسىدا ، جۈملىدىن ئۆزى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارىسىدا قارشىلىششىنىڭ كۈچىيىپ كېتىشىنى خالىمايتتى. چۈنكى، مەيلى ئامېرىكا، مەيلى سوۋېت ئىتتىپاقى بولسۇن ، ھەر ئىككىلىسىنىڭلا بىر ـ بىرىگە ھاجىتى بار بولۇپ، ئۇلار فاشىزىمغا قارشى كۈرەشتىكى

ئىتتىپاقچىلارغا ئايلانغان. ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىپ، ئامېرىكىنىڭ تىنچ ئوكيان رايونىدىكى ياپونغا قارشى ئۇرۇشلىرىغا يېنىكلىك پەيدا قىلىشىنى ئارزۇ قىلسا، سوۋېت ھۆكۈمىتىمۇ ئامېرىكىنىڭ تېزراق ئىككىنچى فرونت ئېچىپ، ياۋروپا قۇرۇقلۇقىغا چىقىپ، گېرمانىيە ئارمىيىسىگە قارشى ئۇرۇشقا قاتنىششى، بۇ ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گىتلېر ئارمىيىسىنى سوۋېت ئىتتىپاقى زېمىنىدىن تېزرەك قوغلاپ چىقىرىشىنى ئىلگىرىلەتىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. شۇ سەۋەبتىن ئامېرىكا شېڭ شىسەينىڭ تېزراق ھوقۇقتىن قېلىشىدا بەلگىلىك رول ئوينىدى ( 31). مانا مۇشۇنداق بىر قانچە خىل ئامىل ۋە ئېھتىياجدىن چىقىش قىلغان ستالىن ئۆزىنىڭ قايتا ـ قايتا نەسىھەتىنى ئاڭلىمىغان ( 32) شېڭ شىسەينى ئورنىدىن يوقىتىپ، يەرلىك مىللەتلەرنىڭ مىللىي ھاكىمىيىتىنى قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۆزى ئۈچۈن پايدىلىق يېڭى سىياسىي ئاتموسفېرا يارىتىش قارارىغا كەلدى . ئاخىرى بۇ قارار 1943 ـ يىلى 16 ـ ماي كۈنى قوبۇل قىلىندى. شۇ كۈنى كرېمىل سارىيىدا سوۋېت ئىتتىپاقى بولشېۋىكلار پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى مەخسۇس شىنجاڭ مەسىلىسى ھەققىدە يىغىن چاقىردى. يىغىنغا ستالىن، سوۋېت ئىتتىپاقى خەلق ئىچكى ئىشلار كومىسسارىياتىنىڭ كومىسسارى لاۋرېنتىن بېرىيا، سوۋېت ئىتتىپاقى خەلق كومىسسارىياتلىرى كېڭىشىنىڭ رەئىسى ئالېكسېي كوسگىن ، سوۋېت ئىتتىپاقى مىللەتلىرى ئالىي كېڭىشىنىڭ رەئىسى مىخائىل سۇسلوۋ ۋە باشقا يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەر قاتناشقان بولۇپ، مەزكۇر يىغىندا تۆۋەندىكىدەك قارار قوبۇل قىلىندى؛

"شېڭ شىسەي يۈزسىز ۋە سەممىيەتسىز ئادەم ، گەرچە سوۋېت دۆلىتى كۆپ يىللاردىن بۇيان كۆپ ياردەملەرنى بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، بۇ ياردەملەرنى قەدىرلىمەيلا قالماستىن بەلكى، يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېغىر زىيان ئېلىپ كېلىدىغان ئىشلارنى قىلدى. بۇ سەۋەبتىن شېڭ شىسەينى ئۆلكە ھاكىمىيىتىدىن قالدۇرىدىغان زۆرۈر چارىلارنى قوللىنىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن شىنجاڭ تېررىتورىيىسىدە ياشاۋاتقان ئادەملەر شۇنىڭدەك سوۋېت گراجدانلىقىدىكى يەرلىك مىللەت كىشىلىرىدىن "مىللىي گۈللىنىش گۇرۇپپىسى" قۇرۇشنى باشلاش . بۇلاردىن باشقا يەنە قازاقىستان

، قىرغىزىستان ۋە ئۆزبېكىستانلاردا شىنجاڭ ئاھالىسى ئىچىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى لازىم بولغان تەشۋىقاتچىلارنى ھەم بۇ گۇرۇپپىلارنىڭ كوماندىرلىرىنى تەييارلايدىغان بىر قانچە مەكتەپلەرنى قۇرۇش " (33).

بولشېۋىكلار پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر دىيارىدا مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى قوزغاش، بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغان يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەردىن بىر ئالاھىدە گۇرۇپپا قۇرغان ھەمدە كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بارغان. 1943 ـ يىلى ماينىڭ ئاخىرىدا سسسر خەلق ئىچكى ئىشلار كومىسسارىياتى بېرىيانىڭ رەھبەرلىكىدە دۆلەت بىخەتەرلىك، رازۋېتكا ئورگانلىرىنىڭ باشلىقلىرى ھەمدە ئۇيغۇر ئېلى بىلەن قوشنا ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى يەرلىك ئىچكى ئىشلار، چېگرا قوغداش ھەم رازۋېتكا باشلىقلىرىنىڭ شۇنىڭدەك ئۈرۈمچى، قەشقەر، غۇلجا، چۆچەك، ئالتاي قاتارلىق شەھەرلەردىكى سوۋېت كونسۇللىرى ھەمدە كونسۇلخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان رازۋېتكا خادىملىرىنىڭ قاتنىششى بىلەن يىغىن چاقىرىلىپ، كەلگۈسىدە ئۇيغۇر ئېلىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەرىكەتنىڭ كونكرېت چارە ـ تەدبىرلىرى مۇزاكىرە قىلىندى ( 34). يىغىن خۇلاسىسى سۈپىتىدە سسسر خەلق ئىچكى ئىشلار كومىسسارىياتىغا تەۋە قىزىل ئارمىيىنىڭ ئارقا سەپنى قوغداش ئىشلىرىغا مەسئۇل قوشۇنلىرىنىڭ كوماندىرى گېنېرال مايور ۋلادىمىر ئېگناروۋ ۋە ئۇنىڭ كەسپدېشى، خەلق ئىچكى ئىشلار كومىسسارىياتىنىڭ (ن ك ۋ د) 4 ـ باشقارمىسىنىڭ باشلىقى گېنېرال لېيتېنانت ئالېكساندىر لاڭفاڭ يېتەكچىلىكىدە بىر ھەرىكەت پىلانى تۈزۈپ چىقىلدى. مەزكۇر ئىككى گېنېرالنىڭ يېتەكچىلىكىدە "ئالاھىدە ھەركەت گۇرۇپپىسى" تەسىس قىلىندى شۇنىڭدەك پىلان بويىچە ئۆزبېكىستان، قازاقىستان، قىرغىزىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ بىخەتەرلىك ئورگانلىرىغا كونكرېت ۋەزىپىلەر بېرىلدى (35) ۋە ئالمۇتا، تاشكەنت ۋە بىشكەك قاتارلىق شەھەرلەردە قوراللىق ھەرىكەت قىلىدىغانلار ئۈچۈن كۇرسى ئېچىلىپ، مەخسۇس ئادەملەر تەربىيىلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەر، ئالتاي، غۇلجا، چۆچەك قاتارلىق شەھەرلەردە

تۆرىدىغان كونسۇلخانىلىرىدىكى ئالاھىدە خادىملارغا قەيەردە ئىنقىلاپ قوزغىسا، مۇۋاپىق ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئۇچۇر توپلاش ۋەزىپىسى بېرىلگەن بولۇپ، ئۇزۇن ئۆتمەي، ھەر قايسى جايلاردىكى كونسۇلخانا خادىملىرى موسكۋاغا دوكلاتلار يوللاپ، سوۋېت رەھبەرلىرىنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتنى باشلايدىغان ئورۇننى بېكىتىشىدە مۇھىم رول ئوينىدى. مەسىلەن، ئالتايدىكى سوۋېت كونسۇلى مىخايلوۋنىڭ دوكلاتىدا "ئوسمان باشچىلىقىدىكى قازاقلارنىڭ گورۇپپىسى قولايلىق شارائىت ئاستىدا ئالتايدا قازاقلارنىڭ يېڭى قوزغىلىڭىنى تەييارلاش ۋە ئېلىپ بېرىشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ" دەپ كۆرسىتىلگەندىن سىرت يەنە "ئوسماننىڭ گورۇپپىسىدىن باشقا ئالتايدىكى مىللىي ئازادلىق كۈرەشنىڭ راۋاجلىنىشى جەريانىدىكى، ياخشى ۋەزىيەت شارائىتىدا ۋىلايەتنىڭ زور كوپ ساندىكى ئاھالىسى ئۇنىڭغا قاتنىششى مۇمكىن" (36) دەپ ھۆكۈم قىلىنغان.

قەشقەردىكى سوۋېت كونسۇلى شېستېرىكوۋ بولسا، ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ مەركىزىنىڭ جەنۇپ بولسا مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى جەزىملەشتۈرۈپ، دوكلات سۇنغان. ئۇ، بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ، گەرچە خەلقنىڭ مۇستەملىكىچىلەرگە قاتتىق ئۆچمەنلىكى بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ئىچكى كۈچگە تايىنىپ، ئاكتىپ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بارغىلى بولمايدىغانلىقىنى، چۈنكى " بۇنىڭ ئۈچۈن كېرەك بولغان ماددىي ئىمكانىيەتلەرنىڭ پۈتۈنلەي يوقلىقى، ھەر قانداق بىر مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنى تەشكىللەش مۇمكىنچىلىكى ھەم مىللىي ئازادلىق كۈرەشنى بىرلەشتۈرىدىغان ۋە رەھبەرلىك قىلىدىغان كۈچلۈك ، ئابرويلۇق شەخسنىڭ يوقلىقى" نى شەرھىلىگەن (37). ئەمما، ئۇنىڭ ئەكسىچە، شىمالدىكى بارلىق سوۋېت كونسۇللىرى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنى باشلاشقا مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىشكەن. ئومۇمەن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1944 ـ يىلىدىن 1949 ـ يىلىغىچە داۋاملاشقان كەڭ كۆلەملىك مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنى باشلاش ھەمدە ئۇنى قوللاش ۋە ياردەم بېرىشى ئەنە شۇ 1943 ـ يىلى 16 ـ مايدىكى سىياسىي بيۇرونىڭ قارارىغا ئاساسەن تۈزۈلگەن ئىستراتېگىيە بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىك قاتلىمى ئۆزلىرىنىڭ بۇ پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئۆلكە ئاھالىسىنىڭ ئاساسىي قىسمى جايلاشقان ، ئۇنىڭ ئۈستىگە

پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۇيغۇرلار ئورۇنلاشقان تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبى، جۇملىدىن قەشقەرنى مەركەز قىلىشنى تاللىماي، ئەكسىچە سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىن ۋە كۆپ مىللەتلىك ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە رۇس مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئاھالىلار جايلاشقان، خېلى كۆپ ساندا رۇسلار ئولتۇراقلاشقان ئىلى، تارباغاتاينى، بولۇپمۇ ئىلىنى تاللىۋالدى. ئەمما، قەشقەر ،ئاقسۇ، خوتەن قاتارلىق تەرەپلەردىكى كىشىلەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ **1934**-يىلى ۋە **1937**-يىلىدىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرىنى باستۇرۇپ، شېڭ شىسەيگە ياردەم بېرىپ، خوجا نىياز ھاجىم، سابىت داموللا قاتارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتاقلىق كىشىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ ھاياتىدىن ئايرىلىشى، مىڭلىغان بىگۇناھ ئادەملەرنىڭ تۈرمىلەرگە چۈشۈپ، خانىۋەيران بولغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلاردا سوۋېت ئىتتىپاقىغا بولغان ئىشەنچ يوق ۋە ياكى كەمچىل ئىدى. بىراق، ئىلى تەرەپتە بولسا، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئىشەنمەسلىك خاھىشى ئۇنچىۋالا ئېغىر ئەمەس ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىمالنى قوزغىلاڭ مەركىزى قىلىپ بېكىتىشىگە سەۋەب بولغان يەنە بىر ئامىل شۇكى، غۇلجا ۋە چۆچەك ، ئالتاي قاتارلىق جايلاردا شېڭ شىسەيگە قارشى يەر ئاستى ۋە قوراللىق پائالىيەتلەر ھەمدە تۈرلۈك شەكىلدىكى قارشىلىق كۆرسىتىشلەر ئاللىقاچان باشلىنىپ كەتكەن بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىخەتەرلىك خادىملىرى بۇ رايوندىكى ئىچكى ۋەزىيەت، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ھەم باشقا ئەھۋاللارنى يېقىندىن كۆزىتىپ تۇرغان ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ھەربىي ئىشلار بۆلۈمىدە كاتىپ بولۇپ ئىشلىگەن سابىق كاپىتان ماخمۇت پارماشوپنىڭ ئەسلىشىچە، ئۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر گۇرۇپپا غۇلجا ياشلىرى **1943**-يىلىنىڭ بېشىدىلا بىر قانچە يەر ئاستى تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇپ، پائالىيەت ئېلىپ بارغان بولۇپ، ئۇلار ئابدۇكېرىم ئابباسوف، ئابدۇللا زاكىروپ قاتارلىقلار بىلەن زىچ ئالاقىدا بولغان(**38**). ئۇلارنىڭ بۇ پائالىيىتى ئەمەلىيەتتە ئەلىخان تۆرە باشچىلىقىدىكى " ئازادلىق تەشكىلاتى" دىن بۇرۇن باشلانغان بولۇپ، غۇلجىنىڭ ئۇيغۇر، تاتار ياشلىرى ئارىسىدا دۈشمەنگە قارشى كەيپىياتلار كۈچىيىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار ئازادلىق يوللىرىنى ئىزدەشكە باشلىغان ئىدى. **1942**-يىلىنىڭ

ئاخىرى، 1943 ـ يىلىنىڭ بېشىدا چۆچەكتىكى ئابلىمىت ھاجىيوپ، مەتنىياز قارىم قاتارلىق ئۇيغۇرلار شىڭ شىسەيگە قارشى پائالىيەتلەرنى باشلىغان(39). ئالتايدا بولسا، 1940 ـ يىلىدىن تارتىپ قازاقلارنىڭ قوراللىق ھەرىكەتلىرى داۋاملاشقان ئىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە گېنېرال ۋلادىمىر ئېگناروۋ بىلەن گېنېرال ئالېكساندىر لاڭفاڭ باشچىلىقىدىكى ئالاھىدە " ھەرىكەت گورۇپپىسى" نىڭ خادىملىرى غۇلجا، قورغاس، چۆچەك ۋە باشقا جايلاردا پائالىيەتلىرىنى باشلىغان بولۇپ، ئۇيغۇرلاردىن سوۋېت دوختۇرخانىسىنىڭ دوختۇرى سالاھىيتى بىلەن يۈرگەن ھاكىم جاپپار يارۇللابېكوپ، رۇسلاردىن سوۋېت كونسۇلى داباشىن، مۇئاۋىن كونسول بورىسوۋ ( ئەسلى ئىسمى ئىگنات ستېپانكو)، 20 ـ يىللاردا غۇلجىغا كېلىپ ماكانلاشقان ئ

(3)ستالىنىنىڭ ئاتوم بومبىسى ۋە ئۇيغۇرلار تارىخىنىڭ ئېچىلمىغان سىرلىرى

ھەربىي ـ سىياسىي مەسلىھەتچىلىك قىلدى.( 41)

1944 ـ يىلى 4 ـ ئايدا غۇلجىدا ئەلىخان تۆرە باشچىلىقىدا 12 كىشىدىن تەركىپ تېپىپ قۇرۇلغان " ئازادلىق تەشكىلاتى" مۇ ئەنە شۇ داباشىن، مۇئاۋىن كونسۇل بورىسوۋ ۋە ھاكىم جاپپار يارۇللابېكوۋنىڭ پائالىيەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئەلىخان تۆرە قاتارلىق ئازادلىق تەشكىلاتى ئەزالىرى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ۋەكىللىرى ئارىسىدا بىر قانچە قېتىم سۆھبەت

بولغان. مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ ئەزاسى ، كېيىنكى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت باش كاتىپى ئابدۇرەۋۇپ مەخسۇمنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە ، ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقى ۋەكىللىرىگە ئۆزلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئىشەنمەيدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ بۇرۇن خوجا نىياز ھاجىمنى ئالداپ، ئۇنى شېڭ شىسەيگە تۇتۇپ بەرگەنلىكى، شېڭ دۇبەنگە ياردەملىشىپ، 1933 ـ 1937 ـ يىللىدىكى قوزغىلاڭنى باستۇرغانلىقىنى سۆزلىگىنىدە ، سوۋېت ۋەكىللىرى " بىز بۇرۇن خاتا قىلغان، شېڭ شىسەينىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنمىگەن ئىكەنمىز ، ئەمدى ئۇنداق بولمايدۇ، شېڭ شىسەينى ۋە گومىنداڭنى يوقىتىشقا ھەمدە قىزىل موڭغۇلىيىدەك بولۇشۇڭلارغا ياردەم بېرىمىز، بۇ قېتىم سىلەر چوقۇم ئازاد بولۇسىلەر، قىزىل موڭغۇلىيىدەك بولۇسىلەر" (42) دەپ ۋەدە بەرگەندىن كېيىن، ئۇلار ئاكتىپ پائالىيەت باشلىغان ئىكەن. ئەنە شۇ كرېملدا ئېلىنغان قارار بويىچە، ئالمۇتا ئەتراپىدا مەخسۇس سەيدۇللا سەيفۇللايېۋ بىلەن بىرگە تەربىيىلەنگەن فاتىخ باتۇر قاتارلىق ئون نەچچە كىشى ئىلقا قوزغىلىڭىنىڭ ئوقىنى ئاتتى(43). ئابدۇرەۋۇپ مەخسۇمنىڭ ئەسلىشىچە، ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت تەرەپ فاتىخ باتۇرغىمۇ ئۆزلىرىگە ئوخشاش ۋەدە بەرگەن ئىكەن.

ئومۇمەن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئىلقا قوزغىلىڭىدىن تارتىپ، غۇلجا شەھىرى، سۈيدۈڭ، كۈرەنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشلىرىغا ھەر خىل سەۋىيىدە قاتناشتى. 1944 ـ يىلى ،12 ـ نويابىردا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ، بىر ھەپتىلەردىن كېيىن، قورغاستا پائالىيەت قىلىۋاتقان ئالاھىدە ھەرىكەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقلىرى گېنېرال ئېگناروۋ ۋە گېنېرال لاڭفاڭ غۇلجىغا يېتىپ كېلىپ، بۇ ھۆكۈمەتنىڭ ھەربىي ـ سىياسىي مەسلىھەتچىلىكىنى تاپشۇرىۋالدى. ئۇلارنىڭ شەرتلىك نامى "2 ـ دوم " بولۇپ، ئۇلار جۇمھۇرىيەتنىڭ كۈندىلىك ھەربىي ـ سىياسىي، دۆلەت قۇرۇلۇش ھەم باشقا بارلىق ئىشلىرىغا مەسلىھەتچىلىك قىلدى(44). سابىق باش كاتىپ ئابدۇرەۋۇپ مەخسۇم ئىبراھىمى " ئازاد بولساقلا، دۈشمەننىڭ قولىدىن قۇتۇلساقلا مەيلى، دەپ بىز بۇ ئىماملارنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇردۇق، چۈنكى، بىز سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋەدىلىرىگە بەك ئىشىنىپ كەتكەن ئىكەنمىز، ئەمما ئۇلارنىڭ ئاخىرىدا بىزنى ئالداپ، ئۆزىمىزنىڭ يېغىمىزدا ئۆزىمىزنىڭ

گۆشنى قورۇشنى نەدىن بىلەيلۇق؟" دەپ ھەسرەتلىك خىتاب قىلغان ئىدى.(45)

سوۋېت ئىتتىپاقى ئەنە شۇ ستالىننىڭ قاتنىششى بىلەن كرېملدا ئېلىنغان قارار بويىچە ئىنقىلابنىڭ بىرىنچى كۈنىدىن تاكى 1949-يىلى 10-ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئۆز بايرىقىنى بەش يۇلتۇزلۇق بايراققا ئالماشتۇرغانغا قەدەر بولغان ئالتە يىل ئىچىدە مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنى ھەربىي-سىياسى ، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە باشقا جەھەتلەردىن قوللاپ ھەم ياردەم بېرىپ كەلدى. بولۇپمۇ، مىللىي ئارمىيىگە كۆرسەتكەن ياردەملىرى غايەت زور بولۇپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ تەشكىللىنىشى، ئۈچ فرونت بويىچە جەڭ قىلىپ، گومىنداڭنى يوقىتىشىدا مۇھىم ياردەم كۆرسەتتى. بۇ جەرياندا 500 دىن ئارتۇق ئوفىتسېر 2000 دىن ئارتۇق جەڭچى ئەۋەتىلىپ(46) ، مىللىي ئارمىيە سەپلىرىدە ئۇرۇشقا قاتناشتى ھەمدە ئۇلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى مىللىي ئارمىيىنىڭ يۇقىرى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئوفىتسېرلىك ۋەزىپىلىرىنى، ئەسكەرلەرنى تەربىيىلەش خىزمەتلىرىنى ئاتقۇردى. ئەلۋەتتە، بۇ ياردەملەر ھەرگىز بىكارغا كەلمىگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە سوۋېت ئىتتىپاقى ئولجا ئېلىنغان زور ساندىكى ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى ۋە مەلۇم ساندىكى مۇھىم خام-ئەشيالارنى ئېلىپ كەتتى. شۇنىڭدەك يەنە ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئۆزلىرىگە بېرىلگەن ھەربى مىلتىق، ئاپتومات، زەمبەرەك ۋە ئوق-دورىلار ئۈچۈن يۇقىرى باھادا ھەق تۆلىگەن بولۇپ، ئاساسلىقى، قوي، كالا، يۇڭ، گۆش، ئاشلىق قاتارلىق چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى ئالماشتۇرۇلۇش ۋاستىسى قىلىنغان ئىدى(47). لېكىن، بۇ يەنىلا سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم پايدا بولماستىن، ھەقىقى پايدا، ئالتاي ۋە ئارشاڭدىن قېزىلغان قىممەتلىك رادىئاكتىپلىق ماددىلار ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى خەلق ئىچكى ئىشلار كومىسسارىياتىنىڭ رەئىسى بېرىيانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئازاد ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە كۈچلۈك بىخەتەرلىكنى قوغداش ئوپېراتسىيىلىرىنى ئېلىپ بارغان بولۇپ، سوۋېت رازۋېتچىكلىرى بىر تەرەپتىن ئۈچ ۋىلايەتكە گومىنداڭ ھەم باشقا دۆلەت كۈچلىرىنىڭ سىڭىپ كىرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ يەردىكى ھەرىكەتلىرىنى رازۋېتكا قىلىشقا قارشى تۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن مىللىي ئازادلىق ئىنقىلاپ رەھبەرلىرى، ئىلغار يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى

ھەمدە ھەربىي قوماندانلارنى كۆزىتىپ، ئۇلاردىكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى كەيپىياتلارغا دىققەت قىلاتتى(48). ئىلگىرى كېيىن، ن ك ۋ د ( خەلق ئىچكى ئىشلار كومىسسارىياتى)نىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلىرىدىن 30 ـ 40 ـ يىللاردا شىمالىي ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدا پائالىيەت قىلغان پولكوۋنىك ئۇنئۋانىدىكى بورىسوۋ ( ئىگنات ستېپانكو)، پودپولكوۋنىك ئۇنئۋانىدىكى كەسپىي رازۋېتچىكلار ، ئىۋان ئىۋانوۋىچ ئىۋانوۋ ( ئىسكەندەر ئەپەندى)، پېتىر ساۋىن ( زاكىر تۆرە)، گابىت مۇزىپوۋ ( ئەلى ئەپەندى ۋە ياكى ئەلى مەمەدوف)، پروكوپيېۋ ۋە باشقىلارمۇ مۇھىم ۋەزىپىلەرنى بىجا كەلتۈردى. 20 ـ يىللاردىن ئېتىبارەن ئۇيغۇر ئېلىغا كېلىپ يەرلەشكەن بولسىمۇ، ئەمما سوۋېت ن ك ۋ د ئورگىنىغا ئىشلەشكە باشلىغان ئەسلى ئاق گۋاردىيىچىلەرنىڭ ئوفىتسېرلىرىدىن گېئورگىي پالىنوۋ، مازھاروۋ، موگۇتنوۋ، گرېبىنكىن ۋە باشقىلارمۇ يۇقىرى خىزمەتلەرنى قولغا ئېلىپ، گېنېرال ئېگناروۋ باشچىلىقىدىكى " ئالاھىدە ھەرىكەت گۇرۇپپىسى" ۋە كېيىن 2 ـ دومغا بىۋاستە بويسۇندى(49). سوۋېت بىخەتەرلىك خادىملىرىدىن ئىسكەندەر ئەپەندى يەنى ئىۋان ئىۋانوۋىچ ئىۋانوۋ بىلەن زاكىر ئەپەندى يەنى پېتر ساۋىن ۋە ئەلى ئەپەندى يەنى گابىت مۇزىپوۋ ئىسىملىك بۇ مۇھىم جاسۇس ئەلىخان تورىنى ئېلىپ كېتىش ئوپېراتسىيىسىنى ئورۇندىدى. يېقىندا پاش بولغان ئارخىپلار ۋە سابىق ك گ ب پەۋقۇلئاددە ئوپېراتسىيە بۆلۈم باشلىقى سۇدوپلاتوۋ ئۆز ئەسلىمىسىدە " تروتسكىينى ئۆلتۈرگەن ستالىننىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئادىمى نائۇم ئەيتىنگون 1946 ـ يىل يەنە بىر قېتىم ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىگە مەخپىي ئەۋەتىلىپ، ئۇيغۇر مىللەتپەرۋەرلىرىنى يوقىتىش ئوپېراتسىيىسىگە قوماندانلىق قىلىپ، ۋەزىپىنى تولۇق ئورۇنداپ، ئۇيغۇر مىللەتپەرۋەرلىرىنى تولۇق مەغلۇپ قىلىپ، ۋەتىنىگە قايتقان" (50) دەپ يازغان بولۇپ، رۇس تارىخچىلىرى تروتسكىينى ئۆلتۈرۈش ئوپېراتسىيىسىنى بىجا كەلتۈرگەن بۇ شەخسنىڭ بەلكى ئەخمەتجان قاسىمى ، ئىسھاقبەگ مۇنونوپ قاتارلىقلارنىمۇ ئۆلتۈرۈش ئوپېراتسىيىسىنى ئىشقا ئاشۇرغان بولۇشىنى پەرەز قىلماقتا. ئەمما بۇ ھەقتە تېخى يېتەرلىك ئارخىپ ئاساسىدىكى پاكىت يوق.

ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر دىيارىدا قىلىنىدىغان ھەرىكەتنىڭ سىياسىي رەھبەرلىك ۋەزىپىسى

ئۆزبېكىستان كومپارتىيىسىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى ئوسمان يۇسۇپوۋقا تاپشۇرۇلغان بولۇپ (51)، ئوسمان يۇسۇپوۋ تەشۋىقات ئىشلىرىغا ھەمدە 1944 ـ 1949 ـ يىللىرى ئۈچ ۋىلايەتكە مۇناسىۋەتلىك يەرلىك مىللەت خادىملىرىنى ئەۋەتىشكە مەسئۇل بولغان ، ئۇ 1947 ـ يىلى ئۆزبېكىستان ئۇيغۇرلىرىدىن كېلىپ چىققان، كېيىنكى ئۆزبېكىستان رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان خېلەم خۇدابەردى قاتارلىق 13 كىشىنى ئۆزى قوبۇل قىلىپ، ئىلىغا ئەۋەتكەن ئىدى ( 52). ئوسمان يۇسۇپوۋ يەنە 1946 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئەلىخان تۆرىنى ئېلىپ كېتىش ئىشىغىمۇ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئەلىخان تۆرە سوۋېت رازۋېتچىكلىرى تەرىپىدىن تاشكەنتكە ئېلىپ كېتىلگەندىن كېيىن، ئوسمان يۇسۇپوۋ ئۇنىڭ بىلەن دائىم ئۇچرىشىپ تۇرغان(53) . ئۇنىڭ ئۇيۇشتۇرىشى بويىچە "قازاق ئېلى"، " شەرق ھەقىقەتى" قاتارلىق جۇرناللار نەشر قىلىنىپ، ئۇيغۇر ئېلىغا كىرگۈزۈلۈپ تۇرغان ئىدى.

قىسقىسى ، 1943 ـ يىلى، 16 ـ ماي كۈنى كرېمىل سارىيىدا ئېچىلغان يىغىن قارارى ئەمەلىيلىشىپ، ئاخىرى 1944 ـ يىلى، 8 ـ 10 ـ ئايلاردا نىلقا قوزغىلىڭى پارتلاپ غەلىبىسېرى كېڭەيگەن ھەمدە شۇ يىلى، 7 ـ نويابىر كۈنى غۇلجا قوزغىلىڭى پارتلاپ، جۇمھۇرىيەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان، 1944 ـ يىلى، 9 ـ ئاينىڭ بېشىدا شېڭ شىسەي ئۆلكە ھاكىمىيىتىدىن قالدۇرۇلۇپ، چوڭچىڭغا كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن موسكۋا بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالمىدى. بۇ يەردىكى ھەقىقەت شۇكى، ئۇنىڭ شىڭنى يوقىتىش پىلانى ئەمەلگە ئاشقان بولسىمۇ، بىراق ستالىننىڭ ئەسلى مەقسىتى بولغان ئالتايدىكى ئۇران كانلىرىنى ئەركىن قېزىش پىلانى تېخى ئەمەلگە ئاشمىغان، ئاتوم بومبىسى ياساش غايىسى تېخى رېئاللىققا ئايلانمىغان ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتاي ئازاد قىلىنىپ، ماناس دەرياسى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدىكى مەمۇرىي ۋە ھەربىي ـ سىياسىي چېگرا قىلىنىپ، گومىنداڭ ھاكىمىيىتى بۇ ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدىن ئۇزۇل ـ كېسىل تازىلىنىپ، خاتىرجەم ھالدا ئارشاڭ ۋە كۆكتوقايدىكى كانلاردىن ئاتوم پىلانىغا كېرەك بولغان ئۇران ، ۋولفرام ھەم باشقا

قىممەتلىك يەر ئاستى بايلىقلىرىنى قېزىش ئىمكانىيىتى يارىتىلىشى كېرەك ئىدى. ستالىن ئاخىرى مۇددىئاغىلا ئەمەس، بەلكى سىياسى مۇددىئا ھەمدە ئىقتىسادىي مۇددىئاغىمۇ يەتتى. بىچارە ئۇيغۇر خەلقى شاھمات تاختىسىدىكى پېچكىلار كەبى ستالىننىڭ قۇربانلىرىغا ئايلاندى.

**6. ناگاساكى ۋە غۇلجا**

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلى ئىنقىلابىنى قوزغاش ۋە مەزكۇر ئىنقىلاب نەتىجىسىدە قۇرۇلغان مۇستەقىل ھاكىمىيەتنىڭ تاكى 1949 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدىن مۇستەسنا ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى قوللىشىدىكى كۆپ تەرەپلىملىك ئامىللار قاتارىدىكى ئەڭ مۇھىم ئامىلنىڭ موسكۋانىڭ ئاتوم بومبىسى ياساش ئىستراتېگىيىسى بىلەن باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدىغان بىر قانچە مەسىلىلەر قاتارىدا، يالتا كېلىشىمى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى گېرمانىيە ھەم ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇش جەريانىدىكى ئەھۋاللارنىمۇ كۆرستىش مۇمكىن. ئەگەردە، ستالىننىڭ مەقستى پەقەتلا شىڭ شىسەينى ئورنىدىن قالدۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئۆلكىدىكى جۇغراپىيىۋى سىياسىي ئىمتىيازلىرىنى قايتىدىن تىكلەش دەپ قارىغاندا، ئۇنىڭ مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىقا ياردەم بېرىشى 1945 ـ يىلى 6 ـ 11 ـ فېۋرالدىكى ستالىن، رۇزۋېلت ھەم چېرچىللار ئارىسىدىكى يالتا سۆھبىتى ھەم يالتا كېلىشىمدە ئېرىشكەن نەتىجىلىرى بىلەن توختاپ قېلىشى كېرەك ئىدى. ھېچ بولمىغاندىمۇ، 1945 ـ يىلى 14 ـ ئاۋغۇستتا يالتا روھى بويىچە "سوۋېت ـ جۇڭگو دوستلۇق شەرتنامىسى" نىڭ تۈزۈلۈشى بىلەن خۇلاسىلىنىشى لازىم ئىدى. چۈنكى، ستالىن ئەنە شۇ يالتا كېلىشىمىدىن كېيىن ئىزچىل تۈردە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىن زېمىن تەلەپى يوقلۇقى ۋە بۇنىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ كەلگەن(54). ئەمما، ئۇنداق بولۇشغا قارىماي، ستالىن "شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى"گە داۋاملىق ياردەم بەردى. بۇنىڭدىكى تۈپ سەۋەب ھەققدە شۇنداق پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويۇش مۇمكىنكى، چۈنكى، بىرىنچىدىن ستالىن يالتا كېلىشىمدە 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دۇنيا تەرتىپىنى تەڭشەشتە ئۆزىنىڭ تېگىشلىك ئىمتىيازىنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى تېخى ئەمەلىيەتكە ئاشۇرمىغان ھەمدە تولۇق

كاپالەت ئاستىغا ئالمىغا ئىدى. ئىككىنچىدىن كەسكىن قىلىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇ تېخى ئاتوم بومبىسى ئۈچۈن كېرەك بولغان ئۇران قاتارلىق يەر ئاستى بايلىقلىرى مەنبەلىرى جايلاشقان تارباغاتاي، ئالتاي رايونىدىن گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى تولۇق تازىلاپ بولالمىغان ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئەنە شۇ مەقسەتلىرىنى رېئاللىققا ئاشۇرۇشنى داۋاملاشتۇرىۋاتقان، مىللىي ئارمىيە شىددەت بىلەن ئوتتۇرا ، شىمالىي يۆنىلىشلەردە جەڭ قىلىۋاتقان پەيتلەرگە توغرا كەلگەن ، 1945 ـ يىلى، 24 ـ ئىيۇلدىكى پودستام يىغىنى مەزگىلىدە ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ئۆزىنىڭ تۇنجى ئاتوم بومبىسىنى سىناق قىلدى. پوتسدام يىغىنىدا ئامېرىكا پرېزىدېنتى ترۇمېن ستالىنغا بۇ خەۋەرنى ئېيتقاندا، ستالىن خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك كۈلۈپ قويىسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭمۇ مۇنداق بومبىنى ياساشقا تىرىشىۋاتقانلىقىنى چاندۇرمىدى.( 55) .

چۈنكى، ئەينى ۋاقىتتا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گېرمانىيىدىن قولغا چۈشۈرگەن ئۇران زاپاسلىرى ئۇنىڭ ئاتوم پىلانىدىن تولىمۇ يىراقتا بولۇپ، ئۇ يەنىلا زور مىقداردا ئۇرانغا مۇھتاج ئىدى، بۇ ئۇران كانلىرى پەقەت شىنجاڭ ئۆلكىسىدىلا بار ئىدى. 1945 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئامېرىكا خىروشىماغا ئاتوم بومبىسى تاشلىغان كۈنىنىڭ ئەتىسى ستالىن سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ ياپونىيىگە قارشى مانجۇرىيىدىكى پۈتۈن سەپلەر بويىچە 9 ـ ئاۋغۇست كۈنى ھۇجۇم باشلاش بۇيرۇقىنى ئىمزالىدى. شۇ كۈنى يەنە ئامېرىكا ناگاسكىغا ئاتوم بومبىسى تاشلىدى. 14 ـ ئاۋغۇست كۈنى بولسا، ياپونىيە ھۆكۈمىتى رادىئو ئارقىلىق تەسلىم بولغانلىقىنى جاكارلىغان كۈنى موسكۋادا "سوۋېت ـ جۇڭگو دوستلۇق شەرتنامىسى" ئىمزالاندى ھەمدە قىسقىغىنا بىر ھەپتە ئىچىدە سوۋېت ئىتتىپاقى قوشۇنلىرى پۈتۈن مانجۇرىيىنى ھەمدە كورىيە يېرىم ئارىلىنى ئاساسەن ئىشغال قىلىش بىلەن ياپونىيە ئارمىيىسىنى پۈتۈنلەي گۇمران قىلىنىپ، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پۈتۈنلەي ئاخىرلاشتۇرۇلغان ھەمدە موسكۋا يالتا كېلىشىمىدە ئوتتۇرىغا قويغان ئىمتىيازلىرىنى تولۇق كاپالەتكە ئىگە قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئاتوم بومبىسىنىڭ ھەقىقەتەن قىرىش كۈچى بارلىقىنى ئەمەلىيەت ئارقىلىق تونۇپ يەتتى شۇنىڭدەك ئامېرىكىنىڭ دۇنيادىكى بىردىن ـ بىر ئاتوم دۆلىتى سۈپىتىدە قەد كۆتۈرۈشنى ئۆزىگە

نىسبەتەن يېڭى تەھدىت ھېسابلاپ، ئاتوم بومبىسى ياساش سۈرئىتىنى ئەڭ يۇقىرى سۈرەتتە تېزلىتىشنى قارار قىلدى(56).

بۇ ئېھتىياج بىلەن 1945 ـ يىلى 20 ـ ئاۋغۇست كۈنى ستالىن دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتىنىڭ 9887 ـ نومۇرلۇق قارارىنى تەستىقلاپ، يېڭى ئاتوم پىلانى قۇرۇلمىسى قۇرۇپ چىقتى. ئومۇمىي خىزمەتلەرگە رەھبەرلىك قىلىش ئۈچۈن "ئالاھىدە كومىتېت قۇرغان بولۇپ، " ئاتوم سىياسىي بيۇروسى" دەپ ئاتالغان مەركىزى كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە بېرىيا تەيىنلىنىپ، تەركىبىگە ستالىن قاتارلىق مۇھىم رەھبەرلەر ۋە بىر قىسىم ئاتوم ئالىملىرى كىرگۈزۈلدى. ئەلۋەتتە، بۇ چاغدا گەرچە سوۋېت ئىتتىپاقى گېرمانىيىنى يوقىتىش بىلەن كۆپلىگەن گېرمان ئاتوم ئالىملىرى ھەم گېرمانىيىنىڭ بىر قىسىم ئۇران زاپاسلىرىنى ئېلىپ كېتىپ، ئۆز پىلانى ئۈچۈن ئىشلەتكەن بولسىمۇ، بىراق ئۇران زاپىسى شۇنىڭدەك تېخنىكا كۈچى يەنىلا يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇران قېزىپچىلىقىنى ھەل قىلىش مۇھىم كۈن تەرتىپكە قويۇلدى. مەركىزى 9887 ـ نومۇرلۇق قاراردا " كەڭ كۆلەمدە گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇران خام ئەشيا بازىسىنى قۇرۇش سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تېشىدىكى ئۇران مەنبەلىرىنى ئىشلىتىش، ئۇران سانائىتىنى تەشكىللەش ھەمدە ئاتوم ئېنېرگېتىكا ئەسلىھەلىرىنى قۇرۇش ۋە ئاتوم بومبىسى ياساپ چىقىش" دەپ بېكىتىلگەن . ( 57) بۇ قارار بويىچە خەلق ئىچكى ئىشلار كومىسسارىياتى قارمىغىدا ئىجرا قىلىش ئورگىنى قۇرۇپ، ئاتوم ساھەسىگە ئائىت مەخپىي كان ۋە سانائەت ئورگانلىرى قۇرۇپ چىقىپ، بۇلاردا تۈرمىگە تاشلانغان ئادەملەرنى ئىشلەتتى. بۇ ئادەتتە "ئاتوم گۇلاگى" دەپ ئاتالغان بولۇپ، مەركىزى ساھەدە ئەڭ كۆپ بولغاندا 700 جىنايەتچى ئىشلىگەن ئىكەن(58).

ئەنە شۇ قارار بويىچە ستالىن ئامېرىكا، ئەنگلىيە رەھبەرلىرى بىلەن بىرلىكتە ئىمزا قويغان يالتا كېلىشىمىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە قوبۇل قىلغان قارار بويىچە 14 ـ ئاۋغۇست كۈنى جۇڭگو بىلەن "دوستلۇق كېلىشىمى" نى تەستىقلىغان ھەمدە جاڭكەيشى ھۆكۈمىتىگە ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى قوزغىلاڭچىلارنى قوللىماسلىق ھەققىدە ۋەدە بەرگەنلىكىگە قارىماي، يەنىلا مىللىي

ئارمىيىنىڭ داۋاملىق تۆردە ھۇجۇم قوزغاپ، 1945 ـ يىلى، 9 ـ سېنتەبىر كۈنى ئالتاينى، 16 ـ سېنتەبىر كۈنى جىڭ ۋە شىخونى ئازاد قىلىپ، ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا يېتىپ كېلىشكىچە يول قويدى. 2000 دىن ئارتۇق قىزىل ئارمىيە جەڭچىسى ۋە 500 نەپەر قىزىل ئارمىيە ئوفىتسېرى مىللىي ئارمىيىنىڭ بۇ ئۇرۇشلىرىغا بىۋاستە قاتناشتۇرۇلدى(59). بۇ ۋاقىتتا ئىلى ، تارباغاتاي ۋە ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت تولۇق ئازاد بولۇش بىلەن ئارشاڭ ھەم كۆك توقايدىكى رادىئاكتىپلىق مېتاللار مەنبەلىرىنى ئېچىش شارائىتى يارىتىلغان بولۇپ، ستالىن ئەنە شۇنىڭدىن كېيىنلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي تېخنىكا، خام ئەشيا ھەم كادىر ۋە باشقا جەھەتلەردىن قوللىشى ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى مىللىي ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇم قىلىشىنى توختىتىپ قويدى ھەمدە جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىنى گومىنداڭ بىلەن بېتىم تۈزۈشكە قىستاش بىلەن ئۆزىنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە بەرگەن ۋەدىسىنى كۆرسەتتى. بىراق، سۆھبەت 10 ئايغا سوزۇلدى شۇنىڭدەك ئارقىدىن 1946 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن 1947 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە بىرلەشمە ھۆكۈمەت مەۋجۇت بولدى. بۇ ھۆكۈمەتمۇ بۇزۇلۇپ ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئىلى رەھبەرلىرى غۇلجىغا قايتىپ كېتىپ، ماناس چېگرىسى تاكى 1949 ـ يىلى 11 ـ ئايغا قەدەر مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. قىسقىسى ئەنە شۇ 5 يىل جەريانىدا گومىنداڭ ئارمىيىسى ۋە ھۆكۈمىتى سوۋېت تەسىرى ئاستىدىكى مەزكۇر ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىگە كىرەلمىگەن بولۇپ، مەزكۇر رايون مۇستەقىل ھالدا ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇران قېزىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

قىسقىسى، پاكىتلار ئارقىلىق مەنتىقىلىق خۇلاسە چىقىرىش مۇمكىنكى، خىروشما ۋە ناگاساكىدىكى ئامېرىكىنىڭ ئىككى ئاتوم بومبىسىنىڭ پارتلىشى، ئىنسانىيەتكە ھەقىقەتەن قۇدرەتلىك قىرىش خاراكتېرلىق قورالنى ياسىغىلى بولىدىغانلىقىنى، ئەگەردە بۇ قورال كىمنىڭ قولىدا بولسا، ئۇنىڭ دۇنيا تەرتىپىنى بەلگىلەشتىكى تەڭداشسىز كۈچكە ئايلىنىدىغانلىقىنى ھەقىقىي يوسۇندا ئىسپاتلاپ بەردى. ناگاساكى ۋە خىروشمادىكى ئىنسانىيەتنى چۆچۈتىدىغان دەھشەتلىك مەنزىرە ستالىننىڭ پۈتۈن كۈچ بىلەن ھەر قانداق بەدەلگە قارىماي، ئەڭ تېز سۈرئەتتە ئاتوم بومبىسى ياساش پىلانىنى

كۆچەيتىشىدىكى يەنە بىر مۇھىم ئامىلغا ئايلاندى. شۇ سەۋەبتىن گەرچە ستالىن يالتا يىغىنىدا جۇڭگو مەسىلىسىدە ئامېرىكا بىلەن بىرلىك ھاسىل قىلىپ، يالتا روھى بويىچە 1945 ـ يىلى 8 ـ ئايدا جۇڭگو بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ، جۇڭگودىن ئېرىشكەن مەنپەئەتلىرىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان بولسىمۇ، بىراق يەنىلا شۇ ئاساسلىق مۇددىئا ئاتوم بومبىسى ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ئۇران بايلىقلىرىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتايدىن ئىبارەت ئازاد ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە جۇڭخۇئا مىنگو ھۆكۈمىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە يول قويماي، غۇلجا يەنىلا مەزكۇر ھېچ قايسى دۆلەت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنمىغان مۇستەقىل ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ مەركىزى بولۇپ، ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي ۋە شەرقىي قىرغىقى خۇددى ئىككى دۆلەت كەبى ئوخشىمىغان دۆلەت بايرىقى، ئوخشىمىغان ئارمىيە ۋە دۆلەت ھەم ساقچى ئاپپاراتلىرى ۋە ئوخشىمىغان مائارىپ ۋە سىياسىي ئىدېئولوگىيە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تەڭداش مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. ناگاساكادىكى پارتلاش ئاۋازى گەرچە غۇلجىغا ئاڭلانمىغان شۇنىڭدەك بۇ ئىككى شەھەرنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن 5 ـ 6 مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق ئازادلىققا، ھۆرلۈككە تەشنا خەلقلەرنىڭ مىڭلىغان ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ ئىسسىق قان بەدىلىگە قۇرۇلغان غۇلجا ھۆكۈمىتى ستالىننىڭ ئاتوم پىلانى ئۈچۈن بىلىپ ـ بىلمەي خىزمەت قىلدى. ستالىنغا ئىشەنگەن، ئۇنىڭدىن ئازادلىق ئۈمىدلىرىنى كۈتكەن غۇلجا رەھبەرلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى كان خادىملىرىنىڭ كۆك توقاي ۋە ئارشاڭ قاتارلىق جايلارغا قايتىپ كېلىپ، جىددىي رەۋىشتە ئۇران قاتارلىق كەم ئۇچرايدىغان رادىئاكتىپلىق ماددىلار ۋە باشقا رودىلارنى قېزىشىغا، خەلق ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى ۋە "ئاتوم سىياسىي بيۇروسى"نىڭ رەئىسى بېرىيانىڭ بىۋاستە قوماندانلىقىدىكى سوۋېت ن ك ب د قوشۇنلىرى ئۆزى خالىغانچە ئارشاڭ ۋە كۆك توقايدىكى كان رايونىغا كىرىپ، تولۇق قوراللانغان ھالدا قوغداش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ ئەمەلىيەتتە ئەشۇ سوۋېت دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتىنىڭ 9887 ـ نومۇرلۇق قارارىنىڭ ئىجراسىنىڭ بىر مۇھىم قىسمى ئىدى خالاس.

7. ئارشاڭ ۋە كۆك توقايدىكى قېزىش

دېمەك، ناگاساكى ۋە خىروشىمادىكى ئاتوم بومبىسىنىڭ پارتلاش ئاۋازىدىن بىر ئاي كېيىن ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتايدىن ئىبارەت سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن 2000 كىلومېتىردىن ئارتۇق چېگرا لىنىيىسگە ئىگە، 300 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرلىق تېررىتورىيىدە جۇڭخۇئا مىنگو ھاكىمىيىتى يوق قىلىنىپ، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى نامىدا بىرلىككە كەلگەن بىر يەرلىك ھۆكۈمەت ئۆز ئالدىغا ئىدارە قىلىش ئىشلىرىنى يولغا قويدى. سوۋېت ئىتتىپاقى گېئولوگىيە خادىملىرى جۇملىدىن ئۇران قازغۇچىلىرى موسكۋانىڭ ھىمايىسى ئاستىدىكى مەزكۇر ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدىكى ئىلگىرى ئۆزلىرى تاپقان ئۇران قاتارلىق يەر ئاستى بايلىقلىرى مەنبەلىرىگە قايتىپ كېلىپ قېزىش پائالىيەتلىرىنى باشلىدى. ئەسلىدە، سوۋېت كان خادىملىرى 1935 ـ يىلىدىن كېيىنلا شىڭ شىسەيگە ياردەم بېرىش نامىدا شىنجاڭغا كىرىشكە باشلىغان بولسىمۇ، بىراق ، 1940 ـ يىلى شىڭ شىسەي بىلەن ستالىن ئارىسىدىكى "كونسېسسىيە كېلىشىمى" دىن كېيىن ئىلىدا ئۆلكىلىك "گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىدارىسى" قۇرۇلۇپ، خىزمەتلەر ئىلگىرىكىدىن ئاكتىپ ئېلىپ بېرىلغان. بۇ ئورگان ئەمەلىيەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىش ئىشلىرىغا ياردەمچىلىك قىلىش رولىنى ئوينىغان ئىدى(60).

سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى تەرىپىدىن ئارشاڭ تەۋەسىدە تېپىلغان "ۋولفرام" كانى دەپ ئاتالغان كان ئەسلىدە 1938 ـ يىللىرى تېپىلىپ بېكىتىلگەن ھەمدە 1943 ـ يىلىغا كەلگىچە ئىنجېنېرلار 60 قا، ئىشچىلار 3000 مىڭغا يەتكەن بولسىمۇ، لېكىن 1943 ـ يىلى مايتاغ نېفىتلىكى بىلەن تەڭ توختاپ قالغان(61) . شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئازاد قىلىنىش بىلەن تەڭلا سوۋېت گېئولوگىيە ۋە كان خادىملىرى ئارشاڭدىكى كانغا قايتىپ كېلىپ، جىددىي قېزىش ئىشلىرىغا كىرىشتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئارشاڭدىكى ۋولفرام كېنىنى قېزىش ئىشلىرى 1945 ـ يىلىنىڭ كۈز ئايلىرىدىن تارتىپ تاكى 1950 ـ يىلىغىچە ھېچ توسالغۇسىز داۋاملىشىپ، ئىشچىلار ھەم تېخنىكا قوشۇنى ئىزچىل كۆپەيتىلىش بىلەن ئېرىشكەن

مەھسۇلات سانىمۇ يىلدىن يىلغا ئاشۇرۇلغان.

ھازىرچە، سوۋېت تەرەپنىڭ بۇ ھەقتىكى ئارخىپ ھۆججەتلىرى تېخى ئاشكارا بولمىغاچقا سوۋېت ئىتتىپاقى مەخپىي شەكىلدە ئېلىپ بارغان مەزكۇر كان قېزىشنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ۋە نەتىجىسىمۇ تولۇق ئەمەس. بىراق، گومىنداڭ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئىگىلىگەن تولۇقسىز مەلۇماتلىرى مەۋجۇت بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئىلى قوزغىلىڭىدىن كېيىنكى ئالاھىدە ئەھۋالدىن پايدىلىنىپ، ئارشاڭ تەۋەسىدىكى كان رايونىدا " پۇتۇنلەي يېڭىچە قېزىش ماشىنىلىرىنى ئىشلىتىپ، يەرلىك موڭغۇل، قازاق، ئۇيغۇرلاردىن 3000 دىن ئارتۇق ئىشچى يالاپ، ھەر كۈنى 825 جىڭ ، يىلدا 150 توننا كان مەھسۇلاتى قېزىپ چىقارغان. 1946 ـ يىلى، كان ئىشچىلىرىنىڭ سانى بىر تۈمەنگە يەتكۈزۈلۈپ، 1945 ـ يىلدىكىدىن تەخمىنەن ئۈچ ھەسسە، قازغان كان مەھسۇلاتى تەخمىنەن 450 توننىغا يەتكۈزۈلگەن. 1947 ـ يىلى كان ئىشچىلىرى 20 مىڭغا يەتكۈزۈلۈپ، 1945 ـ يىلدىكىدىن يەتتە ھەسسە ئاشۇرۇلغان. قازغان مەھسۇلاتىمۇ مىڭ توننا دەپ پەرەز قىلىنغان . ئۈچ يىل ئىچىدە جەمئىي 1600 توننا كان مەھسۇلاتى قازغان( 62). مەزكۇر ھۆججەتتىكى ئۈچۈردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قازغان كان مەھسۇلاتلىرىنىڭ بىرىنچى يىلى ئازراق بولۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، بىرىنچىدىن ئارشاڭ قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىلى ۋىلايىتىنىڭ 1945 ـ يىلى 2 ـ ئايغا كەلگەندە تولۇق ئازاد بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، سوۋېتنىڭ بۇ جايدىكى گېئولوگىيىلىك ھەرىكىتىنىڭ تەخمىنەن شۇ يىلنىڭ باھار ئايلىرىدا باشلانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، ئىككىنچىدىن دەسلەپكى يىلى ئىشچىلار سانىمۇ ئازراق بولغان.

گومىنداڭ غەربىي شىمال بارگاھىنىڭ 1948 ـ يىلى، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىغا يوللىغان مەزكۇر دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، ئارشاڭدىكى كان مەنبەسى ئۈچ جايغا جايلاشقان بولۇپ، بىرى ئارشاڭ ناھىيىسىدىن 20 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى چىغىستاي( چىكەستاي) رايونى. بۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كان مەھسۇلاتلىرىنى توشۇش پونكىتىدىن 30 كىلومېتىر يىراقتا بولۇپ، كان

رايوننىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۈچ كىلومېتىر، كەڭلىكى بىر كىلومېتىر. ئىككىنچىسى ئارشاڭ ناھىيىسىدىن 25 كىلومېتىر يىراقتىكى ۋە چىغىستاي رايوننىڭ شەرقىدىن 22 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى خۇستاي رايونى بولۇپ، كانلىقنىڭ ئۇزۇنلۇقى بەش كىلومېتىر، دېڭىز يۈزىدىن 2400 دىن 2800غىچە بولغان تاغ ئارىسىغا جايلاشقان. ئۈچىنچى جۇلكەن دەريا ساھىلىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە بولۇپ، بۇ جاي دېڭىز يۈزىدىن 1800 دىن 2000غىچە ئېگىز بولغان تاغ جىلغىسىغا جايلاشقان. بۇ يەرنىڭ يەر شەكلى بىراق تەكشى بولۇپ، كان قازىدىغان جاي بىلەن كان كان مەيدانى ئارىسى يېقىنراق بولغان ( 63). ئارشاڭدا كان مەھسۇلاتلىرىنى ساقلايدىغان پونكىت شۇنىڭدەك كان رايونىدا سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى قاتارلىق كان ئىشلىرىغا كېرەكلىك بولغان ئەسلىھەلەرنى قۇرغان.

گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ دوكلاتى قىسقا بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا مەزكۇر كان رايونىنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىدىن باشقا يەنە قانچىلىك زاپاس بارلىقى ئېنىق كۆرسىتىلگەن بولۇپ، بىرىنچى كان رايونىدا 1050 توننا، ئىككىنچى كانلىقتا 2350 توننا، ئۈچىنچى كانلىقتا 5600 توننا بولۇپ، جەمئىي 9 مىڭ توننا كان مەھسۇلات زاپىسى بارلىقى قەيت قىلىنغان(64). گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ سانلىق مەلۇماتنى نەدىن ئالغانلىقى ۋە قانداق ئىگىلىگەنلىكى ئېنىق ئەمەس، ئەلۋەتتە، جۇڭگو ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ، مەخسۇس تەكشۈرۈپ يۈرگۈزۈپ سانلىق ئۆچۈرلارغا ئىگە بولۇشى تېخىمۇ رېئاللىقتىن يىراق بولۇپ، بەلكى ئۇلار بۇ يەردە 1943 ـ يىلىدىن ئىلگىرىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىڭ شىسەيگە ئاشكارا قىلغان سانلىق مەلۇماتنى ئاساس قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقى مەزكۇر ئىستراتېگىيىلىك يەر ئاستى بايلىقلىرىنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكى ۋە قانچىلىك زاپىسى بارلىقى ھەققىدە شىڭ شىسەيگە راستچىل مەيداندا تۇرۇپ مەلۇمات بەرگەنمۇ يوق، بۇنىسى نامەلۇم. چۈنكى، زاتەن شىڭ شىسەي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارىسىدا تۈزۈلگەن 1940 ـ يىلى، 26 ـ نويابىردىكى "كونسېسسىيە كېلىشىمى" مۇ مۇتلەق مەخپىي بولۇپ، موسكۋا بۇ ھەرىكىتىنى باشتىن ئاخىرى مۇتلەق مەخپىي تۇتقان.

گومينداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تونۇلغان بۇ مەلۇماتلىرىنى پەرەز ۋە تەخمىن قىلىش تۈسىنى ئالغانلىق ئېھتىماللىقى زور. گەرچە، 1946 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن تاكى 1947 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىلى بىلەن ئۈرۈمچى ئارىسىدا بىرلەشمە ھۆكۈمەت مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن گومينداڭ دائىرىلىرىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىگە ھەربىي ـ سىياسى، مەمۇرىي ۋە باشقا جەھەتلەردىن كىرىپ، ئۇنى ئۈرۈمچى بىلەن بىرلەشتۈرۈشى ئەمەلگە ئاشمىغان، ئۈچ ۋىلايەت يەنىلا ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋەرگەن. ئەخمەتجان قاسىمى رەھبەرلىكىدىكى ئىلى تەرەپ گومينداڭنىڭ ئۈچ ۋىلايەتنى ئىگىلىشىگە يول قويمىغانلىقى ئۈچۈن گومينداڭ ئىلىنى "ئالاھىدە بولۇۋالدى" دەپ دائىم ئەيىبلىگەن ئىدى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا نەنجىڭنىڭ مەركىزى مۇستەقىل "ئالاھىدە رايون" 'غا ئادەم ئەۋەتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرى جۈملىدىن كان قېزىش ئىشلىرىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ، تولۇق سانلىق مەلۇماتلارغا ئىگە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە 1947 ـ يىلى ،8 ـ ئايدا بىرلەشمە ھۆكۈمەت بۇزۇلۇپ، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار غۇلجىغا قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، قايتىدىن ئىلى بىلەن ئۈرۈمچى ئارىسى جىددىيلىشىپ، ئىككى تەرەپ قوشۇنلىرى بىر ـ بىرىگە قارشى جىددىي ئۇرۇش ھالىتىگە ئۆتۈش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن. بۇ ھال تاكى ئىككى يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت داۋاملاشقان بولۇپ، بۇ جەرياندا ئىچىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ جايدىن تېخىمۇ زور مىقداردا كان مەھسۇلاتى ئالغانلىقى تەبىئىي. چۈنكى، ئىلى ھۆكۈمىتىنىڭ تەۋەسىدىكى ئارشاڭ 1947 ـ 1948 ـ يىللىرىدىكى ئوسمان ۋە قالىبەك قاتارلىقلارنىڭ ئىسيانى ھەم بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ تەسىرىدىن خالى بولۇپ، ۋەزىيەت مۇقىم بولغانلىقى ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى ناھايىتى خاتىرجەم ھەم ئوڭۇشلۇق ھالدا كان قېزىشقا مۇۋەپپەق بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ جايلار قازاقىستان چېگرىسىغا بەك يېقىن، ئىلىنىڭ باشقا ئادەم زىچ جايلىرىدىن يىراق بولغانلىقى ئۈچۈن ئېرىشىلگەن مەھسۇلاتلارنى ھەتتا قورغاس ئارقىلىق ئېلىپ كېتىشمۇ ئاسانغا چۈشكەن ئىدى.

## يالتا كېلىشىمى ۋە ئۇيغۇرلار[4 ]

ئەسكەرتىش :بۇ يازما jarulla تەرىپىدىن نادىرلاندى(2011 ـ 04 ـ 23 )

## يالتا كېلىشىمى ۋە  ئۇيغۇرلار[4]

# يالتا يىغىنىدا ستالىن نېمىلەرنى تەلەپ قىلدى؟

تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا يالتا يىغىنى جەريانىدا 1945 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ستالىن بىلەن ئامېرىكا پرېزىدېنتى رۇزۋېلت مەخسۇس سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىش شەرتلىرى ھەققىدە سۆھبەتلەشكەن ھەمدە بۇ ئۈچ دۆلەت رەھبەرلىرى 11 ـ فېۋرال كۈنى كېلىشىم ھاسىل قىلغان .ئامېرىكا تەرەپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىشنى ئۈمىد قىلغان بولۇپ، ستالىن بۇنىڭ ئۈچۈن "تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مەۋجۇد ھالىتىنى ساقلاش، دالىيەننى سودا پورتى قىلىپ خەلقئارالاشتۇرۇش ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە بولۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى لۈشۈن پورتىنى ھەربىي بازا قىلىپ ئىجارىگە ئېلىش. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو مانجۇرىيە تۆمۈر يولىنى ئورتاق باشقۇرۇش شۇنىڭدەك سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىمتىيازلىق ھوقۇقى ۋە جۇڭگونىڭ مانجۇرىيىدىكى ئىگىلىك ھوقۇقى كاپالەتكە ئىگە بولۇش ئاخىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن دوستلۇق شەرتنامىسى تۈزۈش" قاتارلىق شەرتلەرنى قويۇپ، ئاخىرى رۇزۋېلت ۋە چېرچىلنىڭ قوشۇلۇشقا ئېرىشتى. نەتىجىدە، يۇقىرىدىكى مەزمۇنلار يالتا كېلىشىمىدىن ئورۇن ئالدى .سوۋېت ئىتتىپاقى 1941 ـ يىلى ياپونىيە بىلەن تۈزگەن ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق كېلىشىمىنى بىكار قىلىپ، گېرمانىيىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇش ئېچىشقا ماقۇل بولدى. بۇ چاغ ئامېرىكىنىڭ تىنچ ئوكيان رايونىدىكى ياپونىيە قوشۇنلىرىغا قارشى ئۇرۇشلىرى غەلىبىگە قاراپ مېڭىپ، ئۇرۇش لىنىيىسى ئاراللاردىن ئۆتۈپ،

ياپونىيە زېمىنغا قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتاتتى، ئەگەردە سوۋېت ئىتتىپاقى مانجۇرىيىدىكى ياپونىيىنىڭ تەخمىنەن بىر مىليون كىشىلىك كانتون ئارمىيىسىگە ھۇجۇم قوزغاپ، ئۇنى مەغلۇپ قىلسا، بۇ پۈتۈن جۇڭگو قۇرۇقلۇقىدىكى ياپونىيە قوشۇنلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىنى تېزلىتىپلا قالماستىن بەلكى، ياپونىيىنىڭ تىنچ ئوكياندا تامامەن مەغلۇپ بولۇپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تەسلىم بولۇشىنى قولغا كەلتۈرگىلى ھەمدە ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ چىقىملىرىنى ئازلاتقىلى بولاتتى. ياپونىيىنىڭ تەسلىم بولۇشىنى قولغا كەلتۈرگەندە، پۈتۈن دۇنيادا ئۇرۇش ئوتلىرىنى تولۇق ئۆچۈرۈپ، دۇنيا ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇشنى قولغا كەلتۈرگىلى بولاتتى. ئەلۋەتتە، شۇنى تەكىتلەش مۇمكىنكى، ئەگەردە تىنچ ئوكيان رايونىدا ئامېرىكىنىڭ تۆت يىلدىن ئارتۇق ئۇرۇش قىلىپ، تىنچ ئوكيان رايونىنى ئازاد قىلىشى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مانجۇرىيىگە كىرىپ، ياپونىيە قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىشى بولمىغان بولسا، خىتاينىڭ ياپونلار ئىشغالىيىتىدىن 1945 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئازاد بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بەلكى، جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشى يەنە قانچە يىللار داۋاملىششىنى پەرەز قىلىش تەس .

يالتا يىغىنىنىڭ ئەڭ چوڭ ئەھمىيىتىنىڭ بىرى شۇكى، سوۋېت ئىتتىپاقى قانچىلىك مەنپەئەتكە ئېرىشسۇن، بەربىر ئاخىرقى ھېسابتا بۇ جۇڭگونىڭ چوڭ بىر دۆلەت بولۇپ قېلىشى ئۈچۈن پايدىلىق بولدى. كېيىنكى، ماۋزېدۇڭ ستالىنىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلەپ بولغاندىن كېيىن بەربىر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەمدە ئىلگىرىكى چار رۇسىيىنىڭ ئازغىنا كەم بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت

تىكلىگەن  مانجۇرىيىدىكى مەنپەئەتلىرىنى بىكار قىلىپ، بۇ جايدىن رۇس تەسىرىنى تازىلىۋەتتى خالاس !

يالتا كېلىشىمىدىن كېيىنكى سوۋېت ـ جۇڭگو كۆرىشى

ئەگەردە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى يالتا يىغىنىدا مەخسۇس تۈردە مۇزاكىرە قىلىنمىدى دېگەندە، بۇنى ستالىنىنىڭ "شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى مەسىلىسىنى" خەلقئارالاشتۇرماي، ئۇنى پەقەت ئۆزىنىڭ يالتا كېلىشىمدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتىلا ئىشلەتتى دەپ قاراشقا بولىدۇ .ئەگەردە بۇ مەسىلە يالتا كېلىشىمدە مۇزاكىرە قىلىنسا بەلكى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا كۆزلىگەن مەقسىتى ئۇنىڭ ئىتتىپاقچىلىرىنى شۈبھىلەندۈرۈشى ھەتتا بۇ مەسىلىنىڭ خەلقئارا جەمئىيەت تەرىپىدىن تونۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى، چۈنكى،  سوۋېت ھۆكۈمىتى ئىلى ئىنقىلابىنى قوللىغانلىقىنى، ھەتتا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى ھەربىي ـ سىياسىي كادىرلار شۇنىڭدەك ھەربىي ئەسلىھەلەر بىلەن تەمىنلىگەنلىكىنى ئەزەلدىنلا مەخپىي تۇتقانلىقى ئۈچۈن بەلكى بۇ مەسىلىنى مەزكۇر سورۇنغا ئېلىپ چىقماي، پەقەت ئۇنى جۇڭگو بىلەن

سوۋېت ئىتتىپاقى ئارىسىدىلا مۇزاكىرە قىلىشقا قالدۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ئۆز ئالدىغا پايدىلانغان بولۇشى مۇمكىن. سوۋېت ئىتتىپاقى ئەينى ۋاقىتتا ئىلىدا يۈز بەرگەن ئىنقىلاب ۋە شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنى ھەربىي ھەم سىياسىي جەھەتتىن قوللىغانلىقىنى قەتئىي ئېتىراپ قىلمىغان بولۇپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى غەرب دىپلوماتلىرىغا بۇ ۋەقەنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئويناپ چىققان دەپ تەشۋىق قىلىشقا، ھەتتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلىغا ئەسكەر كىرگۈزگەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشقان ھەمدە جۇڭگو مەركىزىي گېزىتلىرى بۇنداق ئۇچۇرلارنى تارقاتقان. چوڭچىڭدىكى غەرب دىپلوماتلىرى پەقەت جۇڭگو مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئارقىلىقلا "ئىلى ۋەقەسى" ھەققىدە ئۇچۇرغا ئىگە بولغاندىن سىرت يەنە ئۈرۈمچىدىكى ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا كونسۇلخانىلىرىمۇ ھەر خىل يوللار ئارقىلىق ھەمدە ئۈرۈمچىدىكى گومىنداڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى ئارقىلىق دىپلوماتىيىلىك يول بىلەن "ئىلى ۋەقەسى " ھەققىدە قىسمەن ئۇچۇرلارغا ئېرىشكەن. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مىللىي ئارمىيىنى ماناس دەرياسى بويىدا توختىتىپ قويۇپ، ئۈرۈمچىگە كىرگۈزمەسلىكىنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ بىرى بەلكى، ئۈرۈمچىدە ئاشۇ غەرب دىپلوماتلىرىنىڭ بارلىقى، ئەگەر شەرقىي تۈركىستان ئارمىيىسى ئۈرۈمچىنى ئىشغال قىلغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بېرىۋاتقان ياردەملىرىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىنى خالىمىغانلىقى بولسا كېرەك .

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دەسلەپتىلا كەڭ كۆلەملىك ئىنقىلاب قوزغاش پىلانىنى ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى ھىندىستان شۇنىڭدەك ئافغانىستان بىلەن چېگرىلىنىدىغان ئۇيغۇر ئېلىنىڭ جەنۇبىي رايونلىرىدا ئەمەس، بەلكى تەڭرى

تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى غەرب دۆلەتلىرى بىلەن چېگرىسى بولمىغان، پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقى ھەم سوۋېت ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى موڭغۇلىيە بىلەنلا چېگرىلىنىدىغان ئىلى، ئالتاي ۋادىسىدا قوزغىشى تاسادىپىي ئەمەس ئىدى. شۇڭا، سوۋېت ئىتتىپاقى شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنى پەقەت ئالتاي ۋە تەڭرى تاغلىرىنىڭ ئارىسىدىكى جۇڭغارىيە ئويمانلىقى دائىرىسىدىلا چەكلەپ، مەركىزى جايىغا جەنۇب ۋە شىمال ياكى شەرقتىن ھېچقانداق غەيرىي كۈچلەرنىڭ سىڭىپ كىرەلمەسلىكى ھەمدە ئۈچۈر ئىگىلىيەلمەسلىكىدەك ۋەزىيەت بەرپا قىلدى. بۇ خىل جۇغراپىيىلىك مۇھىت ھەم موسكۋانىڭ ئىنقىلابنى كېڭەيتىۋەتمەي، ئۆز قولىدا كونترول قىلىشى ئۈچۈن قۇلايلىق شارائىتلار بىلەن تەمىنلىدى. ئەگەردە مۇتلەق كۆپ قىسىم نوپۇس ئۇيغۇرلاردىن تەركىپ تاپقان، تارىم ۋادىسى جۇملىدىن قەشقەرنى مەركەز قىلىپ، ئىنقىلاب قوزغالسا ھەمدە شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى غۇلجىنى ئەمەس بەلكى، قەشقەرنى مەركەز قىلغان ھالدا مەۋجۇد بولغان بولسا، بەلكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەركىزى جۇمھۇرىيەتنى ئۆز مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىشى ھەمدە ئۇنىڭغا ھەربىي ۋە باشقا جەھەتلەردىن ياردەم بېرىپ، ھەممە ئىشلارنى قامال قىلىشنى بىرىنچىدىن قەشقەرىيە بىلەن قوشنا ئۇلۇغ بېرىتانىيىدىن ۋە باشقا مەملىكەتلەردىن يوشۇرالمايتتى. بۇ ئىش تېزدىنلا پۈتۈن دۇنياغا بىلىنىپ كېتەتتى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەنئەنىۋى قارىشى بويىچە ئالغاندا بۇنىڭغا "ئەنگىزلار قول تىقىشى مۇمكىن ئىدى ."

ئىككىنچىدىن بۇ شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنى ئۇنچە ئاسان يوق قىلالمايتتى شۇنىڭدەك بۇ ھۆكۈمەتنى قاتتىق كونتروللۇق ئاستىغا ئالالمايتتى. بۇنىڭدىكى سەۋەبلەر تۆرلۈك بولۇپ، بىرىنچىدىن قەشقەردە 1933 ـ 1937 ـ يىللىرى موسكۋا

كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۇيغۇر قوزغىلاڭلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئەسلىدىنلا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئىشەنمەسلىك ۋە قارشىلىق ئىدىيلىرى مەۋجۇد .

ئۈچىنچىدىن بۇ جايدىكى مىللىي تەركىپ شىمالدىن پەرقلىق بولۇپ، قەشقەرىيە تەۋەسىدە ئۇيغۇرلار 90%تىن ئارتۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ جايدا رۇسلارنىڭ بىۋاستە مەدەنىيەت ھەم سىياسىي تەسىرىگە ئۇچرىغان تاتارلار ھەم رۇس كۆچمەنلىرى يوق دېيەرلىك بولۇپ، ئاز ساندىكى قىرغىزلار ۋە ئۆزبېكلەر شۇنىڭدەك تۇڭگانلارنىڭ ئىنقىلابقا قاتنىششى ئەمما، مۇھىم سالماقنى ئىگىلىيەلمەسلىكى تەبىئىي ئىدى. بىراق، ئىلىدىكى شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىدە ئۇيغۇرلاردىن باشقا مىللەتلەر بۇ ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي ۋە ھەربىي رەھبىرىي خىزمەتلىرىدە مۇھىم سالماقنى ئىگىلىگەن بولۇپ، بۇلار ئارىسىدا سوۋېت تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. شۇڭا سوۋېتلار ئىتتىپاقى ئىنقىلابنى كونترول قىلىشتا باشقا مىللىي تەركىپلەردىنمۇ ئۈنۈملۈك پايدىلانغان ئىدى .

ئۆتىنچىدىن قەشقەرىيىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان بولغاچقا بۇ جاي ئەزەلدىنلا ئىسلام دۇنياسى بىلەن مەنىۋى باغلىنىشقا ئىگە بولۇپ كەلگەن .ئىسلام دىنىي ئېتىقادى ھەم مىللىي مەدەنىيەت ئېڭى كۈچلۈك بولۇشتىن سىرت بۇ جايدا سوۋېت تەسىرىدىن باشقا يەنە تۈرك دۇنياسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىسلام دۇنياسىنىڭ تەسىرى ھەمدە غەرب دۆلەتلىرىنىڭ يوشۇرۇن سىياسىي تەسىرلىرىمۇ مەۋجۇد ئىدى .ئىدېئولگىيىلىك جەھەتتىن ئېيتقاندا، كوممۇنىزمغا قارشى پىكىرلار ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇپ، ئىسلامىي گۈللىنىش، تۈركچىلىك پىكىرلىرى بىلەن يۇغۇرۇلغان مۇستەقىللىق ئىدىيلىرى مەۋجۇد ئىدى. دېمەك،


موسكۋا 1943 ـ يىلى "شىنجاڭدا" شەك شىسسەيگە قارشى ھەرىكەت قوزغاش ئىستراتېگىيىسىنى تۈزگەندە، شىمال بىلەن جەنۇبنى سىلشتۇرۇپ، يۇقىرىدىكى ئەھۋاللارنى نەزەرگە ئېلىپ، ئاخىرى ئىلى ۋادىسىنى بازا قىلىشنى تاللىۋالغان ئىدى.(19 )

يالتا كېلىشىمىدىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مولوتوۋ خىتاي ۋە غەرب دىپلوماتلىرىغا ئىلى ۋەقەسىنىڭ " تېز ئارىدا ھەل بولىدىغانلىقىنى" كۆرسەتكەن بولسىمۇ(20)، لېكىن، موسكۋا بەربىر مىللىي ئارمىيىنىڭ داۋاملىق ھۇجۇم قوزغاپ، ماناس دەرياسى بويىغىچە كېلىشكە توسقۇنلۇق قىلمىغان. بۇنىڭدىكى سەۋەب ستالىن بۇ جاڭ كەيشى ھۆكۈمىتىنى يالتا كېلىشىمىدىكى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىقى ھەم باشقا بىر قاتار شەرتلەرگە ماقۇل كېلىشكە قىستاشتىكى بىر ۋاستە قىلغان بولۇپ، موسكۋا ئىنقىلابىنىڭ ئاخىرقى چېكىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئەسلىدىنلا بېكىتىپ بولغان بولۇپ، پەقەت جۇڭگو ھۆكۈمىتىنى موسكۋانىڭ يالتا كېلىشىمىدە كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان شەرتلىرىگە كۆندۈرۈشكىچە بولغان ئارلىقنى چەك قىلغان ئىدى. شۇڭا سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بىرىنچىدىن شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزىنى ئېتىراپ قىلىش تەلىپىنى رەت قىلغان .ئىككىنچىدىن بۇ ھۆكۈمەتنى خەلقئارا جەمئىيەتتىن خۇپىيانە تۇتۇپ، ئۇنىڭ خەلقئارا جەمئىيەت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان. شۇ ۋەجىدىن شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندا ، بارلىق ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى ھەمدە ھەر قايسى مىنىستىرلىكلەر تەسىس قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما

موسكۋا مەسلىھەتچىلىرى مەركىزى جۇمھۇرىيەتنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنى قورۇشنى قوللىمىغان. جۇمھۇرىيەت باش كاتىپى ئابدۇرەۋۇپ مەخسۇم ئىبراھىمنىڭ ئېيتىشىچە، سوۋېت مەسلىھەتچىلىرى ئۆلارغا ھازىرچە بۇنداق مىنىستىرلىقنى قورۇشنىڭ تېخى ۋاقتى كەلمىگەنلىكىنى، كېيىن تولۇق غەلىبىدىن كېيىن ئۇنى قورۇشنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، موسكۋاغا قاتتىق ئىشەنگەن جۇمھۇرىيەت رەھبەرلىرى بۇنىڭغا ماقۇل بولغان.(21 )

يالتا كېلىشىمى ۋە ئۇيغۇرلار[6 ]

误



ئەسكەرتىش :بۇ يازما jarulla تەرىپىدىن نادىرلاندى(2011 ـ 04 ـ 23 )

يالتا كېلىشىمى ۋە ئۇيغۇرلار[6]

误

# ستالىن رازۋېتكىسى ئىنقىلابنى خەلقئارالاشتۇرماسلىق ئۈچۈن ئىشلىدى

تارىخىي پاكىتلار بولۇپمۇ، يېقىنقى يىللاردا ئاشكارىلانغان نەق ئارخىپ ماتېرىياللىرى كۆرسەتتىكى، موسكۋا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن باشقا ھەر قانداق دۆلەت بىلەن ئالاقە قىلىشىنى ھەمدە جۇمھۇرىيەت دائىرىسىگە باشقا دۆلەت كىشىلىرىنىڭ كىرىشىنى قاتتىق چەكلىگەن بولۇپ، ھەتتا جۇمھۇرىيەت رەھبەرلىرىنىڭ باشقا دۆلەتلەر ھەمدە كىشىلەر بىلەن ئالاقە ئورنىتىش

ئارزۇسنى ئېنقلاش ۋە ئۇنى قامال قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس رازۋېدكا خادىملىرىنى ئىشقا سالغان .

سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ھۆكۈمىتى ئىلى ئىنقىلابى باشلىنىشتىن ئىلگىرىلا قازاقىستان، قىرغىزىستان ۋە ئۆزبېكىستان تېررىتورىيىلىرىدە ھەربىي ـ سىياسىي تەشكىللەش پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، 1942 ـ يىلىدىن باشلاپ بىر يەنە تاشكەنت ۋە ئالمۇتا شەھەرلىرىدە ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنى ئىشقا سېلىپ، "شەرق ھەقىقىتى" ۋە " قازاق ئېلى" قاتارلىق ژۇرناللارنى نەشر قىلىپ، ئۇنىڭ ئىلى، تارباغاتاي ۋە باشقا رايونلارغا كىرگۈزگەن (22). بۇ ژۇرناللاردا ئۇيغۇرلارنى مۇستەقىللىققە ئۈندەيدىغان ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مەۋجۇد ھالىتى ھەمدە تارىخىي ئۆتمۈشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ماقالىلەر كۆپلەپ ئېلان قىلىنغان بولۇپ، 1943 ـ 1944 ـ يىللىرىدا مەزكۇر ژۇرناللار ئىلى ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئارىسىغا تارقالغان. مەزكۇر ژۇرناللارنىڭ ئاساسلىق تەشكىللىگۈچىلىرى ۋە تەھرىرلىرى ھەم ئاپتورلىرى ئاتاقلىق سوۋېت ئۇيغۇر رەھبىرى ئابدۇللا رۇزىباقىيېفنىڭ ئىنىسى ئابدۇمېجىت رۇزىباقىيېف، سىياسىي ئەرباب تۇرسۇن رەھىموف، ۋە ئاتاقلىق شائىر قادىر ھەسەنوپ ھەمدە ئاتاقلىق ئۇيغۇر تارىخچىسى ئەرشىدىن ھىدايەتوف ۋە باشقىلار ئىدى(24). سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مەخپىي كىرگەن مەزكۇر ژۇرناللاردىكى ماقالىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەتچىلىك ئىدىيىلىرىنىڭ كۈچىيىشىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، مىللىي ئىنقىلاب قاتناشقۇچىلىرىدىن مەسۇمجان زۇلپىقاروف ۋە تۇرسۇن قاھارى قاتارلىق ئەينى ۋاقىتتا ئۆزلىرىنىڭ بۇ ژۇرناللارنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن بىلىم ئالغانلىقى ۋە گومىنداڭغا قارشى ھېسسىياتلىرىنىڭ تېخىمۇ ئاشقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئالمۇتا ئەتراپىدا ۋە قىرغىزىستاننىڭ ئىسسىق كۆل بويىدا ۋە باشقا جايلاردا ئىلگىرى كېيىن فاتىخ باتۇر، سەيفۇللايېۋ ھەمدە

ئىسساقبەگ مۇنونوپ قاتارلىقلارنىڭ باشلامچىلىقى ھەم قاتنىششى ئاستىدا مەخپىي قوراللىق ئەترەتلەر قۇرۇلۇپ، ھەربىي ـ تەلىم تەربىيە ئېلىپ بېرىلغان ئىدى.(25 )

شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىنى قوزغاش ئىشى 1943 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى كوم پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن قارار قىلىنغان بولۇپ، بۇنىڭغا ئەينى ۋاقىتتا ستالىن، بېرىيا، مولوتوۋ قاتارلىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي رەھبەرلىرى بىۋاستە ئىشتىراك قىلغان(26). بىخەتەرلىك ئىشلىرىغا مەسئۇل بېرىيا ئاساسلىق ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالغان بولۇپ، ئىنقىلابنىڭ قوزغىلىشىدىن ئىلگىرىلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجا، چۆچەك قاتارلىق جايلىرىدىكى كونسۇللىرى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى شىيك شىسەي ۋە گومىنداڭغا قارشى كەيپىياتلارنى كۆزەتكەن. ئەمەلىيەتتە، ئۇيغۇر، قازاقلارنىڭ قارشىلىق ھەرىكەتلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى قول تىقىشتىن ئىلگىرىلا باشلىنىپ، بولغان بولۇپ، ئالتاي تەۋەسىدە ئوسمان باتۇر باشچىلىقىدا قازاقلارنىڭ قوراللىق قوزغىلاڭلىرى ھېچ تىنچىمىغان ئىدى .

ئىلى ۋادىسىدا غۇلجىنى مەركەز قىلغان ھالدا يەرلىك خەلقلەر بىلەن خىتايلار ئارىسىدىكى مىللىي زىددىيەت يۇقىرى پەللىگە يەتكەن، خەلقنىڭ گومىنداڭ ھەربىيلىرى ۋە بىيوكراتلىرىغا بولغان غەزىپى قايناپ تاشقان بولۇپ، شېڭشىسەينىڭ قاتتىق قول سىياستى ۋە باستۇرۇشلىرى ئۇيغۇر قاتارلىق ھەممە مىللەتنىڭ خەنزۇ ھۆكۈمرانلار تەبىقىسگە بولغان نەپرىتىنى كۈچەيتىۋەتكەن ئىدى. گومىنداڭ ھوقۇقنى قولغاندىن كېيىن، ئىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن ئۇيغۇر دىيارىدىكى بارلىق دىگۇدەك

ھەربىي ـ مەمۇرىي ھوقۇقلار خەنزۇلارنىڭ قولىدا بولۇپ، بۇ جەھەتتىمۇ خەنزۇلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا روشەن پەرقلەر شەكىللىنىپ بولغان. يازغۇچى ز. سابىرى بۇ ھەقتە ئۆزىنىڭ " ئانا يۇرت" رومانىدا ناھايىتى ئېنىق تەسۋىرلەيدۇ. ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي شاھىدلاردىن مەرھۇم سەيدۇللا سەيفۇللايېۋ(27)، زىيا سەمەدى (28) ۋە باشقىلارمۇ ئەينى ۋاقىتتىكى غۇلجىنىڭ ۋەزىيىتىنى ئۆز ئەسەرلىرىدە تەپسىلىي كۆرسىتىدۇ. ئەنە شۇلارنىڭ ئەمگەكلىرى ۋە باشقا تارىخىي پاكىتلارغا تايانغاندا 1943 ـ يىلىدىن باشلاپ غۇلجىدا مەخپىي تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش ئىشلىرى باشلانغان بولۇپ، سابىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھەربىي نازارىتىنىڭ كاپىتان دەرىجىلىك ئوفىتسېرى، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ سېكرېتارى ماخمۇت پارماشېفنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئىلىدىكى جۈملىدىن غۇلجىدىكى ئىنقىلابنى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى قوزغىغان. 1943 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى، 1944 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا غۇلجا شەھىرىدىكى مەھەللىلەردە ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ " چوغ"، "غۇنچە" ناملىق يەر ئاستى تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇپ بولغان(29). دېمەك، " ئازادلىق " تەشكىلاتىنى قۇرۇش تەكلىپىنى سوۋېت رازۋېتچىكلىرى ئەنە شۇ ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ ۋە تەھلىل قىلىپ، ئىنقىلابنىڭ تەييارلىنىپ قالغانلىقىدەك ۋەزىيەتنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى چۈشەنگەندىن كېيىنلا ئەلخان تۆرە، ئابدۇرەۋۇپ مەخسۇم، سالىھجان باي، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ تارلىق كىشىلەرگە بەرگەن ئىكەن. مەزكۇر ئۇيۇشتۇرۇش پائالىيەتلىرىدە غۇلجىدىكى سوۋېت دوختۇرخانىسىنىڭ دوختۇرى، ئەمەلىيەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى رازۋېدكا خادىمى ھاكىم جاپپار يارۇللابېكوپ ۋە يەنە بىر نەپەر پولات ئىسىملىك ئۆزبېك كىشى ۋاستىچىلىك رول ئوينىغان.(30 )

سوۋېت ئىتتىپاقى ئىلى ۋە تارباغاتايدا باشلىنىش ئالدىدىكى ئىنقىلابنى كونترول قىلىش ھەمدە ئۇنى تەشكىللەش ۋە ئۇلغايتىش ئۈچۈن نىلقا ۋە غۇلجا قوزغىلاڭلىرىدىن ئىلگىرىلا سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى( نكۋد، كېيىنكى كگب) تەرىپىدىن ئالمۇتا شەھىرى ۋە قورغاستا ئالاھىدە ھەرىكەت گۇرۇپپىسى قۇرۇلغان. نكۋد نىڭ مەزكۇر گۇرۇپپىسىنىڭ خادىملىرى شىمالىي ۋە جەنۇبىي ئۇيغۇر دىيارىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان بولۇپ، لېكىن مەزكۇر گۇرۇپپىنىڭ ئاساسلىق پائالىيىتى ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىگە تارقالغان ئىدى(31). ئۇيغۇر دىيارىدىكى سوۋېت ئالاھىدە ھەرىكەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى گېنېرال مايور ئەگناروپ بولۇپ(32)، بۇ ئادەم كېيىن ئەلخان تورىگە مەسلىھەتچىلىك قىلىپلا قالماستىن بەلكى بىر تەرەپتىن غۇلجىدىكى 1 ـ ۋە 2 ـ نومۇرلۇق ئۆينىڭ باش رەھبىرى بولغان. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىگە ھەربىي ۋە سىياسىي جەھەتلەردىن مەسلىھەتچىلىك قىلىدىغان 1 ـ ـ 2نومۇرلۇق ئۆيلەرنىڭ ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى جۇمھۇرىيەتنى رازۋېدكا قىلىش بولۇپ، گېنېرال ئەگناروۋ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىگە قارىتىلغان پۈتۈن رازۋېدكا ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر ئىنقىلابچىلىرىغا ئۆزلىرىنى تاتار دەپ تونۇشتۇرۇپ، ئۇلار بىلەن زىچ ئارىلىشىپ كەتكەن پودپولكوۋنىك ئۇنۇۋانىدىكى سوۋېت رازۋېتچىكلىرى (جاسۇسلىرى) باشقۇرت مىللىتىدىن بولغان ئەلى مەمەدوف، قىرغىزىستاندا تۇغۇلۇپ يەرلىك ئۇيغۇر، قىرغىز تىللىرىنى پۇختا ئۆگەنگەن رۇسلاردىن ئىۋان ئىۋانوۋىچ ئىۋانوپ ( ئۇيغۇرچە ئىسمى ئىسكەندەر) ۋە پېتر ساۋىن ( زاكىر) قاتارلىق ئۈچ كىشى ئەڭ داڭلىق رازۋېتچىكلاردى1933 ـ 1937 ـ يىللاردا جەنۇبىي ۋىلايەتلەردە پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئىدى .

ئەلى مەمەدوپ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەلى ئەپەندى دەپ تونۇلغان ئۇ بىر مەزگىل شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مەسلىھەتچىسى بولۇپ، پۈتۈن رازۋېدكا ئىشلىرىنى باشقۇرغان. ئۇ بىۋاستە گېنېرال ئەگنارووپقا بويسۇناتتى. زاكىر ئەپەندى بولسا، ھەربىي رازۋېتكىنى كونترول قىلغان بولۇپ، ئۇ ئىسسىق كۆل بويىدا تەشكىللەنگەن " باتۇر" ناملىق قوراللىق گۇرۇپپىنىڭ رازۋېدكا ئىشلىرىغا مەسئۇل رەھبىرى ئىدى. مەزكۇر گۇرۇپپىغا ئىسھاق بەگ مۇنونوپ رەھبەرلىك قىلغان. ئۇنىڭ تەركىبىدە 1937 ـ يىلى قەشقەردە قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارغان سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي خادىمى راززاق مەۋلانوپ قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى. زاكىر ئاقسۇغا چۈشكەن قوشۇننىڭ ھەربىي مەسلىھەتچىسى بولغان. ئۇ ئاقسۇغا يۈرۈش قىلغان قوشۇننى كونترول قىلغان بولۇپ، بۇ غۇلجىدىكى ئىسكەندەر ۋە ئەگناروپلار بىلە بىۋاستە ئالاقە قىلىپ تۇراتتى. ئاقسۇدىن چېكىنىش بۇيرۇقىنىمۇ زاكىر بىلەن ئىسكەندەر يەتكۈزگەن(32). ئەنە شۇ سوۋېت جاسۇسلىرىنىڭ كۆچلۈك ھەرىكەتلىرى تۈپەيلىدىن ئەلىخان تۆرىنىڭ پودپولكوۋنىك سوپاخۇن قاتارلىق باشقا ئۇيغۇر رەھبىرى خادىملارغا ئىلغا چېكىنمەي، داۋاملىق ئاقسۇدا جەڭ قىلىپ، ئۈرۈمچىنى جەنۇبىي ۋىلايەتلەرگە كېڭەيتىش ھەققىدىكى ئىككى پارچە ـ مەخپىي خېتى غۇلجىدىكى 2 ـ نومۇرلۇق ئۆيىنىڭ قوماندانى گېنېرال ئەگناروپنىڭ قولىغا يەتكۈزۈلىدۇ.(33) ئەگناروپ بۇ خەتنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە موسكۋاغا ئۇچۇر يوللايدۇ. قىسقىسى ئەلىخان تورىنىڭ ئاقسۇدىن چېكىنمەي، ئىنقىلاب ئوتىنى پۈتۈن جەنۇبقا تۇتاشتۇرۇپ، ستالىننىڭ ئالقىنىدىن قۇتۇلۇپ، مۇسۇلمان دۇنياسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چەتەللەر بىلە ئالاقە قىلىش نىيىتى ئەمەلگە ئاشماي قالىدۇ. بۇ ھەقتە مىللىي قەھرىمان مەرھۇم سوپاخۇن ئاكا 90 ـ يىللاردا مۇئەللىپكە بۇ ھەقتە سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. شۇڭا زاكىرنىڭ كېيىن سوپاخۇن ھەققىدىكى ئەسلىمىسىدە ئۇنىڭ ئاجايىپ قەھرىمان ئىكەنلىكىنى تەن

ئېلىپ، ئۇنىڭ سوۋېتلىك مەسلىھەتچىلەر( زاكىرنىڭ) نىڭ سۆزىنى ئاڭلىمايدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن(34 ).

يەقىندا نەشر قىلىنغان ئاشۇ ئەلى مەمەدوپنىڭ ئەسلىمە خاتاكتېرلىق كىتابىدىن مەلۇم بولۇشىچە، سوۋېت رازۋېتكىسى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى شۇنچىلىك قامال قىلغانكى، ھەتتا، مىللىي ئارمىيە سېپى ۋە ھۆكۈمەتتىكى "ئاق ئورۇس"لار دەپ ئاتالغان مىللىي ئارمىيە باش قوماندانى پولىنوپ، مىللىي ئارمىيە پولكوۋنىكى لېسكىن، مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مەسلىھەتچىسى گرىبىنكوۋ، پولكوۋنىك موگوتنوپ، قىرغىزلاردىن مەۋلانوپ، نوغايبايېف باشقا نەچچە ئونلىغان يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي سىياسىي خادىملار سوۋېت رازۋېتكىسىغا باغلانغان ۋە ئۇنىڭ بىۋاستە خادىملىرى بولغان ئىكەن .شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ ھەر قايسى مىنىستىرلىقلىرىدىكى مەسلىھەتچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى سوۋېت نكۆۋ سى بىلەن مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بولغان .مەزكۇر كىتابتا كۆرسىتىلىشىچە، گېنېرال ئەگناروپ، تاكى 1949 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە قورغاستا تۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەربىي ـ سىياسىي ۋەزىيەتنى كونترول قىلىشقا رەھبەرلىك قىلغان. ھەتتا، ئا. مەخسۇمنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، 1945 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقى رازۋېدكا ئورۇنلىرى بىر كىشىنى "ئافغانىستاندىن كەلگەن" دېگەن نام بىلەن غۇلجىغا ئەۋەتكەن بولۇپ، ئۆزبېكچە، پارىسچە تىللارنى ياخشى سۆزلەيدىغان بۇ ئادەم ماشىنا ھەيدەش ۋە رېمونت قىلىش، ھەربىي كوماندىرلىق، رەسساملىق ھەمدە خەلقئارا سىياسىي ۋەزىيەت شۇنىڭدەك دىنىي ئىلىم قاتارلىق ھەر تەرەپتىن يېتىشكەن تولىمۇ قابىلىيەتلىك كىشى ئىدى. ئەلىخان تۆرە ئۇنىڭ ئىلىدا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنى ئاڭلاپ ياردەمگە كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت سۆزلىرىگە

ئىشىنىپ، ئۇنى ئۆز يېنىدا قالدۇرغان. ئۇ ئەلخان تورە بىلەن بىر مەزگىل بىرگە يۈرگەن ھەممە ئۇنىڭ كانۋويلىرىغا ھەربىي بىلىملەرنى ئۆگەتكەن. لېكىن، ئۇزۇن ئۆتمەي، تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ ئەسلى چەتئەل ئىشپىيونى ئىكەنلىكى پاش بولدى دەپ تۇتۇپ كېتىلىپ ئىز دېرەكسىز يوقالغان. ئەسلىدە ئۇ، چەتئەل ئىشپىيونى ئەمەس بەلكى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزىنىڭ ئەلخان تۆرىنىڭ يېنىغا تاشلىغان جاسۇسى ئىكەن، ئۇ ئەلخان تۆرىنىڭ ئىچكى كۆز قاراشلىرى ھەممە مەخسەتلىرىنى كۆزىتىشكە مەخسۇس ئەۋەتىلگەن ئىكەن.(36 )

ئومۇمەن، سوۋېت ئىتتىپاقى بىر تەرەپتىن مىللىي ئىنقىلابنى قوللىغان بىلەن ئۇنى تولۇق قامال قىلىش ئۈچۈن بارلىق چارىلەرنى قوللانغان بولۇپ، بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا سوۋېت ئىتتىپاقى رازۋېتكىسى ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلغان. سوۋېت رازۋېتكىسى ستالىننىڭ ئىلى ئىنقىلابىنى خەلقئارالاشتۇرماسلىقتا زور نەتىجە قازانغان بولۇپ، ھەتتا يالتا يىغىنى ۋە ستالىننىڭ كەلگۈسى پىلانلىرىدىن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى رەھبەرلىرى خەۋەرسىز بولۇپلا قالماستىن بەلكى، خىتاي رەھبىرى جاڭ كەيشىمۇ خەۋەرسىز قالغان ئىدى. ئۇ، پەقەت كېلىشىم تۈزۈلۈپ، بىر قانچە ئايلاردىن كېيىنلا ئەنە شۇنداق بىر كېلىشىمنىڭ بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان. جۇڭگو دائىرىلىرى بۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسەتمەكچى بولسىمۇ، لېكىن ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇلارنىڭ كۈچسىز ھەم پاسسىپ خەلقئارالىق ئورنى بۇنىڭغا يول قويمىغان. جاڭ كەيشى ھۆكۈمىتى ستالىن ھۆكۈمىتى بىلەن تىركىشىشقا ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ، لېكىن ئامالسىز قالغان. ستالىن باشتىن ئاخىرى ئاكتىپ ئورۇندا تۇرغان، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بولسا پاسسىپ

هالاتته قىلىۋەرگەن. 1945 ـ 6 ـ ئايدىن باشلانغان سوۋېت ـ جۇڭگو ئۇچرىششىلىرىدا ستالىن ئەگەر جۇڭگو يالتا كېلىشىمىدىكى شەرتلەرگە كۆنسىلا جۇڭگونىڭ "شىنجاڭدىكى ئىگىلىك هوقۇقى"غا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. نەتىجىدە، 1945 ـ يىلى 8 ـ ئىيۇن كۈنى جاڭ كەيشى يالتا كېلىشىمىدىكى ماددىلارغا ئاساسەن "ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمال ۋە شىنجاڭدىكى ئىگىلىك هوقۇقى هەم زېمىن پۈتۈنلۈكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلسا، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ۋە شىنجاڭدىكى قوزغىلاڭلارنى داۋاملىق قوللىماسلىقا كاپالەتلىك قىلسىلا، ياپونغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئومۇمى خەلق ئاۋاز بېرىش ئۇسۇلى بىلەن موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىق مەسىلىسىنى هەل قىلىدۇ شۇنىڭدەك يەنە جۇڭگو دالىيەننىڭ ئەركىن پورت بولۇشى، شەرقىي شىمال تۆمۈر يولى ۋە لۈشۈن پورتىنى سوۋېت ـ جۇڭگو ئورتاق پايدىلىنىشقا ئەمما باشقۇرۇش هوقۇقى جۇڭگونىڭ قولىدا بولۇشقا قوشۇلىدۇ" (39) دېگەندەك قارارغا كېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە رەسمىي بىلدۈردى. جاڭ كەيشىنىڭ "شىنجاڭ" بىلەن مانجۇرىيىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن زور مەنپەئەتلىرىدىن ۋاز كېچىشكە تەييار بولغان، ستالىنىڭ ئۆز مەنپەئەتلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستاننى جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنى قۇربان قىلىشقا تەييار بولغان، قىسقىسى ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر مەسىلىسى بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستلىرى مەسىلىسى سوۋېت ـ جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرىدىكى ئاچقۇچلۇق نۇقتىغا ئايلانغان بولۇپ، ئۇيغۇرلار ستالىننىڭ قولىدىكى سىياسىي قەرتكە ئايلىنىپ قالغان ئىدى.

داۋامى بار

جاھالەت پىرلىرى شىنجاڭدا ......

ئەسكەرتىش :بۇ يازما jarulla تەرىپىدىن نادىرلاندى(2011 ـ 04 ـ 21 )

ئىلاۋە: مەزكۇر ماقالىدە ئاپتور ئۇيغۇر ئېلىدە ئۆتكەن خوجا ـ ئىشانلارنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرىنى، ئۇلارنىڭ رەزىل ئەپتى ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ بېرىشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئاپتور بەزى مەسىلىلەردە ئالجىپ قېلىپ، ئىسلام دىنى تەشەببۇس قىلغان ئەخلاق ئۆلچەملىرىنىمۇ

تەنقتلەپ تاشلىغان. بىر قىسىم خوجا ـ ئىشانلارنىڭ رىياكارلىق، كاززابلىقنى پاش قىلماقچى بولۇپ، «مۇسۇلمانلارنى دائىما ئاللاھ تەرەپكە، ئاللاھقا مەنسۇپ ئىشلار تەرەپكە تەكەللۇپسىز مايىل قىلىش، ئاللاھنىڭ ئەمرىگە، ئاللاھ ئاتا قىلغان تەقدىرى ئۆلچەملەرگە بويسۇندۇرۇش، دائىما ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرىدىغان، ئاللاھقا مەنسۇپ بولمىغان مۇھەببەت ۋە ھەرىكەتنى قوزغايدىغان ھەر قانداق ئامىل ۋە ھەۋەسلەردىن خالى، پاك تۇرىدىغان، شەخسىي راھەت، مەنپەئەتنى ئويلىمايدىغان، شەخسىي غەرەزلەردە بولمايدىغان قىلىپ تەربىيىلەش، ئادەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر»، دەپ ئىسلامدا تەشەببۇس قىلىنغان ئەخلاق ئۆلچەملىرى بىلەن خوجا ـ ئىشانلارنىڭ پرىنسىپلىرىنى ئارىلاشتۇرىۋەتكەن. ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ تەرەپلىرىگە دىققەت قىلىپ تۇرۇشى تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

ئىسلامىيەتتىكى سوپىزمنىڭ ئىلاھىيەت قارىشى ۋە ماھىيىتى توغرىسىدا سوپىزم (تەسەۋۋۇپ) ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى ۋە كائىناتنىڭ مەۋجۇد بولۇشىنى يەككە مەۋجۇدىيەت چۈشەنچىسى بىلەن بايان قىلىدىغان مۇرەككەپ، دىنىي پەلسەپىۋى ئېقىمدىن ئىبارەتتۇر... كېيىنكى زامانلار چۈشەنچىسىدىكى ئۆلىمالىرىمىزدىن موللا مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆچارى بىلەن موللا توختى خەلپەت قەشقەرىلەرنىڭ ھىجرىيە 1226 ـ يىلى قەشقەردە بىرلىشىپ يېزىپ قالدۇرغان «تەزكىرە پىر ياران» (پىر يارانلار بايانى) دېگەن پارىسچە قول يازمىسىدا بۇ ئېقىمنىڭ كېيىنكى زامان يەشمە تەرىپىنى مۇنداق تەپسىر قىلغان (چۈشەندۈرگەن): «سوپى يارانلار: بۇ ئالەم جۈملىدىن بۇ ئالەمدىكى جەمىكى مەۋجۇدات (جانلىق، جانسىز تەبىئەتنى دېمەكچى ـ ئا) شەك ـ

شۈبھىسىز ئاللاھقىلا خاستۇر، ئىنسان ئەنە شۇ مەۋجۇداتتىكى تىرىكلىكتىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ يارىتىلىشى بىلەن تىرىكلىك جەريانى پەقەت ئۇلۇغ ئاللاھقىلا بىرىكىپ كېتىش، ھەمدۇ سانا ئېيتىش، مۇتلەق، دائىما، شەك ـ شۈبھىسىز قۇلچىلىق قىلىپ تۇرۇش، تەۋبە ـ ئىستىغپاردىن خالى بولماسلىق ئۈچۈندۇر... ھەر بىر بەندىنىڭ تەقدىرى ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ئىلكىدىن ھاسىل بولىدۇ. يەنى «ئەتتەقدىرو ۋەل قەلەم» (بەندىنىڭ تەقدىرى، زۇۋۇلىسى ئۆزى يارىلىشتىن بۇرۇن ئاللاھ تەرىپىدىن ئاللىقاچان پىشانىسىگە پۈتۈپ قويۇلغان بولىدۇ، دېمەكچى ـ ئا) دۇر. «ئاللاھتىن بىئىزنى (ئاللاھنىڭ دىققىتىسىز (قىل تەۋرىمەيدۇ...» دېگۈچى ماشايىخلار (چوڭ ئىشانلار ـ ئا) دۇر «..

دېمەك، سوپىزم ئېقىمى ـ شەك ـ شۈبھىسىز بىر يۈرۈش خۇداگۇيلۇق نۇقتىئىنەزەرلەر ئېقىمىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا يولغا قويىدىغان ۋە داۋام ئەتكۈزىدىغان ھەرىكەت قىبلىنامىسى: مۇسۇلمانلارنى دائىما ئاللاھ تەرەپكە، ئاللاھقا مەنسۇپ ئىشلار تەرەپكە تەكەللۇپسىز مايىل قىلىش، ئاللاھنىڭ ئەمرىگە، ئاللاھ ئاتا قىلغان تەقدىرى ئۆلچەملەرگە بويسۇندۇرۇش، دائىما ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرىدىغان، ئاللاھقا مەنسۇپ بولمىغان مۇھەببەت ۋە ھەرىكەتنى قوزغايدىغان ھەر قانداق ئامىل ۋە ھەۋەسلەردىن خالى، پاك تۇرىدىغان، شەخسىي راھەت، مەنپەئەتنى ئويلىمايدىغان، شەخسىي غەرەزلەردە بولمايدىغان قىلىپ تەربىيىلەش، ئادەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر .

سوپىزمنىڭ تارىختىكى ئىجادچىلىرىدىن بىرى — مىلادى 12 ـ ئەسىردە

ياشغان بەلخلىق مەشھۇر سوپى خوجا ئەھمەد يەسەۋىنىڭ «... دۇنيانىڭ نازۇ نېمەتلىرىنى ئىزدىگەن سوپى ئەمەس، ئۆز ھاياتىنى بەختسىزلىك ۋە غۇربەتتە تائەت ـ ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزگەن كىشى ھەقىقىي سوپىدۇر...» دېگەن تەلىمىمۇ بۇ پىكرىمىزنىڭ تارىخىي مىسالىدۇر.

بۇ مەزھەپنىڭ تۈپ ماھىيىتى توغرىسىدا تارىخشۇناس ئى. ئا. كىرىۋېلىۋ «دىن تارىخى» دېگەن كىتابىدا توختىلىپ مۇنداق يازغان: «بۇ سىستېما شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن تەشكىللەنگەنكى، ئۇنىڭدا بىرلا مەقسەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ، يەنى مىڭلىغان، يۈز مىڭلىغان قارىسىغا ئىشىنىدىغانلار ۋە چوقۇنىدىغانلارنى تەربىيىلەش ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرى تېۋىنىغان ئىماملىغا ھەم ئۇنىڭ قەۋملىرىدىن بولغان تەرغىباتچىلىرىغا ھېچقانداق شەرتسىز ئىتائەت قىلىدىغان قىلىپ ئادەتلەندۈرۈش. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇلارغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاما بىر ئوچۇم ۋىجدانسىز شۆھرەتپەرەسلەر قولىدىكى قارىغۇ قورالغا ئايلاندۇرۇلىدۇ.» شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، بۇ مەزھەپ تەلىماتى ۋە ئۇنىڭ تەشكىلى ئاپپاراتى تۆۋەن تەبىقىدىكىلەرنى ۋىجدانسىزلارچە ئالداشتىن ئىبارەتتۇر. ئىلقۇت بلوگىدا ياخشى ئەسەرلەر بار

شۇنداق ئىكەن، سوپىزم ئىنسانلارنى بۇ ئالەمدىن مەڭگۈ تەركى دۇنيا ۋە ئەبەدىي مۇتەئەسسىپ ئۆتۈشكە دالالەت قىلىدىغان، باشلايدىغان، مەۋجۇد ئالەم مۆجىزىلىرىنى، ئىجتىمائىي تىرىكچىلىك ۋە ئىجتىمائىي ھەقىقانىيەتنى ئاتالمىش» ئاخىرەت» «مىزانى» بىلەنلا ئۆلچەيدىغان، ھاياتقا، پەنگە زىت، تارىختا پەيدا بولۇپ، تارىختا يوقالغان خىيالىي خۇدايى قۇلچىلىق تەسەۋۋۇرەت ئېقىمىدىن ئىبارەتتۇر

سوپىزمنىڭ تارىختا پەيدا بولۇش جەريانى توغرىسىدا

سوپىزم مەزھىپىنىڭ ئىسلامىيەت دۇنياسىغا پەيدا بولۇش، تارقىلىش، كېڭىيىش جەريانلىرىنى بىلىش ئۈچۈن ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇنىڭ پەيدا بولۇش جەريانىغا ئائىت تارىخىي ۋەقەلەرنى قىسقىچە ئەسلەشكە توغرا كېلىدۇ .

مىلادى 632 ـ يىلى مۇھەممەد پەيغەمبەر ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ساھابىلىرى بىلەن ئورۇق ـ تۇغقانلىرى ئارىسىدا پەيغەمبەرنىڭ ئورنى (ئىز باسارلىق) نى يەنى خەلىپىلىكنى تالىشىش كۈرىشى كېلىپ چىقىدۇ. بۇ كۈرەشلەر نەتىجىسىدە مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ دەسلەپكى ساھابىلىرىدىن بولغان ئابابەكرى بىرىنچى قېتىم خەلىپىلىكنى ئىگىلەيدۇ. بۇ چاغدا مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ كۈيئوغلى ھەم بىر نەۋرە ئىنىسى ھەزرىتى ئەلى: «پەيغەمبىرىمىزگە ئۇنىڭ ئۆز ئەۋلادلىرى ۋارىسلىق قىلىپ خەلىپىلىككە ئولتۇرۇشى كېرەك» دەپ قاراپ، ئابابەكرىنىڭ خەلىپە بولۇشىغا قارشى چىقىدۇ ۋە ئاخىرى ئۈچىنچى قېتىم خەلىپىلىككە ئولتۇرغان ساھابە ئوسماننى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، خەلىپىلىكنى ئىگىلەيدۇ، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئەڭ يېقىن ساھابىلىرىدىن بولغان ئابابەكرى، ئۆمەر، ئوسمانلارنىڭ (ئۇلار مۇھەممەد پەيغەمبەر بىلەن بىر نەسىل نەسەب ئەمەس ئىدى (تەرەپدارلىرىغا قارشى ئەلى پەرەسلەرنىڭ «شىئە ئەلى» تەشكىلاتىنى قۇرىدۇ. بۇ تەشكىلات پەيغەمبەر ھايات ۋاقتىدا «چاھاريار»لىق سەلتەنىتىدە بولغان تۆت ساھابىدىن ئابابەكرى، ئۆمەر، ئوسمانلارنىڭ «چاھار يار» لىقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. يۇقىرىقى ئۈچ ساھابىنىڭ تەرەپدارلىرىمۇ مىلادى 661 ـ يىلى كۇفە دېگەن يەردە ھەزرىتى ئەلىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، «شىئە»چىلەرگە قارشى ئۆزلىرىنى «سۇننىي» ناملىق تەشكىلاتىنى قۇرىدۇ .

ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئورنىنى تالاشقان ئوغلى ئىمامى ھۈسەيىنمۇ يەزىد تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. يۇقىرىقى ۋەقەلەردىن ئېتىبارەن بۇ ئىككى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدا خەلىپىلىك تالىشىشنى چۆرىدىگەن مەزھەپ كۈرىشى شەكىللىنىپ بارغانسېرى ئۇلغىيىپ كېتىدۇ، مۇرەسسەسىزلىشىدۇ. بارا ـ بارا بۇ ئىككى تەشكىلاتنىڭ يۇقىرى قاتلام دىنىي يېتەكچىلىرى ئارىسىدا مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى تەلىماتى (قۇرئان (بىلەن ئىسلامنىڭ پەيغەمبەر تەكىتلىگەن ئەھكام، ئۇقۇم، پرىنسىپ، ئەنئەنىلىرىنى ھەر كىم ئۆز مەۋقەلىرىنى چىقىش قىلىپ بىر ـ بىرىگە زىت تەپسىرلەيدىغان، چۈشەندۈرىدىغان، ئەمەل قىلىدىغان چوڭ مەسىلە كېلىپ چىقىدۇ. «شىئە ئەلى» چىلەرنىڭ ئۆلىمالىرى قۇرئاننى شەرھلەشتە؛ قۇرئاننىڭ «باتىن» (ئاخىرەتلىك، يوشۇرۇن) ھەم «زاھىر» مەنىلىرى بار. «باتىن» مەنىسى بەندىلەرنىڭ شەرتسىز، شەك ـ شۈبھىسىز ئەمەل قىلىشىغا قارىتىلغان، دەپ دەۋا قىلىشىپ، بۇ قاراشلىرىنى مۇستەھكەم، مەڭگۈ «ھەقىقەت» سۈپىتىدە ئاساسلاش ئۈچۈن مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادلىرىنى ھەزرىتى ئەلى قاتارلىقلارنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدىن «ئەخبار» ناملىق چوڭ كىتابنى تۈزۈپ چىقىپ، قۇرئان بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ دىنىي پرىنسىپلىرىنى مۇشۇ نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرىدۇ. «سۈننىي» لەرنىڭ چوڭ ئۆلىمالىرىمۇ قۇرئاننى شەرھلەشتە :قۇرئاننىڭ «زاھىر»، «باتىن» مەنىلىرى بار، «زاھىر» مەنىسى — بەندىلەرنىڭ شەرتسىز ھەم شەكسىز ئەمەل قىلىشىغا قارىتىلغان، دەپ دەۋا قىلىشىپ، بۇ قاراشلىرىنى مۇستەھكەم، مەڭگۈ ھەقىقەت سۈپىتىدە ئاساسلاش ئۈچۈن، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ساھابىلىرىنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدىن «سۈننىي» ناملىق چوڭ كىتاب

(قۇرئان تەپسىرى) نى تۈزۈپ چىقىپ، قۇرئان بىلەن يانداش ئۇرۇندا قويۇش ئارقىلىق ئۆلىمالىرى ئەقىدىلىرىنى ئەنە شۇ نۇقتىغا يىغىنچاقلايدۇ. شۇنداق قىلىپ «شىئە ئەلى» لەرنىڭ ئۆلىمالىرى قۇرئاننىڭ «باتىن» مەنىسىنى ئاساس قىلىپ «زاھىرى» دۇنيادىكى ئىجتىمائىي بارلىقنى (ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي، ئىجتىمائىي كۆرەش، پائالىيەتلىرىنى) «باتىن ئالەم» ئۈچۈن، ئۇ «دۇنيا» ئۈچۈن بولغان خۇدايى قۇلچىلىق دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمەسلىكى كېرەك، دەپ بىلىپ ئىنسانلارنى ئالاھنىڭ ئىختىيارىدىكى بېقۇۋۇل ئۆتكۈنچى مەخلۇق دېگەن دەۋالىرىدا چىڭ تۇرۇش يولى ئارقىلىق، ئۆز مەۋقەلىرى بويىچە تۇتقان يولىنى «ئەھلىي تەرىقەت» (تەركىي دۇنيالىق يولى) دەپ ئاتاشقا باشلايدۇ. «سۈننىي «چىلەرنىڭ پېشۋالىرىمۇ قۇرئاننىڭ مەۋجۇد ئالەم توغرىسىدىكى ھەقىقىي، يېگانە دەستۇر ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، كائىنات ھادىسلىرىنى، ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي، ئىجتىمائىي غايە، كۆرەش ئىنتىلىشلىرىنى (ئالاھنىڭ مەۋجۇد دۇنيانى بەندىلەر ئۈچۈنلا ياراتقانلىقىنى)، ئاخىرەتنىڭ («باتىن» ئالەمنىڭ) «زاھىرى» ئالەم ئۈچۈن قوشۇمچە ئۇقۇم ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇقىم مەۋقەلىرىنى (يولىنى) «ئەھلى شەرىئەت» (زاھىرى ئالەم يولى) دەپ ئاتايدىغان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام ـ «شىئە« ،» سۈننىي» مەزھەپلىرى بويىچە ئىككىگە پارچىلىنىپ كېتىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئىسلام بايرىقى ئاستىغا جەملەشكەن مۇسۇلمان قەۋملىرى بىر ـ بىرىگە قارىمۇ قارشى ئىككى بايراق ئاستىغا بۆلۈنۈپ (ئۈيۈشۈپ) ئىچكى جاڭجال، مەزھەپ ئۇرۇشلىرىنىڭ قۇربانلىرىدىن بولۇشقا يۈزلىنىدۇ. بۇ ئىككى مەزھەپ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بارغانسېرى ئۆتكۈرلىشىپ قانلىق ئۇرۇشلارغا سەۋەب بولىدۇ ئىلقۇت

## بلوگىدا ياخشى ئەسەرلەر بار

### تۆنجى تۈركۈم «سوپى ـ زاھىت» لار گۇرۇھىنىڭ ئىراندا پەيدا بولغانلىقى توغرىسىدا

مىلادى 8 ـ ئەسىرگە كەلگەندە «شىئە ئەلى» لەرنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئىراندا تۇنجى قېتىم مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادى ـ بەشىنچى ئىمام زەئىد ئىبنى ئەلىنى بايراق قىلغان بەنى ھاشىم خەلىپىلىكى (پادىشاھلىقى) تىكلىنىدۇ. بۇ ھاكىمىيەت ھۆكۈمرانلىرى ئۆز ھاكىمىيىتىنى ئىلاھىي ۋە دۇنياۋى ھاكىمىيەت ھېساپلايدۇ ھەم خەلىپىنى «ئىلاھىي شەخس» دەپ بىلىدۇ. ئۇ، مەيلى زالىم بولسۇن، مەيلى ئىستىبدات بولسۇن خەلق ئۇنىڭغا ھامان شەرتسىز بويسۇنۇشى كېرەككى، ھېچ كىمنىڭ ئۇنىڭغا قارشى چىقىشىغا ھەققى يوقلۇقى توغرىسىدا تەقىب خاراكتېرلىك پەرمانلار چىقىرىلىدۇ . خەلىپىلىك پەۋقۇلئاددە ئىستىبداتلىشىدۇ. خەلق ئۈستىدە زۇلۇم كۈچىيىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ھاكىمىيەتنىڭ يۇقىرى قاتلام پېشۋالىرى ئارىسىدا ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەۋلادلىرىنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى، تارقىلىش دائىرىسىنىڭ كېڭىيىپ تۇرۇشى نەتىجىسىدە پەيغەمبەر ئەۋلادلىرىدىن چوڭ ھوقۇقنى يەنىلا كىم ئىگىلەش مەسىلىسى كېلىپ چىقىپ، «شىئە» لەر ئارىسىدىكى دەسلەپكى بىر مەزگىللىك بىرلىك پارچىلىنىپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كېلىدۇ. بەنى ھاشىم بۇ خىل ۋەزىيەت ئىچىدە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ئەبەدى ساقلاپ تۇرۇش مەقستى بىلەن ئۆز قەۋملىرى ئارىسىدىن (ئۆزىگە شان ـ شەرەپ كەلتۈرگۈچى «ئىشان» ۋە قەيسەر تەقۋادار «شىئە» لەر) دىن «سوپى ـ زاھىت) «تەرىقەت تەقۋادارلىرى) «پىرقە» سى (پارتىيىسى) نى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ «پىرقە» نىڭ ئەزالىرى تارىختا «بەنى

ھاشىم سوپى ـ زاھىدلىرى» ياكى «سوپى ھاشىملەر» نامى بىلەنمۇ ئاتىلىپ كەلمەكتە. «تەزكىرە پىر ياران» دا «سوپى ـ زاھىت» لار توغرىسىدا مۇنداق دېيىلگەن: «ھەزرىتى بەنى ھاشىم ـ ھەزرىتى خوجام روسۇلىللا (مۇھەممەد پەيغەمبەر ـ ئا) نىڭ بۇ ئالەمدىكى ئۈممەتلەرگە قالدۇرۇپ كەتكەن بىردىنبىر ئەۋلادى، بەرھەق ۋەكىلى ئىدى، ئەھلى ئىسلامنىڭ پاناھى، ئىقلىمگىرى (جاھانگىرى ـ ئا) ۋە نىجادچىسى ئىدى. شۇڭا خوجام، رەسۇلۇللاھنىڭ مۇبارەك ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى ئۆزىگە خاس تۇتۇپ، لىباس ئىھرام (مۇھەممەد پەيغەمبەر ھايات ۋاقتىدا ئىمامەتچىلىك قىلغاندا تاشقى كىيىمى ئۈستىدىن يۆگىنىپ ئالىدىغان ئاق رەخت ـ ئا) كىيىپ، مۇرتلىرى بولسا» لىباس تەۋەرۇكات» كىيىشىپ، باشقىلاردىن ئەلپار، تۇرۇق، سالاپەت، سۈپەت پەرقلىرى بىلەن پەرقلىنىپ، ھۆرمەت دەرىجىلىرى بويىچە سوپىزاتلىق تەلقىنلىرى (ئىبادەت مەۋقەلىرى) دە تۆۋە ئىستىغپارنى تىللىرىدىن چۈشۈرمەيتتى «...

بىزگە مەلۇمكى، بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان «لىباس تەۋەرۇكات»، «ئەلپار»، «تۇرۇق»، «سالاپەت»، «سۈپەت «دېگەن سۆزلەر مۇھەممەد پەيغەمبەرچە كىيىنىپ، سالاپەتلىنىپ ئۆزىنى تۇتۇپ، يۈرۈش ـ تۇرۇش، مەشغۇلات قىلىپ (پەيغەمبەرگە ئوخشاپ) تۇرغۇچىلار دېگەنلىكتۇر. بەنى ھاشىم سوپىلىرى مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەينى چاغلاردا (مىلادى 600 ـ يىلدىن 632 ـ يىلغىچە (تىجارەت ۋە پەيغەمبەرلىك پائالىيەتلىرىدە بولغاندا كىيىپ يۈرۈشكە ئادەتلەنگەن تۆگە چەكمەندىن تەييارلانغان ياقىسىز، قوش ئېتەكلىك ئۇزۇن مەللە توننى «لىباسى تەۋەرۇكات» دەپ ئاتىشىپ، شۇ خىل رەختتە، شۇ خىل

كىيىنىشنى ئۆزلىرىنىڭ سوپىلىق بەلگىسى قىلىپ ئېلىشقان ھەم ئۆزلىرىنىڭ مىجەز، تۇرۇق ۋە تۇرمۇش شەكىللىرىنىمۇ ئۆزلىرىچە «پەيغەمبەرچە ئەخلاق»، «پەيغەمبەرچە ئەلپاز ـ مىجەز»، پەيغەمبەرچە «تۇرۇق ـ سالاپەت» تە «بولغۇچىلار» قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنغۇچى تۈنجى سوپىلار تۈركۈمىدۇر .

تارىختا بىرىنچى قېتىم شۇ شەكىلدە پەيدا بولغان، ئۆزلىرىنى «بەرھەق پەيغەمبەر ئەۋلادى ـ سەئىد» نامى بىلەن نىقابلىغان بۇ كىشىلەر ئەمەلىيەتتە كېيىنكى زامانلارغىچە ھەتتا ھازىرقى زامانلارغىچىمۇ پەيغەمبەرنىڭ نام، سۈپەتلىرىنى ئەكسىچە سۈيىئىستېمال قىلىدىغان، ئىشلىمەي چىشلەش (دىنني نىقاب بىلەن دۇئا كويلۇق، ئالدامچىلىق، ھىيلىگەرلىك بىلەن تىرىكچىلىك قىلىش) نى كەسىپ قىلىۋالغان، ئىسلام ئەقىدىلىرىنى دەپسەندە قىلىپ يۈرۈۋاتقان ھارام تاماق سوپىلارنىڭ تۈنجى «پىرى» «ئۇستاز» لىرىدىن ئىبارەتتۇر .

مىلادى 9 ـ ئەسىردە بەنى ھاشىم خەلىپىلىكى مۇسۇلمان قەۋملىرى (ئاساسەن «سۈننىي» لەر) نى ئۆز بايرىقى ئاستىغا توپلىغان ئەرەب پادىشاھى خەلىپە ئابدۇل مۆلۈك قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلىنىدۇ. بەنى ھاشىم گۇرۇھىغا ئەگەشكەن مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەۋلادلىرى بىلەن ئەلى ئەۋلادلىرى قىرغىن قىلىنىدۇ، زىندانلارغا تاشلىنىدۇ، تەقىب ئاستىغا ئېلىنىدۇ. بۇ خىل پاجىئەلىك قىرغىندىن چۆچۈگەن بەنى ھاشىم سوپىلىرى ئىراندىن دۇنيانىڭ ھەر قايسى مۇسۇلمان رايونلىرىغا جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مۇسۇلمان ئەللىرىگە قېچىپ كېتىشىدۇ. بۇ خىل ھالەت، مەزھەپ ئۇرۇشلىرى توختىماي، يېڭىش ـ يېڭىلىش، چىقىش ـ چۈشۈش بويىچە دائىم تەكرارلىنىپ تۇرغان تارىخىي زامانلار جەريانىدا تەكرارلىنىۋېرىدۇ. ئۆز ھەرىكەتلىرىدە مەغلۇپ

بولغان تەرسا سوپىلارنىڭ قىچچىپ كېتىش نۇقتىلىرى يەنىلا يۇقىرىقى جايلاردىن ئىبارەت بولۇپ تۇرىدۇ. لېكىن قاچان سوپىلار بارغان ـ تۇرغان يەرلىرىدە يەنىلا ئۆز ھەرىكەتلىرىنى زادىلا توختاتمايدۇ .

ـ 8ئەسىردىن 10 ـ ئەسىرگىچە بولغان تارىخىي جەريانلاردا شىرۋان (ئىراننىڭ ھازىرقى ئەزەربايجان رايونى)، بەسرە (ئىراقنىڭ بىر رايونى)، پارس (ئىراننىڭ بىر ئۆلكىسى)، شىراز) ئىراننىڭ قەدىمكى شەھەرلىرىدىن بىرى)، ھەمەدان (ئىراننىڭ غەربىدىكى بىر شەھەر( ، ھىرات (ئافغانىستاننىڭ بىر شەھىرى)، ھازىرقى سۈرىيە، لىۋان، پەلەستىن، مىسىر، سەئۇدى ئەرەبىيە، ماراكەش، بەھرەيىن، بۇخارا، سەمەرقەند... قاتارلىق جايلاردا ئاشكارا، يوشۇرۇن، ھەر خىل نام، شەكىللەر بىلەن ھەرىكەت قىلغۇاتقان نۇرغۇن چوڭ ـ كىچىك سوپى ـ زاھىدلار گۇرۇھلىرى پەيدا بولىدۇ ۋە بارا ـ بارا بىر بىرىگە قوشۇلۇپ) مەلۇم چوڭ ماشايىخلار يېتەكچىلىكىگە بېرىكىپ) دىنىي، ئىجتىمائىي كۈچلەر سۈپىتىدە سوپىلىق تەرىقىتىنى كېڭەيتىش كۈرەشلىرىنى قاناتق يايدۇرۇشىدۇ. بەزى ئىسلام تارىخلىرىدا «قوۋمى سۇلۇك داھىلىرى» نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن سوپى ھۈسەيىن ئىبنى مەنسۇر ھەللاج، شەيخ نەجمىدىن باغدادى، يۈسۈپ ھەمەدانى، خوجا ئابدۇخالىق، سانايى، ئەتتارى، رۇمىي... پىرقىلىرى ئەنە شۇ خىل سوپى ـ زاھىدلار گۇرۇھلىرىنىڭ بۆلۈنمە ناملىرىدۇر. بەزى مەنبەلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، مىلادى 8 ـ ئەسىردىن 12 ـ ئەسىرگىچە خاس ئاسىيالىق مۇسۇلمانلار ئارىسىدىلا بىر ـ بىرىگە باغلانمىغان چوڭ ـ كىچىك سوپى ـ زاھىدلار گۇرۇھلىرىنىڭ يوشۇرۇن، ئاشكارا سۇلۇكلىرى 99 غا، «پىر» لىرى 101 گە يەتكەنلىكى مەلۇمدۇر.

### چوڭ شاھمات تاختىسىدىكى قىسمەتلەر

ئەسكەرتىش :بۇ يازما jarulla تەرىپىدىن نادىرلاندى(23-04-2011 )

# چوڭ شاھمات تاختىسىدىكى قىسمەتلەر

ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيادىن خىلۋەت قالغان قەدىمىي دىيارى خوتەننىڭ

قاراڭغۇ مەدرىسلىرىدە ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ غۇۋا نۇر چۇشۇپ تۇرىدىغان

تۈگۈلۈكلىرىدىن ئىنسانىيەتنىڭ ئۆتمۈش قەھرىمانلارنىڭ مۇساپىلىرىنى كورۇش بىلەن تەپەككۇر قايىنىمىغا چومۇپ، باتۇرلارنىڭ جەڭ ئارغىماقلىرىنى ئۇز ۋەتىنىدە قايتىدىن چاڭ چىقارغۇسى كەلگەن م.ئى.بۇغرا بۇنىڭدىن 60 يىل مۇقەددەم قەرىنداشلىرىغا قارىغاندا بالدۇرراق ئۇز ئانا تۇپرىقى - شەرقىي تۈركىستاننىڭ چوڭ شاھمات تاختىسى ئىكەنلىكىنى سەزگۈالغان ئىدى. ئۇ، مىللىتىنىڭ تەقدىرىنىڭ پاجەلىك بولۇپ قەلىشىدىكى سەۋەبلەر ھەققىدە يەنىلا بالدۇرراق چۈشەنچە ھاسىل قىلغان ئەرباپ بولۇش سۈپىتى بىلەن تەلەيسىزلىكلەرنى ئالدى بىلەن جۇغراپىيۋى مۇھىتتىن كەلىپ چىقىدىغان جۇغراپىيۋى سىياسەت بىلەن باغلاپ مۇنداق خۇلاسلايدۇ؛
"شەرقىي تۈركىستاننىڭ توت ئەتراپىنىڭ دۇنيانىڭ ئەڭ ئىگىز تاغلىرى بىلەن ۋە ئەڭ يامان چوللىرى بىلەن ئورالغانلىقى ھەم ھەچ بىر تەرىپى دەڭىزغا يەقىن ئەمەسلىكى، قۇرۇغلۇقتىمۇ مەدەنىي مەملىكەتلەردىن بەك يىراقتا ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ جۇغراپىيلىك تەلەيسىزلىكلىكى ۋە كۈچلۈك دۇشمەنىنىڭ ئاچكوز ۋە تاماخور ئاغزىغا بەك يەقىن بولغانلىقى يۇقىرىقى كوز قاراشنى قۇۋۋەتلەيدۇ".[1]
ئامەرىكىنىڭ ئاتاقلىق ئىستراتەگىيىسچىسى، سوۋەت ئىتتىپاقىنى يىمىرىپ تاشلاشنىڭ ئىستراتەگىيىلىك تەپەككۇر ئاساسىنى ياراتقۇچى ۋە كۈچەيتكۈچى زىبگنەۋ برىزەنسكىي ئۆزىنىڭ "چوڭ شاھمات تاختىسى" ناملىق مەشھۇر كىتابىدىكى دۇنياۋى ئىستراتەگىيىلىك مەنپەەتلەرنىڭ توقۇنۇش نۇقتىلىرىدىن ھەسابلىنىدىغان توچكىلار قاتارىدا ئۇيغۇر دىيارىنىمۇ تىزغان يەنى ئۇ ئۇيغۇر تۇپراقلىرىنىڭ چوڭ ئويۇنلار ئوينىلىدىغان شاھمات تاختىسىدىكى ئورنىنى مۇەييەنلەشتۈرگەن ئىدى[2].

## 1. قەشقەرىيىنىڭ يىقىلىشى ـ پاچەنىڭ باشلىنىشى

ئۇيغۇر دىيارى ـ 19 ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق چوڭ شاھمات تاختىسى بولغان. چۈنكى، ئۇنىڭ جەنۇبىي قوشنىلىرى ئۇلۇغ بىرتانىيەنىڭ خەرىتىسگە كىرگەن بولسا، غەربىي ۋە شىمالىي تەرەپلىرىدە چار رۇسىيىنىڭ كازاك سولداتلىرىنىڭ ئارغىماقلىرى كىشنەپ، رۇس مۇجىكلىرى ئىلى ۋادىلىرىغا قەدەم قويغان ئىدى. بۇلاردىن ئىلگىرىرەك مەزكۇر زېمىنگە يەتىپ كەلگەن مانجۇر خاندانلىقى شەرقنىڭ "كەسەل كورپىسى" سۈپىتىدە مەزكۇر چوڭ ئويۇنغا ئىشتىراك قىلىسمۇ، لەكىن ئۇنىڭدا پاسسىپ رول ئوينىدى. گەرچە، ئوسمانلى ئىمپەرىيىسى ئۆزىنىڭ ئاجىزلىشىپ، بۆرۈنقى جەڭگىۋارلىقى ۋە سەلتەنەتىنى يوقىتىشقا قاراپ يۈزلەنگەن بولۇشىغا قارىماي، يەنىلا مەزكۇر چوڭ ئويۇندىن ئۆز نەسۋىسىنى ئالدى. ئۆز قېرىنداشلىرى ھەسابلانغان ئۇيغۇرلار بىلەن بىۋاستە چەگرىلىنىشتىن مەھرۇم قالغان ۋە ياكى بۇنىڭغا ئىنتىلمىگەن ئوسمانلى ئىمپەراتورلىرى ياقۇپ بەگ بىلەن يوشۇرۇن مۇناسىۋەتلەرنى ئورنىتىپ، رەقىپلىرى بەرىتانىيە بىلەن چار رۇسىيىنىڭ غەزىپىنى قوزغاشتىن ئەھتىيات قىلىشىدىن قەتىي نەزەر ئۆزلىرىدىن ئۈمىد كۈتكەن ۋە ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئۆزلىرىگە يۈكلىگەن قەشقەرىيە دولىتىنى يەنىلا ھامىلىق ئاستىغا ئالدى. ياقۇپ بەگ دادىللىق بىلەن ئۆزىنى سۇلتان ئابدۇل ئەزىزگە تەۋە دەپ ئەلان قىلىش بىلەن ئۇنىڭ نامىغا ئاتاپ پۇل قۇيدى.

گەرچە، بۇ جايدىكى مەنچىڭ ھوكۇمرانلىقى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قوزغىلاڭلىرىنىڭ زەربىلىرى ئاستىدا گۇمران بولسىمۇ، لەكىن رۇسىيە ـ

بەرتانىيە دىپلوماتىك ئويۇنلىرى ئوسمانلىلارنى بىر چەتكە قايرىۋەتىپ، "خۇددى ساڭمۇ يوق ، ماڭمۇ يوق" دەگەندەك ئاخىرقى ھەسابتا بۇ تۇپراقلارغا مەنچىك ئەسكەرلىرىنى قايتىدىن باشلاپ كەلدى. بەلكى، ئاسىيانىڭ خەستىلەنگەن مەركىزى يۈرىكى ـ شەرقىي تۈركىستاندا يەقىنقى ئەسىرلەردە ھەچكىممۇ ساۋاتسىز ياقۇپ بەگدەك ماھىرلىق بىلەن دىپلوماتىك ئويۇن ئويناپ باقمىغان بولۇشى مۇمكىن. سۈلھىگە ماھىر بەدولەت ئۆزىنىڭ جۇغراپىيىلىك مۇھىتىدىن چىقىش قىلىپ، ئۇلۇغ بەرىتانىيە، چار رۇسىيە، ئوسمانلى ۋە مەنچىك ئىمپەرىيىلىرى بىلەن بىر مەيدان دىپلوماتىك سەھىرگەرلىك ئويۇنى ئويناپ باقتى. ئۇ، بىر تەرەپتىن ئۆز ئەلچىلىرىنى سانكىتپەتەربۇرگقا ماڭدۇرۇپ، رۇس ئىمپەراتورى بىلەن ئىتتىپاقداش بولۇشقا رازىلىق بىلدۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئىنگىلىزلارغىمۇ ئوخشاش خىلدىكى ئادەملىرىنى ئەۋەتىپ، ئۇلار بىلەن سودا كەلىشىمى تۈزۈش يولى بىلەن غەيرى رەسمى مۇناسىۋەت ئورناتتى. ئىنگىلىز ، رۇس رازۋەتچىكلىرى قەشقەرنىڭ تار كوچىلىرىدا بىر ـ بىرى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالغاندا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئوينىلىۋاتقانلىقىنى ھەس قىلىشتى. بەدولەت يەنە مەنچىك بىلەنمۇ ئۇرۇشقاندىن كورە سۈلھى تۈزۈپ، ئۇنىڭ قايتىپ كەلىشىنى چەكلىمەكچى بولۇپ، ئادەملىرىنى ئەۋەتتى.

چوڭ ئويۇننىڭ ئىشتىراكچىلىرى ئىچىدە بەرىتانىيە بىراز ئادىلراق يول تۇتقان بولۇپ، ئۇ پۈتۈن ئىمكانىيەتلىرى بىلەن قەشقەرىيىنى ساقلاپ قەلىشقا تىرىشىپ، سانكتپەتەربۇرگقا قەشقەرىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى بىرلىكتە تونۇش ھەققىدە تەكلىپ قويدى. لەكىن، بۇ تەكلىپ رەت قىلىندى. ئاخىرقى قەتىم 1877 ـ يىلى زوزوڭتاڭ ئۇرۇمچىنى ئىشغال قىلىپ، داۋانچىڭدىن ئوتكەندە

لوندون يەنە بىر قەتىم قەشقەرىيىنى چار رۇسىيە، بەرىتانىيە ۋە مەنچىڭ ئارىسىدىكى بىتەرەپ دولەت سۈپىتىدە ساقلاپ قېلىش ھەققىدە سانكتپېتەربۇرگقا قايتا تەكلىپ بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇمۇ قەتئىي رەت قىلىندى[3]. ئەسلىدە 1865 ـ يىلى مەنچىڭ ئىمپېرىيىسى رۇسىيە ھوكۇمىتىدىن ئىلى ۋە يەتتە شەھەردىكى قوزغىلاڭلارنى باستۇرۇشتا ياردەملىشىشنى سورىغان بولۇپ، رۇسىيە ھوكۇمىتى دەسلىۋىدە بۇنىڭغا قۇلاق سالمىغان. ئەمما، كېيىن قەشقەرىيە خانى ياقۇپ بەگنىڭ رۇسىيە ئۈچۈن خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتىپ، ئۇز چەگرىسى يېنىدا مۇنداق دۈشمەنلىك خاراكتېرىدىكى بىر مۇسۇلمان ھوكۇمرانىنىڭ بولۇشىنى خالىمىدى ۋە ئاخىرىدا رۇسىيە قوشۇنلىرى ئىلى ۋە ئۇنىڭ مەركىزى غۇلجىنى ئىشغال قىلدى[4]. ئىنگلىزلارنىڭ ئاخىرقى قەتىملىق تەكلىپلىرى چار پادىشاھ تەرىپىدىن رەت قىلىنغاندىن كېيىن، ئىنگلىزلار ئاخىرى ئامالسىز قېلىپ، زوزوڭتاڭنى قورال بىلەن تەمىنلەپ، ئۇنى قەشقەرىيىگە قويۇۋەتتى .

بۇ يەردە رۇسلار نەمە ئۈچۈن لوندوننىڭ تەكلىپىنى رەت قىلدۇ؟

1 ـ سەۋەب؛ بۇ چاغدا رۇس ئىستراتېگىيچىلىرى ئارىسىدا "ئوتتۇرا ئاسىيا پەقەت رۇسلارغىلا تەۋە بولۇش كېرەك، ئەگەر مۇستەقىل قەشقەرىيە شەكىللەنسە، بۇ "كۆن پاتماس ئىمپېرىيىنىڭ" كاسپىي بويىغىچە كېڭىيىپ، رۇسىيىنى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە كاۋكازىيىدىن سىقىپ چىقىرىشى، مۇستەقىل قەشقەرىيە بەرىتانىيىنىڭ يىراق ئاسىيا ئىستراتېگىيىسى ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلىشى ۋە ياكى ئىشلىتىلىشى مۇمكىن" دەگەندەك نۇقتىنەزەر ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن بولۇپ، مانا بۇ مەسىلىنىڭ تۈگۈنى ئىدى.

2 ـ سەۋەب ئىقتىسادى نۇقتىغا قارىتىلغان بولۇپ، 19 ـ ئەسىرنىڭ

ئوتتۇرلىرىدىن باشلاپ، چار رۇسىيە ئۆزىنىڭ شەرق ئىستراتەگىيىسىنى كۆچەيتىش ئارقىلىق، شەرقتىكى ئاجىز ۋە قالاق مەملىكەتلەرنى سودا ـ ئىقتىسادىي جەھەتلەردىن مونوپول قىلىشقا ئۆرۈندى. بىراق، بۇ ۋاقىتلاردا مەنچىڭ ئىمپەرىيىسىدە يۈز بەرگەن قالايمىقانچىلىقلار، بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستاندا كۆتۈرۈلگەن كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭلار تۈپەيلىدىن سانكتپېتەربۇرگ ئۆزىنىڭ بۇ جايلاردىكى ئىقتىسادىي مەنپەئەتلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن گۇللىنىۋاتقان رۇسىيە ساناەت بۇرجۇئازىيىسى رۇسىيە ھۆكۈمىتىدىن مەنچىڭ بىلەن بولغان سودىنى كېڭەيتىشنى تەلەپ قىلدى[5]. بۇرۇندىنلا مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنى سودا كېلىشىملىرى ئارقىلىق قىيناپ كەلگەن رۇسىيە بۇ قېتىم ئۇيغۇرلارنىڭ قوزغىلاڭلىرىنى باستۇرۇپ بېرىپ، مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنى رازىلىقلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇنىڭدىن زور ئىقتىسادىي ئۇتۇق يارىتىش ھەمدە مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنى رۇسىيىگە زور سودا ئىمتىيازلىرىنى بېرىشكە قىستاش سىياسىتىنى بەلگىلىدى.

ئەنە شۇنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە 1879 ـ يىلى تۈزۈلگەن لىۋادىيا شەرتنامىسىدە ئىلىنى قايتۇرۇش بەدىلىگە مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنى بەش مىليون رۇبلى تۆلەم تۆلەشكە ماقۇل كەلتۈرگەن بولسا، 1881 ـ يىلى بۇ شەرتنامە رەسمىي ئىمزالانغاندا تۆلەمنىڭ باھاسى ئۇستۇرۇلۇپ توققۇز مىليون رۇبلىيغا بەكىتىلگەن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە رۇس سودىگەرلىرى موڭغۇلىيە ۋە مانجۇرىيىدە باج تۆلىمەي سودا قىلىش ئىمتىيازىغا ئەرىشكەن[6]. مەنچىڭ ئىمپەرىيىسى رۇسىيىنىڭ قەشقەرىيە دۆلىتىنى ۋە ئىلى سۇلتانلىقىنى يوقىتىشتا كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن ھەر قانداق ئىقتىسادىي بەدەل تۆلەشكە ۋە دۆلەت نومۇسىنى سېتىشقا رازى بولغان.

ـ3سەۋەب؛ ياقۇپ بەگنىڭ تاكتىكىدىكى ئاجىزلىقى ۋە ئەھتىياتسىزلىقى بولۇپ، ئۇ، سانكتپېتەربۇرگقا ئۆز ئەلچىلىرىنى ئەۋەتىپ، چار پادىشاھ بىلەن ئىتتىپاقداشلىق ئورنىتىش ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن سودا ۋە چەگرا كېلىشىملىرىنى تۈزۈشنى ياۋاشلىق بىلەن تەكلىپ قىلغۇاتقان ۋاقىتىدا ، ئۇنىڭ قوقان خانى خۇدايارخانغا يازغان خەتتى يەنى قوقان بىلەن قەشقەرىيىنىڭ بىرلىشىپ، چار رۇسىيىنى ئوتتۇرا ئاسىيادىن قوغلاپ چىقىرىش ھەققىدىكى مەخپىي مەكتۇبى تۈركىستان گۇبېرناتورى كوۋفماننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ. بۇنىڭدىن قاتتىق چوچۇگەن گېنەرال كوۋفمان چار پادىشاھنى ياقۇپ بەگگە ئىشەنمەسلىككە دەۋەت قىلدى. نەتىجىدە، رۇسلارنىڭ قەشقەرىيىنى يوقىتىش ۋە ياكى ئۇنى مۇستەقىل دۆلەت سۈپىتىدە ساقلاپ قالماسلىق پىكرى تەخمۇ كۈچەيدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە قەشقەرىيگە مەخسۇس تەكشۈرۈشكە كەلگەن رۇسىيە خانلىق جۇغراپىيە جەمىيىتىنىڭ جاسۇسلىرى ۋە تاشكەنت سودىگەرلەر جەمىيىتىنىڭ ئاتالمىش سودىگەرلىرى ئاق پادىشاھنى قەشقەرىيە ھەققىدىكى قورقۇنچلۇق ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلىدى. ياقۇپ بەگنىڭ تۇپ مۇددىئاسىنىڭ رۇسىيىنىڭ تەسىر كۈچىنى قوشنا ئوتتۇرا ئاسىيادىن سىقىپ چىقىرىش ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئاساسىي نۇقتا ياقۇپ بەگنىڭ تەرجىمانلىق سالاھىيتىگە ئەرىشىۋالغان كاۋكاز مۇسۇلمانلىرىدىن زامان بەگ (بەلكى تاتارلاردىن بولۇشى مۇمكىن ـ ئاپتور) ئارقىلىق رۇسىيە تەرەپكە يەتكۈزۈلۈپ تۇرغانلىق ئەھتىماللىقى تاتار ئالىمى قۇربان ئەلى خالىدىنىڭ مەلۇماتلىرىدا كورۈلىدۇ. قۇربان خالىدىنىڭ زامان بەگ ھەققىدە بايان قىلىشىچە، ياقۇپ بەگ ئۆلگەندىن كېيىن، زامان بەگ تۈركىستان گۇبېرناتورى كوۋفمان تەرىپىدىن ئۆز يېنىدا قالدۇرۇلىدۇ ھەمدە

ئۇ" زامان بەگ بىزنىڭ ئادىمىمىز ئىدى" دەيدۇ شۇنىڭدەك ئۇنى كابۇلغا ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرۇپ بولغاندىن كېيىن يۇقىرى ھوقۇق بەرىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە قىلىدۇ. بىراق، كوۋفمان ئۆلگەندىن كېيىن، زامان بەگ قۇرۇق قول قالىدۇ. ئەمما، يېڭى تۈركىستان گۇبەرناتورى ئۇنى ئالمۇتىنىڭ گۇبەرناتورى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. كېيىن ئۇ يەنە تۈركىستان گۇبەرناتورى تەرىپىدىن بۇخارا ئەمىرلىكىگە ئەۋەتىلىپ، ئەمىرنىڭ يەنىدا تۇرىدۇ[7].

قۇربان خالىدنىڭ ئەسىرىدە پاش بولغان مەزكۇر سىرلاردىن زامان بەگ ئىسمىلىك كىشىنىڭ ياقۇپ بەگنىڭ بىر مەھەل رۇسىيە، بەرىتانىيە، ئوسمانلى ۋە مەنچىڭ ئىمپەرىيىلىرى ئارىسىدا ئەلىپ بارغان دىپلوماتىيىلىك ھەرىكەتلىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇش ئۈچۈن ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى تەرىپىدىن "يەرىم پادىشاھ" دەپ ئاتالغان تۈركىستان ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى كوۋفماننىڭ مەخسۇس ئورۇنلاشتۇرغان ئادىمى ئىكەنلىكىنى جەزىم قىلىش مۇمكىن بولسا كېرەك.(گەرچە قولىمىزدا باشقا دەلىللەر يەتەرلىك بولمىسىمۇ.)

نەتىجىدە، ئەينى ۋاقىتتا قەشقەرگە كەلگەن يۇقىرى دەرىجىلىك رۇس ئەلچىسى ۋە رازۋەتچىكى ئا. ن. كروپاتكىننىڭ باھاسى بويىچە ئالغاندا ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمان دۇنياسىدىكى قۇدرەتلىك زامانىۋى ئارمىيە كۆچىگە ئىگە ( 40 مىڭ ۋە ياكى 80 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ھەققىدە تۈرلۈك مەلۇماتلار بار ـ ئاپتور) قەشقەرىيە دولىتى دىپلوماتىيىلىك ئويۇنلارنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ، ئۇزىنىڭ قەشقەرىيىنى ئىشغال قىلىشىغا ئىشەنچىسى يەتمەي، ۋەزىيەتنى كوزىتىپ ،پۇرسەت كۈتۈپ ياتقان زوزوڭتاڭغا ئاسانلىق

تۇغدۇرۇپ بەردى. كىم بىلىدۇ؟ بەلكى ياقۇپ بەگ دۈشمەن بىلەن سۈلھى يولىنى تۇتماي ،پاسسىپ مۇداپىئەدىن ئاكتىپ ھۇجۇمغا ئۆتۈش تاكتىكىسى قوللانغان بولسا ، مەنچىڭ ئەسكەرلىرىنى شىڭ شىڭشادىن كىرگۈزۈۋەتكەن بولار ئىدى. بەلكى، خاننلار ئۇنى ئۆلتۈرمىگەن بولسا، قەشقەرىيىنىڭ تەقدىرى باشقىچە بولار ئىدى؟

قەشقەرىيە ۋە ياكى يەتتە شەھەر دۆلىتىنىڭ 14 يىللىق قىسقا ئۆمرى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدىكى خانلىق بىلەن ساداقەتمەنلىكنىڭ توقۇنۇش نۇقتىسى بولۇپ، مەنسەپپەرەس، ھەسەتخور ئۇيغۇر بەگلىرى زوزوڭتاڭنى قەشقەرىيىنىڭ ئاجىزلىقلىرى ھەققىدىكى ئۇچۇرلارغا ئىگە قىلىپلا قالماستىن بەلكى، ئۇنىڭغا ماسلىشىپ، ياقۇپ بەگنى زەھەرلىدى شۇنىڭدەك زوزوڭتاڭ قوشۇنلىرىنى يەتتە شەھەرگە باشلاپ كەلىپ، سانسىزلىغان ئۆز قەرىنداشلىرىنىڭ قانلىرىنىڭ ئەقىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇيغۇرلارنىڭ ھورلۇق ئۈچۈن كۆرەش قىلىش تارىخىغا نەزەر سالغاندا ئۇلارنىڭ تەلەيسىزلىكلىرى ۋە پاجىەلىرىگە ئۆزلىرى سەۋەب بولغاندەكمۇ كورۈنىدۇ . چۈنكى ، بۇ خەلقتە قەھرىمانلارنىڭ سانى قانچە كوپ بولسا، پۇرسەتپەرەس ۋە مەنسەپپەرەس خاننلارمۇ شۇنچە كوپ ئىدى. بۇنىڭ تۆپ سەۋەبىنى شەخسىي ئاداۋەت، مەنپەەتپەرەسلىك، مەن ـ مەنچىلىك ۋە ھەسەتخورلۇق قاتارلىق ئىللەتلەرگە باغلاش مۇمكىن. شەخسىي ئاداۋەت ۋە شەخسىي مەنپەەتنى كوزلىگەن ئادەملەر ھەمىشە ئۆز قەرىنداشلىرى بىلەن بولغان توقۇنۇشلاردا ئۈچىنچى بىر دۈشمەننىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ، مىللەتداش رەقىبىگە زەربە بەرىشكە ئادەتلەنگەن. بۇ ئادەملەر دائىم دەگۈدەك ئۆز خەلقى ئارىسىدىكى قارشىلىقلارنى دۈشمەننىڭ كۈچى بىلەن يوق قىلىشقا ئۈگەنگەن.

مسال كەلتۈرۈش توغرا كەلسە، ئۇيغۇر تارىخىدىن بۇنىڭغا تالاي پاكىتلارنى تېپىش مۇمكىن .قىسقىسى، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي خاراكتېرىدىكى ئاجىزلىقلار دائىم ئۇنىڭ رەقىپلىرى تەرىپىدىن پايدىلىنىپ كەتلىپ، مىللەتنىڭ بەشغا ئەغىر كۈنلەرنىڭ چۈشىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرىگە ئايلانغان ئىدى. داۋامى بار

چوڭ شاھمات تاختىسىدىكى قىسمەتلەر «(3 )

ئەسكەرتىش :بۇ يازما jarulla تەرىپىدىن نادىرلاندى(2011 ـ 04 ـ 23 )

# چوڭ شاھمات تاختىسىدىكى قىسمەتلەر

ئومۇمەن، ـ 1877 يىلى قەشقەرىيىنىڭ مەغلۇبىيىتىنى ئۇمىد قىلغان رۇسلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى ئىشقا سېلىپ، زوزوڭتاڭنىڭ ئاچارچىلىق گىرداۋىغا بەرىپ قالغان

چەربكلىرگە ئاشلىق ۋە يەم ـ  خەشەك يەتكۈزۈپ بەرگەنلىكى ، شۇنىڭ بىلەن مەنچىڭ قوشۇنىغا جان كىرگەنلىكى سىر بولمىسا كېرەك؟ مەنىڭچە قەشقەرىيىنىڭ ۋەيران بولۇشىدا تۇۋەندىكىدەك بەش ئاساسىي ئامىل مۇھىم رول ئوينىغان بولۇشى مۇمكىن.

ـ 1سەۋەب ، ئۆز ئىچىدىكى ئىتتىپاقسىزلىق ، ناچار ئىللەتلەر ، مەنمەنچىلىك ، ھەسەتخورلۇق ۋە ھاكىملارنىڭ مۇستەبىتلىكى ھەم باشقا شەخسىيەتچىلىكلەر. ئەلۋەتتە ، مۇنداق ئىللەتلەر ھەممە ئىنسانلارغا ئورتاق بولسىمۇ ، لەكىن كوپىنچە ئەركىن مىللەتلەر تاشقى دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇشتا ئۆز ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى ۋە مىللەت ئىستىقبالىغا زىيانلىق ھەر قانداق خاش ۋە ئىللەتلەرگە كەسكىن چەك قويالىغان ئىدى. بىراق ، ئۇيغۇرلارنىڭ سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلانغان دىنىي مەزھەپلەرنىڭ تەپرىقچىلىقلىرى بىلەن شەكىللەنگەن ئاق تاغلىق ۋە قارا تاغلىقلار كۈرىشى شەرقىي تۈركىستاننىڭ چىڭگىز ئىستىلاسىدىن كېيىن شەكىللەنگەن كەڭ كولەملىك ئەتنىك جەھەتتىكى ئارىلىششىلار نەتىجىسىدە پەيدا بولغان مىللىي پىسخىكىلىق ئۆزگىرىشلەرگە قوشۇلۇپ ، بۇ رايوندىكى ئۇيغۇر ـ تۈركىي ئەتنىك تەركىبىنىڭ مىللىي خاراكتېرىگە سەلبىي تەسىرلەرنى ئەلىپ كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ، ئۇيغۇرلار ھۇن ئىمپېراتورلۇقى ، ئۇيغۇر ئورخۇن ئىپەرىيىسى ۋە قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇلتۇراق ۋە كوچمەن ئۇيغۇر ـ تۈركىي خەلقلىرىگە ئورتاق بولغان ئۇيۇشقاق ۋە مەسلىھەت بىلەن ئىش قىلىدىغان ھەمدە ئۇرۇق ـ قەبىلە ۋە دولەت باشلىقلىرىنىڭ سوزىگە شەرتسىز بوي سۇنىدىغان جەڭگىۋار مىللىي خاراكتېر سۇسلىششىشقا قاراپ يۈزلەنگەن ئىدى. ئۇيغۇرلارغا بالايى ئاپەت ئەلىپ كەلگەن ئاق تاغلىق ۋە

قارا تاغلىق كۆرىشىدىن ئالدى بىلەن جۇڭغارلار پايدىلانغان بولسا، ئارقىدىن مەنچىڭ ئىشغالىيەتچىلىرى ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ، قەشقەرىيىنى كونتروللۇق ئاستىغا ئالغان ئىدى. دەمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى نىزالىرى ۋە يۇقىرىدا ئەيتىلغان ئىللەتلىرى ھەچقاچان بۇ يەردە ھوكۇمرانلىق ئورناتقان ھەر قانداق ھاكىمىيەت تەرىپىدىن چەكلەنگەن ئەمەس، بەلكى تەخمۇ كۈچەيتىلگەن خالاس!

ـ 2سەۋەب، ئەنجانلىقلار(غەربىي تۈركىستانلىقلار) بىلەن قەشقەرىيىلىكلەر ئارىسىدىكى ئىشەنچسىزلىكلەر. ياقۇپ بەگ ئاساسىي ھەربىي ۋە مەمۇرىي ھوقۇقلارنى ئۆز ئادەملىرىگە ۋە غەربىي تۈركىستاندىن كەلگەنلەرگە بەرىپ، يەرلىكلەردىن پەقەت نىياز بەگ، ھوشۇر بەگ قاتارلىق بىر قانچىلا ئۆزىگە شەرتسىز بويسۇنغان ئادەملەرگە مەلۇم ئىمتىياز بەردى .ئەمما، ئىچكى جەھەتتىن ئىتتىپاقلىشالمىغان ۋە چىقىشالمىغان بولسىمۇ، ىىراق چەتتىن كەلگەن دۈشمەنگە قارشى بىرلىشەلەيدىغان، مۇستەقىللىقلىرىنى قوغداپ قەلىش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىدىغان جاسارەتلىك باشقا پۈتۈن مىللىي ئىنقىلابچىلارنى قاتتىق باستۇرۇپ يوقاتتى[8]. كۈچار قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ داھىسى راشىدىن غوجا، ئىسساقخان شۇڭگەدەك خوتەن ۋە يەركەنت قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ رەھبەرلىرى ئەنە شۇلارنىڭ مىسالىدۇر.

ـ 3سەۋەب، تاشقى جەھەتتە، چوڭ ئىمپەرىيىلەرنىڭ مەنپەەت توقۇنۇشى بۇ مەسىلە ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، بىز بۇ ھەقتە داۋاملىق شەرھىلەيمىز.

ـ 4سەۋەب،ياقۇپ بەگنىڭ ئىچكى ـ تاشقى سىياسى تاكتىكىسى ۋە دولەتنىڭ ئىچكى سىياسىتىدىكى يەتەرسىزلىكلەر . ياقۇپ بەگ ھەربىي ئىشلار جەھەتتە غەرب قورالىرىنىڭ قۇدرىتىگە ئىشەنگەن ھەمدە ئاز تولا بولسىمۇ

غەرب ئۇسلۇبىدا(بەلكى تۈرك ۋە ئافغان ئۇسلۇبىدا (ھەربىي تەلىم تەربىيە ئەلىپ بارغان بولسىمۇ، ئەمما دۆلەتنى يەنىلا پەقەت ئۆزىگىلا تايىنىپ باشقۇردى. ئۇ، ئوسمانلى ۋە بەرىتانىيە قاتارلىق قۇدرەتلىك مەلىكەتلەر بىلەن دىپلوماتىك پاالىيەت ئەلىپ بارغان بولۇشىغا قارىماي، ئۇلارنىڭ ئىلغار باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى ئۆگەنمىدى. ئەكسىچە، ئۇ ھوكۇمەت ئىشلىرىغا تەگىشلىك پۈتۈن سىياسەت، پىكىر ۋە تەلەپلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى بەلگىلەپ چىقاتتى. مۇھىم ئىشلاردا كەڭەش ۋە مۇزاكىرە ئۇيۇشتۇرمايتتى. بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ناھايىتى ياخشى ماڭغان دۆلەت ئىشلىرى، باياشات ھايات ئاستا ـ ئاستا خاراپلىشىشقا، بەگلەر چىرىكلىشىشكە باشلىغان ئىدى. ئەمما، مەنچىڭ ئىمپەرىيىسىنىڭ زۇلمىنى يەتكىچە تارتقان ۋە ئەركىنلىككە مۇھتاج بولغان ئۇيغۇر خەلقى يەنىلا ئۆز ھاكىمىيىتىنى قەدىرلەپ، ئۇنى جان تىكىپ قوغدىغان ئىدى. ئەگەر ياقۇپ بەگ ئاخىرغىچە توغرا ۋە ياخشى باشقۇرۇش سىياستى يۈرگۈزۈپ، دۆلەتنى ھەر جەھەتتىن قۇدرەت تاپقۇزغان بولسا، مەنچىڭ ئىمپەرىيىسىنىڭ بۇ تۇپراققا قايتىپ كەلەلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ـ 5سەۋەب، ياقۇپ بەگنىڭ دۈشمەن بىلەن سۈلھى قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۇنىڭغا قاتتىق ۋە قەتئىي زەربە بەرمەسلىك ھەم باشقىلاردۇر. ياقۇپ بەگ سۈلھىچىلىك يولىغا مېڭىپ، دۈشمەن بىلەن قەتئىي سوقۇشۇش تەرەپدارى بولغان ئوغلى بەگ قۇلبەگ ۋە باشقا قوماندانلىرىنى ئالدىنقى سەپتىن قايتۇرىۋەلىپ[9]، رەقىپلىرىنىڭ ئۆز ئەھۋالىنى بىلىۋەلىشىغا ھەمدە ئۆزىنىڭ ئاجىز نۇقتىلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۆزىدە ئىشەنچ پەيدا قىلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەردى . ئەسلىدە مەنچىڭ ئىمپەرىيىسىنىڭ زوزوڭتاڭ

تەرەپدارلىرى قەشقەرىيە دولىتىگە ھۇجۇم قوزغاشقا ئالدىراپ جۇرئەت قىلالمىغان بولۇپ، ئۇلار بىر تەرەپتىن ياقۇپ بەگنىڭ كۈچىگە ئەندىشە بىلەن قارىسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ئۇرۇشقا ئوسمانلى ئىمپەرىيىسى بىلەن رۇسىيىنىڭ ئارىلىشىپ، "يەتتە شەھەر دولىتى"گە ياردەم بېرىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئالدى بىلەن ئۇرۇمچىنى ئىشغال قىلىپ، ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ، ئاندىن ئۇرۇش باشلىماقچى بولغان ئىدى[10].ياقۇپ بەگنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى ئەينى ۋاقىتتا مەنچىڭ ئوردىسىنى خەلى ساراسىمگە سالغان بولۇپ، لىخۇڭجاڭ گۇرۇھى بىلەن زوزوڭتاڭ گۇرۇھىنىڭ يەتتە شەھەر مەسىلىسىدىكى تالاش ـ تارتىشلىرىدا لىخۇڭجاڭ گۇرۇھى باشتىن ئاخىرى قەشقەرىيىنى تاشلىۋەتىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەمما، زوزوڭتاڭ بولسا، ئەگەر ئۇنىڭغا يول قويغاندا ياقۇپ بەگنىڭ ھامان بىر كۈنى سەددىچىننىڭ ئىچىگە بېسىپ كىرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغان.نەمە سەۋەبتىن مەنچىڭ ئوردىسىدا مۇنداق تالاش ـ تارتىشلار يۈز بەردى؟ بۇ دەل ئەنە شۇ قەشقەرىيە دولىتىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى جۇملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى ئىدى خالاس. مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ياقۇپ بەگ بىرىنچى ھۇجۇمدىلا رەقىپلىرىگە قاتتىق زەربە بەرگەن بولسا، ئۇيغۇر سىياسىي تارىخى تامامەن باشقىچە يېزىلغان بولار ئىدى. قىسقىسى ياقۇپ بەگ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ، ئاكتىپ ھۇجۇمغا ئۆتۈشتىن پاسسىپ مۇداپىيەگە، ئاخىرىدا بېرىپ چېكىنىشكە ھەمدە يوقىلىشقا يۈزلەندى.

ئاقۋەتتە، توت ئەتراپى ئېگىز تاغلار بىلەن ئورالغان تارىم ۋادىسىنى ئاشكارا بېرىۋەلىش ۋە ياكى ئۇ جايدا مۇستەقىل ئۇيغۇر دولىتىنىڭ قەد كۆتىرىشىنى

خالمىغان بەلكى ، خالىسمۇ ئۇزارا پايدىسىز دەپ قارىغان بەرىتانىيە بىلەن رۇسىيە ئۆزلىرىدىن ئاجىز مەنچىك ئىمپەرىيىسىگە خۇددى بۇ "چوڭ ئويۇن"دا ئۇتتۇرغاندەك كورۇنۇش بىلەن بۇ رايوندا ئەبەدىي ئۇز ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي تەسىرىنى ساقلاپ قەلىپ، بارا ـ بارا سىڭىپ كىرىش ئىستراتەگىيىسىنى بەلگىلىدى. ئۇلۇغ بەرىتانىيە بىلەن چار رۇسىيىنىڭ بۇنداق قارارغا كەلىشىگە يەنىلا ئالدى بىلەن ياقۇپ بەگنىڭ ئاخىرغىچە پۇت تىرەپ تۇرالماسلىقى ۋە مەنچىك قوشۇنلىرىغا زەربە بەرىپ، ئوز هاكىمىيىتىنى ساقلاپ قالالماسلىقى بىر سەۋەب بولۇپ قالدى .

ئامەرىكا ئالىمى جامەس مىلىۋاردنىڭ ئوتتۇرغا قويۇشىچە ، مەنچىك خاندانلىقىنىڭ ئۇيغۇر دىيارىدىكى هوكۇمرانلىقى هەقىقى ئىمپەرىيالىزملىق هوكۇمرانلىق بولۇپ، زوزوڭتاڭنىڭ ئولكىنى قايتا ئىشغال قىلىشى بىلەن 1884 ـ يىلى شىنجاڭ ئولكىسى تەسىس قىلىنىپ، ئولكىنىڭ هوكۇمرانلىق ئورۇنلىرىنى ئىلگىرىكىدەك پۇتۇنلەي مانجۇرلار ئىگىلەشنىڭ ئورنىغا خىتايلار ئالمىشىپ، ئاساسىي هوقۇق زوزوڭتاڭ قاتارلىق خىتايلارنىڭ قولىغا ئوتتى هەمدە ئۇيغۇر هاكىمبەگلىرىنىڭ هوقۇق دائىرىسىگە چەك قويۇلدى[11].شۇنىڭدىن كەيىن، زوزوڭتاڭ ـ لىيۇ جىنتاڭ گۇرۇهى خىتايلارنىڭ ئىمتىيازىنى تىكلەپ ۋە قوغداپ، خىتايلار بىلەن ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەر ئارىسىدىكى مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ تەخىمۇ ئوتكۇرلىشىشىگە ئاساس سالدى .زوزوڭتاڭ قوشۇنلىرىنىڭ دەهشەتلىك ئوچ ئەلىشلىرىغا دۇچ كەلگەن شۇنىڭدەك ئىلگىرىمۇ ئۇزۇن يىللار ئۇرۇش زەرداپلىرىنى چەككەن خەلق، قاتمۇ ـ قات زۇلۇم ۋە مىللىي كەمسىتىشلەرگە نىسبەتەن 50 نەچچە يىل تاقەت قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

تارىخ ھاپىلا ـ شاپىلا 20 ـ ئەسىر قوينىغا كىرىش بىلەن ئىنسانىيەت دۇنياسىدە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ، بۇ شاھمات تاختىسىدا تەخمۇ زور ۋە مۇرەككەپ ھەم كەسكىن ئويۇنلار ئوينالدى. بۇ ئويۇنلاردا لېنىن رۇسىيىسى غالىپ كەلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ نالە ـ پەريادلىرى قىزىل خىشلىق كرەملى تەمىنىڭ ئىچىگە ئاڭلانمىدى خالاس!

داۋامى بار

چوڭ شاھمات تاختىسىدىكى قىسمەتلەر (4 )

ئەسكەرتىش :بۇ يازما jarulla تەرىپىدىن نادىرلاندى(2011 ـ 04 ـ 23 )

## چوڭ شاھمات تاختىسىدىكى قىسمەتلەر(4)

### 2.جۇغراپىيىۋى سىياسەتنىڭ قۇربانلىرى

ياۋرو ـ ئاسيانىڭ خەستەلەنگەن يۆرىكى ـ ئۇيغۇر دىيارىنىڭ خەستىلىك ۋە ئازابلىق تارىخى ئەركسىزلىكنىڭ تەمنى تەتغان ھەمدە ئەركسىزلىكنىڭ بىر مىللەت ئۈچۈن ئەڭ زور دەرىجىدىكى يوقىتىش ۋە تراگەدىيە ئىكەنلىكىنى ئەتراپ قىلغان قەلبلەر بىلەن كوپ ئوخشاشلىقلقا ئىگە بولسىمۇ، لەكىن ئۇ يەنە ئۆزىگە خاس تەرەپلەرگە ئىگە. بەلكى، ئۇنىڭ خەستەلىك تارىخىنىڭ ۋاراقلىرى كوپرەك بولسا كەرەك؟ !

تارىخىي رەاللىق ۋە ئۇنىڭ خۇددى م. بۇغرا ئەيتقاندەك جۇغراپىيىلىك تەلەيسىزلىكى، مەنىڭچە يەنە ئۇنىڭ سىياسىي ، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە باشقا جەھەتلەردىكى تەلەيسىزلىكلىرى ئالدى بىلەن ئۆزى بىلەن بىۋاستە تارىخىي، مەدەنىيەت ۋە جۇغراپىيىلىك جەھەتتىن باغلىنىشلىق بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئەڭ مۇھىمى ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۇزۇن يىللار كونتروللۇق ئاستىدا تۇتۇپ كەلگەن سانكتپەتەربۇرگ ۋە موسكۋا بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر. چۈنكى، ياۋرو ـ ئاسيانىڭ خەستەلەنگەن يۆرىكى ـ شەرقىي تۈركىستان ئۆزىنىڭ يەنە بىر پارچىسى غەربىي تۈركىستان بىلەن تارىخىي تەقدىرداشلىقتا ئىگە بولغان بولسا، كەيىنكى ئەسىرلەردە بۇ رايونغا كىرگەن موسكۋا دائىم ئۆز مەقسەدلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئوتتۇرا ئاسىيانى ۋاستە قىلغان . بۇ نۇقتىنى چۈشەنگەن ھەممە كۈچلەر ياۋرو ـ ئاسيانىڭ مەركۇز خەستەلەنگەن يۆرىكىنى غەربىي تۈركىستان ئارقىلىق ئازابلاش تاكتىكىسىنى تاللىۋالدى ھەمدە تاللىۋالماقتا .

ئانداقتا تارىختىكى كونا ـ يەڭى رۇسىيىنىڭ ياۋرو ـ ئاسيانىڭ خەستەلەنگەن يۆرىكى ۋە ئۇنىڭ قوشنىلىرىغا تۇتقان سىياستىنى قانداق تەسۋىرلەش لازىم؟

رۇسىيىنىڭ شەرقىي تۈركىستان سىياستى مەيلى چار پادىشاھ دەۋرى بولسۇن

ۋە ياكى 1917 ـ يىلدىن كەينكى سوۋەت رۇسىيىسى مەزگىلى بولسۇن ھەممىسلا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر قاتارلىق يەرلىك خەلقلەر بىلەن ختاي ھاكىمىيتى ئوتتۇرىسىدىكى قارمۇ ـ قارشىلىقلاردىن ئىبارەت مەزكۇر رايوننىڭ ئىچكى سىياسىي ھاياتىدىكى ئۆزگىرىشلەر ئاساسىدا شەكىللەنگەن[12]. چۈنكى ، ئۇيغۇر قاتارلىق خەلقلەرنىڭ ھەر قەتىملىق قوراللىق قارشىلىق ھەرىكەتلىرى يالغۇز جۇڭگو ھاكىمىيىتىگە تەسىر كورسىتىپلا قالماستىن بەلكى، رۇسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغىمۇ كۈچلۈك تەسىر كورسەتكەن. بۇنىڭدىكى سەۋەب بىرىنچىدىن، رۇسىيە ھوكۇمرانلىقىغا ئۆتكەن ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەتنىك، دىن، تىل ھەتتا ئىجتىمائى ـ ئىقتىسادىي ھايات شەكلى قاتارلىق تۈرلۈك تەرەپلەردىن بىردەكلىككە ۋە ئوخشاشلىققا ئىگە بولغانلىقى. ئىككىنچىدىن، شەرقىي تۈركىستان بىلەن غەربىي تۈركىستان نىڭ جۇغراپىيىلىك جەھەتتىن تاغ ـ دەريالىرى ، ئەتىز ـ ئېرىقلىرى ۋە ياپلاقلىرىنىڭ تۇتۇشۇپ كەتىپ، ئورتاق بىر جۇغراپىيىلىك گەۋدىنى شەكىللەندۈرىشىدىن ئىبارەت بۇ خىل بىردەكلىك ھەمدە باغلىنىشلىق مۇناسىۋەت رۇس ۋە مەنچىڭ ئىمپېرىيىلىرى تەرىپىدىن سۇنئىي ئۇسۇلدا جىسمانىي جەھەتتىن ئايرىۋېتىلسىمۇ لېكىن، بەرىبىر مەنىۋى جەھەتتىن ئايرىۋېتىلمىدى. ئەنە شۇ يۇقىرىدىكى ئىككى خىل ئامىل تۈپەيلىدىن چېگرىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى خەلقلەر ئۆزارا بىر ـ بىرىگە ئۆتۈپ ياشاشنى ۋە ھەر قەتىملىق قارشىلىق ھەرىكەتلىرى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندا ئۆزارا قېچىپ كېلىپ پاناھلىنىش ۋە قايتىدىن كۈچ توپلاپ، ئۆز ئەللىدىكى كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئادەتلەندى. غەربىي تۈركىستان ۋە شەرقىي تۈركىستان بۇلار ئۈچۈن ئارقا سەپلىك ھەم بازىلىق رول ئوينىدى.

مەسلەن، ـ 1759 يىلىدىكى بۇرھانىدىن غوجا ۋە خان غوجا باشچىلىقىدىكى قەشقەرىيە خەلقىنىڭ ژاۋخۇي باشچىلىقىدىكى مەنچىڭ تاجاۋۇزچى قوشۇنىغا قارشى كۆرەشلىرى، جاھانگىر غوجا قوزغىلىڭى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى، 1830 ـ ،1847 ـ ، 1856 ـ ، 1877 ـ ، 1881 ـ يىللىرىدىكى ۋەقەلەردە شۇنىڭدەك 20 ـ ئەسىردە يۈز بەرگەن بىر قاتار ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسىدە كوپ ساندىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تۇڭگان قاتارلىقلار ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە يەتتە سۇ رايونىغا قېچىپ بېرىپ پاناھلاندى. چوقان ۋەلىخانوپنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا ـ 19 ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىكى جاھانگىر غوجا قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندا قوقان، شەھرىخان قاتارلىق جايلارغا 70 مىڭ ئۇيغۇر كوچۇپ چىققان. 19 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا بولسا 15 مىڭ ئۇيغۇر كوچۇپ چىققان. شەھرىخان بىلەن قاراسۇ ئارىسىدىكى جايلارغا ئۇيغۇرلارنىڭ دولان دەپ ئاتالغان گۇرۇپپىسىدىن 9 مىڭ ئادەم كوچۇپ چىققان بولۇپ، پەرغانە ۋادىسىدا جەمئي 324 مىڭ ئۇيغۇر بولغان[12]. بۇ قازاق ئالىمى يەنە ئەينى ۋاقىتتا تاشكەنتنىڭ جەنۇبىدىكى يېڭى شەھەر مەھەللىسىدە قەشقەرلىكلەر(ئۇيغۇرلار)نىڭ تۇرىدىغانلىقىنى، شەھرىخان، ئەندىجان شەھىرىنىڭ ئاھالىسىنىڭ يېرىمىنىڭ قەشقەرلىكلەر، قاراسۇنىڭمۇ شۇنداق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ[13]. ئا.ن. كروپاتكىنمۇ ـ 19 ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدا قوقان خانلىقى تەۋەلىكىدە 250 مىڭ قەشقەرلىكلەر )ئۇيغۇرلارنىڭ) بارلىقىدىن مەلۇمات بېرىدۇ [14]. ئەلۋەتتە، بۇنداق كوچۇش ئىزچىل داۋاملاشقان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ سانىمۇ ئۈزلۈكسىز تۇردە ئاشقان.

تارىخىي پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، شەرقىي تۈركىستاندە يۈز بەرگەن

ھەممە قوزغىلاڭلاردا مەركۇز پاناھلانغان مۇساپىرلار بەلگىلىك مۇھىم رول ئوينىدى. مەسىلەن جاھانگىر غوجا، يۈسۈپ غوجا ۋە باشقا غوجىلارنىڭ قوزغىغان قوراللىق ھەرىكەتلىرىدە پەرغانە ۋادىسىغا قېچىپ بارغان قەشقەرىيلىكلەر ئاۋانگارت قوشۇن بولۇپ ئۇيۇشۇپ، ئۆز يۇرتلىرىغا جەڭ بىلەن قايتىپ كەلگەن شۇنىڭدەك كۈرەشلەردە مۇھىم تايانچلىق رولىنى ئوينىغان. ئەڭ يېقىنقى مەزگىلگە تەۋە مىساللارنىڭ بىرى شۇكى، 1944 ـ يىلىدىكى مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىدىمۇ سوۋەت ئىتتىپاقىغا قېچىپ بارغان ئۇيغۇر، قازاق ۋە باشقىلار سوۋەت ئىتتىپاقى ھوكۇمىتى تەرىپىدىن قايتىدىن تەشكىللىنىپ، مەخسۇس گۇرۇپپىلار بولۇپ، ئىلى قوزغىلىڭى، غۇلجا قوزغىلىڭى، ھەرەمباغ ئۇرۇشى ۋە باشقا جەڭلەردىكى مۇھىم ھەربىي تايانچلىق رولىنى ئوينىدى[15]. ئومۇمەن، سوۋەت ئىتتىپاقى ھوكۇمىتى ئۆزلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىدا دائىم ۋە ئىزچىل ھالدا شۇ جايدىكى ئۇيغۇر كوچمەنلىرىنىڭ ئۆز ۋەتىنىنىڭ ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىستەكلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى ۋاستە قىلىش ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەرىكەتلەرگە قول تىقتى ۋە ياكى ئۇنى كونترول قىلدى .

تۈركىستاننىڭ ئىككى تەرىپىنىڭ تەقدىرداشلىقىغا مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر نۇقتا شۇكى، ئوخشاشلا چار رۇسىيە ۋە سوۋەت رۇسىيىسىگە قارشى جەڭ قىلغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئىدەولگىيىلىك جەھەتتىن چىقىشالمىغان كوپلىگەن قازاقلار، ئۆزبەكلەر، قىرغىزلار، تاتارلار ھەم ئۇيغۇرلار ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىياغا يەرلەشكەن رۇسلار شەرقىي تۈركىستانغا قېچىپ كېلىپ پاناھلاندى. مەسىلەن، ئىلى سۇلتانلىقىغا قېچىپ كېلىپ پاناھلانغان قازاق باتۇرى تازانبەك ۋە باشقىلار

رەھبەرلىكىدىكى قازاقلار مۇھىم مەسىلە بولۇپ، ئىلى سۇلتانى ئەلاخان مىللىي ۋە دىنىي قەرىنداشلىق تۇيغۇسىدىن تازانبەكنى چار پادىشاھقا قايتۇرۇپ بەرىشنى رەت قىلىش بەدىلىگە ئۆز مۇستەقىللىقىنى يوقاتتى. 1916 ـ يىلى، يەنە چار پادىشاھنىڭ ئەسكەر ئەلىشىغا قارشى تۇرۇپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، مەغلۇپ بولغان قازاق، قىرغىزلار تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ، ئۇيغۇر دىيارىنىڭ جەنۇپ ـ شىمالىغا قەچىپ كەلىپ ماكانلاشتى. قىرغىز تارىخچىسى بەلەك سۇلتانايىنىڭ مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا ئىسسىق كول ئەتراپىدىن ئۇيغۇر دىيارىغا قەچىپ كەلگەن قىرغىزلارنىڭ سانى 200 مىڭدىن ئاشقان. باشقا مەلۇماتلاردا 300 مىڭدىن ئارتۇق دەپمۇ يەزىلىدۇ [16]. ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا قالغان بۇ قىرغىز قاچقۇنلىرىنى ئۇيغۇرلار ئۇيلىرىگە ئورۇنلاشتۇرغان، ئۇلارنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلىگەن ھەم ئۇلارنى ماكانلاشتۇرغان.

ئۇنىڭدىن كەيىن، سوۋەت رۇسىيىسىگە قارشى جەڭ قىلىپ، رۇس كوممۇنىستلىرى تەرىپىدىن" باسمىچىلار" دەپ ئاتالغان ئەنۋەر پاشانىڭ، ئىرگەش باتۇرنىڭ ئۇزبەك، قىرغىز ئەسكەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە ـ تاۋاباتلىرى قەشقەر ئەتراپىغا قەچىپ كەلىپ پاناھلانغان ئىدى. 1930 ـ يىللاردىكى قەشقەردە بولغان شەرقىي تۇركىستان جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش قوزغىلاڭلىرىغا ئىشتىراك قىلغان قىرغىزلاردىن جانىبەك قازى، چىپاق قازى، ئۇزبەكلەردىن يۇسۇپجان ۋە سەتىۋالدىجان ھەم ئۇلارنىڭ نەچچە يۈزلىگەن ئەگەشكۈچىلىرى ۋە باشقىلار بۇنىڭ مىسالى بولىسا كەرەك[17].

ئومۇمەن، چەگرىنىڭ ھەر ئىككىلا تەرىپىگە قەچىپ بەرىپ ماكانلاشقان قەرىنداش خەلقلەر بىر ـ بىرىنىڭ ھورلۇك كۈرەشلىرى گە ئاكتىپ ئىشتىراك قىلدى ھەمدە بىر ـ بىرىگە ئىگە چىقىپ، ئۆز پاناھىغا ئەلىشتى (ئەلۋەتتە كوپ

مەسىلىلەرگە مۇناسىۋەتلىك مەۋجۇت بەزى ئەھۋاللارنى ھەسابقا ئالمىغاندا .(

دەمەك، چار پادىشاھ ۋە كېيىنكى سوۋېت رۇسىيىسى يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان ئەھۋاللارنى نەزەرگە ئېلىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك تەدبىرلەرنى ئالغان ھەمدە سىياسەتلەرنى تۈزگەن ئىدى. بولۇپمۇ، سوۋېت رۇسىيىسى چار رۇسىيىنىڭ بۇ ھەقتىكى تەجرىبىلىرىنى ياخشى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ھەم كۈچەيتىش چارىسىنى قوللاندى.

رۇسىيە تاشقى سىياستى جۈملىدىن ئۇنىڭ مەركىزىي ۋە شەرقىي ۋە جەنۇبىي ئاسىيا سىياسى ئىستراتېگىيىسىنى تەھلىل قىلغاندا شۇنداق يەكۈن چىقىش مۇمكىنكى، كونا رۇسىيە ۋە قىزىل لەنىن رۇسىيىسى شۇنىڭدەك ئۇنىڭ كېيىنكى مەزگىللەرنىڭ ھەممىسىدە كىرەملىننىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك جۇڭگو سىياستىدە ئۈچ خىل ئەقىم زىددىيەتلىشىپ كەلگەن. بۇنى مۇنداق يەكۈنلەش مۇمكىن؛

1ـ شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىگە يول قويماي، ئەكسىچە جۇڭگو ھوكۇمىتىگە ياردەم بېرىپ، بۇ جاينى رۇس تەسىرى ئاستىدىكى رايون قىلىش يەنى تەررىتورىيىلىك ھوقۇق جەھەتتىن جۇڭگونىڭ قولىدا قالدۇرۇش ، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ۋە باشقا جەھەتلەردىن رۇسىيىنىڭ تەسىرى ئاستىدا تۇتۇش، ئۈچىنچى بىر دولەت كۈچىنى بۇ يەرگە كىرگۈزمەسلىك.

2ـ بۇ رايوندا مۇستەقىل بىر ئۇيغۇر دولتى بەرپا قىلىش ۋە ياكى ئۇنىڭغا ياردەم قىلىش. بۇ ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاننى خۇددى موڭغۇلىيە ھەم باشقىلارغا ئوخشاش كرەملىننىڭ تەسرى ۋە ھىمايىسى ئاستىدىكى بىر قورچاق دولەت سۈپىتىدە تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن كرەملىننىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي

ئستراتەگىيسى ۋە باشقا كەرەكلىك نۇقتىلىرى ئۇچۇن پايدىلىنىش.

ـ 3بۇ رايوننى قورالىق يول بىلەن ئاشكارا بەسۋەلىپ، رۇسىيىنىڭ بىر گۇبەرنىيسى ياكى سابىق سوۋەت ئىتتىپاقىنىڭ بىر ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى قىلىش. مەزكۇر ئۇچ خىل نۇقتىنەزەرلەرنىڭ تەشەببۇسكارلىرى ئارىسىدىكى كۇرەشمۇ ناھايىتى ئوتكۇر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى 3 ـ نۇقتا چار پادىشاھ دەۋرىدىلا ئاساسي جەھەتتىن سەپتىن قەلىپ، يۇقۇرىدىكى ئىككى نۇقتا نەزەر دائىملىق تالىشىش مەركىزى بولۇپ كەلدى. سابىق سوۋەت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو

ئىشلىرى مۇتەخەسسىسى مەرھۇم تۇرسۇن سادىقوپنىڭ ئەيتىشىچە؛ رۇسىيىنىڭ ۋە كەيىنكى سابىق سوۋەت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۇركىستان سىياستىنى بەلگىلەشتىكى ئاچقۇچلۇق مەزكۇر ئىككى نۇقتا ئارىسىدا بىرىنچى خىل نۇقتىنەزەر دائىم ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەپ، دولەت سىياستى دەرىجىسىگە كوتۇرۇلدى[18]. ئۇيغۇر مەسلىسى باشتىن ـ ئاخىرى سوۋەت ـ جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇشتەك خاراكتەرگە ئىگە بولۇپ، 1924 ـ يىلى سوۋەت رۇسىيىسى بىلەن جۇڭخۇا جۇمھۇرىيىتى ئارىسىدا تۇنجى كەلىشىم تۇزۇلگەندىن كەيىن، موسكۋا تۇركىستان تەۋەسىدىكى جۇڭگوغا قارشى كەيپىياتتىكى ھەر قانداق ھەرىكەتلەرنى قاتتىق چەكلىدى ھەتتا سوۋەت كوممۇنىستلار پارتىيىسى مەركىزىي كومىتەتى " شىنجاڭ"دا تەشكىلاتچىلىق پائالىيىتنى ئەلىپ بەرىشنى چەكلەش ھەققىدە قارار چىقىرىپ، "شىنجاڭنى ياكى بۇنىڭ مەلۇم قىسمىنى جۇڭگودىن ئايرىشنى مەقسەت قىلىدىغان ھەر قانداق ھەرىكەت ۋە تەشۋىقاتنى پۇتۇنلەي زىيانلىق دەپ قاراش"نى قارار قىلدى[19]

## 3. تەقدىردىكى ئوخشاشلىقلار

1917 ـ يىلىدىكى رۇسىيىنىڭ فەۋرال ئىنقىلابىدا پادىشاھلىق تۈزۈم ئاغدۇرۇلغاندىن كەيىن بولشەۋىكلەر بىلەن بۇرژۇئا ـ دەموكراتلىرى ئارىسىدىكى كۈرەش ئۆتكۈرلەشتى. چار پادىشاھ ھوكۇمىتىنىڭ يوقلىشى بۇ كونا ئىمپەرىيىنىڭ يەڭى ھاكىمىيىتىنى تالىشىدىغان تۈرلۈك سىياسي ئەقىملار ۋە پارتىيىلەرنى مەيدانغا كەلتۈردى. بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن ئىدىل(ۋولگا) ـ ئۇرال بويلىرىدىن تارتىپ، تاكى ئوتتۇرا ئاسىياغىچە بولغان بىپايان زەمىندىكى رۇس مۇستەملىكىسىنىڭ ئازابىنى تارتقان خەلقلەر مۇستەقىللىق يولىنى تۇتۇپ، ئىلگىرى ـ كەيىن تۈرلۈك پارتىيە ۋە سىياسي گۇرۇھلارنى شەكىللەندۈردى .

ئالدى بىلەن قىرىملىق ئىسمائىل گاسپىرالىنىڭ مەدەنىيەت گۈللىنىش ۋە جەدىدچىلىك ئىدىيىسىنى ئاساس قىلغان " بالقاندىن جۇڭگوغىچە "بولغان بىپايان زەمىندىكى تۈركىي خەلقلەرنى بىر ئورتاق سىياسي ۋە ئورتاق تىل شارائىتىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مۇستەھكەم ئىتتىپاقىنى شەكىللەندۈرۈش ئىدىيىسى بىلەن قوراللانغان قىرىملىق تاتار زىيالىيلىرى" ياش تاتار پارتىيىسى" ناملىق سىياسي تەشكىلات ئاستىغا ئۇيۇشۇپ، پەقەت مەدەنىيەت ـ مائارىپ جەھەتتىن ئويغۇنۇشنىڭلا بىر مىللەت ئۈچۈن يەتەرلىك ئەمەسلىكىنى، پەقەت ئىقتىسادىي ۋە سىياسي جەھەتتىن ئىسلاھات ئەلىپ بەرىپ، مىللەتنى بۇ ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن قىلغاندىلا ھەقىقى مەنىدىكى قۇتۇلۇش ۋە گۈللىنىش مۇمكىنچىلىكى ھەم كاپالىتى بولىدىغانلىقىنى تەشۋىق قىلدى. ياش تاتار پارتىيىسى 1917 ـ يىلى 2 ـ ئايدا تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە تۇنجى بولۇپ، "مىللىي پىرقە"پارتىيىسىنى قۇرۇپ ،ھاكىمىيەتنى قولغا

ئالماقچى بولدى. بۇ پارتىيە 1917 ـ يىلى 5 ـ ئايدا يەنە قۇرۇلتاي چاقىرىپ، قىرىم تاتار ھوكۇمىتىنى قۇردى ۋە ئاساسىي قانۇننى بەلگىلىدى. لەكىن، 1920 ـ يىلى سوۋېت رۇسىيىسى قىرىم ئارىلىنى ئىشغال قىلىۋېلىپ، تاتار مىللەتچىلىرى بىلەن كوممۇنىستلارنىڭ بىرلىششى ئاستىدىكى قىرىم سوۋېت جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى ھەمدە ھاكىمىيەتنى

مۇستەھكەملىۋالغاندىن كېيىن، تاتار مىللەتچىلىرىنىڭ ھەممىسىنى دەگۈدەك جازالىدى. قىرىم تاتارلىرىنىڭ بەشتا ئەتىر كۈنلەر كەلىپ، ھەتتا ـ 1944يىلىغا كەلگەندە ئۆز يۇرتلىرىدىن قوغلاندى خالاس[20.]

ئوخشاش بىر ۋاقىتتا يەنە قازاننى ئاساس قىلغان ۋولگا( ئىدىل) ـ ئۇرال بويىدىمۇ تاتارلار ۋە باشقىرتلارنىڭ مىللىي ئويغىنىش ھەم سىياسىي جەھەتتىن قەد كوتۇرۇش ھەرىكىتى جانلانغان بولسىمۇ، لەكىن تاتار ـ باشقىرت مىللەتچىلىرى ئىككى خىل پىكىر ئەقىمىغا بولۇنۇپ كەتتى. بۇنىڭ بىرى "سىياسىي جەھەتتىن بىرلىككە كەلتۇرۇش" بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەرەپدارلىرى بىرلىككە كەلگەن بۇرجۇازىيە ۋەكىللىكىدىكى رۇسىيە تەۋەسىدە قەلىپ، بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ مۇختارىيىتىنى قولغا كەلتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىسا، يەنە بىر گۇرۇپپا فەدەراتسىيىچىلىك پىكىر ئەقىمىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئۇلار ۋولگا ـ ئۇرال دولىتىنى قۇرۇپ، ئۇنى زەمىن جەھەتتىن مۇستەقىل قىلىش ئەمما، رۇسىيە بىلەن يەنىلا فەدەراتسىيىلىك مۇناسىۋەتنى ساقلاش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدى[21]. بۇ گۇرۇپپىغا مەنسۇپ كوپلىگەن مىللەتچىلەر كېيىن بولشەۋىكلەر پارتىيىسىگە كىرىپ، بولشەۋىكلەرنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولدى. ئۇلارنىڭ ياردەملىششى نەتىجىسىدە 1920 ـ يىلى 27 ـ مايدا تاتارىستان

سوتسيالىستىك جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. ئەمما، بۇ بىر قىسىم تاتار زىيالىيلىرى كوممۇنىستىك پارتىيىگە ئەزا بولغان بىلەن ھەچ قاچان ئۆزلىرىنىڭ مىللەتچىلىك ئىدىيىسىدىن ۋاز كەچمىگەن بولۇپ، ئۇلار موسكۋانىڭ ئۆزلىرىگە بەرگەن سىياسىي ھوقۇقلىرىدىن رازى ئەمەسلىكىنى ئىپادىلەپ، پارتىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدا تۈركىي خەلقلەرنىڭ دۆلەتچىلىكىنى قايتىدىن تۈزۈش مەسىلىسىدە تالاش ـ تارتىشلارنى قانات يايدۇردى. مىرسەيىد سۇلتان غالىيەۋ رەھبەرلىكىدىكى تاتار مىللەتچىلىرى ئىدىل ـ ئۇرال، ئۆزبەكىستان، تۈركمەنىستان ،قازاقىستان ۋە قىرغىزىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ تۈركىي ـ مۇسۇلمانلار جايلاشقان رايونلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تۇران دۆلىتى قۇرۇشنى شۇنىڭدەك يەنە بۇ رايوندىكى بارلىق مۇسۇلمانلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئۆز ئالدىغا "مۇسۇلمان كوممۇنىستلار پارتىيىسىنى" قۇرۇپ[22]، سوتسىيالىزم دۇنياسىنى تۈركىي ـ مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆز ئالدىغا رۇسىيە كوممۇنىستلار پارتىيىسىدىن مۇستەسنا بىر ئايرىم پارتىيە بولۇش سالاھىيىتىگە لايىق ئىكەنلىكىنى ئەتراپ قىلدۇرۇشقا تىرىشتى. ئەپسۇسكى ئۇلارنىڭ بۇ ئىستراتېگىيىسىمۇ ئەمەلگە ئاشمىدى، 1928 ـ يىلى ھاكىمىيەتنى تولۇق مۇستەھكەملىۋالغان موسكۋا سۇلتان غالىيەۋ رەھبەرلىكىدىكى مەزكۇر مىللەتچى كوممۇنىستلارنى بىراقلا تازىلاپ، نۇرغۇنلىغان ئادەملەرنى ئۆلۈمگە، سۈرگۈنگە ۋە تۈرمىگە مەھكۇم قىلدى. سۇلتان غالىيەۋ ئىجاد قىلغان "مۇسۇلمان كوممۇنىستلىرى پارتىيىسى" دەگەن بۇ غەيرى سىياسىي ئىدەولوگىيە سۇ ئۈستىدىكى كۆپۈكتەك سىياسىي ئاتالغۇلار لۇغىتىدىن غايىپ بولدى. چۈنكى، تاكى ـ 1924 يىلىغىچە موسكۋا ئوتتۇرا ئاسىيادىمۇ

"مۇسۇلمان كوممۇنىستلىرى" دەگەن ئاتالغۇلارنى كەڭ ئىشلەتكەن ئىدى.
قىسقىسى ئىدىل ـ ئۇرال بويىدىكى موسكۋا بىلەن ئوخشاشلىقتا ۋە ياكى
قىسمەن پەرقلەرگە ئىگە بولغان تاتار ـ باشقىرت مىللەتچىلىرىنىڭ ھەر خىل
شەكىل ۋە ھەر خىل ئۇسۇلدىكى شۇنىڭدەك ھەر خىل پىكىر ئەقىمدىكى
ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەممىسى سوۋەت ئىتتىپاقىنىڭ دۈشمىنى دەپ قارىلىنىپ زەربە
بېرىش ئوبيېكتى بولدى .
داۋامى بار

# بۈيۈك ئۇيغۇر ئىمپىراتورلىقى

بىرنەچچە يىل ئىلگىرى سىچلىيمان لاسادىكى بىر قەدىمى بۇددا ئىبادەتخانىسىدىن
مۇنىڭ خانۋەيرانچىلىقى بايان قىلىنغان يازمىلارنى بايقىغان. بۇ يازمىلار قەدىمقى ئابىدە
يادىكارلىقلىرىدىن پەھلىۋى ۋە تىبەت تىلى ئارىلاشتۇرۇلۇپ تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ،
بۇنىڭ ئەسلى مەنبەسىنىڭ قەيەر ئىكەنلىكى تازا ئېنىق ئەمەس، كىم بىلىدۇ دەيسىز

بەلكىم مۇشۇنىڭغا ئوخشاش نەچچە يۈزلىگەن يازمىلارغا قوشۇلۇپ ئاللىقاندىقتۇر نامەلۇم بىر ئىبادەتخانىنىڭ بىرەر بۇلۇڭ پۇچقاقلىرىدا ياكى پول ئاستىلىرىدا بىراۋلارنىڭ قىيا كۆزىنى سىلىپ قويۇشىغا زار بولۇپ، مەينەت كىگىز پالازلارنىڭ قېتىدا چاڭ - توزانغا مىلەنگەن ھالدا ساقلىنىپ تۇرىۋاتقاندۇ.

قاتمۇ قات تاغلارنىڭ ئارىسىدىكى بىراھما پوترا دەرياسىنىڭ يۇقۇرى ئېقىمىدا بەزى ئىبادەتخانىلار ۋە بۇتخانىلار بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئېنىق سانىنى ھازىر دەپ بېرەلمەيمەن. مۇشۇ ئىبادەتخانىلارنىڭ ئىچىدە مۇكەممەل نائاكال كۇتۇپخانىسى دەپ ئاتىلىشقا لايىق نەچچە مىڭلىغان ئابىدىلەر ساقلانغان بىر ئىبادەتخانا بار. ئۇ يەردىكىلەر بۇنىڭ ئەينى چاغلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەخت شەھرىگە تەۋە نائاكال كۇتۇپخانىسى ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى، دىمەك ئۇيغۇرلارنىڭ كەچۈرمىشلىرى، ئاجايىپ تارىخى ئەنە شۇ ئابىدىلەرگە باغلانغان .مەن بۇ پاكىتلار ھەققىدە قەدىناس رايىشى بۇرادىرىمگە ئېغىز ئېچىپ ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى تەقدىرى ھەققىدە بىرەر نەرسە ئاڭلىغان ئاڭلىمىغانلىقىنى سورىغىنىمدا، ئۇ ياش ۋاقىتلىرىدا بۇ ئىبادەتخانىنى زىيارەت قىلغانلىقىنى ۋە ھېلىقى ئابىدىلەرنىڭ تارىخى توغرىسىدا ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بەردى. مەن تۆۋەندە ئۇنىڭ ماڭا دەپ بەرگەنلىرىنى ئەينەن تەكرارلاپ ئۆتىمەن:

نائاكاللار كۇتۇپخانىسىنىڭ بۇ كەچۈرمىشلىرىنى ماڭا ھېلىقى قېرى رايىشى سۆزلەپ بەرگەن.

<ئۇلۇغ تاشقىن شەرقى ۋە غەربىي شىمالىي ئاسىيانى بېسىپ كەتكەندە، ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەخت شەھرى ۋەيران بولۇپ ئۇنىڭدىكى ئاھالىلەر غەرق بولغان ۋە نائاكاللار ۋەتىنىدىن ئۇ يەرگە ئېلىپ بارغان بۈيۈك كۇتۇپخانا) ئابىدىلەر)نى كۆمۈپ تاشلىغان. ئارىدىن ئۇزاق يىللار ئۆتكەندىن كېيىن تاشقىن باسمىغان غەربىي تاماندىكى نائاكاللار پايتەخت شەھەرنىڭ خارابىسىگە بېرىپ ئابىدىلەرنى كولاپ چىقىرىۋېلىپ ئۆزلىرىنىڭ

غەربىي يۇرتتىكى ئىبادەتخانىسىغا ئېلىپ كەتكەن. ئابىدىلەر تاكى يەر پوستىدىن تاغلار كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ ھېلىقى ئىبادەتخانىنى ۋەيران قىلىپ ئۇلارنى قايتىدىن يەر قەھرىگە كۆمۈپ تاشلىغانغا قەدەر ھېلىقى ئىبادەتخانىلاردا ساقلىنىپ تۇرغان. ئارىدىن ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئۆتكەندىن كېيىن ھېلىقى تاغلار كۆتۈرۈلۈش ھەركىتى دەۋرىدىكى ئاپەتتىن ئامان قالغان نائاكاللارنىڭ ئۇرۇق پۇشتلىرى قايتىدىن ھېلىقى خارابىلىقنىڭ ئىزىغا بېرىپ ئابىدىلەرنى قايتىدىن كولاپ چىقىرىپ ئۆزلىرىنىڭ ئىبادەتخانىلىرىغا ئېلىپ كەتكەن، ئۇلار ھازىرغىچە شۇ يەردە ئۇيقۇ ھالىتىدە ياتماقتا.

خاھى ئۇ ئىبادەتخانا ياكى ئابىدىلەر بىزگە سىر بولغان بىلەن شەرقنىڭ ئىلىم ئەھلىلىرىگە تولىمۇ ئېنىق. مېنىڭ بىلىشىمچە 3 ئەنگلىيەلىك ۋە 2 روسىيەلىك ھېلىقى ئىبادەتخانىنى زىيارەت قىلغان.

بۇ رىۋايەتنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن مەنرايىشدىن ھېلىقى كۇتۇپخانىلار ئىچىدىكى ئەڭ مۇكەممەل ساقلانغان بىرسىنىڭ ھازىر بار يوقلىقىنى سورىدىم، ئۇ ماڭا < :مېنىڭچە ھازىر يوق ئوغلۇم، بىز داستان قىلىپ يۈرگەن ھېلىقى رايىشى شەھىرىمىز ئايخۇدىيا باسقۇنچى قوشۇنلار تەرىپىدىن بۇلاڭ تالاڭ قىلىنىپ كۆيدۈرۈپ تاشلانغان، سىرلىق ئارخىپلار بىلەن تولغان ھېلىقى نائاكال كۇتۇپخانىمىز بار ئىبادەتخانىنى دۈشمەنلەر تاپالمىغان، ئەگەر بۇ رىۋايەتلىرىمىز راس بولسا نائاكال كۇتۇپخانىسى ھېلىقى ئىبادەتخانىنىڭ خارابىسى ئاستىدا ئەينەن ئۆز پېتى ئامان ئېسەن ساقلىنىپ تۇرىۋاتىدۇ
>دىدى.

بۇ ماڭا شۇنىڭدىن بىشارەت بېرىپ تۇرىۋاتىدۇكى، نامنى ئاتاپ ئۆتكەن تىبەت، كەشمىر ۋە شىمالىي ھىندىستاندىكى جايلار، يوللار، ئۆتكەللەر ھەققىدىكى يازمىلىرىم ئىچىدە بۇ ئۇچۇرنىڭ سىياسىي قىممىتى ھەممىدىن يۇقىرى، سەۋەپ: بۇ ئۇچۇرلارنىڭ تولۇق ئاساسى بار، شۇڭا بۇنىڭدا كۆڭلۈمنىڭ رايىغا بېقىشنى ئۆزۈمنىڭ بۇرچۇم ۋە

خۇشاللىقىم دەپ قارايمەن.

جۇڭگو ــ خەنزۇ مەدەنىيىتى ئەڭ قەدىمقى مەدەنىيەتلەرنىڭ بىرسى دېيىلىپ ۋە شۇنداق قارىلىپ كەلدى، لېكىن خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تارىخى ئارانلا 5000 يىل ئەتراپىغىلا بارىدۇ. ئۇلار ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ئۆز مەدەنىيىتىمىزنى ئۆزىمىز راۋاجلاندۇرغان دەپ ئىشىنىدۇ، لېكىن ئەمەلىيەت ئۇنداق ئەمەس. خەنزۇلارنىڭ مەدەنىيىتى ئۇلارغا ئاتىلىرى تەرىپىدىن مىراس قالدۇرۇلغان، يەنە بىرسى خەنزۇلار قارىماققا موڭغۇللارغا بەك ئوخشاپ كېتىدۇ، لېكىن ئۇلار يېرىم موڭغۇل ئېرقىغا تەۋە، ئۇلارنىڭ يىراق بوۋىلىرى ئاق تەنلىك ئارىيانلاردۇر .ئۇيغۇر ئېمپېرىيىسى دەۋرىدە بىر مۇنچە ئاق تەنلىك ئۇيغۇرلار ئۇيغۇر ئېمپېرىيىسىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان ئەللەردىكى سېرىق تەنلىك موڭغۇللار بىلەن ئۆيلۈك ئوچاقلىق بولغان ۋە ئەنە شۇلارنىڭ ئەۋلاتلىرى خەنزۇلارنىڭ تۇنجى ئېمپېرىيىسىنى قۇرۇپ چىققان، قەدىمكى يازمىلاردا > ئۇيغۇرلارنىڭ ئەرلىرى سېرىق تەنلىك بەدۆلەرنىڭ ئارىسىدىكى چىرايلىق ئاياللارنى تاللاپ ئەمرىگە ئالاتتى < دەپ قەيت قىلىنغان. شەك شۈبھىسىزكى بۇ تەرجىمىدىكى خاتالىق، چۈنكى ئۇ چاغلاردا بۇنداق تويلىشىشنىڭ بولۇپ تۇرغانلىقى ئېنىق، دۇنيادا بەدۆلەر ھېچقاچان چىراي تۇرقىدىن مەلۇم بولمايدۇ، دىمەك ئۇنىڭ مەنىسى > سېرىق تەنلىك ئەبگا ئېرق < دىگەنلىكتۇر، ئەنئەنە جەھەتتە بۇ > سېرىق تەنلىك موڭغۇللار ئۇيغۇرلارغا قارىغاندا تېخىمۇ بەدۆى ھالەتتە بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۇيغۇرلارنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا تۆۋەن تۇراتتى . دىگەننى ئىسپاتلايدۇ .بۇگۈنكى كۈندىمۇ نۇرغۇن خەنزۇلارنىڭ، بولۇپمۇ ئالىي نەسەپتىكىلەرنىڭ ئۆڭى ئاق سۈزۈك بولىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ تومۇرىدىكى ئۇيغۇر قېنىنىڭ ئالامىتىدىن ئىبارەت. بۈگۈنكى تۆۋەن نەسەپلىك، ئادەتتىكى قارا ئىش قىلىدىغان خەنزۇلاردا ئۇيغۇر قېنى يوق، مانا بۇلار بولسا قەدىمقى سېرىق تەنلىك موڭغۇللارنىڭ ئەۋلاتلىرىدۇر.

بۇنداق ئۆيلۈك ئوچاقلىق بولغان ئۇيغۇر دادىلار پەرزەنتلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا خاس

تەربىيىلىنىپ چوڭ بولۇشىغا بەكمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى، شۇڭا تومۇرىدا ئۇيغۇر قېنى ئېقىپ تۇرغان، ئۇيغۇرلارغا خاس يۇكسەك مەدەنىيەتنىڭ تەربىيىسى سىڭگەن ئەۋلاتلار تۇنجى خەنزۇ ئېمپېرىيىسىنى قۇرۇپ چىققان. دىمەك خەنزۇ مەدەنىيىتى ___ ئۇلارغا ئاتا بوۋىلىرىدىن مىراس قالغان قەدىمقى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت. خەنزۇلارنىڭ تەرىقەتچىلىك دىنى ئىبادەتخانىلىرىدا ساقلانغان نۇرغۇنلىغان يازمىلار يۇقۇرىدا ئوتتۇرىغا قويغانلىرىمىزنى ئىسپاتلايدۇ ھەمدە بىرمۇنچە خەنزۇ مۇتەپەككۇرلەر بۇنى شەك شۇبھىسىز ئېتىراپ قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا خەنزۇلاردا > خەنزۇلار باشتىن ئاياق ئاسىيادىلا ياشىغان بولماستىن بەلكى ئۇلار يىراق ئەللەردىن قۇياش چىققان جايلارنى قوغلىشىپ كەلگەن > دىگەن ئەنئەنىۋى قاراش گەۋدىلىك ساقلانغان.

مەن خەنزۇلارنىڭ رىۋايەت تۇسىدىكى تارىخىنى شەكىللەندۇرگەن خەنزۇ رىۋايەت ئەپسانىلىرىنى تېپىپ توپلاشقا تىرىشىپ باقتىم، بۇلار ئەسلىدە مەۋجۇت بولۇشقا تېگىشلىك بولسىمۇ، لېكىن مەن ئۇلارنى تېپىشقا مۇۋەپپەق بولالمىدىم.

تۆۋەندە خ . ئې . پاركېرنىڭ جۇڭگو تارىخى توغرىسىدىكى كىتابىنىڭ 71 ـ بېتىدىن مىسال كەلتۇرىمەن:

سۇلالىلەر نامى پادىشاھلار سانى سەلتەنەت سۇرگەن دەۋرى

بەش پادىشاھ دەۋرى 9 مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2852 ـ 2206 ـ يىللار

شيا 18 مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2052 ـ 1767 ـ يىللار

شاڭ 28 مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1766 ـ 1122 ـ يىللار

غەربىي جۇ 10 مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1121 ـ 828 ـ يىللار

شەرقىي جۇ 25 مىلادىيەدىن بۇرۇنقى827 ـ 255 ـ يىللار

يۇقارقىلارغا ئاساسلانغاندا ھەرقايسى سۇلالىلەردە ئۆتكەن پادىشاھلارنىڭ ئوتتۇرىچە ھۆكۈمرانلىق يۇرگۇزگەن ۋاقتى تۆۋەندىكىچە:

بەش پادىشاھ دەۋرى ئوتتۇرىچە ھۆكۈمرانلىق دەۋرى 71 يىل

شىيا ئوتتۇرىچە ھۆكۈمرانلىق دەۋرى 24 يىل

شاڭ ئوتتۇرىچە ھۆكۈمرانلىق دەۋرى 23 يىل

غەربىي جۇ ئوتتۇرىچە ھۆكۈمرانلىق دەۋرى 29 يىل

شەرقىي جۇ ئوتتۇرىچە ھۆكۈمرانلىق دەۋرى 22 يىل

پاركېر مۇنداق دەيدۇ > :بەش پادىشاھ دەۋرى دېگىنى تامامەن ئەپسانە؛ شىيا سۇلالىسى دېگىنىمۇ ئەپسانە ئارىلاشقان رىۋايەت؛ شاڭ سۇلالىسى دېيىلگىنى ئاساسەن رىۋايەت؛ غەربىي جۇ سۇلالىسىدە سەلتەنەت سۈرگەن 10 پادىشاھ دېگىنى يېرىم رىۋايەت؛ شەرقىي جۇ سۇلالىسىدە سەلتەنەت سۈرگەن 25 پادىشاھ دېگىنى تارىخ. >

يۇقۇرىقىلاردىن بىز شۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىزكى پاركېر ئاڭلىغانلىرىغا ئەمەس، پەقەت ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىرىگە ئىشەنگەن، رىۋايەتلەرنىڭ مەيلى قانچىلىك راست بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇ ئۆزى ئىشەنچ ھاسىل قىلغىدەك يازمىلارنى كۆرۈشتىن ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىردەك ئەپسانە دەپ قارىغان. مېنىڭ ئادىتىم بولسا ئەپسانىنى ئىز قوغلاپ سۈرۈشتۈرۈپ ئۇنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنى ئىزدەيمەن، 90 ـ قېتىمدا بولمىسىمۇ ـ 100 قېتىمدا ئۇنىڭ ئەپسانە ياكى رىۋايەت ئىكەنلىكى ئېنىقلىنىدۇ. ئەپسانە رىۋايەتلەر ئۈزۈپ چاپلىنىش جەريانىدا نەتىجىسىدە كەم كۈتىسىز توقۇلمىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ، لېكىن شۇنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەككى ئوت يېقىلمىسا ئىس چىقمايدۇ .خۇددى پاركېر ئېيتقاندەك ئەپسانىنىڭ ئازدۇر كۆپتۇر ئۈزۈپ چاپلانغان رىۋايەت ئىكەنلىكىدىن مەنمۇ گۇمانلانمايمەن، خەلق ئاغزىدىكى ھېلىقى توقۇلمىلارنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان خىلمۇ خىل نەق يازما خاتىرىلەرنى تەرىقەتچىلىك (داۋجىياۋ) دىنى ئىبادەتخانىلىرىدىن تېپىش مۇمكىن.

پاركېر خەنزۇلارنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى 200 ـ يىلىدىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچىلىك بولغان تارىخنى ياخشى ۋە تەپسىلى شەرھىلىگەن. ۋ ھەرقايسى موڭغۇل قەبىلىلىرى ۋە مىللەتلىرىنىڭ گۈللىنىش ۋە زاۋاللىققا يۈزلىنىش تارىخىنى بايان قىلىپ بەرگەن. لېكىن ياپونلارغا كەلگەندە مۇتلەق خاتالاشقان، يەنى ئۇلار توغرىسىدا خاتا كىچىككە كىرىپ قالغان، ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ھۆكۈملىرىدىن شۈبھىلىنىشكە ئەرزىيدۇ. ئۇنىڭ يېزىقچىلىق ئىستىلى يوغان مۇڭگۈزلۈك قوينى ئېلىپ كېلەلمىگەنلىكى ئۈچۈن قېرى ماركو پولونى ھەپسىگە ئالغۇچىلارنىڭكى بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ گوبىدىكى ۋەيرانچىلىقلارنىڭ ئىزنالىرى ۋە باشقا تارىختىن بۇرۇنقى بۈيۈك ئۆزگىرىشلەرگە ئائىت ئىزلارنى قانداق ئىزاھلاپ ئۆتكەنلىكىنى ئۇقمىدىم، روشەنكى ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇنداق نەرسىلەرنىڭ كارىيىتى چاغلىق بولسا كېرەك.

ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى ۋەيران بولۇپ، ئارىدىن 7 ـ 8 مىڭ يىللار ئۆتكەندىن كېيىن موڭغۇل ئىرقىدىكى ئۇششاق مىللەتلەرنىڭ سانسىزلىغان ئاھالىسى شەرقىي ئاسىياغا كۆچۈپ كېلىپ ياشىغان. چىڭگىزخان ۋە قۇبلايلار ئەنە شۇ تاتار ئىرقىغا تەۋە موڭغۇل مىللىتىنىڭ مەشھۇرلىرىدۇر. قۇبلايخان مىلادى 1277 ـ يىللىرى يەنى بۇنىڭدىن تەخمىنەن 600 يىللار بۇرۇن ئۆتكەن. بۈيۈك خەنزۇ مۇتەپەككۇرى ۋە پەيلاسوپى كۇڭفۇزى مىلادىدىن بۇرۇنقى 511 ـ يىلىدىن 480 ـ يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا، يەنى جۇڭگونىڭ يازما تارىخى باشلىنىپ 300 يىللار ئۆتكەندە ياشىغان. مىلادىدىن بۇرۇنقى 214 ـ يىلى ئىمپېراتور چىن شىخۇاڭ بارلىق كىتاپلارنى ۋە قەدىمقى جۇڭگو ئەدەبىياتىغا دائىر ئەسەرلەرنى كۆيدۈرۈپ تاشلاش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن، بۇنىڭ بىلەن سان-ساناقسىز كىتاپلار تارتىۋېلىنىپ كۆيدۈرىۋېتىلگەن، كۇڭفۇزى ۋە مېڭزىنىڭ كىتاپلىرىمۇ ئوتقا تاشلىنىش تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغان. ھۇن تاتارلىرىنىڭ جۇڭگونىڭ شىمالىغا توختىماي ئېلىپ بارغان ھۇجۇملىرىدىن جوشدىنىش ئۈچۈن جۇڭگونىڭ

سەدىدىچىن سېپىلىنى سوقتۇرغىنى دەل پادىشاھ چىن شىخۇاڭ بولۇپ، ئۇ بارلىق قەدىمقى يازمىلارنى تەل تۆكۈس كۆل قىلىۋېتىش نىيىتىنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرالمىغان، چۈنكى يازمىلارنىڭ بىرمۇنچىلىرى قۇتقۇزىۋېلىنغان ۋە تەرىقەت (داۋجياۋ (دىنى ئىبادەتخانىلىرىدا يوشۇرۇن ساقلىنىپ قېلىنغان، ھازىر شۇ جايلاردا دىنىي تەۋەرۈك سۈپىتىدە ساقلىنىپ تۇرىۋاتماقتا، بۇنى شۇ ئىبادەتخانىلارنىڭ ئۆزگە ھەرقانداق كىشىلەرنىڭ كۆرەلىشى مۇمكىن ئەمەس.

شۇنىڭ بىلەن شەرقىي ئاسىيا توغرىسىدىكى باپ تۈگىدى. كېيىنكى باپتا غەربىي ئاسىيا ھەققىدە توختىلىمەن. شۇنىڭ بىلەن يىراق شەرقى ئاسىيادىكى بۈيۈك ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى ۋە ئۇنىڭ پايتەختىگە دائىر مەزمۇنلار بىلەن تولغان جەسەت ساندۇقىنىڭ ئاغزى ئېتىلدى.

ـ 3ئېرا ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى ــــ مېنىڭ بۇ يەردە توختالغىنىم ـــــ 20000 يىللار ئىلگىرى يۈز بەرگەن، ئىنجىلدا < توپان بالاسى > دەپ قەيت قىلىنغان دەھشەتلىك ئاپەتتىن بۇرۇن ئەپسانە تۈسىنى ئالغان گېئولوگىيەلىك < مۇز دەۋرى> دىن بۇرۇن ۋە يار پوستىلىقىدىن تاغلار كۆتۈرۈلۈپ چىقىشتىن بۇرۇنقى، يەنى 3 ـ ئېرادىكى ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىدىن ئىبارەت.

ـ 214بەتتىكى ئاددى خەرىتە بۈيۈك ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىنىڭ دائىرىسى ۋە كۆلىمىنى كۆرستىش مەقسىدىدە ھازىرقى جايلارغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ سىزىلدى. بۇنىڭدىن 20000 يىللار بۇرۇن بىرمۇنچە يەرلەر چۆۋۈپ كەتكەن بولسا، يەنە بىرمۇنچە يەرلەر ئۆرلەپ چىققان، مەن تىنچ ئوكياندىن ئاتلانتىك ئوكيانغا قارىتىپ ئاسىيانىڭ مەركىزىنى ۋە ياۋروپانى كۆرسەتكەن بىر كۆرسەتكۈچ سىزىق سىزدىم، مانا مۇشۇ سىزىق ئىمپېرىيەنىڭ تەخمىنى مەركىزىدۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ قالدۇقلىرى بالقانلىقلار ئارىسىدا تېپىلىدۇ. ئەڭ چەتتىكى ئالدىنقى قاراۋۇللىرى ــــ ئىرلاندلار، فرانسىيەدىكى بىرېتونلار ۋە ئىسپانىيەدىكى باسكلاردۇر.

ئېمپېرىيەنىڭ شىمالىي چېگرىسىنىڭ قانچىلىك ئۇزاقلارغا سوزۇلغانلىقى نامەلۇم، ئىشقىلىپ يىراق سىبىرىيەدىن قەدىمقى ئۇيغۇر شەھەرلىرىنىڭ خارابىلىرى تېپىلدى. خەرىتىنىڭ غەربىي قىسمى جەزمەنلەشتۈرگىلى بولمايدىغان چېگرىسىنى كۆرسىتىدۇ، ئېنىق مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدىغان ئىككى چېگرىسى ___ شەرقتە تىنچ ئوكيان ۋە جەنۇپتىكى ناگا ئېمپېرىيەسىدىن ئىبارەت. ئۇيغۇرلارنىڭ ئېنىق ھالدا ياۋروپانىڭ ئوتتۇرىسىنى كېسىپ ئۆتۈپ تېنچ ئوكيانغا كېڭەيگەنلىكى ياكى بولمىسا ئالدىنقى قاراۋۇللىقىنى تۇرغۇزغانلىقى تېخى نامەلۇم بىر سىر. ھالبۇكى بىز ئاتلانتىك ئوكيان بويلىرىدا ئۇلارنىڭ پۇشتىلىرىنى تاپتۇق، لېكىن ئۇلارنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ھېچكىم دەپ بېرەلمىدى.

قەدىمقى شەرق ھۆججەتلىرىدە بايان قىلىنىشچە ئۇيغۇر ئېمپېرىيىسى ئۆز ئالدىغا خان ھۆكۈمرانلىرى بار، ۋىچىك خانلىق ياكى بەگلىكلەردىن تەركىپ تاپقان بىر ئېمپېرىيە بولسىمۇ لېكىن ئۇ يەنە بىر ئەڭ يۇقىرى ئېمپېراتۇر ياكى پادىشاھقا قارام بولغان، ئۇ بولسىمۇ مېتروپولىيە قۇياش ئېمپېرىيىسى مۇغا قارام بولغان. ئۆزىمىزنىڭ ھۆۋۆمەت ئەندىزىمىزگە نەزەر تاشلايدىغان بولساقلا ئۇيغۇر ئېمپېرىيەسىنىڭ زورىيىپ بىر قوشما شتاتقا ئايلانغانلىقىنى قىياس قىلىشىمىز تەس ئەمەس، مۇنىڭ ئۆزى بولسا شۇ چاغدىكى دۇنيادىكى بىردىنبىر قوشما شتات ئىدى.

بۇ ئەسەر ئەنگىلىيىلىك ئالىم جامېس كولونېل چېرچېۋاردنىپك >> غايىپ قىتە ـــــ مۇ
<<دىگەن كىتابنىڭ 13 ـ بابىدىن تەرجىمە قىلىندى

# بۈيۈك ئۇيغۇر ئىمپىراتورلىقى

بۈيۈك ئۇيغۇر ئىمپىرىيىسى ــــ قۇياش ئىمپىرىيىسى مۇغا تەۋە ئەڭ چوڭ مۇستەملىكە خاراكتىرلىك ئىمپىرىيە بولۇپ، دۇنيادا تونۇلغان ئىمپىرىيىلەر ئىچىدە مۇدىن قالسلا ئۇيغۇر ئىمپىرىيىسىدىن چوڭ ئىمپىرىيە يوق ئىدى.

ئۇيغۇر ئىمپىرىيىسىنىڭ شەرقىي چېگرىسى تىنچ ئوكيانغا، غەربىي چېگرىسى ھازىرقى

روسييەنىڭ موسكۋا شەھرى جايلاشقان زېمىننى بويلاپ، ياۋروپانىڭ ئوتتۇرىسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، يىراقلارغا سوزۇلۇپ ئاتلانتىك ئوكيانغا تۇتاشقان ئىدى. شىمالىي چېگرىسىغا ئائىت خاتىرىلەر يوق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ شىمالىي چېگرىسىنى شىمالىي مۇز ئوكيانغا تۇتاشقان دەپ پەرەز قىلىش مۇمكىن. جەنۇبىي چېگرىسى بولسا ھىندىچىنى، بېرما، ھىندىستان ۋە پېرسىيەنىڭ بىر قىسىم جايلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

ئۇيغۇر تارىخى دېمەكلىك ــــ ئارىئانلارنىڭ تارىخى دېمەكتۇر. چۈنكى بارلىق ئارىئانلار ھەقىقى ئارىئان ئېرقىدىكىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر. ياۋروپانىڭ مەركىزىنى بويلاپ ماكانلاشقان بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ شەكىللىنىش تارىخىنى تاكى ئۇچۇنچى ئېرا دەۋرىگىچە سوزۇش مۇمكىن .ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن غايەت دەھشەتلىك يەر پوستى ئۆزگىرىشى ۋە تاغلارنىڭ كۆتۈرۈلۈپ چىقىشى نەتىجىسىدە ئېمپېرىيە ۋەيران بولغان بولسىمۇ لېكىن بۇ ئاپەتلەردىن ئامان قالغانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلاتلىرى ياۋروپادا قايتىدىن ئاھالە بولۇپ شەكىللەنگەن. بۇ پېلىستوسىن دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. سلاۋىيانلار، تيوتنلار، كېلتلار، ئېرلاندلار، بېرتونلار ۋە باسكلار ئۇيغۇرلاردىن پەيدا بولغان مىللەتلەردۇر. بېرتونلار بىلەن باسكلار ۋە ھەقىقى ئېرلاندلار ئۇچۇنچى ئېرا دەۋرىدە ياۋروپاغا كەلگەن ئۇيغۇرلاردىن تارقالغان خەلقلەردۇر ھەم بۇلار دەل ھېلىقى يەر پوستى ئۆزگىرىشى ۋە تاغلار ئۆزگىرىش ھەركىتىدە ئامان قالغانلاردۇر.

يەر پوستى ھەركىتى ۋە تاغلار كۆتۈرۈلۈپ چىقىشتىن بۇرۇن، ئۇيغۇر ئېمپېرىيىسى گۈللەپ ياشنىغان ھېلىقى دەۋرلەردە ھەزىرقى گوبى چۆللۈكى سۈيى ئەلۋەك مۇنبەت تۇزلەڭلىك ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ جايدىكى پايتەختى بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، 1896 ـ يىلى تىبەتتىن ئېرىشكەن ئۇچۇرلارغا ئاساسەن قەدىمقى شەھەر قارا خوتۇنى زىيارەت قىلغان ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەختى مۇشۇ قارا خوتۇ شەھرىنىڭ ئاستىدا بولۇشى مۇمكىن دەپ قىياس قىلىشىپ بۇ خارابىلىقنى قېزىشنى باشلىۋەتكەن ۋە 40 فۇت

قىلىنلىقتىكى قورام تاش قاتلىمى، شالغۇم ۋە قۇم قاتلاملىرىدىن ئۆتۈپ قەدىمقى پايتەخت شەھەرنىڭ خارابىسىنى تاپقان ھەمدە نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا ئېرىشكەن. لېكىن شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ قېزىش راسخوتى تۈگەپ كەتكەنلىكتىن بۇ ئارخېئولوگىيە پائالىيىتىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولغان ھەم بۇ قېتىمقى ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشنى روسىيەلىك داڭلىق ئارخېئولوگ كوزلوفقا ئېيتقان .كېيىن كوزلوف بىر ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى باشلاپ ئۇلارنىڭ قارا خوتۇدىكى خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرغان ۋە ئۆزىنىڭ روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ئۆزىنىڭ بۇ شەھەردىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىدا: غايىپ بولغان قۇرۇقلۇق مۇنى باش ئەگدۈردۈم ـــ دەپ ئوتتۇرىغا قويغان.

شەرقتىكى ئەللەردە كەڭ تارقالغان رىۋايەتلەردە > : پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا جۇملىدىن ھىمالايا تاغ تىزمىلىرىنىڭ ئورنى بىر زامانلاردا مۇنبەت تېرىلغۇ يەرلەر، ئورمانلىقلار، كۆل ۋە دەريالار بىلەن تولغان بىپايان تۈزلەڭلىك ئىدى. ئۇ جايلاردىكى كەڭ ھەم تۈپتۈز يوللار چوڭ ـ كىچىك شەھەر بازارلارنى بىربىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇراتتى. بۇ كاتتا شەھەرلەردە ھەيۋەتلىك ئىبادەتخانىلار ۋە ئاممىۋى پاراۋانلىق ئورۇنلىرى، ھۆكۈمرانلارنىڭ سۇرلۇك ئوردا قەسىرلىرى بار ئىدى < دېيىلگەن. ھازىرمۇ گوبى چۆللۈكىدىكى ھېلىقى توپان سۈيىنىڭ يالاپ قورامىلىققا ئايلاندۇرىۋېتىشىدىن ئامان قالغان تۇپراق قاتلاملىق قىسىملىرىدا قۇرۇپ كەتكەن دەريالارنىڭ قىنى، قانالالار ۋە كۆللەرنىڭ ئىزنالىرى ئوچۇق كۆزگە تاشلىنىدۇ. گوبى چۆللۈكىنىڭ بىرقانچە جايلىرىدا ھېلىقى توپان سۈيى يالاپ كەتكەن دائىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەن تارىخلار بىزگە ئۇيغۇرلارنىڭ قۇدرەت تاپقان ھېلىقى دەۋرى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ. تەلىيىمىزگە يارىشا بىز بۇ ھەقتىكى رىۋايەتلەرگە مۇھتاج

ئەمەس، تىبەتلەرنىڭ بىر ئىبادەتخانىسىدا بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان نائاكال خانلىقىغا ئائىت يازما خاتىرىلەر ساقلانغان .مەن ئۇنىڭدىكى 70000 > يىللار ئىلگىرى نائاكاللىقلار ئۆز ۋەتىنى ھەققىدىكى مۇقەددەس يازمىلارنىڭ كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىنى ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەختىگە يوللىنى < دىگەن نەقىلنى ئالسامىلا كۇپايە. رىۋايەت تۇسىنى ئالغان نەقىللەر نامەلۇم يۇرتلاردىن ئاسىياغا كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ باشتا ھازىرقى سىبىرىق دىڭىز ساھىلىغا كېلىپ ماكانلاشقانلىقىدىن مەلۇمات بىرىدۇ > .ئۇلار ئۇ جايدىن ئىچكىرىگە قاراپ كىڭەيدى، ئۇلارنىڭ دەسلەپتە يىتىپ بارغان جايى ــــ تۈز كەتكەن سۇغۇرۇشقا ئەپلىك تۈزلەڭلىك) گوبى) دۇر .>شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىگەللەپ كاسپىي دىڭىز بويلىرىغا ۋە ئاندىن كېيىن مەركىزىي ياۋروپانى بىسىپ ئاتلانتىك ئوكيانغا كىڭەيدى.

يازما خاتىرىلەردىن مەلۇم بولىشىچە ئۇيغۇرلار نۇرغۇن كاتتا شەھەرلەرنى بىنا قىلغان بولۇپ ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كېيىن سۇ ئىقتىپ كەتكەن، بەزىلىرى بولسا گوبى چۆللۈكى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا يەر ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتكەن.

خەنزۇلارنىڭ بەزى خاتىرىلىرىدە مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 500 ـ يىللاردىكى تەققى ـ تۇرقى> قوڭۇر چاچ كۆك كۆز خەلق<، > ئۇيغۇرلارنىڭ چىرايى ئاق سۆزۈك، قوڭۇر كۆز ۋە قوڭۇر چاچ كىلىدۇ. شىمالدىكى جايلاردا ياشىغانلىرى ئاساسەن كۆك كۆز سىرىق چاچ، جەنۇپتا ياشايدىغانلىرى قارا چاچ قارا كۆز كىلىدۇ < دەپ تەسۋىرلەنگەن. ئەمدى مەن ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەختىنىڭ قاچان نىمە سەۋەپتىن ۋەيران بولغانلىقى، باي مۇنبەت گوبىنىڭ چۆللۈككە ئايلىنىپ كېتىشىدىكى سەۋەپلەر ۋە يەر پوستى تارىخىنىڭ قايسى دەۋرلىرىدە قۇم قاپلىغان گىياھ ئۇنمەس چۆللۈككە ئايلىنىپ كەتكەنلىكى ھەققىدە توختۇلمەن.

ئىبادەتخانىلاردا ساقلانغان قەدىمقى خاتىرىلەردە > ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەختى ۋە ئۇنىڭدا

ياشغۇچى خەلقلەر بۇ ئىمپېرىيىنىڭ شەرقى قىسمىنى تامامەن يالماپ كەتكەن تاشقىندا خانىۋەيران بولۇپ ھالاك بولدى، ئۇنىڭدىن ھېچنەرسە ئامان قالمىدى > دەپ قەيت قىلىنغان. بۇ قەدىمقى خاتىرىلەر گېئولوگىيەلىك ئۆزگىرىشلەر ھەققىدىكى تەتقىقاتلار ئاساسىدا ئىسپاتلاندى. قەدىمى پايتەخت شەھەر قارا خوتۇدىكى ئىمارەتلەر باشتىن ئاياق قۇرام، شالغۇم ۋە قۇم قاتلاملىرى ئاستىدا قالغان. ئەمدى بۇ تاشقىن ئاپىتىنى دۇنيادىكى بارلىق گېئولوگلار ئورتاق ئېتىراپ قىلىدۇ. شۈبھىسىزكى ئىنجىلدا < توپان بالاسى < دېيىلگەن بۇ تاشقىن ئۆتكەنكى ماگنىتلىك شىددەتلىك ئۆزگىرىش دەۋرىدە شىمالىي يېرىم شاردا يۈز بەرگەن.

مەن ئېكسپېدىتسىيە ئۆمىكى بىلەن بىرگە بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىدىن تاكى لېنا دەرياسىنىڭ قۇيۇلۇش ئېغىزىغىچە بولغان جايلار ۋە شىمالىي مۇز ئوكيان بويىدىكى ئاراللاردا گېئولوگىيەلىك چارلاش ئېلىپ باردىم. بىزنىڭ يول بويى ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشىمىز بۇنىڭدىن بىرقانچە مىڭ يىللار مۇقەددەم شىددەت بىلەن باستۇرۇپ كەلگەن مۇز ئاربلاشمىغان دەھشەتلىك سۇ دولقۇنى جەنۇپتىن شىمالغا قاراپ بۇ يەرنى يالماپ ئۆتكەنلىكىدەك بىر پاكىتنى ئاشكارىلىدى .بىز گېرىنۋىچ سىزىقىنىڭ 110 گرادۇس شەرقىغىچە بولغان جايلاردا بۇ تاشقىن ئاپىتىنىڭ ئىزنالىرىنى بايقىمىدۇق، لېكىن بۇ دائىرىدىن شەرققە قاراپ ماڭغىنىمىزدا شۇ قېتىملىق تاشقىن ئاپىتىنىڭ ئىزنالىرى ئۇچراپ تۇردى. ھېلىقى تاشقىننىڭ جەنۇپتىن باستۇرۇپ كېلىپ شىمالغا كەتكەنلىكىگە ئائىت دەلىللەر ھەممىلا جايدا ئۇچراپ تۇردىيۇ، لېكىن بىز بېسىپ ئۆتكەن سىبىرىيىنىڭ ھېچقانداق جايىدا ھېلىقى تاشقىنغا مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇزلاردىن قالغان بىرەر ئىزنالارنى بايقىمىدۇق. تاشقىن ئەڭ قاتتىق بېسىپ ئۆتكەن يەر لېنا دەرياسى بولسا كېرەك.

لېنا دەرياسىنىڭ ئېغىزىدىن چىققاندىن كېيىنكى جاي للاكوف ئارىلى. بۇ ئارال مامونت

ۋە باشقا ئورمان ھايۋانلىرىنىڭ ئۇستىخان ۋە چىشلىرى بىلەن تولغان بولۇپ، بۇلارنى ھېلىقى تاشقىن موڭغۇلىيە ۋە سىبىرىيە دالىلىرىدىن ئېقتىپ كېلىپ تاشلىغان. چۈنكى بۇنداق ھايۋانلا للاكوف ئارىلىدا ياشىغان ئەمەس. بۇ ئۇستىخانلاردىن بىر شۆنى جەزىملەشتۈرەلەيمىزكى، تاشقىنغا ھېچقانداق مۇز ئارىلاشمىغان، بولمىسا بۇ ھايۋانلارنىڭ تېنى ئۇستىخانلىرى بىلەن قوشۇلۇپ يانچىلىپ ئۇماچ بولۇپ كەتكەن بولاتتى، يەنى شەرقى شىمالىي ئامېرىكىدەك ھالەت كېلىپ چىققان بولاتتى، ئۇ جايدا للاكوف ئارىلىدىكىدەك بۇنداق قالدۇق ئىزنالارنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ.

گېئولوگىيەلىك تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا ئۇ تاشقىن گېئولوگىيەلىك ئاتالغۇ بولغان مۇز دەۋرىدە شىمالىي يېرىم شاردا يۈز بەرگەن. خاتىرىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە ئۇيغۇر ئىمپىرىيىسىنىڭ شەرقى يېرىمى پايتەختى بىلەن قوشۇلۇپ شۇ تاشقىن ئاپىتىدە ۋەيران بولغان ۋە يەر يۈزىدىكى بارلىق جانلىقلار قىرىلىپ تۈگىگەن، لېكىن غەربىي ۋە غەربىي جەنۇبىي قىسمى ئامان قالغان.

تاشقىن ئاپىتى بولۇپ مەلۇم زامانلار ئۆتكەندىن كېيىن (قاچانلاردا پەيدا بولغانلىقى ھەققىدىكى يازما خاتىرىلەرنى ئۇچراتمىدىم) مەركىزىي ئاسىيادىكى تاغ بۆلەكلىرى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئىمپىرىيىسىنى ئوراپ تۇرغان ۋە ئۇنى كېسىپ ئۆتكەن تاغ تىزمىلىرى كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، يەرلەر ئۆلتۈرۈشقان ۋە مۇشۇ سەۋەپتىن ھاسىل بولغان يەر تەۋرەش تۈپەيلىدىن يەرلەر پارچىلىنىپ، يەر قوينىدىن قورامىلار ئۆسۈپ چىققان، بۇ ئومۇمىي ۋەيرانچىلىقتا قوشۇلۇپ پارتلىغان ۋولقانلار قىزىق لاۋا ئېقىمى ھاسىل قىلغان. شۇ قېتىمقى تاشقىن ئاپىتىدە قانچىلىك ئۇيغۇرنىڭ قۇتۇلۇپ قالغانلىقى ۋە تاغلارنىڭ كۆتۈرۈلۈپ چىقىش سەۋەبىدىن پەيدا بولغان ۋەيرانچىلىقتا قانچىلىك ئۇيغۇرنىڭ ئامان قالغانلىقىنى ئېنىق مۆلچەرلەش قىيىن، ئىشقىلىپ ناھايىتى ئاز بىر قىسمىلا ھايات قالغان. بۇ يەر شارىنىڭ ھەرقانداق بىر يېرىدە تاغ كۆتۈرۈلگەندە كېلىپ چىقىدىغان ئوخشاش ھادىسە.

ساق قالغان ئىنتايىن ئاز بىرقىسىم ئۇيغۇرلار تاغ ئارا قېچىپ يۇرۇپ جېنىنى ساقلاپ قالغان. بۇ ئەھۋاللار باشقا باپلاردا سۆزلىنىدۇ. پەيدا بولغان بىرقانچە تاغلار گوبى دىگەن بۇ زېمىننى كېسىپ ئۆتۈش ۋە دائىرىگە ئېلىۋېلىش نەتىجىسىدە، ئېقىپ كېلىدىغان سۇ يولىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن. يەر يۈزى ھالىتى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقتىن بۇ يەرگە قويۇلىدىغان سۇلار يەرنىڭ ئاستىدىكى قۇراملارنى بويلاپ سىڭىپ يەر ئاستى دەريالىرىنى شەكىللەندۇرگەن. دىمەك يەر يۈزىدىكى سۇلارنىڭ سىڭىپ كېتىشى نەتىجىسىدە گوبى بىز بۈگۈن كۆرۈپ تۇرغان قۇم، قۇراملار قاپلىغان ئادىمزاتسىز چۆللۈككە ئايلىنىپ كەتكەن .شەك شۈبھىسىزكى ھازىرمۇ بۇ قۇملۇقنىڭ بىرنەچچە فۇت تەكتىدىن سۇ تاپقىلى بولىدۇ. بىز 10 ـ 7 فۇت چوڭقۇرلۇقتىن سۇ تاپتۇق.

ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەن تارىخلاردىن مەلۇمكى، ئۇيغۇرلار پۈتكۈل ئوتتۇرا ياۋروپاغا تارقىلىپ ماكانلاشقان، ھىندىلارنىڭ قەدىمقى كىتابى <مانۇ> دا مۇنداق يېزىلغان : <ئۇيغۇرلار كاسپىي دېڭىزىنىڭ شىمالى ۋە شەرقىي قىرغاقلىرىنى بويلاپ ئولتۇراقلاشقان>.، بۇلار ماكس مۇللېر ئېيتقان پلېي ستوسېن دەۋرىدىكى كۆچمەنلەرگە ئوخشاش ئىككىنچى قېتىم ياۋروپاغا كۆچۈپ كىرگەن ئۇيغۇرلار بولۇشى ئېھتىمالغا بەك يېقىن. مېنىڭچە شەك شۈبھىسىزكى ئالىملار ئېيتقان شەرقىي ياۋروپانىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئۆزلەشتۈرگۈچىلىرى دەل ئادىمزاتسىز چۆلدەرەپ قالغان ھىلىقى تاغلىقتىن كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ قالدۇقلىرىدۇر. بۇ قاراش ماكس مۇللېر تەرىپىدىن دەلىللەنگەن. ئۇ بۇ توغرىدا مۇنداق يازغان : <دەسلەپتىكى بۇ بىر كىچىك توپ كاۋكازلىقلار مەركىزىي ئاسيانىڭ تاغلىقلىرىدىن كەلگەن. ئۇ تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇنداق دەيدۇ : <ئۇلار كاۋكاز داللىرىغا پلېي ستوسېن دەۋرىدە يەنى يەر پوستىدىن تاغلار كۆتۈرۈلۈپ چىققان دەۋرلەردە يېتىپ بارغان. يۇقۇرىدا قەيت قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك يەر پوستىدىن تاغلار كۆتۈرۈلۈپ چىقىشتىن بۇرۇنقى دەۋرلەردىلا ياۋروپادا ئۇيغۇرلار بار ئىدى. ھازىرمۇ

ئوتتۇرا ئاسيادا ياشايدىغان نۇرغۇن قەۋملەر ئۆزلىرىنىڭ تارىخىنى يەر پوستىدىن تاغلار كۆتۈرۈلۈپ چىققان ھېلىقى دەۋرلەرگە سۈرىدۇ.

يوقالغان قۇرۇقلۇق مۇ دىگەن كىتابىمدا كوزلوف قارا خوتۇدىن تېپىپ سۈرەتكە ئالغان بىر قىسىم سىمۋوللۇق رەسىملەرنى ئايرىپ چىقىپ مەنىسىنى ئىزاھلاپ ئۆتكەن ئىدى.

تىبەت ئوتتۇرا ئاسياغا جايلاشقان، ئۇ شەرقتە جۇڭگو، شىمالدا موڭغۇلىيە، جەنۇپتە ھىندىستان، غەرپتە كەشمىر ۋە تۈركىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ. گوبى چۆللۈكى ئۇنىڭ شىمالىي چېگرىسىنىڭ بىر قىسمىدۇر.

تىبەت بىر زامانلاردا بۈيۈك ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. يەنى ئۇ چاغلاردا تېخى يەر پوستىدىن تاغلار كۆتۈرۈلۈپ چىقمىغان بولۇپ، بۇ ئەلنىڭ زېمىنى مۇنبەت تۈزلەڭلىك ئىدى. ھازىر بۇ جاي غەرپتىن شەرققە قاراپ سوزۇلغان تاغ تىزمىلىرى بىلەن تولغان دۇنيا بويىچە ئەڭ بۈيۈك ئىگىزلىك. جەنۇبىدا دۇنيا بويىچە ئەڭ ئىگىز تاغ تىزمىسى ___ ھىمالايا تاغلىرى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ؛ مۇشۇ تاغ تىزمىلىرى ئىچىدىكى دۇنيا بويىچە ئەڭ ئىگىز چوققا ___ جومۇلاڭما چوققىسى تىبەت چېگرىسىغا جايلاشقان، شۇڭا تىبەت < دۇنيانىڭ ئۆگزىسى > دىگەن نام بىلەن مەشھۇر.

تىبەت < ___ تىلسىمات ۋە سىر ھېكمەتلەر بۆشۈكى > دەپ ئاتالغان ھىندىستاننىڭ قوشكېزەك ھەمشىرىسى ۋە بۇ شۆھرەت تاجىنىڭ ھەقلىق ئىگىسى .تىبەتنىڭ ئادەم كىرگىلى بولمايدىغان تاغ ئارىلىرىدا نۇرغۇن مۇناستىر، ئىبادەتخانا ۋە بۇتخانىلار بولۇپ تاشقى دۇنيادىن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن باردى كەلدىلەردىن خالى راھىپلار ئۆزلىرىگە خاس ئەھكاملار بويىچە پىنھان، تىنچ تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، شۇ جىلغىلاردا ياشايدىغان ئازغىنە چارۋىچىلاردىن باشقا ھېچكىم ئۇلارنى بىلمەيدۇ. ھىمالايالىقلار ۋە تىبەتلىكلەرنىڭ ئىبادەتخانىلىرىدىكى راھىپلارنىڭ بىرمۇنچىلىرى ئۆزلىرىنى بۇنىڭدىن 3000 يىللار ئىلگىرى بىراھمانلار تەرىپىدىن ھىندىستاندىن قوغلاپ چىقىرىلغان نائاكاللارنىڭ

پۈشتىلىرى دەپ ئاتىشىدۇ. بۇلار ئەڭ ئىپتىدائىي دىن ۋە ئالەملەرنىڭ بەزى سىر ھېكمەتلىرىگە ئائىت تۈنجى بۈيۈك مەدەنىيەتنى ساقلاپ قالغۇچىلاردىن بولۇشى ئېھتىمالغا بەك يېقىن. مېنىڭ بۇ يەردە > بەزى < دىگەننى تەكىتلىشىمدىكى سەۋەپ شۇكى، بۇ ئىبادەتخانىلار تىبەتتىكى نەچچە يۈزلىگەن ئىبادەتخانىلارنىڭ ئىچىدىكى ساناقلىقلا بىر قىسمىدىن، يەنى بەش بارماقنىڭ ئىچىدىكى بىر بارماقتىنلا ئىبارەت خالاس. مەن پەقەت ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۈچىنىلا بىلىمەن، بۇ ئىبادەتخانىلارنىدىكىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى بۇددا دىنىغا ئىخلاس قىلىدۇ.

## رۇسىيىدە 20 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىكى ئۇيغۇر سىياسىي تارىخىنىڭ تەتقىق قىلىنىشى(2 )

ئەسكەرتىش :بۇ يازما jarulla تەرىپىدىن نادىرلاندى(2011 ـ 04 ـ 23 )

# رۇسىيىدە ـ 20 ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىكى ئۇيغۇر سىياسىي تارىخىنىڭ تەتقىق قىلىنىشى(2)

سوۋېت ـ جۇڭگو دوستلۇق مۇناسىۋەتلىرىنىڭ شېرىن ئاي دەۋرى 1959 ـ يىلى ئاخىرلاشتى .ئەمەلىيەتتە، 1953 ـ يىلى ستالىننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن بۇ ئىككى ئىتتىپاقداش دۆلەتنىڭ ئۆزئارا ۋە خەلقئارا مەسىلىلەردىكى كۆز قاراشلىرىدىكى ئورتاقلىق سۇسلىششقا قاراپ يۈزلەنگەن بولۇپ، ستالىننىڭ ئۆلۈمى بىلەن سوتسىيالىزم لاگېرىنىڭ داھىيلىق تاماسىنى تالىششتىن ئىبارەت ئاساسىي نۇقتا بۇنىڭدىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى ئىدى. ستالىن دەۋرىدە ئۆزىنىڭ تېخى يېڭى دۆلەت بولۇش بىلەن خەلقئارا سەھنىدىكى ئاۋازسىزلىقى ھەمدە ئىقتىسادىي، سانائەت ۋە باشقا جەھەتلەردىن تېخى ئاجىزلىقى تۈپەيلىدىن ستالىننىڭ ھەممە شەرتلىرىگە ماقۇل كۆرۈپ، ئۇنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولغان بېيجىڭ ستالىننىڭ پۈتۈن دۇنيا كوممۇنىزم

ھەرىكىتىنىڭ مەشھۇر داھىيلىق ئورنىنى ئېتىراپ قىلغان ئىدى. ستالىن ئۆلگەندىن كېيىن ئىختىلاپلار يوشۇرۇن ھالەتتىن ئاشكارىلىققا ئۆتۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردەملىرى بىلەن ئۆزىنى خېلى ئوڭشىۋالغان جۇڭگو تەرەپ موسكۋانىڭ "زومىگەرلىكى" ۋە "چوڭ ئاكىلىق" قىلمىشىغا ئاشكارا قارشى چىقتى ھەمدە كۆپلىگەن مەسىلىلەردە ئۆز ئالاھىدىلىكى ۋە ئۆز بىلگىنىچە ئىش قىلىشقا باشلىدى. بۇ ئەھۋال نەتىجىسىدە ئىككى ئاكا ـ ئۇكا دوست دۆلەت مۇناسىۋەتلىرى كۆنسېرى سوۋۇش، يىرىكلىشىش، ئۆزئارا ۋە خەلقئارا سورۇنلاردا بىر ـ بىرىنى تەنقىد قىلىش ھەم ئەيىبلەش ھەتتا ئىنكار قىلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى. 1960 ـ يىلىدىن كېيىن بولسا سوۋېت ـ جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرى تامامەن بۇزۇلۇپ، جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارىسىدا ئىدېئولوگىيە كۈرىشى بارغانسېرى جىددىيلىشىپ، ئاخىرى ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىگە ھەربىي تەھدىت سېلىش ھەمدە كىچىك كۆلەملىك قوراللىق توقۇنۇشلار يۈز بېرىش دەرىجىسىگە يەتتى.ئىككى دۆلەت زىددىيەتلەرنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، 1962 ـ يىلى ئىلى ـ چۆچەك ۋەقەسى يۈز بېرىپ، 60 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر، قازاق ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ ئۆتۈپ كەتتى(1). ئومۇمەن، جۇڭگو مۇتەخەسسىسلىرى 1955 ـ يىلىدىن 1962 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كەتكەن ۋە پۇقرالىق سالاھىيىتى بىلەن كەتكەنلەرنىڭ سانىنىڭ 200 مىڭدىن ئارتۇق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرسە، سوۋېت ئىتتىپاقى قىرغىزىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەخسۇس جۇڭگو ئىشلىرىغا مەسئۇل ك گ ب پولكوۋنىكى جۇسۇپاخۇن جۇسۇپاخۇنوۋنىڭ ئۇچۇرىغا ئاساسلانغاندا، بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر ئېلىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەلگەن ھەر مىللەت كىشىلىرىنىڭ سانى بىر

مىليون ئەتراپىدا بولغان(2). نەتىجىدە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىدىكى كونسۇلخانىلىرى ئارقىمۇ ـ ئارقىدىن تاقالدى ھەمدە چېگرىلار قاتتىق قوغدالدى. 1) تارىخشۇناسلىق كۆرىشى ئىككى پارتىيە ۋە ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى بۇ خىل جىددىيلىكلەر تارىخشۇناسلىق ساھەسىگىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، جۇڭگو تەرەپ سوۋېت ئىتتىپاقىنى تاجاۋۇزچى دەپ ئەيىبلەش بىلەن بىرگە چاررۇسىيىنىڭ تارىختا بىر يېرىم مىليون كۋادرات كىلومېتىر جۇڭگو زېمىنى بېسىۋالغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئەسەرلەرنى ۋە تەشۋىقاتلارنى كۈچەيتتى. جۇڭگو تارىخچىلىرى 1881 ـ يىلىدىكى « جۇڭگو ـ رۇسىيە ئىلى شەرتنامىسى » ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى « جۇڭگو ـ چۆچەك كېلىشىمى » قاتارلىقلارغا ئاساسەن چاررۇسىيىنىڭ بالقاش كۆلىگىچە بولغان جايلارنى ۋە پامىرنىڭ بىر قىسمىنى بېسىۋالغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. جۇڭگو ئاپتورلىرى چاررۇسىيىنىڭ ـ 19 ئەسىردىكى رايونغا قاراتقان سىياسىتىنى " تاجاۋۇزچىلىق"، "ئىشغالىيەتچىلىك "سىياستى دەپ ئەيىبلەش بىلەن 18 ـ 19 ـ ئەسىردە رۇسىيە بىلەن مەنچىڭ ئىمپېرىيىسى ئارىسىدا تۈزۈلگەن بارلىق كېلىشىملەرنى " تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلەر" دەپ قاراپ، رۇسىيىنىڭ بۇ شەرتنامىلەر ئارقىلىق جۇڭگو زېمىنلىرىنى ئىگىلىۋالغانلىقىنى شەرھىلەشتى.(3)جۇڭگو تارىخچىلىرى چاررۇسىيە "ئىلى" شەرتنامىسى ئارقىلىق "70 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر جۇڭگو زېمىنىنى بېسىۋېلىش" بىلەن بىرگە يەنە " جۇڭگونىڭ ئىلى تەۋەسىدىكى 100 مىڭ ئاھالىنى ھەيدەپ كەتتى" دەپ خۇلاسە چىقاردى.(4). ئۇلارنىڭ نەزىرىدە چاررۇسىيە تاجاۋۇزچى، چىڭ خانىدانلىقى تاجاۋۇزغا ئۇچرىغۇچى بولۇپ، قازاقىستانىنىڭ جەنۇبى ۋە شەرقىي جەنۇبىدىكى ھەمدە قىرغىزىستانىنىڭ بىر

قىسمى ئەسلىدە جۇڭگو زېمىنى بولۇپ، چارروسىيە ئۇنى تاجاۋۇز قىلىپ تارتىۋالغان. بىراق، جۇڭگو تارىخچىلىرى مەنچىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ۋە 19 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدا تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىنى دەھشەتلىك قىرغىن قىلىش ئارقىلىق، مەجبۇرىي يوسۇندا بېسىۋالغانلىقى، ئۇيغۇر قاتارلىق خەلقلەرنىڭ مەنچىڭ خاندانلىقىغا قارشى ئازادلىق قوزغىلاڭلىرىغا ئاتلىنىپ، ئىلگىرى كېيىن كۇچار ھۆكۈمىتى، يەتتە شەھەر دۆلىتى ۋە ئىلى تارانچى سۇلتانلىقى ھەمدە ئۈرۈمچىدىكى تۇڭگانلار ھۆكۈمىتىنى قۇرۇش ئارقىلىق، مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ بۇ رايوندىكى ھۆكۈمرانلىقىنى پاچاقلاپ تاشلىغانلىقى ھەققىدە توختىلىشتىن ئۆزىنى چەتكە ئالغان ۋە ياكى مەزكۇر ھۆكۈمەتلەرنى قۇرغان كىشىلەرنى ئەيىبلىگەن بولسا ھەمدە ئىلى شەرتنامىسى تۈزۈلگەندىن كېيىن، ئىلى تەۋەسىدىكى 50 مىڭ ئەتراپىدا ئۇيغۇر ۋە تۇڭگانلارنىڭ مەنچىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىلىنى ئۆتكۈزىۋالغاندا ئۆزلىرىدىن ئىنتىقام ئېلىشىدىن قورقۇپ، رۇسىيە كونتروللۇقىدىكى جايلارغا ئۆز ئىختىيارى بىلەن كۆچكەنلىكى، بۇ كۆچۈشتىكى ئاساسىي سەۋەبنىڭ ئۇلارنىڭ مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىنتىقام ئېلىشىدىن ئەندىشە قىلىش بولغانلىقىنى تىلغا ئالمىغان. ئەمەلىيەتتە، جۇڭگو تارىخشۇناسلىقىدىكى سىياسىيلاشتۇرۇلغان مەزكۇر خۇلاسىلەر ۋە ئەيىبلەشلىرىگە ئالدى بىلەن سوۋېت تارىخشۇناسلىرى ئۆزلىرى ئاساس تۇرغۇزۇپ بەرگەن بولۇپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا لېنىن رەھبەرلىكىدىكى كوممۇنىستلارنىڭ غەلىبە قىلىشى بىلە سوۋېت رۇسىيىسىدە ئېلىپ بارغان بارلىق سىياسىي ـ ئىجتىمائىي ئۆزگەرتىش ۋە يېڭىلاشلار نەتىجىسىدە، سوۋېت رۇسىيىسى چار پادىشاھ رۇسىيىسىنى قارىلاپ، ئۇنىڭ

تاجاۋۇزچىلىق خاراكتېرىنى ئېتىراپ قىلغان ھەمدە تەنقىد قىلغان.

ماركسىزملىق تارىخشۇناسلىق پرىنسىپ بويىچە رۇسىيىنىڭ مەركىزىي ئاسىيا ۋە جۇڭگوغا تۇتقان سىياستى ھەققىدىكى باھالارمۇ ئۆزگەرگەن بولۇپ، ئىلگىرى رۇس تارىخچىلىرى N. B. Bogoyawlensk, Ch. Ch. Welixanov, M. A. Terentiyew, A. N. Kropatkin, I. G. Kornilow, N. N. Pantusow, A. A. Aristow, G. E. Grumgrjimayloۋە باشقىلار چاررۇسىيىنىڭ بۇ رايوننىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىغانلىقى ھەمدە ئىجابىي تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن بولسا، 30 - يىللارغا كەلگەندە ئۆزلىرىنى ماركسىزملىق ئىدىيە بىلەن قوراللانغان تارىخچىلار دەپ ئاتىغان M. N. Pokrowskiy. A. Afanasiyew -Kazanskiy, P. I Fesenkoۋە باشقىلار تۇنجى بولۇپ چاررۇسىيىنىڭ شىنجاڭ، ئومۇمەن مەركىزىي ئاسىيادىكى سىياستىنى ئىشغالىيەتچىلىك سىياسەت دەپ باھالىدى.(5) چاررۇسىيىنىڭ مەركىزىي ئاسىيا ۋە جۇڭگوغا قاراتقان تاجاۋۇزچىلىق سىياستى ئوخشاشلا سوۋېت - جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرىنىڭ شېرىن ئاي دەۋرى ھېسابلانغان 50 - يىللاردىمۇ شەرتلىك يوسۇندا تەكىتلەنگەن بولسىمۇ، بىراق ئىككى دۆلەت ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى تۈپەيلىدىن ھەر ئىككىلا تەرەپ "چاررۇسىيىنىڭ جۇڭگو زېمىنلىرىنى بېسىۋېلىشى "مەسىلىسىگە ئېھتىياتچان مۇئامىلە قىلدى شۇنىڭدەك سوۋېت - جۇڭگو تارىخشۇناسلىرى بىردەك ھالدا ياقۇپ بەگنى تاجاۋۇزچى، ئەنگلىيە جاھانگىرلىرىنىڭ غالچىسى دەپ قارىلىغان ئىدى. سوۋېت - جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرى بۇزۇلۇپ، ئىككى دۆلەت ئارىسىدا ئىدېئولوگىيىلىك

قارشىلىشىش ۋە چېگرا زىددىيەتلىرى كۆپەيگەندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى تارىخشۇناسلىقىدىكى يۇقىرىقى يەكۈنلەر جۇڭگو تارىخشۇناسلىقى ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلدى ۋە دەستەكلىك رول ئوينىدى.سوۋېت ـ جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرىنىڭ بۇزۇلۇشى بىلەن ئۇلار ئارىسىدىكى بارلىق يوشۇرۇن نارازىلىقلار بىراقلا پاش بولدى .بىر ـ بىرىنى قېرىنداش ئاكا ـ ئۇكىلار دەپ تەرىپلەشكەن ئىككى مىللەت بىردىنلا بىر ـ بىرىنى ئەڭ ۋەھشىي دۈشمەنلەر قاتارىدا كۆرۈپ، مىليون كىشىلىك قوشۇنلار بىر ـ بىرىگە خىرىس قىلىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. بۇ مەزگىلدىكى ئەڭ چوڭ زىددىيەتلەرنىڭ بىرى چېگرا مەسىلىسى بولغاچقا، ئۇلار ئارىسىدىكى تېخى بەلگىلەنمىگەن چېگرا سىزىقلىرى ئۈستىدىكى تالىشىشلار تەبىئىي ھالدا ئۇلارنى تارىخنى ۋاراقلاشقا مەجبۇر قىلدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بۇ تالىشىشى ئاللىقاچان تارىخ قۇرلىرى ئارىسىغا كىرىپ كەتكەن مەنچىڭ ۋە چاررۇسىيە ئىمپېرىيىلىرى دەۋرىدىن ئېشىپ قالغان بولۇپ، ئىككى مەملىكەت ئارىسىدىكى مەۋجۇد چېگرىلارمۇ ئەمەلىيەتتە مەنچىڭ ۋە چاررۇسىيە دەۋرىدە بەلگىلەنگەن ئىدى .سوۋېت ـ جۇڭگو تارىخشۇناسلىرى ئارىسىدىكى نۇقتىئىنەزەر توقۇنۇشى چېگرا مەسىلىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا موڭغۇلىيە، مانجۇرىيە، شىنجاڭ قاتارلىق جايلار زادى تارىختىن بېرى جۇڭگونىڭ زېمىنىمۇ؟ تارىختىكى جۇڭگو بىلەن بۈگۈنكى جۇڭگو ئۇقۇمى ئارىسىدا قانداق پەرقلەر مەۋجۇد؟ شىنجاڭ ھەقىقەتەن تارىختىن بېرى جۇڭگونىڭ زېمىنىمۇ؟ دېگەن ئاساسىي سوئاللارغا مەركەزلەشتى. 30 ـ يىللاردا ئېتىراپ قىلىنغان "چاررۇسىيىنىڭ جۇڭگوغا، شىنجاڭغا قاراتقان سىياستى تاجاۋۇزچىلىق سىياسەت " دېگەن يەكۈننى 60 ـ 80 ـ يىللاردا سوۋېت تارىخشۇناسلىرى تەرىپىدىن بىردىنلا ئىنكار قىلىنىپ،

ئۇنىڭ ئورنىغا" قازاقىستاننىڭ رۇسىيىگە ئۆز ئىختىيارى بىلەن قوشۇلۇشى"، " قىرغىزىستاننىڭ رۇسىيىگە ئۆز ئىختىيارى بىلەن قوشۇلۇشى" دېگەندەك نۇقتىئىنەزەرنى دەسسەتتى شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مەنچىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىنى "بىسۇۋېلىشى"، مەنچىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ تاشقى ۋە ئىچكى سىياستى، ئۇيغۇرلارنىڭ چىڭ سۇلالىسىگە قارشى قوراللىق ھەرىكەتلىرى ھەمدە قوزغان ھاكىمىيەتلىرى، جۇملىدىن ياقۇپ بەگنىڭ يەتتە شەھەر دۆلىتى، ئىلى خەلقىنىڭ قوزغىلاڭلىرى ۋە باشقا يېقىنقى زامان مەسىلىرى تەتقىقاتى كۆچەيتىلىپ بۇ ھەقتە بىر قانچە ئون مونوگرافىيە ۋە كۆپلىگەن ماقالىلەر ئېلان قىلىندى. سوۋېت تارىخچىلىرى يەنە قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تارىخى مەسىلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتلارنىمۇ كۆچەيتكەن بولۇپ، مەيلى خەن، مەيلى تاڭ سۇلالىسى بولسۇن بۇلارنىڭ ھېچ قايىسىنىڭ تارىم ۋادىسىنى تولۇق ۋە ئۇزۇن مەزگىل بويسۇندۇرالمىغانلىقى ھەمدە خەنزۇ ئېتنىك تەركىبىنىڭ ئەزەلدىنلا بۇ يەردە ئاساسلىق سالماقنى ئىگىلىيەلمىگەنلىكىنى، پەقەت مەنچىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭلا شىنجاڭنى ئىشغال قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلىكىنى كۆرسىتىش بىلەن " شىنجاڭنىڭ مۇستەملىكە زېمىن" ئىكەنلىكى ئىدىيىسى ئىلگىرى سۈرۈلگەن. 60 ـ 80 ـ يىللاردا ئېلىپ بېرىلغان ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتىنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسمى مەنچىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىنى ئىگىلەش مەسىلىسى ۋە مەركىزىي ئاسىيادىكى دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەر مەسىلىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ مەزگىلدە ي. گ بارانوۋا ئىلى ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يەتتە سۇغا كۆچۈش مەسىلىسى، د. م. تىخونوۋنىڭ 19 ـ ئەسىردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئېلىپ بارغان قارشىلىق كۈرەشلىرى، تۇڭگان ئالىمى م. سۇشانلونىڭ تۇڭگانلارنىڭ

رۇسىيە تەۋەسىگە كۆچۈپ كېلىش مەسىلىسى شۇنىڭدەك ب. پ. يۇدىن، ئا. ك. ئوسمانوۋ، مۇقىموۋ ۋە باشقىلارنىڭ ئۇيغۇر تارىخىي مەنبەلىرى مەسىلىسىگە ئائىت ئەمگەكلىرى نەشر قىلىندى. يېقىنقى زامان تارىخى مەسىلىسى ھەققىدە ئەڭ كوپ ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك تەتقىقات ئېلىپ بارغان ئاتاقلىق جۇڭگوشۇناسلار ب. پ. گۇرېيېۋىچ بىلەن ۋ. س كۇزنېتسوۋ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاساسىي تېمىسى رۇسىيە ـ جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرى، مەركىزىي ئاسىيا رايونى جۈملىدىن ئۇيغۇر ئېلىدىكى خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر شۇنىڭدەك مەنچىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇر ۋە قازاقلار رايونىغا قاراتقان سىياسەتلىرى تېمىلىرىغا قارىتىلغان بولۇپ، ۋ. س. كۇزنېتسوپ مەخسۇس 1765 ـ يىلىدىكى ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭى ھەققىدە ئىلمىي ماقالە يېزىپ ئېلان قىلغان ئىدى. بۇ مەزگىلدە مەيدانغا كەلگەن ئەڭ نوپۇزلۇق ئەسەرلەرنىڭ بىرى ب. پ . گۇرېيېۋىچنىڭ " 17 ـ 19 ـ ئەسىردىن بىرىنچى يېرىمىدىكى مەركىزىي ئاسىيادىكى دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەر" بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 60 ـ 80 ـ يىللاردا قازاقىستان، ئۆزبېكىستان ۋە باشقا ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەردىكى بىر قىسىم ئۇيغۇر تارىخچىلىرىمۇ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىق تەتقىقاتىغا قاتناشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە داۋۇت ئىسسىيېۋ(1937 ـ 1996 ) ، گېنگىل ئىسھاقوۋ، ئەخەت خوجايېۋ، مەشۇر روزىيېۋ قاتارلىقلار پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگوشۇناسلىقىدا ئېتىراپ قىلىنغان ئالىملار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. داۋۇت ئىسسىيېۋ مەنچىڭ ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئازادلىق كۆرەشلىرى ھەمدە ئۇيغۇرلارنىڭ قۇرغان ھاكىمىيەتلىرى شۇنىڭدەك مەنچىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ بۇ ھەرىكەتلەرنى باستۇرۇش مەسىلىسىگە مۇراجىئەت

قىلىپ، " يەتتە شەھەر دۆلتى " (1877 ـ 1864 ) ناملىق كىتابىنى، ئەخەت خوجايېۋ " مەنچىڭ ئىمپېرىيىسى ۋە شەرقىي تۈركىستان"، مالىك كەبىرووۋ " سوۋېت قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى" ناملىق بىر قەدەر نوپۇزلۇق ئىلمىي ئەسەرلىرىنى نەشر قىلدۇردى. بۇلاردىن باشقا يەنە ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئەربابى، 30 ـ يىللاردا مەنسۇر ئەپەندى نامى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن ئۇيغۇر دىيارىغا، شىڭ شىسەيگە مەسلىھەتچىلىككە ئەۋەتىلگەن، 1945 ـ 1946 ـ يىللىرى ئابدۇللا رامازانوۋ ئىسمى بىلەن چۆچەكتە مۇئاۋىن ۋالى بولغان مەشۇر روزىبېۋمۇ " قايتا تۇغۇلغان ئۇيغۇر خەلقى" ناملىق كىتابىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، بۇ ئەسەردە 19 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئازادلىق ھەرىكەتلىرىگە خېلى كۆپ ئورۇن بېرىلگەن.شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرى مەخسۇس تۈردە جۇڭگو تارىخشۇناسلىرىنى ئەيىبلەپ، ئۇلارنى ئۇيغۇر تارىخىنى، شىنجاڭ تارىخىنى ساختىلاشتۇردى دەپ تەنقىد قىلدى. مەزكۇر تېما بويىچە ئاكادېمىك س. ل. تىخۋىنىسكىينىڭ " چوڭ جۇڭگو گېگومونىزىمى ۋە جۇڭگودىكى تارىخشۇناسلىق تېمىسىدىكى ئەسەرلەر ـ 1975 ) "يىلى)، ب. پ. گۇرېيېۋىچىنىڭ " چوڭ جۇڭگو شوۋىنىزمى ۋە مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ 18 ـ 19 ـ ئەسىر تارىخىغا ئائىت بىر قانچە مەسىلىلەر" ( 1974 ـ يىلى) ۋە "ئىلى مەسىلىسى ۋە ئۇنىڭ جۇڭگو تەرىپىدىن ساختىلاشتۇرۇلۇش"( 1982 ـ يىلى)، ئەخەت خوجايېۋنىڭ " چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ 1875 ـ 1878 ـ يىللىرى شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان سىياستى .ھازىرقى زامان جۇڭگو ئاپتورلىرىغا باھا" ( 1976 ـ يىلى) ۋە باشقا ئەسەرلىرىنى مىسال قىلىش مۇمكىن.ئومۇمەن، سوۋېت ـ جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئەڭ يىرىك دەۋرىدە

مەركىزىي ئاسىيا جۇملىدىن ئۇيغۇر يېقىنقى زامان تارىخى تەتقىقاتى سوۋېت ئىتتىپاقىدا تازا تەرەققىي قىلىش باسقۇچىغا كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ھامان سوۋېت ـ جۇڭگو توقۇنۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن مەيلى جۇڭگو تەرەپ بولسۇن، مەيلى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ بولسۇن ئۆتمۈش تارىخقا ھازىرقى زامان سىياسىي چۈشەنچىلىرى ۋە دۆلەت چېگرىسى مەۋقەلىرى بىلەن قاراش ۋە باھا بېرىش ئەۋجى ئالدى. قىسقىسى، تارىخ سىياسىي كۆرەشلەرنىڭ قۇربانىغا ئايلاندى. ئىزاھاتلار 1) ئابدۇرېھىم ياقۇپ. ئىلى ـ چۆچەك ۋەقەسىنىڭ باش ـ ئاخىرى، شىنجاڭ تەزكىرىسى ھەم "ئالتۇن تارىم" تورىغا قاراڭ شۇنىڭدەك، لىن دەنخۇي ۋە شېن جىخۋا. 1962 ـ يىلىدىكى شىنجاڭ ئىلى ـ چۆچەك ۋەقەسىنىڭ تارىخى ھەققىدە تەكشۈرۈش ـــــ جۇڭگو شىنجاڭ ئارخىپ ماتېرىياللىرىدىن كەلگەن ئۈچۈرلار. شېن جىخۋا، لىن دەنخۇي خۇسۇسىي تورىغا قاراڭ. 2). جۇسۇپاخۇن جۇسۇپاخۇنوف، جۇڭگوغا ئېلىپ بېرىلغان سەپەر (ئەسلىمىسى)، 1997 ـ يىلى، "دېلو نومېر" گېزىتى، بىشكەك، (رۇسچە)3) گۇ يۈن. جۇڭگو تارىخىدىكى تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلەر. بېيجىڭ، ـ 1973 يىلى، چار رۇسىيىنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىش تارىخى. بېيجىڭ. 3 ـ توم. 1981 ـ يىلى4) شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى ۋە جۇڭگو ـ رۇسىيە ئىلى شەرتنامىسى، 1978 ـ يىلى، بېيجىڭ. 1 ـ بەت ۋە 41 ـ 42 ـ بەتلەر 5) ۋ. ئا. موئىسەيېۋ ( Россиа и Китай в Сентралной Азии. رۇسىيە. ۋە جۇڭگو مەركىزىي ئاسىيادا) 2007. بارنائۇل .

## روُسيىدە 20 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىكى ئۇيغۇر سىياسي تارىخىنىڭ تەتقىق قىلىنىشى(4 )

ئەسكەرتىش :بۇ يازما jarulla تەرىپىدىن نادىرلاندى(2011 ـ 04 ـ 23 )

## رۇسىيەدە 20 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىكى ئۇيغۇر سىياسىي تارىخىنىڭ تەتقىق قىلىنىشى(4)

3. مىللىي ئازادلىق ئىنقىلاب تارىخى ئاممۋى تېما بولدى 60 ـ يىللاردىن تارتىپ تاكى سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلگىچە بولغان ئارىلىقتا 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى ئۇيغۇر مىللىي ئازادلىق ئىنقىلاب تارىخى، بولۇپمۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى موسكۋا، سانكىت پېتىربۇرگ، تاشكەنت ۋە ئالمۇتىدىكى بىر قىسىم ئالىي مەكتەپلەر ھەم ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ دىپلوم ئىشلەش ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ئىلمىي ئۇنۋان ئىشلەش ھەم تەتقىقات تېمىسى بولۇپ، مەزكۇر تېما بويىچە مەلۇم ساندىكى كىشىلەر تارىخ پەنلىرى دوكتورى ئۇنۋانلىرىغا سازاۋەر بولدى. بۇ مەزگىللەردە مىللىي ئازادلىق ئىنقىلاب تېمىسى پەقەت ئاكادېمىيىلىك دائىرىدىلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى يەنە ئىنقىلابقا قاتناشقان يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغان ھەم ئاتالمىغان تارىخىي شاھىدلارنىڭمۇ قەلەملىرى ئاستىدا ئەسلىمە ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەر سۈپىتىدە سوۋېت مەتبۇئاتلىرىدا بىر ـ بىرلەپ يورۇق كۆرۈشكە باشلىدى. مەسىلەن، سابىق مىللىي ئارمىيە مۇئاۋىن باش قوماندانى، كېيىنكى جۇڭگو ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ گېنېرال مايورى زۇنۇن تېيىپوۋنىڭ "ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش" ناملىق ئەسلىمە خاراكتېرلىك كىتاب 1974 ـ يىلى، موسكۋادىكى پەن نەشرىياتى تەرىپىدىن رۇس تىلىدا نەشر قىلىندى. بۇ ئارقىدىنلا ئۇيغۇر تىلىدا ئالماتادا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. ئەلۋەتتە، بۇ كىتابنىڭ جاۋابكار تەھرىرلىكىنى تۇرسۇن رەھىموۋ قىلغان ھەمدە مەخسۇس كىرىش سۆز يازغان

بولۇپ، مەزكۇر ئەسەرنىڭ موسكۋانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە قاتتىق نازارىتى ئاستىدا يېزىلىپ نەشر قىلىنغانلىقى روشەن.زۇنۇن تېيىپوۋ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە سابىق مىللىي ئارمىيە پولكوۋنىكى، يازغۇچى زىيا سەمەدىنىڭ 30 ـ يىللاردىكى ئۇيغۇر مىللىي ئازادلىق ئىنقىلاب تارىخىغا بېغىشلانغان تۆت تومluق "يىللار سىرى" ناملىق رومانى ئارقمۇ ـ ئارقا نەشر قىلىندى .بۇ ئەسەردە قۇمۇل ئىنقىلابىدىن تارتىپ، تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدا يۈز بەرگەن سىياسىي ۋەقەلەر، خوجا نىياز ھاجىم، سابىت داموللام، ماخمۇت مۇھىتى، ئابدۇنىياز كامال قاتارلىق يۈزلىگەن تارىخىي شەخسلەرنىڭ پائالىيەتلىرى، خوجا نىياز ھاجىم بىلەن شېڭشىسەينىڭ ھەمكارلىشىشى ۋە ئۇنىڭ ئاخىرقى تەقدىرى، شېڭشىسەي قاتارلىق مىللەتارىستلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى قانداق ئالدىغانلىقى، گېنېرال ماخمۇت مۇھىتىنىڭ 1934 ـ 1937 ـ يىللىرىدىكى قەشقەردە ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى ھەمدە كۈرەشلىرى شۇنىڭدەك ئەنگلىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى ھەم شېڭشىسەينىڭ بۇ رايوندا ئېلىپ بارغان دىپلوماتىك ۋە سىياسىي كۈرەشلىرى ھەم باشقىلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.زىيا سەمەدى يەنە خەلق قەھرىمانى غەنى باتۇرنىڭ ھاياتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىنقىلاب دەۋرىدە كۆرسەتكەن باتۇرلۇقلىرىنى تەسۋىرلەيدىغان " غەنى باتۇر" ناملىق پوۋېستىنى ئېلان قىلىپ، ئىلى ئىنقىلابىنى 30 ـ يىللاردىكى ئىنقىلابلارنىڭ داۋامى سۈپىتىدە بايان قىلغان. 1985 ـ يىلى، مىخائىل گورباچوۋنىڭ "قايتا قۇرۇش" تەك دېموكراتىك ئىسلاھاتى نەتىجىسىدە، سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە قوزغالغان ستالىن دەۋرىگە قايتا باھا بېرىش، 1937 ـ 1938 ـ يىللىرىدىكى ئاتالمىش خەلق دۈشمەنلىرىنى ئاقلاش، تارىخىي مەسىلىلەر ھەققىدە ئەركىن پىكىر قىلىشتەك سىياسىي

ئىسلاھات دەۋرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تارىخى مۇساپىلىرى، بولۇپمۇ 20 ـ ئەسىر
تارىخى مۇساپىلىرىنى ئەسلىشىگە پۇرسەت يارىتىپ بەردى. نەتىجىدە 40 ـ
يىللاردىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان خېلى كۆپ ساندىكى زىيالىيلار،
مىللىي ئارمىيە ئوفىتسېرلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىمىلىرىنى "يېڭى ھايات"، "
كوممۇنىزم تۇغى "قاتارلىق گېزىتلاردا ئارقىمۇ ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىش
پۇرسىتىگە ئېرىشتى. بۇ جەھەتتە ئۇيغۇر كونا يېزىقىدا چىقىدىغان " يېڭى
ھايات" گېزىتى مۇھىم رول ئوينىدى. بۇلاردىن باشقا يەنە سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ 30 ـ 40 ـ يىللاردا ئۇيغۇر ئېلىدىكى ھەربىي ـ سىياسىي ۋە
دىپلوماتىك پائالىيەتلىرىگە قاتناشقان رۇس ۋە باشقا مىللەتلەردىن بولغان
ئەربابلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ بىر قىسىم ئەسلىمە ۋە ماقالىلىرىنى ئېلان
قىلدى.(6) ئىزاھاتلار:1) ماخمۇت قۇتلۇقوۋ، تارىخ پەنلىرى دوكتورى،
ئۇيغۇر. بىر ئۆمۈر تاشكەنتتە ياشاپ، ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ
تارىخ تەتقىقات ئورنى ۋە شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورۇنلىرىدا ئۇيغۇر تارىخى
تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان .ئۇ، يۇقىرىدا ئاتالغان ھازىرقى زامان
تېمىلىرىدىن باشقا يەنە سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ تارىخى، چاغاتاي خانلىقى
ۋە موڭغۇللار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر دىيارى ھەققىدە مەخسۇس ئىلمىي ماقالىلەر
ۋە كىتابلارنى يېزىپ ئېلان قىلغان ئىدى.2 .(مىنگۇلوۋ، ن. ن .
натсионално ـ освободитәлноә движһәниә народов синтзянда
как составная част обшәкитайискои
рәволлютсии (شىنجاڭدىكى خەلقلەرنىڭ 1944 ـ 1949 ـ
يىللىرىدىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرى پۈتۈن جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ
تەركىبىي قىسمى). تارىخ، ئارخېئولوگىيە ۋە ئېتنوگرافىيە ئىنستىتۇتىنىڭ

ئىلمىي ئەمگەكلىرى توپلىمى، 15 ـ توم، ئالمۇتا، 1962 ـ يىلى. 68 ـ

102 ـ بەتلەر. بۇ ئاپتورنىڭ за борбә в синтзяна народй"

( дәмократии народнои установлəниә شىنجاڭدىكى خەلقلەرنىڭ

دېموكراتىك ھاكىمىيەت ئورنىتىش جەريانىدىكى كۆرەشلىرى) ناملىق

دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى 1956 ـ يىلى موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىدا پۈتۈپ،

قىسقارتىلمىسى ئېلان قىلىنغان ئىدى.3) ئالىمجان ھاكىمبايېۋ ( 1991 ـ)

مىللىتى ئۆزبېك، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن چۆچەككە كېلىپ ماكانلاشقان.

ئىنقىلاب دەۋرىدە چۆچەكتە بىر مەزگىل مۇئاۋىن ۋالى بولغان 1954 ـ يىلى

سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەندىن كېيىن، موسكۋادىكى س س س ر پەنلەر

ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە خىزمەت

قىلغان ھەمدە بۇ جەرياندا بىر قانچە ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇ، 1991 ـ يىلى

پالەچ كېسىلى بىلەن موسكۋادا ۋاپات بولغان. مەن، 1990 ـ 1991 ـ

يىللىرى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە ئىنتىلگەن بولسامۇ لېكىن، ئۇ ئېغىر ئاغرىق

بولغانلىقى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئىمكانىيىتى بولمىغان

ئىدى.4) ئا. ھاكىمبايېۋ натсионално ـ освободитәлноә .

движhәниә в синтзянә в 1931 ـ 1949 годах ( 1931 ـ يىلىدىن

1949 ـ يىلىغىچە شىنجاڭدىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى). ئىككى قىسىم

بويىچە، ئىككىنچى قىسىم. س س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق

ئىنستىتۇتى. مەخسۇس توپلام. 6 ـ سان (157). موسكۋا، 1974 ـ يىلى.5)

تۇرسۇن رەھىموۋ (1912 ـ 1986). بىشكەكتە تۇغۇلغان ئەسلى

قەشقەرلىك ئۇيغۇرلاردىن. تۇرسۇن رەھىموۋنىڭ ئىككى بالىسى بار بولۇپ،

ئوغلى ئىسكەندەر رەھىموۋ موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتى يادرو فىزىكا ئىنستىتۇتىنىڭ

باشلىقى، ئاتاقلىق يادرو فىزىكا ئالىمى، پروفېسسور دوكتور. قىزى ناتالىيە

تۇرسۇن قىزى، ماتېماتىكا پەنلىرى دوكتورى، پروفېسسور. ئۇلار موسكۋادا

ياشايدۇ. تۇرسۇن رەھىموۋ يەنە "رۇسچە - ئۇيغۇرچە لۇغەت "قاتارلىق

تىلشۇناسلىق ۋە لۇغەتشۇناسلىق ئەسەرلىرىنى ۋە باشقا كۆپلىگەن سىياسىي

ماقالىلەرنى يېزىپ نەشر قىلدۇرغان بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى

مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئۇيغۇر ئەربابى ئىدى.

6). ب. پ. گۇرىيەۋچ из истории тарбагатайэм ( там за .

( отношэний) ранних совэтско-китаиских تارباغاتاينىڭ ئۇ

تەرىپىدە، دەسلەپكى سوۋېت - جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرى تارىخىدىن) يىراق

شەرق مەسىلىلىرى، 1990 - يىلى، 5 - سان. ۋە что я. гринсэнко

( 1933-1934 гг к событиям в синтзянэ в ) бйл? это بۇ نېمە

ئىش ئىدى؟ 1933-1934-يىللىرىدىكى شىنجاڭ ۋەقەلىرى ھەققىدە) يىراق

شەرق مەسىلىلىرى، 1990 - يىلى، 5 - سان. بۇ ماقالىلاردا 1933-

1934-يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقى ئەۋەتكەن " تارباگاتايسك " ۋە

"ئالتايسك" دەپ ئاتالغان قىزىل ئارمىيە قوشۇنلىرىنىڭ شىڭ شىسەيگە

ياردەملىشىپ، ئۇرۇمچىنى قورشىۋالغان ما جۇڭيىڭنى يوقىتىش ۋە قەشقەردىكى

سابىت داموللام ھۆكۈمىتىنىڭ تارمار قىلىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلەر

قىسقىچە بايان قىلىنىدۇ .

دەرىجە: باشقۇرغۇچى

0قەۋەت يوللانغان ۋاقت: 2011 ـ 04 ـ 23 17:58

ئاپتۇرنىڭكىنىلا | كىچىك ئوتتۇرا چوڭ

ئارخىپ ئۇچۇر يوللاش QQ

ئالاقە

## رۇسىيەدە 20 ـ ئەسرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىكى ئۇيغۇر سىياسىي تارىخىنىڭ تەتقىق قىلىنىشى(3 )

错误

ئەزا ئۇچۇرى ئەزا نومۇرى4 :

نادىر تېمىسى :46

ئومۇمىي يازما150 :

ئۇنۋان:دائىملىق

شۆھرەت :598 كىشىلىك

تىللا :151 دانە

تۆھپە 0 :ھەسسىلىك

ياخشى باھا 0 :نۇقتا

توردا: 4(سائەت)

ھازىر : مۇنبەردە يوق

تىزىملاش13 ـ 04 ـ 2011 :

ئاخىرقى24 ـ 06 ـ 2011 :

ئەسكەرتىش: بۇ يازما jarulla

تەرپىدىن نادىرلاندى(2011 ـ 04 ـ 23 )

رۇسىيەدە 20 ـ ئەسرنىڭ بىرىنچى
يېرىمىدىكى ئۇيغۇر سىياسىي تارىخىنىڭ
تەتقىق قىلىنىشى(3)

2.مىللىي ئازادلىق ئىنقىلاب تارىخى تەتقىقاتى مەخسۇس ئىلمىي ئۇنۋان ئېلىش تېمىسى بولدى ، ئەلۋەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى تارىخشۇناسلىق ساھەسى سوۋېت

ـ جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرى بۇزۇلغاندىن كېيىن كۆتۈرۈلگەن ئىككى دۆلەتنىڭ چېگرا مەسىلىلىرىنى تارىخىي نۇقتىدىن چۈشىنىش ۋە شەرھىلەش مەقسىتىدە ئۇيغۇر ئېلىنىڭ 19 ـ 18 ـ ئەسىرلەردىكى ھەتتا ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكى سىياسىي تارىخى، مەدەنىيەت تارىخى، مىللىي ۋە دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەر تارىخى تەتقىقاتىنى قانات يايدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە 1931 ـ 1949 ـ يىللىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېلىپ بارغان ئۇزۇن مەزگىللىك مىللىي ئازادلىق كۈرەشلىرى، بولۇپمۇ، 1944 ـ 1949 ـ يىللىرىغىچە داۋاملاشقان مىللىي ئازادلىق ئىنقىلاب دەۋرى ھەققىدىكى تەتقىقاتلارغا قايتىدىن ئەھمىيەت بەردى. بۇ تېما، سوۋېت ـ جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرى

بۆزۆلغاندىن كېيىن مەخسۇس تەتقىقات ھەم تەشۋىقات تىمىسىغا ئايلىنىش پۇرستىگە ئېرىشكەن بولۇپ، بۇنى ئىككى سەۋەبتىن چۈشىنىش مۇمكىن. بىرىنچىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ جۇغراپىيىۋى سىياسىي مىللەتلىك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، موسكۋانىڭ جۇڭگو سىياسىتىدە ئۇيغۇر ئامىلىنىڭ قايتىدىن مۇھىم ئورۇنغا ئۆتكەنلىكىدۇر. سوۋېت - جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرى چېگرا توقۇنۇش دەرىجىسىگە يەتكەندە، موسكۋا ئىككى تەرەپ ئارىسىدا كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش پارتلاپ قېلىش ئېھتىماللىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئازادلىق ئىدىيىلىرىنى قايتىدىن تەرغىب قىلىشقا تىرىشىپلا قالماستىن بەلكى، ھەتتا سابىق "شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى" نىڭ بىر

قىسىم ھەربىي - سىياسىي خادىملىرى ۋە مىللىي ئارمىيە جەڭچى - ئوفىتسېرلىرىنى شۇنىڭدەك قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان قاتارلىق جۇمھۇرىيەتلەرگە يەرلەشكەن ئەسلى ئۇيغۇر ئېلىدىن كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تۇڭگان ۋە باشقا مىللەتلەردىن "يۇرتنى قايتۇرۇۋېلىش قوشۇنى" تۈزۈپ، ھەربىي مەشىق ئېلىپ بارغانلىقى مەلۇم. چۈنكى، 1946 - 1949 - يىللىرى ۋە 1955 - يىلىدىن 1962 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، 1944 - 1949 - يىللىرىدىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرىگە قاتناشقان، ۋە ياكى ئۇنى كۆرگەن جۇملىدىن بەش يىل ئىلى ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ياشىغان زور ساندىكى ئاھالىلەر

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈپ كېلىپ ماكانلاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلاردىن سابىق "شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى" نىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرى، يۇقىرى - تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار ھەم ئەسكەرلىرى بار ئىدى. مەسىلەن، جۇمھۇرىيەت رەئىسى ئەلىخان تۆرە، جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمەت باش كاتىپى ئابدۇرەئۇپ مەخسۇم ئىبراھىمى، مالىيە مىنىستىرى ئەنۋەر مۇساباييېف، مىللىي ئارمىيە مۇئاۋىن باش قوماندانى زۇنۇن تېيىپوۋ، خەلق قەھرىمانى غەنى باتۇر، يازغۇچى، پولكوۋنىك زىيا سەمەدى ۋە باشقا نەچچە ئونلىغان كىشىلەرنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن. ئۇيغۇرلاردىن باشقا يەنە رۇسلاردىن مىللىي

ئارمىيە باش قوماندانى، گېنېرال

گېئورگىي پاللوۋ، 5 ـ كورپۇس

قوماندانى پولكوۋنىك فاتىي

لىسكىن، مىللىي ئارمىيە

قوماندانلىق شتاب باشلىقى گېنېرال

مازاروۋ، ھۆكۈمەت ئەزاسى، پاۋىل

ماسكالىيېۋ، تاتارلاردىن فاتىخ

مۇسلىموف، ئوتتۇرا يۆنىلىش

قوماندانى مەرغۇپ ئىسھاقوۋ، پولك

كوماندىرى ئايتۇغان يۇنچى،

شۇنىڭدەك قازاقلاردىن پولك

كوماندىرلىرى جاغدا بابالىكوۋ،

موڭغۇللاردىن پولكوۋنىك ئېردە

بۇلگۇنوف قاتارلىق يۇزلىگەن

ئاتاقلىق ئەربابلار بار ئىدى.

كېيىنكى، ئاشكارىلانغان

مەلۇماتلارغا قارىغاندا، مەزكۇر

مۇھىم ئەربابلىرىنىڭ ھەممىسى

دېگۈدەك سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 60 ـ

70 ـ يىللاردا جۇڭگو ۋەزىيىتىگە

باغلىق ئىستراتېگىيىلىك پىلانلىرىنى

ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئالمۇتا، فرۇنزې، تاشكەنت قاتارلىق جايلاردا تەشكىللىگەن تۈرلۈك تەشۋىقاتچىلىق، سىياسىي ھەم ھەربىي پائالىيەتلىرىگە قاتناشتۇرۇلغان. ئومۇمەن، بۇ كىشىلەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ "مىللىي ئازادلىق" قەرتىنى يەنە بىر قېتىم ئوينىشىغا ئىشتىراك قىلدۇرۇلغان ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 1962 ـ يىلىدىن تاكى 80 ـ يىللارنىڭ بېشىغىچە بولغان ئارىلىقتا تاشكەنت رادىئوسى، ئالمۇتا رادىئوسى كەڭ تەشۋىقات ئېلىپ بارغان بولۇپ، 40 ـ يىللاردىكى مىللىي ئازادلىق ئىنقىلاب مەسىلىلىرى بۇ رادىئونىڭ مۇھىم تېمىلىرى بولغان ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى مىللىي ئازادلىق ئىنقىلاب تېمىلىرىنى تەشۋىق قىلىش ھەم بۇ ساھە

بويىچە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق موسكۋانىڭ ۋاقتى كەلسە شىنجاڭدا خۇددى 1944 ـ 1949 ـ يىللىرىدىكىدەك سىياسىي ۋەزىيەت يارىتىپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە تەھدىت پەيدا قىلالايدىغانلىقىنى ئىپادىلىمەكچى بولغان ھەمدە شۇنىڭ ئۈچۈن نەزەرىيىۋى ئاساس تەييارلىغان ئىدى. دېمەككى، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 30 ـ 40 ـ يىللىرىدىكى ئۇيغۇر مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرى تەتقىقاتىنىڭ موسكۋانىڭ تەتقىقات ۋە تەرغىبات تېمىسىغا ئايلىنىشىنىڭ روشەن دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى بار بولۇپ بۇ ئەمەلىيەتتە يەنىلا شۇ سوۋېت ـ جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرىنىڭ دۈشمەنلىك مەنزىرىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئىككىنچىدىن، بۇ موسكۋانىڭ جۇڭگودا ئېلىپ

بىرلىشۋاتقان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرىنى تازىلاش، "سوۋېت شيۇجيېڭجۇيىچىلىرىغا قارشى تۇرۇش "، "ئەكسىل ئىنقىلابچىلارغا قارشى تۇرۇش " ھەرىكىتىگە بىرلىگەن جاۋابى بولۇپ، ھەقىقەتەن 1958 ـ يىلىدىكى يەرلىك مىللەتچىلىككە، ئوڭچىللىققا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى ۋە 1960 ـ 70 ـ يىللاردىكى " مەدەنىيەت ئىنقىلابى" نەتىجىسىدە سابىق ئىلى ئىنقىلابىنىڭ رەھبىري كادىرلىرى مەسلەن ئەسئەت ئىسھاقوپ، مۇھەممەد ئىمىن ئىمىنوپ، ئابدۇللا زاكىروپ، ئىبراھىم تۇردى، سەيدۇللا سەيفۇللايوپ قاتارلىق ئونلىغان يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار ۋە يۈزلىگەن ئىنقىلاب قاتناشقۇچىلىرى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت سىپىدىن

تازىلاندى شۇنىڭدەك زەربە بېرىش ئوبيېكتىغا ئايلاندى. بۇ مەزگىللەردە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھەققىدە، 30 ـ يىللاردىكى مىللىي ھەرىكەتلەر ھەققىدە ماقالە ۋە كىتاب يېزىپ ئېلان قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. 1931 ـ 1949 ـ يىللىرىدا يۈز بەرگەن ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرگە گەرچە " دېھقانلار ئىنقىلابى"، "جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى " دەپ باھا بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ھەقتە ئىلمىي تەتقىقات يۈرگۈزۈش ۋە كىتابلارنى يېزىش ھەم ئۇنى خاتىرىلەش مۇمكىن بولمىدى. ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت ـ جۇڭگو كومپارتىيىلىرى بىردەك قوبۇل قىلغان " مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى" ئۇقۇمى جۇڭگو تەرىپىدىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇش

بىلەن شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان ئىنقىلابلارنىڭ ھەممىسىنىڭ " جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ تەسىرى ۋە رەھبەرلىكى ئاستىدا بولغانلىقى "ئىدىيىسى گەۋدىلەندۈرۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ھاياتىغا كۆرسەتكەن زور تەسىرى، بولۇپمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ زېمىننىڭ جۇڭگو تەۋەسىدە ساقلىنىپ قېلىشىغا قوشقان تۆھپىسى ۋە ھەمدە بۇنىڭدا مۇھىم رول ئوينىغانلىقى نەزەردىن ساقىت قىلىندى. ئۇيغۇرلارنىڭ" مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى" نۇقتىئىنەزىرىنىڭ سوۋېت تارىخشۇناسلىقىدا قايتىدىن تەكىتلىشى سوۋېت - جۇڭگو ئىدېئولوگىيىلىك توقۇنۇشىنىڭ بىر قىسمىدىن ئىبارەت ئىدى .سوۋېت

ئىتتىپاقىنىڭ بۇ مەزگىلدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تېمىسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشى ئۇيغۇر ئېلىدە يۈز بېرىۋاتقان ئاشۇ ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىش بىلەن باغلىق ئىدى. 60 ـ 70 ـ يىللاردا ئىلگىرى ـ كېيىن، ماخمۇت قۇتلۇقوۋ(1)، ئالىمجان ھاكىمبايېۋ، N. N. Mingulov(2), ل. باداۋاموۋ قاتارلىقلار موسكۋا، تاشكەنت قاتارلىق جايلاردا مەزكۇر تېما بويىچە ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلدى. بۇلاردىن باشقا يەنە جۇڭگودىكى مىللەتلەر سىياستى، مىللەتلەر تارىخى ۋە مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە ئائىت يېزىلغان ئايرىم ئاپتورلارنىڭ ۋە كوللېكتىپ ئاپتورلارنىڭ يازغان مونوگرافىيلىرى ھەمدە كىتابلىرىدىمۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ

ئالدىنقى يېرىمىدىكى ئۇيغۇر سىياسىي تارىخىغا مەلۇم دەرىجىدە ئورۇن بېرىلدى. 60 ـ 70 ـ يىللاردا، ماخمۇت قۇتلۇقوۋنىڭ " شىنجاڭدا 1944 ـ 1949 ـ يىللىرىدىكى شىنجاڭدا يۈز بەرگەن مىللىي ئازادلىق ئىنقىلاب ھەرىكىتىنىڭ جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكى توغرىسىدا " ناملىق دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى (1963 ـ يىلى، تاشكەنت)، N. N. Min'gulovنىڭ " شىنجاڭدىكى خەلقلەرنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرى پۈتۈن جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ تەركىبىي قىسمى (1944 ـ 1949 ـ يىللىرىدىكى " ) دىسسېرتاتسىيىسى (1962 ـ يىلى، ئالمۇتا)، ل. باداموۋنىڭ " شىنجاڭدىكى قازاقلار

گومىنداڭنىڭ جاڭكەيشى گۇرۇھىغا قارشى مىللىي ئازادلىق كۈرەشلىرىدە " ماۋزۇلۇق دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى ( 1967 ـ يىلى ، ئالمۇتا) ئالىمجان ھاكىمبايېۋنىڭ " شىنجاڭدىكى يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ 40 ـ يىللىرىدا ئېلىپ بارغان مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى" (1971 ـ يىلى ، موسكۋا) ۋە " 1931 ـ يىلدىن 1949 ـ يىلغىچە شىنجاڭدىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى" ( 1974 ـ يىلى) ناملىق ئىلمىي ئەمگەكلىرى ، تۇرسۇن رەھىموۋنىڭ " شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھازىرقى زامان جۇڭگو خەلقلىرىنىڭ مىللىي ئازادلىق كۈرەشلىرىدە تۇتقان ئورنى " (1977 ـ يىلى ، موسكۋا) ۋە " ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ شىنجاڭ

ئازادلىق ھەرىكەتلىرىدىكى رولى "

(1978 ـ يىلى، موسكۋا .V ,(

" N.نىڭ Fyodorov

شىنجاڭدىكى سىياسىي

تۈزۈلمىلەر( 1933 ـ 1949 ـ

يىللىرى بويىچە) ناملىق دوكتورلۇق

دىسسېرتاتسىيىسى(1973 ـ يىلى،

ئالمۇتا) ۋە باشقا ئىلمىي ئەسەرلەر

مەيدانغا كەلدى.بۇ يەردە شۇ

نۇقتىنى تەكىتلەش كېرەككى،

مەزكۇر تېمىغا ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت

ئىتتىپاقى تەرىپىدىن ئۇيغۇر ئېلىغا

ئەۋەتىلگەن ۋە ياكى سوۋېت

ئىتتىپاقىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى

ئۇيغۇر ئېلىغا قاراتقان سىياسىي

ئىستراتېگىيىلىك خىزمەتلىرىگە

بىۋاستە ئارىلاشتۇرۇلغان ئۇيغۇر،

قازاق ۋە رۇس قاتارلىق

مىللەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى جەلپ

قىلىندى. مەسىلەن، ئالىمجان

ھاكىمباييۋ سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر

ئاكادېمىيىسىنىڭ موسكۋادىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ ئىلمىي خادىمى بولۇپ(3)، ئۇ مىللىي ئازادلىق ئىنقىلاب دەۋرىدە، يەنى1946 ـ 1949 ـ يىللىرى تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىسى بولغان، 1949 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرى ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدە سىرلىق قازاغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ قەتئىي كۆرسىتىشى بىلەن ئۇ، سەيپىدىن ئەزىزى، تۇرجى قاتارلىق ئۈچ كىشىلىك ئۆمەكنىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە بېيجىڭغا بېرىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش يىغىنىغا قاتناشقان. قىسقىسى، ئۇ بېيجىڭدىكى بارلىق ئۇچرىشىش ۋە سۆھبەتلەرگە ئىشتىراك قىلغان شەخس

ئىدى. ئالىمجان ھاكىمبايېۋنىڭ "
1931 ـ 1949 ـ يىلدىن
يىلغىچە شىنجاڭدىكى مىللىي
ئازادلىق ھەرىكىتى" ( 1974 ـ
يىلى) ماۋزۇلۇق ئەسىرى ئىچكى
قىسىمدا تارقىتىلىدىغان ۋە
پايدىلىنىدىغان ئەسەر سۈپىتىدە
يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسىرى
سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر
ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق
ئىنستىتۇتىنىڭ مەخسۇس توپلاملار
تىزىملىكى بويىچە ئايرىم ساقلىنىپ،
پەقەت مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنىڭلا
كۆرۈشىگە رۇخسەت قىلىنغان. ئا.
ھاكىمبايېف بۇ ئەسىرىدىن باشقا
يەنە 1971 ـ يىلى " شىنجاڭدىكى
يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ 20 ـ
ئەسىرنىڭ 30 ـ 40 ـ يىللىرىدا
ئېلىپ بارغان مىللىي ئازادلىق
ھەرىكىتى" ماۋزۇلۇق مەخسۇس
دوكلات خاراكتېرلىك ئەسىرىنى

ئىچكى قىسمىدا ئېلان قىلغان بولۇپ، بۇنىڭدىكى بەزى تارىخىي ۋەقەلەر ھەم شەخسلەر ھەققىدىكى باھالىرى كېيىنكى ئەسىردە پەرقلىق خاراكتېرغا ئىگە بولغان. بۇ ئەسەرلەردە 30 ـ 40 ـ يىللاردا يۈز بەرگەن مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابلىرى بىر قەدەر تەپسىلىي يورۇتقان بولۇپ، ئاپتور ئاساسلىق دىققىتىنى 40 ـ يىللارغا قارىتىپ، ئىنقىلابنىڭ پارتلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبنىڭ، شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن، جۈملىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى كۆرسىتىپ بەرگەن مىللىي سىياسەتتىن يۈز ئۆرۈپ، ئەكسىيەتچىل گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرگە نىسبەتەن باستۇرۇش سىياسىتى يۈرگۈزگەنلىكى ھەم خەلققە قاراتقان ئېزىش ۋە زۇلۇمنى

كۆچەيتكەنلىكى بىلەن باغلاپ چۈشەندۈردۇ. ئەلۋەتتە، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى خەلقئارا ۋەزىيەت، بولۇپمۇ سوۋېت - جۇڭگو رىقابىتى شۇنىڭدەك جۇڭگو گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈرۈمچىدە ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە كونسۇلخانىسى قۇرۇپ، ئامېرىكا - ئەنگلىيىنىڭ تەسىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئارقا سېپى ھېسابلىنىدىغان ئوتتۇرا ئاسىيا ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرىگە قوشنا ئۇيغۇر ئېلىغا كىرگۈزۈش ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا تەھدىت پەيدا قىلغانلىقى، بۇ ئەھۋاللارنىڭمۇ موسكۋانىڭ ئىلى ئىنقىلابىنى قوزغاش ۋە ئۇنى كۆچەيتىشىدىكى مۇھىم سەۋەب ئىكەنلىكىدىن ئۆزىنى چەتكە ئالىدۇ. ئالىمجان ھاكىمباييۋ كىتابىدا جۇمھۇرىيەتنىڭ

تەسس قىلىنىشى، 9 ماددىلىق
خىتابنامىسىنىڭ ئېلان قىلىنىشى،
مىللىي ئارمىيىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە
ھەربىي ھەرىكەتلىرى، بىرلەشمە
ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى شۇنىڭدەك
بىرلەشمە ھۆكۈمەت بۇزۇلغاندىن
كېيىن تاكى 1949 ـ يىلى 8 ـ
ئايغىچە ئېلىپ بېرىلغان مەدەنىيەت
ـ مائارىپ ۋە ئىقتىسادىي
تەرەققىيات پائالىيەتلىرى،
"شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە
دېموكراتىيىنى قوغداش ئىتتىپاقى "
نىڭ پائالىيەتلىرى ۋە باشقا بىر قاتار
ئەھۋاللارنى تەپسىلىي
يورۇتىدۇ.(4) ئەلۋەتتە، بۇ
ماتېرىيالدىن باشقا يەنە ئالىمجان
ھاكىمباييېف سەيپىدىن ئەزىز بىلەن
بىيجىڭدىكى پائالىيەتلەردە باشتىن
ـ ئاخىرى بىرگە بولغان تارىخىي
شاھىت بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ
بىيجىڭدە مۇزاكىرە قىلىنغان ۋە

باشقا نازۇك مەسىلىلەر ھەققىدە
موسكۋانىڭ مەخسۇس
ئورگانلىرىنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن
بىرەر تەپسىلىي دوكلات
تەييارلىغانلىقى تەبىئىي ئەھۋال
بولسىمۇ، لېكىن بۇ ھەقتە ئېنىق
ئۇچۇر يوق ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە
يەنە ماخمۇت قۇتلۇقوۋ 1945 ـ
1946 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا
تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدا
ئېلىپ بېرىلغان تاشقورغاننى بازا
قىلغان قوراللىق ھەرىكەتلەرگە
ھەمدە 1946 ـ 1949 ـ
يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى
سىياسىي كۈرەشلەرگە ئاكتىپ
قاتناشقان سوۋېت ئىتتىپاقى
خادىمى بولۇپ، ئۇ دەسلەپتىلا
قەشقەر تەرەپلەردە پائالىيەت
قىلىشقا ئەۋەتىلگەن ئىدى.
ماخمۇت قۇتلۇقوۋ يۇقىرىدا نامى
ئاتالغان ئەسەردىن باشقا يەنە

مەخسۇس ئۆزىنىڭ پائالىيەتلىرى جەريانى ۋە چۈشەنچىلىرى ئاساسىدا " 1945 ـ 1947 ـ يىللىرى جەنۇبىي شىنجاڭ (قەشقەرىيە) خەلقلىرىنىڭ دېموكراتىك ھەرىكەتلىرى" (1960 ـ يىلى) ھەمدە شىنجاڭ خەلقىنىڭ 1944 ـ 1949 ـ يىللىرىدىكى مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنى ئىلگىرى سۈرگەن كۈچلەرنىڭ خاراكتېرى ھەققىدە" (1962 ـ يىلى) ناملىق ماقالىلەرنى يازغان. يەنە بىر تونۇلغان جۇڭگوشۇناس تۇرسۇن رەھىموۋ 30 ـ يىللاردا تاشكەنتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغاندا ئۇيغۇر ئېلىدىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتلەردە بولغان. 1943 ـ 1949 ـ يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ "شىنجاڭ

خىزمىتى"گە ئارىلاشتۇرۇلغان بولۇپ، 1943 ـ يىلى تاشكەنتتە چىقىرىلغان "شەرق ھەقىقىتى" ژۇرنىلى ۋە باشقا تەشۋىقات ـ ئاخبارات ئىشلىرىغا قاتناشقان ھەمدە 1955 ـ يىلىغىچە سوۋېت مەسلىھەتچىسى سۈپىتىدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلۇشى ئىشلىرىغا ئارىلاشقان شەخس ئىدى.تۇرسۇن رەھىموۋ 1960 ـ 80 ـ يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالىي پارتىيە ئورگانلىرى ۋە س س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ موسكۋادىكى يىراق شەرق تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ جۇڭگوشۇناسلىق بۆلۈمدە تەتقىقاتچى ۋە رەھبەرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك

تارماقلىرىدا ئىشلىگەن. ئۇ، بۇ
جەرياندا " جۇڭگودىكى خەنزۇ
ئەمەس مىللەتلەرنىڭ تەقدىرى"
قاتارلىق كىتابلىرىنى يېزىپ نەشر
قىلدۇرغان بولۇپ، بۇ
كىتابلىرىدىمۇ ئۇيغۇر مىللىي
ئازادلىق ھەرىكەتلىرى مەسىلىسىدە
ھەققىدە ئومۇملاشتۇرۇپ توختالغان
ئىدى. تۇرسۇن رەھىموۋ ئۆمرىنىڭ
ئاخىرىدا ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ
ئەسەرلىرىنى توپلاپ، رۇسچىغا
تەرجىمە قىلىپ، بىر كىتاب
سۈپىتىدە نەشر قىلىشقا تۇتۇش
قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا
ئۈلگۈرەلمەي ۋاپات بولغان.(5 )

ئەسكەرتىش :بۇ يازما jarulla تەرىپىدىن نادىرلاندى(23-04-2011 )

# ئۆزبېكىستاندىكى ئۇيغۇرلار

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان ۋە تۈركمەنىستان جۇمھۇرىيەتلىرىدە خېلى كۆپ ساندا ئۇيغۇرلار ياشايدۇ.
گەرچە، ئوتتۇرا ئاسىيا ھۆكۈمەتلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ھەققىدە تۈرلۈك كېمەيتىلگەن رەسمىي مەلۇماتلارنى ئېلان قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئۇيغۇر زىيالىيلىرى بۇلارنى قوبۇل قىلغىنى يوق.

ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى ھەر تۈرلۈك بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە پەقەت قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىدىلا ئۇيغۇرلار رەسمىي بىر مىللىي مەدەنىيەت توپلۇقى سۈپىتىدە ئۆز باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى، تىياتىر سەنئىتى، نەشرىيات-ئاخباراتچىلىق ئەنئەنىسى ھەم باشقىلارنى ساقلىغان ۋە راۋاجلاندۇرغان ھالدا مەۋجۇد بولۇپ تۇرماقتا.
ئۇنىڭدىن قالسا قىرغىزىستاندىكى ئۇيغۇرلار ئۆز تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى خېلى ياخشى ساقلىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ جۇمھۇرىيەتتە ئۇيغۇر تىلىدىكى مەكتەپلەر بولماسلىقى تۈپەيلىدىن مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلار باشلانغۇچ، ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپ تەربىيىسىنى رۇس تىلىدا، قىسمەنلىرى قىرغىز تىلىدا ئېلىشقا مەجبۇر بولغان.
تۈركمەنىستان بىلەن تاجىكىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى باشقىچە بولۇپ، بۇ ئىككى جۇمھۇرىيەتتىكى ئۇيغۇرلار سان جەھەتتىن ئەڭ ئاز ھېسابلىنىدۇ.
ئۇنداقتا ئۆزبېكىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ ئۇ يەردە ئۇيغۇرلارنىڭ قانداق مەسىلىلىرى مەۋجۇد؟
بۇ سوئاللارغا تاشكەنتلىك ئانالىزچى ئەزىز كامىلوپنىڭ “uazis” ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان“ ئۇيغۇرلارنىڭ مەسىلىسى مەۋجۇدمۇ ؟” ماۋزۇلۇق ماقالىسى جاۋاب بېرىدۇ.
ئەزىز كامىلوپ ئالدى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ئۇيغۇرلاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىمىرىلىشى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا دۆلەت چېگرىلىرى شەكىللەنگەندىن كېيىن، ئۆزلىرى جايلاشقان دۆلەت

تەۋەلىكى بويىچە بىر-بىرىدىن پەرقلىق تەرەپلەرنىڭ شەكىللىنىشكە باشلىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ئۆزبېكىستاندا زادى قانچىلىك ئۇيغۇر بار؟

ئەزىز كامىلوپنىڭ پىكىرلىرىگە تايانغاندا، ئۆزبېكىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى مەسىلىسى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىن ئېتىبارەن مۇرەككەپ مەسىلە بولۇپ، ئەزەلدىنلا ھۆكۈمەت ئېنىق سانلىق مەلۇمات بەرمىگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى 19-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا قەشقەر بىلەن تۇتىشىدىغان پەرغانە ۋادىسىغا كېلىپ يەرلەشكەن بولۇپ، 30-يىللاردا ئەنجاندا ئۇيغۇر تىياتىرى بولغان، تاشكەنتتە قەرەللىك ژۇرناللار، كۆپ مىقداردا كىتابلار ۋە دەرسلىك ماتېرىياللىرى نەشىر قىلىنغان ھەمدە ئۇيغۇر بالىلىرى ئۈچۈن مەكتەپلەر تەسىس قىلىنغان، ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىلى مۇتەخەسسىسلىرىنى تەربىيىلىگەن.

ئاپتورنىڭ ئېيتىشىچە، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 –يىللىرىدا ئۆزبېكىستاندا 500 مىڭ ئۇيغۇر ياشىغان بولۇپ، ئۆزبېكىستان دەسلەپتە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى بولغان بولسا، كېيىنچە بۇ مەركەز ئالمۇتىغا كۆچۈرۈلگەن. بىراق، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ئىستاتىستىكىسىدا ئۆزبېكىستاندىكى ئۇيغۇرلار 1959-يىلى ئاران 19 مىڭ دەپ ئېلان قىلىنغان بولسا، ئۆزبېكىستان ھۆكۈمىتى يېقىنقى ۋاقىتلاردا بۇ جۇمھۇرىيەتتە 35 مىڭ ئۇيغۇر بارلىقىدىن مەلۇمات بەردى.

شۇنچىۋالا كۆپ ئۇيغۇر نەگە كەتتى؟

ئۆزبېكىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ زادى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىش تەس. بىراق، قازاق ئالىمى چوقان ۋەلىخانوپ، 19-ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىدا پەرغانە ۋادىسىدا 300 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر) قەشقەرىيىلىك) بارلىقىدىن مەلۇمات بەرگەن بولسا، بۇ ساننىڭ داۋاملىق كۆپىيىشى تەبىئىي، ئۇيغۇر سىياسىيونى ئابدۇللا روزىباقىيېۋ 20-ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىدا تۈركىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىدە 700 مىڭ ئەتراپىدا ئۇيغۇر بارلىقىدىن مەلۇمات بەرگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۆزبېكىستاندا ئىدى. ئۇنداقتا شۇنچىۋالا كۆپ ئۇيغۇر بۈگۈنكى كۈندە نەگە كەتتى؟

ئۆزبېكىستان مۇتەخەسسىسى ئەزىز كامىلوپ بۇنى ئىككى سەۋەبتىن چۈشەندۈرىدۇ. بىرىنچى سەۋەب ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزبېكلەرگە ئۆزلىكىدىن ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كېتىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇنىڭدا ئۇيغۇرلار بىلەن ئۆزبېكلەرنىڭ مەدەنىيەت، تىل جەھەتتىكى ئالاھىدە يېقىنلىقى مۇھىم رول ئوينىغان. ئىككىنچىدىن بۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئاھالىلەرنى بىرلەشتۈرۈش سىياسىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، تۈركىي مىللەتلەرنىڭ مەسىلەن، ئۇيغۇر، قازاق ۋە باشقىلارنىڭ كۆپلىگەن ۋەكىللىرى مەجبۇرى تۈردە ئۆزبېك دەپ يېزىلىپ كەتكەن.

ئۆزبېكىستاندىكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى نېمە قىلىدۇ؟

ئەزىز كامىلوپنىڭ يېزىشىچە، ئۆزبېكىستاندا ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى

پائالىيەت ئېلىپ بارماقتا، بۇ جەمئىيەت ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيەتلىك خەلقئارالىق مەدەنىيەت مەركىزى دەپ ئاتالغان ئورگانغا تەۋە بولۇپ، مەزكۇر ئورگاننىڭ تەۋەلىكىدە باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت مەركەزلىرىمۇ ئىش ئېلىپ بارىدۇ. بۇ ئورگاننىڭ رازىلىقى بىلەن ئۇيغۇرلار پەقەت مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنىلا ئېلىپ بارالايدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى تاشكەنت، ئەنجان شەھەرلىرىدە ئۆز تارماقلىرىنى قۇرغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت ھەر قايسى جايلىرىدا ئۇيغۇر سەنئەت پائالىيەتلىرى ئۇيۇشتۇرۇش، ئۇيغۇر تىلى سىنىپلىرى ئېچىپ، بالىلارغا ئۆز ئانا تىلى ئۆگىتىش، ئۇيغۇر زىيالىيلىرى، ئەدىبلىرى ۋە سەنئەتكارلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈش ھەم باشقىلاردىن ئىبارەت.

ئۇيغۇرلار قانداق تەقدىرگە دۇچ كەلمەكتە؟

ئاپتور ئەزىز كامىلوپ ئۆز ماقالىسىدە كەسكىن ھالدا "نۆۋەتتىكى مەزگىلدە ئۆزبېكىستاندىكى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئەڭ جىددىي مەسىلە ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كېتىشتىن ئىبارەت، ئۇيغۇرلار بىلەن ئۆزبېكلەر ئارىسىدا تىل، مەدەنىيەت ئالاقىلىرى، ئومۇمەن ئورتاق تارىخىي مەنبەداشلىق مۇناسىۋىتى بار، 35 مىڭ نوپۇسلۇق بۇ خەلقنىڭ 25 مىليونلۇق خەلق ئىچىدە ئۆز تىلى، ئۆرپ-ئادەتلىرى ۋە باشقىلىرىنى ساقلاپ قېلىشى تولىمۇ مۈرەككەپ" دەپ يېزىش بىلەن ئۆزبېكىستاندىكى بۇ خىل مۈرەككەپ ۋەزىيەت تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنىڭ بەلكى، يەنە 20-30 يىللار ئىچىدە مەۋجۇد بولماي قېلىشى مۇمكىنلىكىنى پەرەز قىلىدۇ

## ياۋروپالىقلارنىڭ نەزىرىدىكى ئۇيغۇر جەمىيتى

22:36:36 28 ـ 10 ـ 2010مەنبە :ئەركەم ئاۋاتلىقى 1119 :قىتىم

بۇ ماقالىنى يازغۇچى ئاپتور سۆزىدىن :

قەدىرلىك ئوقۇرمەن !

ئۇيغۇر جەمئىيتىنىڭ يېقىنقى زاماندىكى چەتئەللىكلەر بىلەن، بولۇپمۇ ياۋروپالىقلار بىلەن بولغان دىئالوگىنىڭ ك
ىچىككىنە بىر سەھىپىسىنى دىققىتىڭلارغا سۇندۇم. ئەلۋەتتە،ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقى ئېكسپېدىتسىيە قى
زغىنلىقىدىن باشلانغان بۇ ئۇززاق دىئالوگ تېخى ئاخىرلاشقىنى يوق. بۇ تەمىنى تېخىمۇ ئىلگىرلىگەن ھالدا تەتق
ىق قىلىشقا،چەتئەللىكلەر بىلەن مەدىنىيەت ئالاقە تارىخىمىزنى يەنىمۇ چوڭقۇرلىغان ھالدا يورۇتۇشقاتوغرا كەل
ىدۇ. لۇشۇن ئەپەندى ئۆز دەۋرىدە جۇڭگولۇقلارنى قەستەن ماختاپ، كۆككە كۆتۈرگەن ئەجنەبىيلەرگە نەزەر ـ كۆ
زىنى سالمىغانىدى، ئەكسىچە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئاجىزلىقلىرىنى يۈرەكلىك ھالدا ئېچىپ تاشلاشقا جۈرئەت ق
ىلغان چەتئەللىك يازغۇچىلارغا يۇقۇرى باھا بەرگەنىدى.ئەپسۇسكى، ئۆزۈندىن بويان بىز غەربلىكلەرگە باھا بې
رىشتە ئۇلارنىڭ بىزگە قانداق دوستانەمۇئامىلىدە بولغانلىقىغا ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە مىللىتىمىزگە قانداق
گۈزەل باھالارنى بەرگەنلىكىگىلا قاراپ كەلدۇق. مەن مەزكۇر ئەسىرىمدە ئەنە شۇ كونا رامكىنى بۆسۈپ چىقىپ

، ئەجنەبيلەرنىڭ تېخى بىزگە مەلۇم بولمىغان تەنقىدىي تەسىراتلىرىنى ئاشكارىلاشقا تىرىشتىم .

ـ 19ئەسرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن ئېتىبارەن، ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيە قىزغىنلىغىنىڭ كۆتۈرلىشىگە ئەگىشىپ، غەربتىكى ھەرقايسى ئەللەردىن تۈرلۈك سالاھىيەتلەر بىلەن كۆپلىگەن چەتئەللىك تەۋەككۈلچىلەر تارىم ئويمانلىقىغا كەلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە روسىيەلىك پرجېۋالسكى(1870 ـ 1873 ـ يىللار، 1876 ـ 1878 ـ يىللار، 1879 ـ 1880 ـ يىللار،

ـ 1885 ـ 1883يىللار)، شۋېتسىيەلىك سۋېن ھېدىن (1090 ـ 1891 ـ يىللار، 1894 ـ 1895 ـ يىللار، 19 ـ 1899 ـ 01يىللار، 1906 ـ يىل، 1913 ـ يىللار، گېرمانىيەلىك لەكوك ۋە گرۈنۋېدىل ـ 1903 ـ 1902) يىللار، 1904 ـ 19 05 ـ يىللار، 1905 ـ 1907 ـ يىللار، 1913 ـ 1914 ـ يىللار( ، فرانسىيەلىك پەللىئوت(1906 ـ 1909 ـ يىللار) ھەمدە ياپونىيەلىك ئوتانى (1902 ـ 1903 ـ يىللار (قاتارلىقلار ئەڭ مەشھۇردۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تارىم ئويمانلىقىدا ئېلىپ بارغان مول سەۋەرلىك ئېكسپېدىيە پائالىيىتى داۋامىدا، ئۆز دەۋرىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىي كۆرىنىشى، سىياسىي،ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئەھۋاللىرىنى كۆزەتتى، يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە ئۆرۈپ ـ ئادەتلىرى ھەققىدە تەپسىلى خاتىرىلەرنى قالدۇردى. بولۇپمۇ سۋېن ھېدىن، ئالبېرت فون لىكوك، نىكولاي پىرژېۋالسكى، ماكارتنەي، گۇننار ياررىڭ، ستەيىن، راھىب ئوتانى، تاجىبانا، ۋاتابە، يانغاسبەند، گابرەل بونۋالوت قاتارلىقلارنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى خاتىرىلىرى ناھايىتى قىممەتلىكتۇر .

ئەجنەبىي تەۋەككۈلچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئېكسپېدىيە پائالىيىتى داۋامىدا يەرلىك ئۇيغۇرلار بىلەن نۇرغۇن كۈنلەرنى بىللەئۆتكۈزدى، ئۇلارنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا سازاۋەر بولدى. كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار ئۇلارغا ياللىنىپ، دەشت ـ باياۋانلاردا يول باشلىغۇچى بولدى. مۇشۇ جەرياندا ياۋروپالىق تەۋەككۈلچىلەرنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى تەسىراتلىرى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىشكە باشلىدى. شۇڭلاشقا ئۇلار ۋەتىنىگە قايتقاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ كۈندىلىك خاتىرلىرىدە، ئىلمىي ئەسەرلىرىدە ۋە تەكشۈرۈش دوكلاتلىرىدا ئۇيغۇرلار ھەققىدە ھەققىدە تەپسىلى توختالدى .

بۈگۈنكى كۈندە بۇ ئەسەرلەرئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى چۈشىنىشىمىزدە مۇھىم م

اتىرىيال سۈپىتىدە رول ئوينىماقتا. ئەجنەبىي تەۋەككۈلچىلەر ئوزلىرىنىڭ تارىم ئويمانلىقىدىكى قىدىرىپ تەكشۈر
ۈش پائالىيىتى داۋامىدا، ھەرقايسى بوستانلىقلاردىكى ئۇيغۇرلار ھاياتىنىڭ ناھايىتى مۇھىم سەھىپىلىرىگە شاھ
ىت بولدى. شۇنداقلا 19 ـ ئەسىرلەرنىڭ ئاخىرلىرىدىن ـ xx ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە بولغان ئۇيغۇر جەم
ئىيىتىنىڭ تېز سىزمىسىنى سىزىپ چىقتى. مۇشۇ تىز سىزمىسىغا ئاساسەن، ياۋروپالىق تەۋەككۈلچىلەرنىڭ نەزىرى
دىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىي كۆرىنىشىنى تۆۋەندىكى بىرقانچە نوقتىلاردىن بايان قىلىش مۇمكىن .

## ئوتتۇرا ئەسىر تۇسىدىكى شەرق جەمئىيىتى

دىيارىمىزغا كەلگەن مۇتلەق كۆپ قىسىم ياۋروپالىقلار تارىم ئويمانلىقىدىكى نەچچە ئەسىرلەردىن بويان گويا تو
ختام سۇدەك بىر ئىزدا تۇرۇپ قالغان ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ كەيپىياتىنى ئۆزگەرتمەي ساقلاپ كەلگ
ەن شەرقتىكى بىر پىنھان كۆزنەك، دەپ تەسۋىرلىگەن .

دەرۋەقە، ئەجنەبىي تەۋەككۈلچىلەر تارىم ئويمانلىغىنىڭ سىرلىق قوۋۇقىنىچېكىشتىن ئىلگىرى، بۇ جاي ياۋروپالى
قلارئۈچۈن كېلىش ئەڭ تەس بولغان، چەتئەللىكلەرنىڭ ئايىغى ئەڭ ئاز تەگكەن بېكىك بىر رايون ئىدى.تارىم
ئويمانلىقىدا پارلاق قەدىمكى زامان مەدىنىيىتى قۇم بارخانلىرى ئاستىغا يۇشۇرنۇپ ياتسىمۇ، لېكىن يىپەك يولىن
ىڭ خارابىسىغا ئەگىشىپ، بۇ يەرنىڭ ئىلگىركى قايناق مەنزىرىسىيوقالغانىدى. بوستانلىقلاردىكى شەھەر ـ بازا
رلار ۋە يېزا ـ قىشلاقلار ئۆز ـ ئۆزىنى تەمىنلەيدىغان قالاق ھالەتتىكى ناتۇرال تەبىئىي ئىگىلىكگە تايىنىپ، ئىنتا
يىن تۆۋەن دەرىجىدىكى ئىقتىسادىي فورماتسىيىنى ساقلاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلارئەتراپتىكى ئاسىيا ئەللىرى بىلەن
بولغان ناھايىتى سۇس ھالەتتىكى سودا ۋە مەدەنىيەتئالاقىسىدىن باشقا، ئۆزلىرىنى تۇپتىن ھەركەتلەندۈرۈپ
ماڭىدىغان ئۇچۇر ۋە ئېنىرتسىيەگە ئىگە ئەمەس ئىدى .بۇ ھال تارىم ئويمانلىقىدا ئىجتىمائىي ھالەتنىڭ بۇرۇقت
ۇملىقىنى، جەمئىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرلەش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولۇپ، بىر ئىزدا ئۇززاق توختاپ قېلىشىنى كەلت
ۈرۈپ چىقارغانىدى. شۇ چاغدىكى ھەرقانداق بىر شەھەر__مەيلى قەشقەر، مەيلىخوتەن، مەيلى ياركەنت ياك
ى مەيلى تۇرپان بولمىسۇن، ھەممىسىدە بىر خىل تۇرغۇن ھالەت داۋام قىلماقتا ئىدى. گۇننار ياررىڭ 1929 ـ
يىلدىكى قەشقەرنىڭ شەھەر مەنزىرىسى كەيپىياتىنىمۇنداق دەپ تەسۋەرلىگەن ئىدى: 1929 ـ يىلى قەشقەرگە
كېلىپ خۇددى ھازىرقى دەۋەردىن ئوتتۇرائەسىرگە __(مىڭ بىر كېچە) نى فىلىمگەئېلىش ئۈچۈن راسلىغانكۇرىن
ش ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك بولۇپ قالدىم. بۇ يەردە يا ئاپتۇمۇبىل ،يا موتىسكىلىت يوق ئىدى، ھەتتا ۋەلىس
پىتمۇ كۆزگە چېلىقمايتتى . بازار ئەتراپىدىكى قاراڭغۇ ،تارچۇق كوچىلارنى يۇرىتىدىغان ئىلىكتىر چىراغلارمۇ يو
ق ئىدى. قەشقەردە گېزىت يوق ئىدى،مەتبەگە بېسىلغان كىتاپ تېخىمۇ يوق ئىدى. مىرزا ـ كاتىپلار چازا قۇر

ۋپ ئولتۇرۇپ ،قولىيازمىلارنى ئەرەب ھەرپلىرى بىلەن رەتلىك كوچۇرەتتى.ھەممىلا يەردە . بۇياقچى ئۇستامىلار

يىپلارنى ئىششتا ئىشلىتىدىغان بادىرلارنى بىر ـ بىرلەپ ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىگە تىزىۋاتاتتى.تارچۇق كوچىلاردا ھەر

ـ مىللەت كىشىلىرى مېڭىپ يۈرەتتى. بايلار ۋە ئىسىلزادىلەر چىرايلىق گۈللۈك يوپۇق ـ شالچا سېلىنىپ ئىگەرلەن

گەن پۈزۈر ئاتلارغا مىنىپ، مىغىلداپ تۇرغان كىشىلەرتوپىنى يېرىپ ئۇ ياقتىن ـ بۇ ياققا ئۆتۈپ يۈرەتتى. قول

ئىلكىدە پۇل ـ مېلى ئانچە جىق ئەمەسلەر ئېشەككە مىنەتتى. ھالبۇكى، شەھەر ئاھالىسىنىڭ زور كوپچىلىگى ب

ولغان كەمبەغەللەر پىيادە ماڭاتتى.گۇننار ياررىڭ سوزىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: كىشىلەرشۇ

چاغدىكى قەشقەرگە ئوخشاش تازا روناق تاپقان ئوتتۇرا ئەسىردە ئىسلام جەمىيىتىنى بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ھېچق

انداق يېرىدىن تاپالمايدۇ. ئىلگىرى ئافغانىستانغا شۇنداق جەمئىيەت خېلى ئۇززاق مەۋجۇت بولغان بولسىمۇ،

براق بۇنداق جەمئىيەت ھازىرقى زامانىنىڭ زوراۋانلىقى ئالدىدا ئۇ يەردىمۇ ئاللىقاچان بەربات بولۇپ كەتتى. ئ

ەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، قەدىمقى قەشقەر ھەققىدە كىشىنى قانائەتلەندۇرگىدەك ئەسەر يازىدىغان ئادەم چىقمىغان

دى. ئۇ يەردىكى بازارلارنى، ئاشۇ بازارلارنى دەۋر قىلىپ شەكىللەنگەن تۇرمۇشنى تەسۋىرلەيدىغان ئادەم چىقم

غاندى .

قەشقەردە 17 يىل تۇرغان ئەنگلىيە كونسۇلىنىڭ خانىمى ماكانىمى ماكارتنەي خانىم ئۆز خاتىرىسىگە قەشقەر تە

سۋىرلىرىنى مۇنداق دەپ يازغاندى :قەشقەرگە يېڭى بارغان چېغىمدا، بازاردا چەتئەلنىڭ ماللىرى يوق دېيەرلى

كئىدى .ئىنتايىن بايلارلا ئېسىل كىيىنگەننى ھىسابقا ئالمىغاندا، ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسى شۇ جايدا توقۇلغان

قىل ماتادىن كىيىم كىيەتتى. ئۇ چاغلاردا روسسىيىدە ئىشلەنگەن كۆندىلىك بۇيۇملار تېپىلمايتتى ، قەنتمۇ ك

ەمچىل ئىدى. شۇڭا، بۇ شەھەرنىڭ ئەسىرلەردىن بۇيان كونا قېلىپىنى ساقلاپ كەلگەنلىكى، كوچىلىرى، بازارل

ىرى ۋە ئورپ ـ ئادەتلىرىنىڭ كونا پېتى تۇرغانلىقىنى ئويلىسا، ئادەمگە تولىمۇ قىززىق تۇيۇلىدۇ. بۇ يەردىكى ئاد

ەملەرنىڭ كىيىنىشى،يىمەك ـ ئىچمىگى، تۇرالغۇ ئويلىرى ئاتا ـ بوۋىسىنىڭكىدىن ھېچقانداق پەرق قىلمايتى. بىز

نىڭبۇ يەرگە كەلگەندىكى ساياھەت شەكلىمىزمۇ ماركو پولونىڭ 13 ـ ئەسىردە قۇبلەي خانىنىڭ ئوردىسىغا كەلگ

ۈچە بۇ جايلاردىن ئۆتكىنىگە ئوخشاپ كېتىدۇ .

مانا بۇ ياۋروپالىقلارنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى يۇرتىمىزنىڭ، تېخىمۇ توغراراقى، ئوتتۇرا ئەسىر تۇسىدىكى قەشقەرنى

ڭ تىز سىزمىسى ئىدى. بۇ تىز سىزمىغا ياۋروپالىقلارنىڭ سىرلىق شەرق ھەققىدىكى غايىبانە تەسىراتلىرىمۇ سىڭگ

ەندى .

## ياۋروپالىق تەۋەككۇلچىلەرنىڭ شەرقتىكى جەننىتى

يىپەك يولى خارابىلاشقاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقى گەرچە دۇ
نيادىكى تاشلاندۇق رايۇنلارنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ قالغان بولسىمۇ،لېكىن مەركىزىي ئاسىيا ئېكسپېدىيە قىزغىنلى
قىنىڭ كۆتۈرىلىشى بۇ رايۇننىڭ ئىنسانىيەتمەدىنىيەت تارىخىدىكى مۇھىملىقىنى قايتىدىن تۇنۇتتى. بۇنىڭ بى
لەن ئاسىيانىڭ دەشت ـ باياۋانلىرىغا ئۇرالغان بۇ رايون بىر توپ ياۋرۇپالىق تەۋەككۇلچىلەرنىڭ جەننىتىگە ئايلان
دى. بۇيەرنىڭ مول مەدىنىيەت يادىكارلىقلىرى، قۇم ئاستىغا كۆمۈلگەن قەدىمىي شەھەر خارابىلىرى،ئالاھىدە
جۇغراپىيلىك تۇزۇلىشى ۋە ئىقلىم ئالاھىدىكىلى، يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ مۇرەككەپئىرقىي تەكىپى، شۇنىڭدەك ك
ۆزنى قاماشتۇرىدىغان فولكلور مەدىنىيىتى غەرب تەۋەككۇلچىلىرىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلدى. ياۋروپا ۋە ئامرك
ىدىكى ئوخشىمىغان ئەللەردىن كەلگەن كوپلىگەن ئارخىئولوگلار، گىئولوگلار، تاغقا چىققۇچىلار، ئانتوروپولوگلار
، ئاخبارات توپلىغۇچىلار،تىلشۇناسلار، سەيياھلار، بايلىق ئىزدىگۇچىلەر،دىپلۇماتىيە خادىملىرى بىرىنىڭ كەينى
دىن بىرى ئىز بېسىپ بۇ يەرگە يېتىپ كېلىشتى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئاسىيا قىتئەسىنىڭ كىندىكىدىكى بۇ سىرلى
ق ماكان بىر توپ ياۋروپالىق تەۋەككۇلچىلەرنىڭ شەرقتىكى جەننىتىگە ئايلاندى. چارروسىيە بىلەن بۇيۇك بىرت
انىيە ئىمپىرىيىسىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇللىرى ئۇزلىرىنىڭ دىپلۇماتىيە ۋە سىياسىي جەھەتتىكى مەنپەئە
ت تالىشىش كۈرەشلىرىدىن باشقا، يەنە بۇ يەرنىڭ مەدىنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قولغا چۈشۈرۈش جېڭىدىمۇ يەت
ەكۇچە پۇت تېپىشتى. سېۋىن ھېدىن، ئاۋرەل ستەيىن ۋە لىكوك قاتارلىقلارئۇزلىرىنىڭ مەركىزىي ئاسىياغا قىلغان
مول سەمەرىلىك ئېكسپېدىيىسى داۋامىدا نام چىقاردى ھەمدە دۇنيادىكى كاتتا شەخسلەر قاتارىدا تۇنۇلدى .
ـ 19ئەسىرنىڭ ئاخىرقى چارىكىدىن xx ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىغىچە بولغانجەريان ئوتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويم
انلىقى ئېكسپېدىيىسىنىڭ ئالتۇن دەۋرى بولدى. بۇ جەرياندا قەلبىدە تەۋەككۇلچىلىكنىڭ ئوتلىرى لاۋۇلداپ تۇ
رغان بىر توپ ياۋروپالىقلار ئۇزلىرىنىڭ ئۇزۇندىن بويان كۆرىۋاتقان شېرىن چۇشلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۇچۇن
تارىم ئويمانلىقىنىڭ ھەرقايىسى بولۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدا كەڭ كولەملىك قېزىش ئېلىپ باردى. بۇنداق قېزىش مەل
ۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئىرقىي ۋەمەدىنىيەت جەھەتلەردىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى تەكشۇرۇ
ش بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتتى. شۇڭلاشقا،تارىم ئويمانلىقىدا ئېلىپ بېرىلغان ئۇزۇن مەزگىللىك ئېكسپېدىسىيە پا
ئالىيەتلىرى ئەمەلىيەتتە ياۋروپالىقلارنىڭ ئۇيغۇر جەمىيىتىنى چۇشىنىش ۋە تەتقىق قىلىش جەريانى بولدى .

ئوخشىمىغان ئىرق ۋە مىللەتلەرنىڭ كۆرگەزمىخانىسى

دىيارىمىزغا كېلىپ تۇرلۇك تەكشۇرۇشلەرنى ئېلىپ بارغان ياۋروپالىق تەۋەككۇلچىلەرنىڭ ھەممىدىن ھەيران قال
ىدۇرغىنى___بۇ يەردىكى يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ مۇرەككەپ ئىرقىي ۋە ئېتنىك تەركىبى بولغان ئىدى. چۇنكى، تا
رىم ئويمانلىقىدىكى ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان ئېتنىك تۇركۇمدە ياۋرۇ ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇغىدىكى ئوخشىمىغا
ن دەرىجىدىكى ئالامەتلىرى مۇجەسسەملەنگەنىدى. ئۇلارنىڭ بەدەن تۇزۇلىشى ۋە ۋۇجۇدىدا تىپىك ئوتتۇرا ئاس
ىيا ۋە كافكاز ئىرقىنىڭ روشەن ئالامەتلىرىدىن باشقا، يەنە تارىم ئويمانلىقىدىكىقەدىمكى ئاھالىلەرنىڭمۇ ئىرقىي
ئالامەتلىرى ساقلانغانىدى. قەشقەر ھەققىدە چوڭقۇر تەسراتقائىگە ئەنگلىيە كونسولىنىڭ خانىمى ماكارتنەي
كاسەرىن مۇنداق دەپ يازىدۇ :قەشقەردىكىئاھالىلەرنىڭ تەقى ـ تۇرقى ۋە چىراي ـ شەكلى خىلمۇ ـ خىل، ياۋروپ
الىقلارغا خاس ئالاھىدە بەلگىلەرئاز ـ تولا ئۇچرايدۇ. ئەر ـ ئاياللار قاۋۇل، بەستلىك، كېلىشكەن، چىرايلىق بول
ۇپ، چىرايدىن بىر خىل ئېسىل ـ سۇپەتلىگى چىقىپ تۇراتتى. قىرغىزلارنىڭ يۇزى ياپلاق، مەڭزى قىپقىزىل ئ
كەن. ياندىن قاراشتا ئافغانلارنىڭ يۇز كىپتى سوزۇق ۋە ئېنىق كورىنەتتى. يەنە ھىندى دىنىدىكىۋە ئىسلام دى
نىدىكى ھىندىستانلىقلارمۇ، خەنزۇلارمۇ بار ئىدى. رەستىدە ئالتۇن چاچلىق، دېڭىز سۇيىدەك زەڭگەر كوزلۇكل
ەرمۇ ئۇچراپ تۇراتتى .ئۇلار ئېھتىمال ئارىيان قىنىدىكىلەر بولۇشىمۇمكىن. قەشقەردە كىشلەر زادى قەشقەرلىكل
ەرنىڭ زادى قايسى ئىرىقىقا تەۋە ئىكەنلىكىنى دەپ بېرەلمەيدۇ، چۇنكى نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئوخشىم
ىغان ئىرقتىكى كىشلەرنىڭ تەرەپ ـ تەرەپتىن كىرىشى بىلەن بۇ يەردىكى كىشلەرنىڭ قىنى خېلىلا شالغۇتلاشقا
ن. بەزى ئوغۇل باللارمۇ بەكېلىشكەن .بولوپمۇ ئورا كۆزلۆك كەلگەن 12 ياشلاردىكى ئوغۇل ـ قىزلار ناھايىتى
گۇزەل. ئۇلار دۇخاۋا، چىت رەختلەردىن كىيىم، يارىشىملىق تۇماق، دوپپىلارنى كىيسە، ئىتالىيانلارغا ياكى
ئىسپانلارغا ئوخشاپ كىتىدۇ. " لىكوك تۇرپان رايۇنىدىكى قىدىرىپ تەكشۇرۇش داۋامىدا يەرلىك خەلقنىڭ ئىرق
ىي ئالاھىدىلىكى ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ: شىنجاڭنىڭيەرلىك ئاھالىسى بىر خىل ئارىلاشما ھالەتتىكى شالغۇت
ئىرىقىقا مەنسۇپ بولۇپ، نۇرغۇنسايان ھەتچىلەر ئۇلارنىڭ چىرايىدىكى ياۋروپا ئىرقىغا خاس بولغان ئالاھىدىلىكل
ەرگە دىقەتقىلغانىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بەزى كىشلەرنىڭ كۆزى قوڭۇر، ھەتتا بەزىلىرىنىڭ كۆپكۆكبولۇپ،
ناۋادا ياۋروپالىقلارنىڭ كىيىم ـ كىچىگىنى كىيىپ، ياۋروپا شەھەرلىرىنى ئايلانسا،ھىچكىم ئۇلارنىڭ غەيرىي ياۋر
وپائىد ئىكەنلىگىدىن گۇمانلانمايدۇ. پرزىۋالسكى خوتەنبوستانلىقى بىلەن كېرىيە بوستانلىقىدىكى ۋە قۇرۇم تا
غلىرى ئەتىراپىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرقىي ئالاھىدىلىگى ھەققىدە مۇنداق يازغانىدى: .بۇ خەلقلەر جەنۇبىي ش
ىنجاڭنىڭ يەرلىكئاھالىسى بولۇپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي ـ جەنۇبىدىكى بوستانلىقلار ۋە تاغلىق رايونلاردا
ياشايدىكەن. ئۇلار ئۆزلىرىنى ماچىنلىقلار دەپمۇ ئاتايدىكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە تاغلىق رايونلاردىاياشايدىغان ما

چىنلىقلارنىڭ ئىرقىي ساپلىقى نىسپەتەن يۇقۇرى بولۇپ، بوستانلىق ۋەشەھەرلەردىكى ئاھالىلەر نىسپەتەن سىلى
ق ـ سىپايە كېلىدىكەن. ساپ ماچىنلىقلار موڭغۇل ئىرقى بىلەن ئارىيان ئىرقىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان
شالغۇت تۇركۇم بولۇپ، ئارىيانلىقلارنىڭ تەركىبى ئۈستۈنرەك ئورۇندا تۇرىدىكەن. بوستانلىق ۋە شەھەرلەردە يا
شايدىغان چىنلىقلاردا باشقا نۇرغۇن ئېتنىك گۇرۇپپىلارنىڭ تەسىرى بولغاچقا،سىرتقى قىياپىتى ئۈنچىلىك گەۋدىلى
ك ئەمەسكەن...” 1886 ـ يىلدىن 1894 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدا كوپ قېتىم
ئېكسپېدىتسىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ئەنگلىيىلىك يانغازبەند قۇمۇلدىكى ئانتوروپولوگىيىلىك تەكشۈرۈش
ھەققىدە مۇنداق يازغانىدى: “مەن جۇڭگونىڭشەرقىي قىسمىدىن يولغا چىقىپ، 2400 كىلومېتىر ماڭغاندىن كې
يىن، غەربىي دىيارنىڭ بوسۇغىسىدىن ئۆتتۈم ھەمدە يېڭى تىپتىكى ئىرقىي ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە كىشىلەرنى
ئۇچرىتىشقا باشلىدىم. بۇ يەردىكى ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ بويى نىسپەتەن ئېگىزرەك، بەدەن قۇرۇلمىسى مۇڭغۇللاردە
ك كۆچلۈك ئىكەن. يۈز تۈزۈلۈشى يۇمىلاقراق بولۇپ، مۇڭغۇللارغا سېلىشتۇرغاندا، سەل سوزۇنچاق كېلىدىكەن ۋ
ە راۋۇرۇس كورىنىدىكەن. بىراق، ، قەشقەر ۋە يەركەنتلەرگە سېلىشتۇرغاندا ،سالاپىتى سۇسراق، پەم ـ پاراستى ۋ
ە سەزگۈرلۈكى تۆۋەنرەك ھەمدە تۈز كېلىدىكەن...قۇمۇلنىڭمۇرغاي دېگەن يەرىدە مەن يەنە ئۇيغۇر ئاياللىرىنى
ڭ تەقى ـ تۇرقىغا دىققەت قىلدىم. ئۇلارچىرايىغا ئۇپا ـ ئەڭلىك سۇرتۇپ، پۈتنى بوغۇدىغان خەنزۇ ئاياللىرىغىمۇ
، يۈزى يوغانكېلىدىغان مۇڭغۇل قىزلىرىغىمۇ، شۇنىڭدەك تاغاق سوڭىكى بورتۇپ چىققان مانجۇ ئاياللىرىغىمۇ ز
ادىلا ئوخشىمايدىكەن. بۇ يەردىكى ئۇيغۇر ئاياللىرى چىرايلىق ۋە چېچەن كېلىدىكەن. گىرتسىيىلىك ياكى ئى
سپانىيىلىك ئاياللارغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇلارنىڭ چىرايىنى ئۇنچىلىك قارامتۇل دېگىلى بولمايدىكەن. ئوماق رۇخ
سارى، قاپقارا قوي كۆزلىرى خۇددى رەسىملەردىكى پەرىزاتلاردەك ئادەمنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىكەن. يارىشىملى
ق كىيىم كىيىپ، ئىككى تال ئۇزۇن ئورۇمە چاچ قويۇۋالىدىكەن ۋە بېشىغا قىزغۇچ دوپپا كىيىۋالىدىكەن. بۇندا
ق ياسانغاندا ئۇلار تېخىمۇ نازاكەتلىك كورۇنىدىكەن... ” بۇنىڭدىن كورىۋالغىلى بولدۇكى، ياۋروپالىقلارنىڭ
نەزىرىدىكى ئۇيغۇرلار تارىم ئويمانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئوخشىمىغان ئىرقىي ۋە ئېتنىك تۇركۇملەرنىڭ چوڭ تۇگې
مىنىدە يۇغۇرلۇپ چىققان، تېخىچە تاكامۇللىشىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانمۇرەككەپ ئېتنىك بىرلىك ئىدى. ئۇلار
نىڭ ۋۇجۇدىدا مەركىزىي ئاسىيادىكى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ، ھۇنلارنىڭ، تۇركلەرنىڭ، ساكلارنىڭ، تۇخرىلار
نىڭ، پارىسلارنىڭ، شۇنداقلا موڭغۇللارنىڭ ئوخشاش بولمىغان نىسپەتتىكى خۇرۇچى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ياۋ
روپا ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى ئىككىئىرقنىڭ__ياۋروپا ئىرقى بىلەن موڭغۇل ئىرقىنىڭ ئۆز ئارا قوشۇلۇش پاس
ىلىدا شەكىللەنگەنىدى. شۇڭلاشقا، ئۇلارنىڭ بەدەن قورۇلۇشى ۋە چىراي ـ شەكلىدە ھەر ئىككى ئىرقنىڭ ئالامە
تلىرى تېپىلاتتى. ھەتتا، ياۋروپا ئىرقىغا خاسئالامەتلەر خېلىلا ئۈستۈنلۈكنى ئىگەنلەيتتى. تارىم ئويمانلىقىدا ئ

وتتۇرا ئاسىيا ئېكسپەدىتسىيە قىزغىنلىقى كوتۇرۇلىشكە باشلىغان 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدىمۇ قەشقەر،
ياركەنت،خوتەن قاتارلىق سودا نىسپەتەن تەرەققىي قىلغان شەھەرلەردە ئۇيغۇرلار بىلەن خوشنا ئەللەردىن كەلگە
ن ئاسىيا مۇھاجىرلىرى( ئەنجانلىقلار، بۇخارالىقلار، ئافغانلار، تاجىكلار، كەشمىرلىلەر ۋە ھىندىلار)نىڭ جىددى
ي رەۋىشتە يۇغۇرۇلۇشى داۋاملىشۋاتاتتى .چوقان ۋەلىخانوفنىڭ بەرگەن مەلۇماتلىرىدىن قارىغاندا،19 ـ ئەسىرنى
ڭئوتتۇرىلىرىدا قەشقەر رايۇنىنىڭ يەرلىك ئاھالىسى تەخمىنەن 600 مىڭ ئەتراپىدا بولۇپ،ئۇلارنىڭ ئىچىدە
ئاسىيا مۇھاجىرلىرى بىلەن شالغۇتلار (ئۇيغۇرلار بىلەن قوشنا ئەللەردىن كەلگەن مۇسۇلمانلارنىڭ توپلىششىدىن
شەكىللەنگەن ئارىلاش قانلىقلار) 145 مىڭ ئەتراپىدائىكەن .بۇ سان ئوز دەۋرىدىكى قەشقەر رايونىنىڭ ئومۇمى
ي ئاھالىسىنىڭ توتتىن بىر قىسمىنىتەشكىل قىلىدىكەن. شۇڭلاشقا، ياپونىيە ئېكسپېدىيىچىسى تاجىبانا ئوز د
ەۋرىدىكى قەشقەرنىكۆرۈپ: "قەشقەرگە يىغىلغان مىللەتلەر ۋە ئوخشىمىغان ئىرقىي ئالاھىدىلىككە ئىگە كىشىلەر
ناھايىتى كوپ بولۇپ، بۇ يەر بەئەينى بىر ئىرىقلار بازىرىغا ئوخشايدىكەن. دۆلەتتەۋەلىكىدىن ئېلىپ ئېيتقان
دا، بۇ يەردە روسسىيەلىكلەر، ئەنگىلىيەلىكلەر ۋە باشقا ئەللەردىن كەلگەنلەر بار ئىكەن. روسسىيەلىكلەرنىڭ ئى
چىدە رۇسلاردىن باشقا يەنە سەمەرقەنتلىكلەر، ئەنجانلىقلار ۋە تاشكەنتلىكلەر بار ئىكەن .ئوخشاش بولمىغان ئې
تنىك تۇركۇمدىكى نۇرغۇن ئاھالىلەر بۇ يەرگە توپلىشىپ، مەركىزى ئاسىيادىكى ئىرىقلار مۇزېيىنى ھاسىل قىلغا
نىكەن ".

ئۇنتۇلغان، دۇنيا تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن مىللەت

ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ يېقىنقى زامانىدىكى بەختسىز كەچۈرمىشى ۋە سانسىزلىغان رىيازەتلىرى ئۇلارنى ئوزلىرىنى
ڭ ئىچكى مەنىۋى ئېنىرگىيىسىدىن مەھرۇم قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە دۇنيا بىلەن بولغان ئارىلىقنىمۇ يىرا
قلاشتۇرىۋەتكەنىدى. شۇڭلاشقا، ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيە قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلۈپ، ياۋروپالىق تەۋەككۇلچىلەر
بۇ يەرگە كېلىشكە باشلىغان ئاشۇ دەۋرلەردە ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدىكى ئەڭ غەپلەت ھالەتتە تۇرۇۋاتاتتى. نۇرغ
ۇن ئەجنەبىيلەر بۇ يەرگە كېلىشى بىلەن گويا ئۆزلىرىنى زۇلمەتلىك ئوتتۇرا ئەسىرگە بېرىپ قالغاندەك ھېس قىل
غانىدى. شۇنداق، بۇ يەردە زامانىۋى تۇرمۇش ئەسلىھەلىرى يوق ئىدى، ماشىنلاشقان قاتناش قوراللىرىمۇ يوق
ئىدى، پۈتكۈل مىللەتنى تەربىيلەيدىغان مائارىپ سېستىمىسى ۋەمەدەنىي كەيپىيات تېخىمۇ يوق ئىدى. بۇ يە
ردە پەقەت ئايىغى بېسىقمايدىغان جېدەل ـ يېغىلىقلار،ئوقۇپ تۈگۈتەلمەيدىغان تۆۋە ـ ئىستىغپارلار، دەۋر ئوزگەر

سىمۇ قەلبىي ئۆزگەرمەيدىغان ئىجتىمائىي رامكىلار، ئادەمنى ھەيرەتتە قالدۇردىغان نادانلىقلار ھوكۇم سۈرمەكتە
ئىدى .....

مانا مۇشۇنداق بىر دەۋردە،ئويغاق ياۋروپا بىلەن غەپلەتتە قالغان ئۇيغۇر جەمئىيتىنىڭ دەسلەپكى دىئالوگى با
شلاندى .

بىر توپ ئەجنەبىي تەۋەككۇلچىلەرئۆز تارىخى ۋە مىللىي مەدىنيەت مىراسلىرىغا نىسپەتەن قىلچىمۇ ھەقدارلىق تۇ
ۋيغۇسى بولمىغان،ھازىرقى زامان ئەھۋالى ۋە رىقابەت ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قالغان ، ئۆز ئەتراپىدىكى مۇھىتق
ا پاسسىپ ماسلىشىپ ياشايدىغان چېچىلاڭغۇ بۇ مىللەتنى سىرتتىن كۆزىتىشكە كىرىشتى ....

ـ 1887يىلى دىيارىمىزدا تەكشۈرۈش ئېلىپبارغان ئەنگلىيىلىك ياڭخاز بەند يەركەنتتىكى ئۇيغۇر جەمئىيتى ھ
ەققىدە مۇنداق دەپيازغاندى: ياركەنت مىنىڭ بۇ قېتىمقى شىنجاڭغا قىلغان سەپىرىمدىكى ئەڭ ئاخىرقى بازار
، شۇنداقلا مەن ئەڭ ئىنچىكە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانجايلاردىن بىرى. شۇڭا، مەن بۇ جاي ھەققىدە كورگە
ن ـ ئاڭلىغانلىرىمنىڭ ھەممىسنى يېزىپ چىقتىم... بۇدەۋردىكى يەرلىك ئاھالىلەر ئۆز ـ ئۆزىنى تەمىنلەيدىغان تە
بىي ئىگىلىككە تايىنىپ، بىرخىل تىنچ ۋە توختام سۇدەك ئۆزگەرمەس تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. قاتمۇقات تاغلار
نىڭ قورشاۋىدىن شەكىللەنگەن تەبىئىي جۇغراپىيىلىك توساق ئۇلارنى سىرتقى دۇنيادىن كېلىدىغان رەھىمسىز رى
قابەتتىن چەتكە قالدۇرۇپتۇ. سىڭگەن نىنىغا شۈكرى قىلىپ ياشايدىغان تۇرمۇش ئۇسۇلى ئۇلارنى ھەممە نەرسى
گە بىپەرۋالىق بىلەن قارايدىغان، ۋەزىيەتتىكى ئۆزگۈرۈشلەرنىڭ تەسىرگە ئۇنچىلىك ئۇچراپ كەتمەيدىغان قىلى
پ قويۇپتۇ. گەرچە بۇ يەردە نۇرغۇن يېڭىلىقلارر،ئىنقىلاپلار يۈز بېرىپ تۇرسىمۇ، ئەمما بۇ ئىشلارنىڭ مۇتلەق
كوپچىلىكى سىرتتىن كەلگۈچىلەرنىڭئويۇنى ھىساپلىناتتى. بۇ ھوكۇمرانىنىڭ ئورنىغا يەنە بىرسى ئولتۇرۇش، س
ۇلالىلەر ئالمىشىش دىگەنلەر بىلەن يەرلىك ئاھالىنىڭ ئۇنچىلىك كارى يوق ئىدى. بۇ ئۆزگۈرۈشلەرنىڭ ھەممىس
ىگە ئۇلار پەرۋاسىزلارچە ئىنكاس قايتۇراتتى. بۇنىڭدىن ھەرقانداق ئادەم تەبىئىي ھالدامۇنداق خۇلاسىسە چىقى
رالايدۇ: مۇنداق مىللەت رىقابەركە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، ئۇلار يەرگە باغلانغان ئۇششاق دېھقان ياكى يىراقنى
ى مولچەرلىيەلمەيدىغان ئادەملەر خالاس.يەر تېرىش ۋە ئۇششاق ئىپتىدائىي تىجارەتتىن باشقا ، ئۇلاردىن چو
ڭ ئىشلارنى كۈتكىلى بولمايدۇ.ئۇلار كىچىككىنە بىر دۇنياغا قامالغان. سىرتقى ئەللەردىكى ئۆزگۈرۈشلەرنى چۈش
ەنمەيدۇ،قاششاق، ھاياتى كۈچى يوق .ئۇلار پەقەت بۇ يەردىكى تار مۇھىتقا پاسسىپ ھالدا ماسلىشىپ،ئۆز ر
وزوغارىنى ئۆز يېرىدىن ئالسىلا كۇپايە. قانداقلا بولمىسۇن، كۈنىنىڭ سېرىقنى كۆرۈش ئۇلارنىڭ ئۇلارنىڭ تۇرم
ۇش مىزانى، ھەرقانداق بىر ۋەقە ئۇلارنى چوچۇتەلمەيدۇ،ئۇلارنى سەگىتەلمەيدۇ .

ئالبەرىت ۋۇن لىكوكمۇ مۇنداق دەپيازىدۇ: بۇ يەردە مائارىپ ئوقۇمى ئىنتايىن سۇس، ئەگەر بار دىيىلسە ھەج

ملەپ ئوقۇش ۋە يېزىش بىلەنلا چەكلىنىدۇ،خالاس. لېكىن، ھەممە كىشى دېگۈدەك بىر قىسىم ھىساپلاش بىلىم
لىرىنى بىلىدۇ. پۈتكۈل ئۇيغۇرلار رايۇنىدا بىرەرمۇ باسمىخانا ۋە ياكى مەتبەئە ئەسلىھەلىرى يوق. ئەمىلىيەتتە ئۇلار
نىڭ كاللىسى ئىنتايىن ئۆتكۈر بولۇپ، ئەگەردە ئۇلارغا ياخشى بولغان تەربىيەلەش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىلسە چ
وقۇم نەتىجە يارىتالايدۇ. بۇ مىللەتنىڭ تەدرىجى زەئىپلىشىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى بۇ يەرنىڭ ھەممىلا يېرىدە
ئۇچراتقىلى بولىدىغان ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىغا سىڭىپ كەتكەن قاششاقلىق، چۈشكۈنلۈك ھەمد
ە ئالدامچىلىقتۇر ”...

لىكوك يەنە تۇرپاندىكى ئاھالىلەرنى ئەسلەپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: “بىز تۇرپانغا كېلىپ بىر مەزگىل ئۆتكەندىن
كېيىن، بۇ يەردىكى يۇرت كاتتىلىرى بىزنى دائىم يوقلاپ تۇردى. بىر كۈنى بىز چۈشكەن ئۆيگە قازى ، ئاخۇ
ن ۋە بىرقانچە يۇرت موتىۋەرلىرى كەلدى. بىز ئۇلارنى ھورمەت ـ ئېھتىرام بىلەن كۈتىۋالدۇق. بىر ئاز ۋاقىت ئۆتك
ەندىن كېيىن ئۇلار گەپ تەشتى :

__تەقسىر، ئىككىلىرى يىراق ئەللەردىن بىزنىڭ يۇرتىمىزغا مۇساپىر بولۇشۇپ كىلىشىپلا، شۇڭا بۇ يۇرتتا مۇندا
ق بويتاق پىتى يۈرۈشىسلە قاملاشماس. ئەڭ ياخشىسى، ئۆي ـ ئوچاقلىرى بولۇپ، باشلىرىنى ئوڭشىۋىلىشسىلا
، بىز مۇشۇ ۋەجىدىن كەلدۇق .

__بىز ئالىقاچان توي قىلىپ بولغان،ئائىلىمىز بار،_دېدۇق ھەيرانلىق ئىچىدە .

__ئۇنىسى بىزگە مەلۇم، ئەپەندىم. بىراق،ئىككىلىرىنىڭ مەزلۇملىرى بۇ يەردىن ناھايىتى يىراقتا قالدى. ئەر
كىشى سەپەرگە چىقىپ ئۈچ ئايدىن كېيىن خوتۇنىسىز يۈرسە شەرىئەتكە خىلاپ بولىدۇ، بىزنىڭ يۇرتىمىزنىڭمۇ
خاتىرجەملىكى بۇزۇلىدۇ. شۇڭا، بۇ يەردە قايتا نىكاھلانماقلىرى بەرھەقدۇر. ئەگەر خالىسىلا قازىغوجام بىلەن
ئاخۇنۇمنىڭ قىزلىرىنى ئەمرىلىرىگە ئىلىشالا، ـ دىيىشتى ئۇلار ساقاللىرىنى سىلىشىپ .

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بىز ناھايىتى ئوڭايسىز ھالدا قالدۇق ھەمدە نىمە دىيىشىمىزنى بىلمەي قالدۇق .يۇرت ئا
تىلىرىنىڭ بۇ تەكلىپىنى قانداق قىلىپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتمىغان ھالدا رەت قىلغىلى بولار ـ ھە؟ !

مەن ئالدى بىلەن ئۇلارغا تەشەككۇرۇمنى بىلدۈردىم، ئاندىن مۇنداق دېدىم :

__ھورمەتلىك ئاقساقاللار، سىلەرمۇ بىلىسلەر، بۇ يەردە ھوكۇمەتنىڭ ئامباللىرى بار. ئۇلار ھەر ھەپتىدە بىر قېت
ىم بىزنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇۋاتقان باش ئەلچىسىگە بىزنىڭ بۇ يەردىكى ئەھۋالىمىزنى مەلۇم قىلىپ
تۇرۇۋىدۇ. باش ئەلچى بولسا بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى بېرلىندىكى گېرمانىيە پادىشاھىغا يەتكۈزىدۇ. بىزنىڭ دۆلىتى
مىزنىڭ قانۇنىدا بىرئەركەكنىڭ پەقەت بىرلا خوتۇن ئېلىشى بەلگىلەنگەن. ناۋادا گېرمانىيە پادىشاھى بىزنىڭ
بۇ يەردە يەنە خوتۇن ئېلىپ، ئۆي ـ ئوچاقلىق بولغىنىمىزنى ئاڭلاپ قالسا، سىلەر دەپ بېقىڭلار، بىزنى قانداق

جازاغا تارتىشى مۇمكىن؟

ـــياق بىلمەيمىز، تەقسىر! ـ دەيىشتىئۇلار ساقاللىرىنى يەنە بىر قېتىم سىلاپ .

ـــئەمسە، مەن دەپ بېرەي، ھەربىرىمىزنىيوغان كالتەك بىلەن 25 قېتىم ئۇرىدۇ !

ئۇلار گېپىمىزنى ئاڭلاپ، بىزنىڭ دۆلىتىمىزنىڭئاتالمىش (جازا) سىدىن چۆچۈپ كېتىشتى ۋە ناھايىتى ئەپسۇسلانغانلىقىنى بىلدۈرۈپ كېتىشتى .

گۇننار ياررىڭ ئۆزىنىڭ 1929 ـ يىلى9 ـ ئايدا قەشقەردىكى ئوردا مازىرىنى زىيارەت قىلغان چاغدىكى كەچۈرمىشلىرىنى ئەسلەپ مۇنداق يازىدۇ: بىز مەپىگە ئولتۇرۇپ دۇشەنبە دېگەن كىچىك بازارغا كەلدۇق. ئاندىن بازارنى پىيادەئايلاندۇق. كىشىلەر بىزدىن قاتتىق ھەتران بولۇشتى.ئىلگىرى بىر كىمنىڭ فەراڭىس (فەرەڭ، يەنى ياۋروپالىق) نى كورگەنلىكى ھېچكىمنىڭ ئېسىدە قالماپتۇ. بىر توپ كىشلەر ئارقىمىزدىن ئەگىشىپ دەڭگىچە باردى .ئۇلار دەڭگە كىرگەندىن كېيىن، توختاپ بىزنىڭ يۇرۇش ـ تۇرۇشلىرىمىزنى كوزۇتۇشكە باشلىدى .بىز ئىككىنچى كۈنىئاچچىق دېگەن جايغا يېتىپ باردۇق. بۇ يەردىكى ئاھالىلەرمۇ دۇشەنبىدىكىگە ئوخشاش بىزنىكۆرگىلى دەڭگە يىغلدى. بىز ئۇلاردىن بۇرۇن ياۋروپالىقلارنى كورگەن ـ كورمگەنلىكىنى سورىساق :

ـــكىچىكىمدە بىر پەرەڭنى كورگەنىدىم، ـ دەپ جاۋاپ بەردى ئۇلاردىن بىرەيلەن.مەن ئوقۇغان كىتابىمغا ئاساسەن، ئاشۇ ياۋروپالىقنى ئەنگىلىيە ئارخىئولوگى ئاۋرېل ستەيىن بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم .تەخمىنەن بۇنىڭدىن 25 يىل بۇرۇن ئۇ بۇ يەرگە كەلگەنىدى .

مانا بۇ ئەجنەبىي تەۋەككۇلچىلەرنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى ئوز دەۋرىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ رىئاللىقى ئىدى.

ئۇلار دۇنيانى چۈشەنمەيتتى،دۇنيا ھەققىدىكى يېڭى ئۇچۇرلاردىن بىخەۋەر ئىدى .چەكلىك بوستانلىقلاردىكى چەكلىك يەرلەرگەباغلىنىپ، ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد ئوزگەرمەيدىغان تۇرمۇش مۇھىتى ئىچىدە ياشاپ كەلگەنىدى. شۇڭلاشقا،كوپلىگەن ياۋروپالىقلار ئۇلارنى باشقىلار تەرىپىدىن ئۇنتۇلغان، دۇنيا تەرىپىدىن تاشلىۋەتىلگەنمىللەت ، دەپ بىلگەنىدى .

بوستانلىق خەلقى ۋە قۇملۇق پىسخىكىسى

فىلىپ كەتتى ئۆزىنىڭ ئەرەب ئومۇمىي تارىخى ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە: پۇرسەت تاپسىلا باشقىلارنىڭ مەدىنىيىتىئارقىلىق ئۆزىنى سۇغۇرۇپ تۇرۇش قۇملۇق خەلقلىرىنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى ئىدى. دەپيازغانىدى. دەرۋەقە، ئىگىز تاغلارنىڭ قورشاۋى ئىچىدە تۇرغان تارىم ئويمانلىقى بەئەينىدۇنيادىن ئايرىۋېتىلگەن بىر چوڭقۇر

ئارالغا ئوخشايدۇ. بۇ چوڭقۇرلۇقتا مەركىزىي ئاسىيادىكى ئەڭ قورقۇنۇچلۇق جەزىرە__تەكلىماكان قۇملۇقى سوزۇل
ۇپ ياتىدۇ. ئەتراپتىكى تاغلاردىن ئېقىپ چۈشكەن پەسسىللىك دەريا ـ تاراملار ئەنە شۇ زور قۇملۇققا قاراپ تىۋ
ىشىسىز ئاقىدۇ. تارىم ئويمانلىقىدىكى كوپلىگەن قەدىمىي مىللەتلەرنى ئۆزىگە يۇغۇرۇپ، شانلىق بوستانلىق مەدە
نىيىتى ياراتقان ئۇيغۇر خەلقى مانا مۇشۇ قۇرغاق زېمىندا ئىككى قولىغا تايىنىپ رەھىمسىز تەبىئەت بىلەن كورە
ش قىلىپ كەلدى. ئۇلار ئەلمىساقتىن بۇيان، بوستانلىق بىلەن قۇملۇقلارنىڭ ، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئىچك
ى بىرلىكىنى ھەمدە دىئالېكتىك قانۇنىيىتىنى ساقلاپ كەلگەندى. قۇم ئاستىغا غەرق بولغان سانسىزلىغان شەھ
ەرلەرنىڭ ئورنىغا يېڭى شەھەرلەرنى بىنا قىلىپ كەلگەندى. ئۇلار يەنە تەبىئەتنى قانداق پەپىلەشنى، قۇملۇقلا
رنى قانداق ئەيۋەشكە كەلتۈرۈشنى، سۇ مەنبەلىرىدىن قانداق پايدىلىنىشنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭلاشقا، ئۇست
ىدىن ئۇچار قۇشلار، تىگىدىن ئادەمزات ۋە چاھارپايلار ئۆتەلمەيدىغان بۇ جەزىرىنى ئوزلىرىنىڭ سۆيۈملۈك ۋەتىن
ى، ئانا يۇرتى ،كىندىك قىنى توكۇلگەن تۇپرىغى قىلىپ كەلگەندى...

لىكوكمۇ ئوز خاتىرىسىدە بۇ نوقتىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ ۋە مۇنداق يازىدۇ:"بۇ رايۇندىكى ھاياتلىقنىڭ مەنبە
سى تارىم دەرياسى ۋە ئۇنىڭغا ياندىش بولغان دەريا ـ تاراملار بولوپ، پۈتكۈل تارىم ئويمانلىقىغا ئومۇمۇيۈزلۈك تورد
ەك يېيىلغان .ئەقىل ـ پاراسەتلىك، ئىشچان يەرلىك خەلقلەر ئوزلىرىنىڭ پەم ـ پاراستىگە تايىنىپ، سانسىزلىغا
ن پەۋقۇلاددە سۇغىرىش سېستىمىسىنى بەرپا قىلغان.ھېچنىمە ئۇنمەيدىغان قاقاس زىمىننى گۈزەل بوستانلىققا ئا
يلاندۇرغان. لىكوك يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ:بۇ يەردىكى ئاھالىلەر ھىچقانداق ئۆلچەش ئەسۋابلىرى بولمىغان
شارائىت ئاستىدىمۇ، يەرلەرنىڭ قانچىلىك سۇ ئىچىدىغانلىغىنى ، سۇ سىڭىش مىقدارىنىڭ قانچىلىكلىگىنى بىلەل
ەيدىكەن ھەمدە قولىدىكى كەتمىنى بىلەن ئەقىللىق كاللىسىغا تايىنىپ چەكلىك سۇ مىقدارىدىن تولۇق پايدىل
ىنالايدىكەن. ئەلۋەتتە ،ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئالاھىدە ئەقىل ـ پاراستى نەچچە مىڭ يىللىق ئەمىلىي تەجر
ىبىسىنىڭ جۇغلانمىسىدۇر. ئۇلار مۇشۇ جەھەتتىكى ئەقىل ـ پاراستىگە تايىنىپ ، يەر ئاستى سۈيىنى يەرئۈستىگە
باشلاپ چىقىدىغان ئالاھىدە سۇغىرىش سەستىمىسى__كارىزنى كەشپ قىلغانىدى ."

ئەجنەبىي تەۋەككۇلچىلەر يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ مىجەز ـ خاراكتىرىدىن ئالاھىدە جۇلالىنىپ تۇرغان تاشمايىل ئەندى
ىشىسىنى بايقىغانىدى.بۇ پىسخىك ئەندىزىدە يەنە ئوچۇق ـ يورۇقلۇق، مېھماندوستلۇق، يۇمۇرلۇق تۇيغۇغا ۋە
كۈلكە ـ چاقچاققا بولغان ھېرىسمەنلىك، ناخشا ـ ئۇسۇللۇق ۋە مۇزىكىغا بولغان ئالاھىدە ئىشتىياقنىمۇ ھېس قىل
غانىدى. قول ئىلكىدە بارى ـ يوق تەئەللۇقاتىنىڭ ھەممىسىنى مېھمانغا سۇنىدىغان، ئەتىنى ئويلىمايدىغان، با
شقىلارنىڭ خۇشاللىقىنى ئۆزىنىڭ خوشاللىقى دەپ بىلىدىغان تەرەپلىرىنىمۇ بىلگەندى. شۇڭلاشقا گۇننار ياررىڭ
ىنىڭ : مىنىڭ سېغىنىدىغىنىم قەشقەر شەھرىنىڭ بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىكى ئاشۇ سېھرى كۈچى ۋە مېنى قەدىناس دەپ

بىلدىغان ئاشۇ ئۇيغۇرلاردۇر. .دىگىنى ئەجەبلىنەرلىك بولمىسا كېرەك. سۈن ھېدىنىنىڭ تاكى ئۆلۈپ كەتكۈچە لوپنۇردىكى ئاشۇ سەممىي، ئاق كۆڭۈل، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداملىق دوستلىرىنى__ئوردەك، سادىق، خۇدا گۇل، ئابدۇرەھىم قاتارلىقلارنى سېغىنىش ئىچىدە ئەسلىشىشۇ سەۋەپتىن بولسا كېرەك!

# ئۇيغۇر كىمگە سېلىشتۇرۇلدى

: چېكىلىشى باشقۇرغۇچى : يوللىغۇچى نامەلۇم : كىلىش مەنبەسى 12:03 04 ـ 10 ـ 2011 : يوللىغان ۋاقتى

105 قېتىم

**ئۇيغۇر كىمگە سېلىشتۇرۇلدى**

**ئايۇپ ئابدۇۋەلى**

**خاتىرىمىزدە ئۇيغۇرنىڭ باشقىلارنىڭ نەزىرىدە "ئۇيغۇر كىمگە ئوخشىدى، كىمگە ئوخشايدۇ" مازۇلۇق زىياللىلىرىنىڭ قەلىمىدە كىمگە ئوخشۇتۇلغانلىقى ۋە ئەمەلىيەتتە كىمگە كىمگە ئوخشىغانلىقى، ئۇيغۇر قانداق ئوخشايدىغانلىقى... ھەققىدە ئويلىنىشلاردا بولغاندۇق. بىز مىللىتىمىزنى كىمنىڭ**

ئاتا ـ بوۋىمىزدىن  ئوخشىتىشنى چەكلەش ھوقۇقىمىز يوق، ئەمما خەقنىڭ نەزىرىدىكى ئۇيغۇرلۇق بىلەن قىلالايدىغىنىمىز، خەق بىزنى كىمگە ئوخشاتسا  .قالغان ئۇيغۇرلۇقنى تاللاش ئەركىمىز بولۇشى كېرەك رىياللىقتىكى بىقوۋۇللۇقنى ئەجدادلارنىڭ سىماسىدىن  شۇنىڭغا ئوخشاشقا مايىل بولماسلىق، .ئەينىكىدە كۆزەتمەسلىكتۇر ئىزدىمەسلىك، ئۇيغۇرنى ئىللەت

ھادىسلەرنى كۆزەتكەندە ۋە ئويلاشقاندا ئوخشىتىشتىن  ئەمەلىيەتتە، ئىنسانلار شەيئىلەر ۋە ئۇچرايدىغان شەيئى كۆپ ئۇچرادىغان شەيئىگە، قىسمەن بىلىنگەن ھادىسە  ساقلىنالمايدۇ. ئادەتتە ئاز ھادىسگە ئوخشىتىلىدۇ. شۇڭا خەنسۇلاردا مۇسۇلمان ئۇيغۇرنىڭ ئەرەبكە  تولۇق بىلىنگەن .مەسۇم يىگىت قىزلىرىمىزنىڭ تالىبانغا ئوخشىتىلىشى بىز ساقلىنالايدىغان ئىش ئەمەس ئوخشىتىلىشى، كېڭىيىشى.  كىشنى ئېچىندۇرىدىغىنى بۇنداق نامۇۋاپىق، ھەتتا خەتەرلىك ئوخشۇتۇشلارنىڭ داۋاملىق ئەمما ئەسلىمىز نەزەردىن ساقىت  توغرا، بىز باشقىلارنىڭ نامۇۋاپىق ئوخشۇتۇشلىرىدىن خالى بولالمايمىز، داۋاملىق تەشۋىق قىلىنىۋەرسە ماھىيىتىمىز ئۇنتۇلۇپ  قىلىنىپ كىملەرنىڭدۇر ئارزۇسىدىكى قىياپىتىمىز .قېلىشى مۇمكىن

مەلۇم بولغاندەك، نوۋەتتىكى خاتىرىمىز ئۇيغۇرنىڭ كىمگە سېلىشتۇرۇلغانلىقى ھەققىدە ماۋزۇيىمىزدىن قىلىىدۇ. كىشلەر بىر  بولىدۇ. شەيئىلەرنى بىلىشتە كىشلەر ئوخشىتىشتىن قالسا سېلىشتۇرۇشقا مۇراجەت شەيئىگە ئوخشىتىۋالىدۇ، يەنە بىر  شەيئىنى بىلىشتە بىر بولسا ئۆزىگە ناتونۇش شەيئىنى تونۇش بىر شەيئىگە سېلىشتۇرىدۇ. شەيئىلەرنى ئوخشىتىش ئارقىلىق  بولسا ئۆزى پىششىق بىلگەن شەيئىنى يەنە بىر ھىچ گەپ يوق، ئوخشىغۇچىنى بىلسىلا كۇپايە. ئەمما سېلىشتۇرۇشتا  چۈشىنىشتە ئوخشالغۇچىنى بىلمىسە .ئېنىق بىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ ئىككىلا شەيئىنى

بولۇپ ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ تىلىنى ئەرەبچىگە  تارىخقا قارىساق بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرى تۈنجى تىلدا كامالەت ئىگىسى بولغاچ سېلىشتۇرمىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك  سېلىشتۇرغان. بوۋىمىز مەھمۇد ئىككىلا قۇتادغۇبىلىك" نىڭ مۇئەللىپى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋەكىللىك قىلىۋاتقان " بولغان. مەھمۇد كاشغەرى

كېيىن مەدەنىيەتنىڭ ساھىبى بولغاچقا سىلىشتۇرۇشتا خەقنى ئۆلچەم قىلىۋالمىغان. ئۇندىن يۇكسەك بىر بىلەن پارسلارغا ئۇيغۇر ئۇيغۇر نەۋايى قەلىمىدە پارسلارغا سېلىشتۇرۇلغان. نەۋايى پارسچە ئەسەرلىرى ئىدى. ئەلشىربەگنىڭ تۈركچە ئەسەرلىرىنى تۈركچە ئەسەرلىرى بىلەن تۈرك دۇنياسىغا مەشھۇر ئەدىپ ئەسەرلىرىڭنى ھېلىمۇ ياخشى تۈركچە يېزىپسەن، ئەگەر ئوقۇغان پارىس شائىرى ئابدۇراخمان جامى "بۇ ئەدىپلەر چوققا ئىگىلىنىپ بولۇپتۇ دەپ ئۆزلىرىنى تاشلىۋېتەركەن" دېگەن پارسچە يازغان بولساڭ پارس يازغانىكەن. نەۋايى پارسچە بىلەن ئۇيغۇرچىمىزنى سىلىشتۇرۇپ شۇ دەۋردىكى ئەرەبچە مەندە نەزمە دەلىللەپ ھەسەل تىل، پارسچە شەكەر تىل دېگەننگە قارشى ئۇيغۇرچە سەنئەت تىلىدۇر دېگەن قاراشنى كۆرمىدۇق. مەنچە ئىلى چىققان. نەۋايىدىن كېيىن ئۇيغۇرنى باشقا بىر مىللەتكە سىلىشتۇرغاننى ئۆزىنى رۇسلارغا سىلىشتۇرغان بولۇشى سۇلتانلىقى چارروسىيە ئىمپىرىيەسىگە يەم بولغاندا ئۇيغۇرلار ئىكەن..."، "يەتتە سۇغا كۆچ دەيدۇ، بارار مۇمكىن. "ئوروس ھارۋىسى دەيدۇ، ئالدى چاقى پەس كۆزى كۆك بېشى يۇڭلۇق." دېگەن قوشاقلاردىن بىز يېرىمىز قۇملۇق. راست گېپىنى ئېيتمايدۇ، سىلىشتۇرۇپ باققانلىقىدىن خەۋەر تاپىمىز، ئەمما بۇ ھەقتە مۇكەممەلرەك خەلقىمىزنىڭ ئۆزلىرىنى رۇسلارغا يوق. رۇس ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن رۇسلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بىر ئەقلى بىر ئەسەر زىيالىنىمۇ سىلىشتۇرما بولغانلىقى كۆرۈلمەيدۇ. بۇنداق سىلىشتۇرمىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن بىرەر بىپەرۋالىق ياكى ئۆچمەنلىكتىن كۆرمەيمىز. مەنچە ئۇ دەۋردە ئەقلى سىلىشتۇرمىغا قارىغاندا مايىللىق، .قىلىش مۇمكىن ئىبارەت تۇيغۇلارنىڭ ئارىلىشىپ كەتكەنلىكىنى پەرەز

بولمىغاچقا ئۇيغۇرنىڭ ئۆزىنى چىگرا تاقاق ئىشكلىرىمىزدىن چىقماق ۋە كىرمەك كۆپ كىشىگە نىسىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ بىلىشىمچە مۇشۇ كۈنگىچە سىرتىدىكىلەرگە سىلىشتۇرىشى بەكمۇ كېچىكىپ يەھۇدىلارغا، سىگانلارغا ۋە ھىندىيانلارغا سىلىشتۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار تۈركىيە تۈركلىرىگە، تۈركىيە تۈركلىرىگە سىلىشتۇرغان ئەسەر كىتاپ بولۇپ نەشر قىلىندى. مەسىلەن، "يىراق ئۇيغۇرنى بايانلار، پاراڭلار، قىرلاردىن ئانا يەرگە سالام". ئۇيغۇرنى يۇقارقى باشقا مىللەتلەرگە سىلىشتۇرغان كەلپىنلىك ئاغىنىلىرىم "بىز دېگەن ئۇيغۇرنىڭ سۆھبەتلەر دائىم قۇلىقىمىزغا ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن

ئۇيغۇرنىڭ خەقتە يوق ناخشا ـ ئۇسۇلى كۆزىگە جىن كۆرۈنىدىغان .يەھۇدىلىرى" دەپ پەخىرلىنىشىدۇ ئاغىنىلىرىم ئۇيغۇرنى سىگانلارغا سېلىشتۇرىدۇ. ئۇستاز تەكلىماكانىنىڭ " ئۇيغۇردىكى بەزى ئىنكارچى ئۆتكۈنۈمدەك ئەبگالىق" دېگەن يازمىسىدا ئۇيغۇر ھىندىئانلارغا سېلىشتۇرىلىدۇ. يۇقاردا دەپ سېلىشتۇرغۇچى ئىككىلا شەيئىنى سېلىشتۇرۇش شەيئىلەرنى چۈشىنىشتىكى ئۇسۇللارنىڭ بىرى، ئەمما ئىككى شەيئى ئوخشاش شارائىت، ئوخشاش ياخشى بىلىشى كېرەك. ئۇندىن باشقا سېلىشتۇرۇلغان كېرەك. مەسىلەن، قوش تىل مائارىپىنىڭ ئۈنىمىنى ئۆلچەمدە ئوخشاش مەقسەد ئۈچۈن سېلىشتۇرۇش يەسلىدىن، باشلانغۇچتىن، تولۇقسىزدىن خەنزۇچە مەكتەپكە، سېلىشتۇرغاندا ئەڭ ئۆتكۈر باللارنى تاللىۋېلىپ بۇلارنى شاللىنىپ قالغانلار ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇرچە مەكتەپ، ئۇيغۇرچە ياكى قوش تىل سىنىپىغا .بىلەن سېلىشتۇرسا ئادىللىق بولمايدۇ سىنىپ

ئەمەلىيەتتە مەدەنىيەت (كۇلتۇر) لەرنى سېلىشتۇرۇشتۇر. مىللەتلەرنى مەنچە مىللەتلەرنى سېلىشتۇرۇش ئامىل مەدەنىيەت ( توغرىسى كۇلتۇر، ھەزارەت) تۇر. ئەمەلىيەتتە ھەرقانداق مىللەتتە پەرقلەندۈرىدىغان بۇلارنى .خاس كۇلتۇر بولىدۇ، ھەتتا بەزىلەرنىڭ "كۆزىگە سىغمايدىغان" ئادەتلەرمۇ بولىدۇ سۆيۈنۈپ سۆزلىگەن تىل، يىغىپ مەدەنىيەت (كۇلتۇر) دەيمىز. بىر خەلق توغرا دەپ قارىغان ئىش، شۇ خەلقنىڭ كۇلتۇرى ھىساپلىنىدۇ. راھەتلىنىپ تۇرغان ئۆي، كۆنگەن خۇي قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى گېرىلىك پەرقى بولمايدۇ. بىر خەلقنىڭ مەدەنىيىتىگە ـمەدەنىيەتتە ئىلغارلىق ـ قالاقلىق، زامانىۋىلىق قىلىشقا ھوقۇقلۇق. باشقىلارنىڭ ئاق كۆك دېيىشى ئەخلاقسىزلىق مەزكۇر خەلقنىڭ ئەزالىرىلا ھۆكۈم ئىلغار، قالاق دەپ ئايرىش مۇستەملىكچىلىكنىڭ قالدۇقى خالاس. مەنچە بولىدۇ. مەدەنىيەتلەرنى ئۆزگىچىلىكتىن مىللەتلەرنى سېلىشتۇرۇشقا توغرا كەلسە خاسلىقنى بىلىش، تەھلىل قىلىش ۋە ئەگەر .زوقلىنىش دائىرىسىدە چەكلەنسە مۇۋاپىق

تۈركىيلىككە سېلىشتۇرۇلسا بولامدۇ؟ ئۇيغۇر

نېمىنى سېلىشتۇرىمىز، نېمە مەقسەدتە سېلىشتۇرىمىز، شارائىت مەنچە بولمايدىغان يېرى يوق، ئەمما ئويلىشىمىز، قانداق ئۆلچەمنى قوللۇنۇپ سېلىشتۇرىمىز دېگەنلەر ئايدىڭ بولۇشى ئاملىنى قانداق قىلدىمۇ؟ ئۇنداقتا ئۇيغۇر بىلەن تۈركىيىلىكنى سېلىشتۇرغان ئەختەم ئۆمەر يۇقارقىلارغا ئەمەل .كېرەك جاۋاپ بېرىشتىن ئاۋۋال ئەختەم ئۆمەر ئۇيغۇر بىلەن تۈركىيىلىكنى مۇكەممەل چۈشىنەرمىدى؟ بۇلارغا تۈرك ئايالىنىڭ كوچىدا لاي بولغان ئاپتۇرنىڭ سېلىشتۇرمىسىغا قاراپ باقايلى.ئاپتۇر ئەسرىدە بىر ئاۋۋال پاكىزە سۈرتكەنلىكنى يازىدۇ. بۇنى ئۆزىنىڭ ۋە قىزىنىڭ ئايىقىنى چوڭ يولغا چىقىشتىن تازىلىقنى ئاسرايدىغان پەزىلەتلىرىگە مىسال قىلىدۇ. ئۇيغۇرنى تۈركلەرنىڭ ئاڭلىق، پاكىز، جامائەتنىڭ ئەخلەت چېلەكلىرى تەييار تۇرسىمۇ كوچىغا ئەخلەت تاشلايدىغان، كوچىلار بۇنىڭ قارشىسىغا قويۇپ ئاجىز قالاقىقا چىقىرىپ تازىلانسىمۇ پاكىزلىككە ھېچ رۇئايە قىلمايدىغان، ئاممۇبىي تازىلىق ئېڭى يېڭىلا ئەنقەرە، ئىزمىر، قاتارلىق شەھەرلەرنى ئەيىپلەيدۇ. مەن ئالتە ئاي تۈركىيەدە بولدۇم، ئىستانبول، پەقەت كۆرەلمىدىم. ئەكسىچە ئەنقەردە تاماكا چېكىپ كەزدىم، لېكىن ئەختەم ئۆمەر كۆرگەن مەنزىرىنى تاماكا قالدۇقىنى خالىغانچە كوچىغا تاشلاۋاتقانلىقىنى، ساقچىلار ئىشتىن كېتىۋاتقان قىز يىگىتلەرنىڭ قىزىل ئاي مەيدانىدا كاۋاپچىلارنىڭ ئىس چىقىرىپ كاۋاپ پۇشۇرىۋاتقانلىقىنىنى، پۇتبول چۈشكەندە كۆردۈم. ماڭا بۇلار مۇسابىقىسىدە كۇماندىسى يېڭىلگەن مەستانىلارنىڭ ئورۇندۇقلارنى چېقىۋەتكەنلەرنى قىزىل ئاي مەيدانىغا قېچىپ ئىللەت تۇيۇلمىدى. پەقەت دۆڭكۆۋرۈكتىكى ئۇيغۇرلارنى ئەنقەرەدىكى بۇرادەرلەرگىمۇ ھېلىقى ئانا ـ بالىنىڭ كەلگەندەكلا ھىس قىلدىم. تۈركىيەدە ئون يىللاپ تۇرغان ئۇيغۇرمۇ ھېچ قاچان ئايىغىغا يۇققان لاينى تەسىرلىك كۆرۈنىشى ئۇچرىماپتۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، ئۆمەر بۇ يەردە تاسادىپى توغرا كېلىپ قالغان بىر سۈرتمىگۇدەك ھالدا ئەمەس. دېمەك، ئەختەم ئۇيغۇرغا باھا بەرگەن. ئۇندىن باشقا ئەڭ مەشھۇر مىسالى سۇيقاشنى كۆرۈنۈشنى سېلىشتۇرما قىلىپ مەسلىسى. بۇ بىر ئەيىپ سانىلىدىغان ئىش ئەمەس. يەنە كېلىپ بۇ بىرقىسىم ئاۋازلىق ئىچىش ئادىتى بولۇپ مىللەت بىلەن مۇناسىۋتى يوق. ئۇيغۇرنىڭ خەققە ئاڭلانغۇدەك شالاپشىتىپ كىشىلەرنىڭ ئاۋاز چىقارماسلىقا تاماق يەيدىغان ئادىتىمۇ يوق. بولۇپمۇ ئۇيغۇر خانىم قىزلىرى تاماق يىگەندە قەتئى

ئېغىر ئېلىنىدىغان مىللەتنى شالاپلىتىپ  تىرىشىدۇ. تاماق يېگەندە ئاۋاز چىقىرىش ئەمەس پاراڭ سېلىشمۇ ئۆمەرنىڭ خاتىرىسى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن  تاماق يەيسەن دەپ ئەيىپلەشمۇ ئىشمۇ؟ ئەختەم چىققانلارنىڭ قەستەن ياكى چاخچاق قىلىپ "تاماقنى ئاۋاز  چەتئەلگە يېڭى چىققانلارغا بۇرۇن ئادەتكە ئايلىنىپ قالدى چىقارماي تۇزۇك يە" دېيىشى.

تۈركىيە تۈركلىرىنى ئېنىق چۈشەنمەي تۇرۇپ ئۆلارنى  ئەختەم ئۆمەر ساياھەت خاتىرىسىدە تۈركىيەنى ۋە ئۇيغۇر تۈركلىرىگە سېلىشتۇرغان. سېلىشتۇرمىدا تۈركىيە تۈركلەرى ئۆلچەم  ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان قالغاچقا ئاپتۇرچە بىزنىڭ تۈركىيە تۈركلىرىگە ئوخشمايدىغان تەرەپلىرىمىزنىڭ ھەممىسى بولۇپ مەدەنىيەت ۋە قالاق  ئەيىپىمىز بولۇپ قالغان. ئەختەم ئۆمەر بۇ يەردە مەدەنىيەت (كۇلتۇر) لەرنى ئىلغار ئىكەنلىكىنى، مەدەنىيەتلەرنى  مەدەنىيەت (كۇلتۇر) دەپ ئايرىشنىڭ مۇستەملىكىچىلىكنىڭ ئىپادىسى ئويلاشمىغان. ئەلۋەتتە بۇ بىر ئەختەم ئۆمەرنىڭ سەۋەنلىكى  سېلىشتۇرغاندا مۇتلەق ئۆلچەمنىڭ يوقلىقىنى ۋە كۇندىلىك تەشۋىقات كۇلتۇرلەرنى زامانىۋىي ياكى ئەمەس دەپ قارمۇ  ئەمەس، بىز ئالغان تەربىيە ئايرىيدۇ.  ئەختەم ئۆمەرنىڭ سېلىشتۇرمىسىدا تۈركلەر ياشاۋاتقان ئىجتىمائى شارائىت، قارشى قۇتۇپقا ئايرۇپىلاندىكى  سىياسىي تۈزۈم، ئىقتىسادىي سەۋىيە پەقەت ئويلۇشۇلمىغان. بۇ خۇددى پىيادە يولۇچىنى باقىدۇ، ئەلۋەتتە. ماددىي،  سەپەرچىگە سېلىشتۇرغانلىق بولۇپ نەتىجە سېلىشتۇرغۇچىنىڭ خاھىشىغا ئۇيغۇرلار ئاساسەن ئوخشاش. پەقەت تۈركلەر قەشقەر  سىياسى شارائىتلىرىنى ئويلاشمىغاندا تۈركلەر بىلەن ئۇيغۇرلىرىدەك پۇختا، غۇلجا ئۇيغۇرلىرىدەك مەغرۇر، كۇچا ئۇيغۇرلىرىدەك  ئۇيغۇرلىرىدەك سۆزمەن، خوتەن باغىرى  قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىدەك سىلىق سۆز، ئارتۇچ ئۇيغۇرلىرىدەك چىۋەر، تۇرپان ئۇيغۇرلىرىدەك مۇلايىم، ئۇيغۇرلىرىدەك خۇشخۇي،  يۇمشاق، كورلا ئۇيغۇرلىرىدەك سېخى، ئاقسۇ ئۇيغۇرلىرىدەك پىداكار، چۆچەك تەڭرىتاغ باغرىدىكى ھەرقايسى  ئالتاي ئۇيغۇرلىرىدەك قەيسەر.  ھازىر تۈركىيەدە ياشاۋاتقان مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئەختەم ئۆمەر تىلغا  بوستانلىقلاردىن كەلگەن، ھەتتا بەزلىرى ساۋاتسىز ئۇن كۇنگە قالغىنى، ياكى چېنىپ، شاللىنىپ قالغىنى يوق.  ئالغان "ئىللەت" لىرى سەۋەبلىك يامان

ئويۇنچۇق زاۋۇتى قاتارلىق كارخانىلارنى قۇرۇپ نەچچە يۈز ئەكسچە تېرە زاۋۇتى، مىق زاۋۇتى، بېرىۋاتىدۇ. ئوقۇغان ئۇيغۇرلاردىن ئەگە ئۇنىۋېرسىتتى، غازى ئۇنىۋېرسىتتى، يەرلىك تۈرككە خىزمەت ئۇنىۋېرسىتتىلاردا ئۇنىۋېرسىتتى، ھاجەتتەپە ئۇنىۋېرسىتتى، ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتتى قاتارلىق ئەنقەرە ئىستراتىگىيە تەتقىقات ئورنىدا موھىم پروفېسسور بولۇۋاتىدۇ. ھەتتا بىر ئۇيغۇر مۇتەخەسس تۈركىيەنىڭ .خىزمەتلەردە بولماقتا

ئۆمەرنىڭ تۈركىيە ـ ئۇيغۇر سېلىشتۇرمىسىن كېيىن مىللەتنىڭ ئۆزى ھەققىدە كەسكىن ئەختەم ئوقۇيدىغان ئويلىنىشى بىر ئېقىمغا ئايلاندى. "شىنجاڭ مەدەنىيىتى" گە ئوخشاش خەلقىمىز سۆيۈپ ھاياتتىكى دىشۋارچىلىقلىرىنى مۇنەۋۋەر ژورناللار تونۇلدى. ھالبۇكى، شۇندىن كېيىن خەلقىمىز ئۆزىنى دەڭسەشنى تەبىئىيلىكتەك ھىس ئۆزىدىكى ئىللەتتىن كۆرىدىغان، ياتنىڭ باھاسى ئارقىلىق قورقماي تىللىيالايدىغان، ئوپېراتسىيە قىلالايدىغان قىلىدىغان بولۇپ قالدى. ھەممە ئادەم مىللەتنى ئاجىزلىقنى مىللەتكە دۆڭگەش تەپەككۇر ئادىتىگە ئايلاندى. ئىنسانىيەتكە بولۇپ كەتتى. شەخسنىڭ ئۇيغۇرنىڭ .پىسخىك ئاجىزلىقلارنى ئۇيغۇرنىڭ نوقسانى ساناش ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلاندى ئورتاق ئۆمەر تۈركىيەدە تۈركلەرنىڭ مەدەنىيەتتىكى غۇرۇرىغا دەز كەتتى. مېنىڭ ئەپسۇسلىنىدىغىنىم، ئەختەم بولسىمۇ "سانا نە؟". بۇ تۈركلەر ئەڭ كۆپ بىر گەپنى تولا قىلىدىغانلىقىغا دىققەت قىلماپتۇ، ئۇ كۆزۈڭگە قاراپ تۇرۇپ دەيدۇ. "بەن تۈركۈم، ئۇ يۈزدەن دەيدىغان گەپ. بۇنى ئۇلار سېلىشتۇرۇلغاندا مەنىسى مەن تۈركمەن، شۇڭا بۇنداق قىلىمەن، ساڭا نېمە كەپتۇ، ."بۆيلە ياپىيورۇم، سانا نە .(قىل (ئىشىڭنى

## سگان كىم؟ ئۇيغۇر كىم؟

ناخشا ـ ئۇسسۇل ۋە ماكانسىزلىق. ئۇلارچە ئۇيغۇرنى سگانلارغا سېلىشتۇرۇۋاتقانلارنىڭ تۇتقۇسى

ئۇلارنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇلغا مەستانىلىقى سەۋەپ سىگانلارنىڭ ماكانسىزلىقىغا ۋە بىچارەلىكىگە كۆرگەن. تۈركىيەدە سىگانلارنى چەنگەنە دەيدۇ. تۈركىيەدە بولغانمىش. مەن تۈركىيەدە سىگانلارنى ناخشچىلىرى بار. كۆزىتىشىمچە ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كوچىلاردا پال سالىدىكەن، سىگانلارنىڭ مەشھۇر ئېيتىپ پۇل تاپىدىكەن، ئەخلەت دۆۋىلىرىدىن كېرەكلىك نەرسىلەرنى تېرىپ ساتىدىكەن، ناخشا قانداقتۇر ئۇسۇلغا ئىنتايىن ئاز بىر قىسىم ئاياللىرى نومۇسنى ساتىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئۇسۇل ئويىنىشى ماكانسىزلىقى چارەسىزلىكتىن ئەمەس مەستانىلىقىدىن ئەمەس جان بېقىش ئۈچۈن ئىكەن. سىگانلارنىڭ پەقەت بىزدىكى ئۇيغۇرنى سىگانلارغا سېلىشتۇرغانلار .بەلكى ئۇلارنىڭ تاللىۋالغان ياشاش شەكلى ئىكەن ئۇسسۇل ئويناش بىلەن خار ـ زەبۇنلۇقنى باغلىۋالغان. سىگانلارنى ماكانسىزلىق بىلەن بىچارەلىكنى، ماكانسىز دەپ ئېچىنغان بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىر يەرگە باغلىنىپ قالمايدىغان ئارىمىزدىن بەزىلەر يۇرتمۇ يۇرت، چەكلىمىسىز ھۆر كىشىلەر بولالىغىنىدىن پەخىرلىنىدىكەن. ناخشا ئۇسۇلغا تايىنىپ خەقنىڭ دىپىغا ئوينالمىسا دۆلەتمۇ دۆلەت كېزىپ يۈرگىنىدىن غۇرۇرلىنىدىكەن. ئەمەلىيەتتە ئۇسسۇل ماكانسىزلىق ـ ۋەتەنسىزلىك قوغلانغانلىقتىن، بويسۇنغانلىقتىن، .خورلۇق ھىس قىلىش بىھاجەت .يوق تارتقۇزۇپ قويغانلىقتىن بولمىسا نومۇسلۇق رەۋىشتە چۈشىنىشنىڭ ئورنى باسقۇنچىلىقتىن،

مەقسەت ئۈچۈندۇر. ئۇيغۇر ئۇيغۇرنىڭ ئۇسسۇل ئوينىشى بىلەن سىگاننىڭ ئۇسسۇل ئوينىشى پەرقلىق جەڭگىۋارلىق ،جەسۇرلۇق ۋە نازاكەتنى ئۇسسۇلنى كۆڭۈل خوشى ئۈچۈن، غەلىبە تەنتەنىسى ئۈچۈن، ئۇسسۇل بىر تۇرمۇش يولىدۇر. سىگان ئۈچۈن نامايەن قىلىش ئۈچۈن ئوينايدۇ. سىگان ئۈچۈن ئۇھسىنىشقا ئەرزىمەيدۇ. ئۇيغۇر ئۈچۈن ۋەتەن ماكانسىزلىق ـ ۋەتەنسىزلىك ھېچ نېمە ئەمەس، تەۋەرۇكى، مۇقەددەس مىراستۇر. ئۇيغۇر ئۈچۈن ۋەتەن تەيەممۇم ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى، ئەجدادلارنىڭ ئىبادەت قىلىدىغان جايىنامازدۇر. ئۇيغۇر ئۈچۈن ۋەتەن ئانا، ئىپپەت، جانان، قىلىدىغان توپراق، ئىپپەتسىزدۇر. شۇ ئىماندۇركى ۋەتەندىن كەچكەن ئۇيغۇر مەڭگۈ ئۆگەي، يېتىم، جانسىز، ئىمانسىز، نازۇگۇمنىڭ ياتتىن قوغۇدۇغىنى .سەۋەپتىن ئۇيغۇر ئىپپەت ئۈچۈن شەھىد بولغان نازۇگۇمنى ئۇنۇتمايدۇ

سەۋەپتن ئۇيغۇر سگانلارنڭ ئۆزننڭ ئەمەس ئۇيغۇرنڭ، ۋەتەننڭ ئپپتى. شۇ ۋەتەنسزلك ـ ماكانسزلقغا ئېچندۇ.

ناخشا ئۇسسۇلنى سگانلارنڭ ماكانسز ـ ۋەتەنسز قېلشغا ۋە غورىگۇل هالتگە خۇلاسە شۇكى، بولۇش دەپ چۈشنش ۋە بۇ ئارقلق ئۇيغۇرغا بر قاراڭغۇ كەلگۈسدن بشارەت بەرمەكچى سەۋەپ شاتلق ئۈچۈن پلنى قل كۆرۈشتن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇيغۇر ئۇسسۇلنى سېتش ئۈچۈن ئەمەس هوزۇرلنشنڭ ۋە تۇرمۇشنى بېزەشنڭ ئوينايدۇ. ئۇيغۇرلار سەنئەتخۇمار، گۈزەللككە تەشنا، هاياتتن مڭدن ئارتۇق ئۇيغۇردىن برمۇ تلەمچى چقمغان. ئۇستىسى بولغاچقا سەئۇدىغا كۆچكەن ئاتمش ئارتۇق ئۇيغۇردىن ئۇسسۇل سېتپ جان باققانلار چقمغان، تۈركيەگە كۆچكەن ئون مڭدن ملڭ ئۇيغۇردىن برمۇ جنايەتچى چقمغان. شۇڭا ئۇيغۇر جانجان موڭغۇليەگە كۆچكەن نەچچە بولىدۇكى مەڭگۈ ئۇسسۇل ئويناپ سگان بولمايدۇ ۋەتەن ئۈچۈن شېهد.

## تەلەيلك يەهۇدى ۋە كۈلپەتلك ئۇيغۇر

### يەهۇدى قزغنلقنڭ سەۋەبى

بولغان، بز تلنى بلدىغان مللەت ئۇيغۇر بلەن مەدەنيەت ۋە سياسي جەهەتتە ئالاقدە نەپرەتلەنمەيدىغنى يوق. شېكسپرنڭ "ۋېنتسيە زىياللردىن يەهۇدىلارغا زوقلانمايدىغنى، مسال بولسا، خەنسۇ زىياللرى يازغان "يەهۇدىلارنڭ سرى" سودىگرى"ناملق ئەسرى نەپرەتكە زوقلۇنۇشنڭ مۇىسى ـ سەمەرىسدۇر. بولۇپمۇ خەنسۇلارنڭ زوقلننشنى بر مۇشتاقلق ناملق كتاپ هەققدكى دېمەي بولمايدۇ. مسالەن، ئۇيغۇرچغا ئاساسەن تەرجمە قلنىپ بولغان يەهۇدىلار بازارلق بولمغان، خەنسۇ كتاپلار خەنسۇ زىياللرىنڭ قەلىمگە مەنسۇپ. ئەگەر يەهۇدى تېمسى

كىتاپ يېزىلمىغان بولاتتى. شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ زىيالىيلىرى بۇ تېمىدا بازار ئاچمىغان بولسا ئۇنچە جىق ئوراپ تۇرغان چوڭ موھىت بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. مەن ئارىسىدىكى يەھۇدى قىزغىنلىقى بىزنى قىزغىنلىقنى يەنە ئىنسانىنىڭ بايلىق، ھوقۇق ۋە شۆھرەت جوڭگودىكى ۋە ئۇيغۇردىكى يەھۇدى مۇناسىۋەتلىكمىكىن دەيمەن. چۈنكى تەلەيلىك يەھۇدىلار دۇنيادا پەننىڭ ھېرىسمەنلىكى بىلەن ھوقۇقنىڭ پەللىسىنى، بايلىق-خەزىنىنىڭ ئاچقۇچىنى ئىگىلىگەنلەردۇر. ئۇيغۇردىكى چوقىسىنى، خارلىنىش، يەھۇدى قىزغىنلىقىغا سەۋەب بولغان يەنە بىر ئامىل ئۇلارنىڭ نەچچە ئەسىر ۋەتەنسىز بارلار جانلىرىنى قۇربان يېرىمىدىن كۆپرەك ئاھالىسىنى قۇربان بېرىش بەدىلىگە مىلى بارلار مال جېنى قىلىپ ۋەتىنىنى قۇرۇپ چىقالىغانلىقىدۇر.

## يەھۇدىلارغا سىېلىشتۇرۇلغۇسىز ئۇيغۇرلار

كەچۈرمىشىگە ئوخشۇن ئەمەس. يەھۇدىلارغا ئۇيغۇرلارنى سىېلىشتۇرۇش ئىككى مىللەتنىڭ تارىخى مىللەت. بۇ تەرىپىنى ئۇيغۇرنىڭ كۆلپەتلىرىگە تارىخى كەچۈرمىش جەھەتتە يەھۇدىلار يەنىلا تەلەيلىك يەھۇدىلارنىڭ ۋەتىنىدىن سۈرگۈن قىلىنغانلىقىنى ئاپەت ئەمەس سىېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. مەن چۈنكى ئۇلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى سۈرگۈندە ياۋروپاغا ماكانلاشقان. .ئامەت دەپ چۈشىنىمەن چىققان ئەدەبىيات سەنئەتنىڭ قايتا ئويغۇنىشى، ساناىئەت ئىنقىلابى، مەرىپەتچىلىك ياۋروپادا رويابقا ھەرىكەتلەرگە يەھۇدىلارمۇ ھەرىكىتى قاتارلىق ئىنسانىيەتنىڭ بۈگۈنكى مۇۋەپپەقىيىتىگە پەلەمپەي بولغان بولسىمۇ تۇران-ئوتتۇرا ئاسىيا ۋادىسىنىڭ ئىشتىراك قىلغان. ئۇيغۇرلارمۇ بەزەن ۋەتىنىدىن ھەيدەلگەن بولغان ياۋروپادا تەرببىيلىنىش پۇرستى ئۇيغۇرغا كەلمىگەن. نېرىسىغا سۈرۈلمىگەن. يەھۇدىلارغا نىسىپ ۋەتەن قۇرۇش-تىرىلىش ھەرىكىتىگە دۇنيانىڭ باشقا يېرىدىكى يەھۇدىلار ئامەتلىك يەھۇدىلارنىڭ ئايىغى ياھۇدىلىرى رەھبەرلىك قىلغان. ئۇ زامانلاردا ياۋروپادىن يىراق ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئەمەس ياۋروپا ۋەتەنىنىڭ چىقماس بىقسىغان كۆلگە ئايلىنىپ بولغان ئىدى. يەھۇدىلارنى ئورتاق ئويغاتقان،

.بېشىغا كەلمىگەن مۇقەددەسلىكىنى ھىس قىلدۇرغان مىللەت بويىچە قىرىلىش كەچمىشى ئۇيغۇرنىڭ

دۆلەتلىك يەھۇدىيلارغا سېلىشتۇرۇش ئادىللىق بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنى دۇنيا سىياسى سەھنىسىدىكى پەلەستىنلىكلەرگىمۇ سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. مەن ئامېرىكىدا ۋە ئەمەس. ئۇيغۇرنى يەھۇدىيلارغا ئەمەس پەلەستىنلىكلەردىكى خاتىرجەملىك، ئىشەنچ، بايلىق ۋە مەردانىلىقنى تېلۋىزور تۈركىيەدە كۆرگەن تەسەۋۋۇر مەملىكەت خەۋەرلىرى ۋە خەلقئارا خەۋەرلەرگە خېرىدار بولۇپ ئۆلتۇرغان ئۇيغۇر مەڭگۈ ئالدىدا قىلالمايدۇ.

ئۇيغۇن ئەمەس. ئۇيغۇر ئەمەلىيەتتە ھەقىقى يەھۇدىيلارغا ئۇيغۇرنى يەھۇدىيلارغا سېلىشتۇرۇش رىياللىققا تارقىتىش ۋاستىلىرىدا رىۋايەتكە ئايلانغان يەھۇدىيلارغا سېلىشتۇرۇلماقتا. ئەمەس مەتبۇئات ۋە باشقا مەقسىدىم .كەلمەستە ئىسرائىلىيەدىكى بىر قانچە ئۇنىۋېرسىتتقا ئوقۇشقا ئىلتىماس سۇنغانىدىم ئامېرىكىغا ئەرەپنى ۋە بارلىق ئاق نوپۇسى ئون مىليۇنغا بارمايدىغان يەھۇدىيلارنىڭ ئۈچ يۈز مىليۇندىن ئارتۇق چۈشىنىش، مۇۋاپىق ئەندىزىلەر بولسا كۆڭۈل مۇسۇلمانلارنى قان يىغلىتالىشىدىكى "سىر" نى بىلىپ ئامېرىكىغا كېلىپ يەھۇدىيلارنى كۆپ ئۇچراتتىم. .پايدىلىنىش ئىدى. تەلەيسىزلىكتىن بارالمىدىم ئامېرىكىلىقلاردىن ھېچ بىر پەرقى يوقكەن. بىر يەھۇدى قىز مەكتىپىمىزنىڭ قارىسام ئۆلارنىڭ باشقا .كەسپىدە ئوقۇدى. باشقىلار مەدھىيەلىگەن يەھۇدىيلاردىكى ئەقىل ئۇ قىزدا يوقتەك ئىدى ئۇيغۇرچە چوكان بىلەن دەرسلەردىن ئاساسەن دېگۈدەك ئۆتەلمەي يوقاپ كەتتى. ئوقۇش جەريانىدا بىر يەھۇدى ئىسپاتلايدىغان ھېچ يېرىنى ئۈچ-تۆرت دەرسنى بىللە ئاڭلىدىمىۇ، مەندەك ئۇيغۇردىن چىچەنلىكىنى باقتىم، ئامېرىكىغا كەلمەستە نەزىرىمدىكى بايقىيالمىدىم. بىر يەھۇدى پروپېسسوردىن دەرسىمۇ ئاڭلاپ ئادەتتىكى ئوقۇتقۇچى سۈپىتىدىلا ئېسىمدە قالدى. قىسقىچە خىسلەتلىك يەھۇدىنىڭ بۇ ئەزاسى بىر مۇۋەپپەقىيىتىدىكى سىر ئۆلاردا بىزگە نائېنىق بولغان ئالاھىدە بىر خىسلەتنىڭ دېسەك، يەھۇدىيلارنىڭ ئۆزاقتىن بېرى رولچى بولغانلىقى ئەمەس. بەلكى ياۋۇروپانىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك قوزغۇتۇلغان ماشىنىسىغا تىلىدىن ۋاز كەچمىگەنلىكىدە ۋە يولۇچى بولۇپ تۇرغانلىقىدا. ئۆلسىمۇ ئېتىقادى ۋە ئانا.

## ئۇيغۇر هندىيان ئەمەس

تۈركۈمنى كۆرستىدۇ. سىلشتۇرۇشتا بىر شەيئى ئۇيغۇر بىر مىللەتنى هندىيان بولسا بىر مىللەتلەر ھەرگىزمۇ بىر شەيئى بىر تۈركۈم شەيئىگە سىلشتۇرۇلمايدۇ. ئۇيغۇرنى .يەنە بىر شەيئىگە سىلشتۇرۇلىدۇ سىلشتۇرۇۋاتقانلار ئۇيغۇرنىڭ بىر مىللەت هندىيانلارنىڭ بولسا كولۇمبۇ ئامېرىكنى هندىيانلارغا ئارتۇق يەرلىك بايقاشتىن بۇرۇن ئەۋلادتىن ئامېرىكا قۇرۇقلىقىدا ياشاپ كەلگەن 300 دىن ئەمەلىيەتتە دۇنيادا هندىيان دېگەن .ئامېرىكىلىقلارنىڭ خاتا ئاتىلىشى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قېلىشقان بارماقچى بولۇپ يولغا چىقىپ ئامېرىكا قۇرۇقلىقىغا مىللەت مەۋجۇد ئەمەس. كولۇمبۇ هندىستانغا ئاھالىنى هندىيانلار (هندىلار) دەپ ئاتاپ قويغان. بىز دەۋاتقان كېلىپ قالغان ۋە شۇ يەرلىك ياكى ئۆزىنى يەرلىك ئامېرىكىلىقلار دەپ ئاتايدۇ. ئامېرىكىدىمۇ ئۇلار يەرلىك ئامېرىكىلىق هندىيانلار .يەرلىكلەر دەپ ئاتىلىدۇ

دۇنيانىڭ تارىخىغا يېزىلغانلا ئەمەس دۇنيا تارىخىنى يازغانلاردۇر. تارىخ جەھەتتىن ئالغاندا ئۇيغۇرلار كاشغەرىنىڭ بۇندىن مىڭ يىل بۇرۇن يەرشارىنىڭ يۇمۇلاق خەرىتىسىنى سىزىپ بوۋمىز مەھمۇد ياپۇنىيىنى دۇنيا قالدۇرغانلىقى، شىمالى ۋە جەنۇبى قۇتۇپنى خەرىتىگە كىرگۈزگەنلىكى، تۇنجى بولۇپ ئىكەنلىكىگە يېتەرلىك پاكىت بولۇپ خەرىتىسگە سىزغانلىقى، ئۇيغۇرنىڭ بايقالغۇچى ئەمەس بايقىغۇچى بولمىغان دۆلەتلەرنىڭ تارىخى)، مىرزا ھەيدەر تۇرۇپتۇ. نەۋايىنىڭ "تارىخى مۇلكى ئەجەم" (ئەرەب مۇسا سايرامىنىڭ " تارىخى ھەمىدى" قاتارلىق ئەسەرلەر كوراگانىنىڭ " تارىخى رەشىدى"، موللا شەرھىيلىگەن. يەرلىك ئامېرىكىلىقلار بۇ نوقتىدا ئۇيغۇردىن پەرقلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ دۇنيانى مۇپەسسەل يىلغىچە چەتتە ـ 1492 مەۋجۇدلۇقى باشقىلارنىڭ بايقىشىغا، يېزىشىغا مۇھتاج بولۇپ دۇنيا تارىخىدىن .قالغان

كۆرسەتكەن بۇددىزىم، خىرىستىيان، ئىسلام قاتارلىق دىنلار ئۇيغۇرلار ئىنسانىيەتكە ھالقىلىق تەسىر ماركسىزىم، ھۆررىيەتچىلىك، مىللەتچىلىك قاتارلىق زامانىۋىي دۇنيادا .بىلەن ۋاقتىدا ئۇچراشقان ئىدولوگىيەلەردىن خەۋەردار بولغان. بۇ ساھەلەردە توشقان زىيالى ۋە ئەرباپلىرىنى يايغىن قۇرغان دۆلەتلىرى يېتىشتۈرەلىگەن مىللەت. ئۇيغۇرلار دۇنيا سىياسىي ھاياتىغا ئۇزاق ۋە يېقىنقى تارىختا يەرلىك ئامېرىكىلىقلاردىن ئاسمان بىلەن ئاكتىپ قاتناشقان بۈگۈنكى زامان مىللىتى. بۇ جەھەتلەردە ئامېرىكىلىقلار قۇرغان بىرەر مۇستەقىل سىياسىي پارتىيىمۇ بىزگە زېمىن پەرقلىنىدۇ. بۈگۈنگىچە يەرلىك .يوق بىلىنگەن

بۈگۈنگە قەدەر يېڭىلاپ داۋام قىلىپ ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ مۇستەقىل مائارىپ سېستىمىسىنى ياراتقان ۋە ۋە ئىدولوگىيىسىگە 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا كەلگەن مىللەت. ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى مائارىپى سالغان. ئامېرىكىدىكى يەرلىكلەرنىڭ بۇنداق ئۆتمۈشى ۋە ئۇيغۇردىن چىققان بايلار ۋە زىيالىلار ئۇل .يوق بۈگۈنى

ئۇرۇش جەڭگاھلىرىدا ۋە بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار دۇنيا تارىخىغا يېزىلغان بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دۇنيا دۇنيادىكى كاتتا سىياسىي كۈچلەرنىڭ كوزۇرىغا ئافغانىستان، پاكىستان ئۇرۇش مەيدانلىرىدا بولغان، بۇنداق تارىخى ۋەقەلەرگە قاتناشقانلا ئەمەس شاھىد بولغان .ۋە رەقىبىگە ئايلىنالىغان مىللەت .ساناقلىق. يەرلىك ئامېرىكىلىقلار بۇ جەھەتتە تېخى دىققەتتىن يىراق مىللەتلەرمۇ دۇنيادا
ھىندىيانلارغا مەقسەدسىز سېلىشتۇرۇۋاتقان ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ خاتالىقى ئۇيغۇرنى ئۇيغۇرنى قەبىلىلىرىنىڭ ھاراقكەشلىكتە ھىندىيانلار بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇۋاتقانلاردۇر. ئۇلار ھىندىيان ئامىللارنى تەھلىل قىلىشتىن مەغلۇبىيەت سەۋەبلىرىنى ھاراققىلا باغلاپ باشقا سىياسى ۋە ئىجتىمائى ئىللىتى دەپ قاراپ، ھاراقكەشلىكنىڭ بارغانچە ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلار ئىچىشۋازلىقنى ئۇيغۇرنىڭ رىغبىتىگە، زاماننىڭ تەقەززاسىغا، زامانىدارلارنىڭ ئارزۇسىغا بىنائەن قورشاپ كېلىۋاتقان چوڭ موھىتنىڭ ھىندىيانلارغا شەكىللەنگەنلىكىنى بىلمەيۋاتىدۇ، ياكى دېيىشكە جۈرئەت قىلالمايۋاتىدۇ. ئۇيغۇرنى

ئىدولوگىيىسىگە قۇل بولغان، مەپتۇن مەقسەدلىك سېلىشتۇرۇۋاتقانلار مۇستەملىكچىلىك ۋە فاشىزىم بولغان، ۋە ياكى تەرغىپ قىلىۋاتقانلاردۇر.

مۇمكىن. سېلىشتۇرۇش ئۇيغۇرنى باشقا مىللەتلەرگە سېلىشتۇرۇش بۇندىن كېيىن يەنە داۋام قىلىشى بۇنداق سېلىشتۇرۇشلارغا ئىلمىي، نەتىجىسى بەزىدە سەلبىي ۋە بەزىدە ئىجابىي بولۇشىمۇ مۇمكىن. بىز كېرەك. سېلىشتۇرغۇچىلارنىڭ مەقسىدىنى بىلىش ئەقلىي ۋە تەمكىن مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز سىگانغا مەقسەدلىك سېلىشتۇرۇۋاتقانلار ئۇيغۇرنىڭ تۇپراقلىرىنى مەنچە ئەڭ موھىم. مىسالەن، ئۇيغۇرنى بېزەلگەن سەھنىگە، ئۇيغۇرنى ئۇسسۇلچىغا ئايلاندۇرماقچى بولغانلاردۇر. ئۇيغۇرنى پانۇسلار بىلەن زىيالىلىرىمىز ئۇيغۇرنى. ھىندىيانىغا سېلىشتۇرغانلار ئۇشبۇ سەھنىگە تاماشىبىنلىق تاماسىدا يۇرگەنلەردۇر شارائىت، ئۆلچەملەرگە ئالاھىدە دىققەت باشقا مىللەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا مەقسەدكە، ئۇسۇلغا ۋە قىلىشى كېرەك.

96 ـ يىللىرى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىن «ئۇيغۇردا ئەبگالىق» نامىدىكى ماقالىنى ئۇقۇغان ئىدىم. بۇ ماقالە ھاياتىمغا خېلى زور ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. شۇ سەۋەپتىن تورداشلارنىمۇ بۇنىڭدىن مەنپەئەتلەندۈرۈش مەقسىدىدە ئۈرۈمچىگە كىلىپمۇ ئۇنىڭ ماقالىسى بېسىلغان ژۇرنالنى تاپالمىدىم. شۇڭا تەكلىماكانىنىڭ بۇ ماقالىسىنى تورداپوللانغان نۇسخىسىدىكى تىمىغا ئاساسەن يوللىغان بولغاچقا «ئەبگا ئۇيغۇر» دىيىلگەن ئىدى. بۇنى ئاپتۇر ئۆزى يوللىغان بولسا ئەدەپسىزلىك بولمىسۇن دەپ ئويلىغان ئىكەنمەن. ھازىر ھىس قىلسام تېمىنى باشقىلار ئۆزگەرتىپ يوللىغان ئوخشايدۇ. شۇڭا تىمىنى ئەسلى ھالىتىدىكى «ئۇيغۇردا ئەبگالىق» نامىغا ئۆزگەرتىۋەتتىم، ۋاقىپ بولغايسىلەر. ( مەنبە : باغداش تورىدىن دىلكەش )

مىنىڭ ھىس قىلىشىمچە بۇ ماقالە ھەرگىز بىر مىللەتكە قارىتىلغان ئەمەس، بەلكى شۇ مىللەتتىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ روھىيىتىدە تارىختىن بۇيان ساقلانغان مەسىلىلەر ئېچىپ بېرىلگەن، ماقالىنىڭ < شىنجاڭ مەدەنىيتى > ژورنىلىدا ئېلان قىلىنغان ۋاقتىقا قارىساقلا ئاپتۇرنىڭ نىمە دىمەكچى

بولغانلىقىنى چۈشىنىۋېلىش تەس ئەمەس، چۈنكى بۇ يەردە قامچىلانغان ئىللەتلەر شۇ دەۋردىكى خەلقىمىزدە ساقلانغان تىپىك مەسىلىلەر، ئەڭ ياخشى تورداشلارنىڭ بۇ ئەسەرنى تولۇق ئوقۇپ بولۇپ ئاندىن ئىنكاس يېزىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن. ئېلكىتاپ نۇسخىسىنى بۇ يەردىن چۈشۈرۈپ ئوقۇپ بىقىڭ http://t1.good.gd/?FileId=542021 ( باشقۇرغۇچىدىن )

ئۇيغۇردا ئەبگالىق

ئابدۇرەئۇپ پولات تەكلىماكانى

1 ـ ئەقىدىسىزلىك

ھەركىم بىلىدۇكى ، ئىنسان ـ تەن (بەدەن) بىلەن روھ (جان) دىن يۇغۇرۇلغان مەخلۇق روھ بولمىغان بەدەن بەجايىكى بىر قۇرۇق جاھازىدۇر . ئەمدى ئەقىدە بولسا ، ئىنسان روھىيىتىنىڭ تۈۋرىكى ، ئىنسان ئېڭىنىڭ جەۋھىرى ھېسابلىنىدۇ . ئەقىدىسىز روھ ئە ـ مىلىيەتتە چاھارپاي روھىدۇر . مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ، پەقەت ئەقىدىلىك ئىنسانلا ئاندىن يۈكسەك ئاڭ پەزىلىتى ئارقىلىق مەخلۇقاتلار سېپىدىن ئايرىلىپ چىققان ھەقىقى ئىنسان سانىلىدۇ . ئەقىدە يەككىلىك دۇنياسىنىڭ ھاسىلى ئەمەس ، بەلكى ئۇمۇملۇق ئالەمنىڭ مۇبارەك مەھسۇلاتى . باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ، ئەقىدە ھېچقانداق كىشىگە تەۋە شەخسى مۈلۈك ئەمەس ، بەلكى ئۇ ئۇمۇمغا ، كوللېكتىپقا تەۋە مەنىۋى قۇۋۋەت مەنبەسى ، ئۇنى كۆندۈزدىكى پارلاق قۇياشقا ، كېچىدىكى تولۇن ئايغا ئوخشاتساق بولىدۇ . ئەقىدىلىك ئىنسانلارنىڭ قەلبى ئاشۇ قۇياش ۋە ئاشۇ ئاينىڭ سېھرى نۇرى بىلەن ھەمىشە يورۇق تۇرىدۇ . ئەقىدىنى پەقەت كۆڭۈل كۆزى بىلەنلا كۆرگىلى بولىدىغان خاسىيەتلىك رىشتە دىسە بولىدۇكى ، ئەقىدىلىك مىللەتنىڭ قەلبى ئاشۇ خاسىيەتلىك رىشتىنىڭ

شارپىتىدىن بىر ـ بىرىگە ھەر دائىم چىڭ باغلانغان بولىدۇ .

ئەقىدە ـ سەن ، مەن ، ئۇ ، يەنى بىزنىڭ ئۆز ئارا بىر ـ بىرىمىزگە ئىشىنىشىمىزنى ، بىر ـ بىرىمىزگە چىن پۈتۈشىمىزنى ، بىر ـ بىرىمىزنى ئۆز ئارا قوللىشىمىزنى مىزان يادروسى قىلىدۇ . ئۇ ـ سەن ، مەن ، ئۇ ، يەنى بىزنىڭ ئورتاق ئىستەك ، ئورتاق غايىمىزنى كۆرەش نىشانى ۋە مەقسەت مەنزىلى قىلىدۇ . ئەگەر سەن ماڭا ئىشەنمىسەڭ مەن قۇيۇپ سەندىنمۇ، ئۇنىڭدىنمۇ گۇمانلانسام ، بىز ئۈچىمىزنىڭ جانجان مەنپەئەتكە مۇناسىۋەتلىك ئىشتا ئۈچىمىز ئىشنى ئۈچ تەرەپكە تارتساق ، تەبىئىيكى مەسلەھەل بولمايدۇ . ئەجەللىك يېرى ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ، سەن ، بىزگە تەئەللۇق مەنپەئەت باشقىلارنىڭ چۆنتەكگە چۈشۈپ كېتىدۇ . سەن ، بىز بولساق ، ئاشۇ ھەقلىق نېسىۋىمىزدىن ئايرىلىپ قېلىپ ، رووۋۇك پېتى قېلىۋېرىمىز .

ئەڭ مۇھىمى ، ئەقىدە ئىنسانىيەت مۇئەييەن توپنىڭ ئۇمۇمى مەنپەئەت ئاساسىغا قۇرۇلغان بولىدۇ . ئىسلام دىنى ئۇنىڭ ئەھلى ئۈچۈن بىرخىل يۈكسەك ئەقىدە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز زامانىسىدىكى ئەرەپ يېرىم ئارىلىدا ياشىغۇچى ئەرەپ مىللىتىنىڭ جىددى ئېھتىياجى ۋە ئۇمۇمى مەنپەئەتى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن . ماركسىزىم بولسا ، پرولتارىياتنىڭ ئۇمۇمى مەنپەئەتىنى ئۇل قىلىپ بەرپا قىلىنغان ، دەرۋەقە كېيىنچە ، مىللەت ئايرىمىسى خىلمۇ ـ خىل بولغان قەۋملەر ئۆز ۋاقتىدا ئەرەبلەرنىڭ توغرا يولغا يۈزلىنىشى ۋە ئىسلاھاتى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ئىسلام ئەقىدىلىرىنى بەزىلىرى قىلىچتىن قورقۇپ بەزىلىرى ئاڭلىق ھالدا قوبۇل قىلىپ ، ئەرەبلەرگە ئەقىدىداش مۇسۇلمانلاردىن بولغان . ئۇيغۇرلارمۇ شۇلارنىڭ جۈملىسىگە كىرىدۇ . بىراق ئەبگالىق ئىللىتى ۋۇجۇدىنى چىرماپ كەتكەن ئۇيغۇرلاردا ئەقىدە بولمايدۇ . ئۇلارنىڭ «ئەلھەمدۇلىللا مەن مۇسۇلمان » دىگەنلىرى يالغان ، بۇنىڭغا ئۇلارنىڭ « ناماز ئوقۇش كونىلىق بولىدۇ. » دېگەن زامانلاردا ، مەھەللىسىدىكى مەسجىدلەرنى تاقاپ ، ئۇنى ئەسكى ـ تۈسكىلەرنى قۇيىدىغان ئامبار قىلغانلىقى پاكىت . ئۇلارنىڭ

«مەن ماركسىزىمچى ، كومىنىستمەن » دېگەنلىرىمۇ كازىزاپلىق ، بۇنىڭغا ئۇلارنىڭ ،ياش ۋاقتىدا كادىر بۇلۇپ ، ناماز ئوقۇغان ئۇيغۇرنىڭ ساقىلىنى يۇلۇپ ، نامازغا ئەزان ئېيتقان مۇسۇلماننىڭ قۇلىقىغا مۇشتلاپ ، ھاياتى كۆچى بار ئۆمرىنى ئاۋام ـ خەلقنى قاقتى ـ سوقتى قىلىش بىلەن ئۆتكۆزگەن تۇرۇقلۇق ، ئەمدىلىكتە بىر يۇمۇلىنىپلا تەقۋادار مۇسۇلمان قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ ، مەسجىد جامائىتىنىڭ قاتارىغا قۇشۇلىۋالغانلىقى ، ساقاللىرىنى ئۇزۇن قۇيىۋېتىپ ، قوللىرىدىن تەسۋىنى چۈشۈرمەي «سۇبھانەللا» دېيىشىپ يۈرگىنى ، شۇنداقلا ئۆز زامانىسىدا ئاۋامنىڭ يىلىكىدە سۈ ئىچىپ يۈرۈپ توپلىغان پۇل بىلەن مەككە ـ مەدىنەنى تاۋاپ قىلىپ «ھاجى ھەرەم » بۇلىۋاتقانلىقى شاھىت . ئۇلارنىڭ «مەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان كادىرمەن » دېگىنى ئالدامچىلىق ، چۈنكى ئۇلارنىڭ قەلبى ئۆز خەلقى ئۈچۈن يۇرۇيدىغان ئەقدە چىرىقىدىن مەھرۇم . ئۇيغۇرلار ،قەلبى ئەقدە چىرىقىدىن مەھرۇم ئادەمنى «كۆڭلى قارا ئادەم » دەيدۇ ، كۆڭلى قارا ئادەملەرنىڭ دىلىدا زۇلمەتكە غەرىق بولغان يىگانە «مەن » دىن ئۆزگە ھېچكىم بولمايدۇ . شۇڭا ئۇلارنىڭ كۆنى ئەمەتنى قانداق يىقىتىش ، سەمەتنى قانداق يوقىتىشنىڭ كويىدا ، يەنى قانداق قىلىپ ئۆز قېرىنداشلىرىغا ـ ئۇيغۇرغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ كويىدىلا ئۆتىدۇ . مانا بۇ ـ 21 ـ ئەسىرگە كىرىش ئىشىگىدە تۇرغان بۇگۈنكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بۇلىۋاتقان ئەھۋال .

دەرىخا ! پاكىتلىق ساۋاق شۇكى ، ئەقىدىسىز ئەلدە شەخسىيەتچىلىك يامراپ كېتىدۇ . ئەقىدىسىز ئەلدە گۇمانخورلۇق ، ساتقىنلىق قايناپ كېتىدۇ . ئەقىدىسىز ئەلنىڭ شانلىق تارىخىمۇ ، پارلاق ئىستىقبالىمۇ بولمايدۇ .

كېلەچەكشۇناس ئالىملارنىڭ گويا بىردەك قارىشى شۇكى ، 21 ـ ئەسىر پەن ـ تېخنىكا يۇكسەك تەرەققى قىلغان ، مەدەنىيەت يۈكسەك تەرەققى قىلغان ، دېمۇكراتىيە يۈكسەك تەرەققى قىلغان ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ، پەن ـ مەدەنىيەت جەھەتتىكى رىقابەتمۇ ئەڭ ۋايىغا يەتكەن ئەسىر بۇلىدۇ .

21 ـ ئەسىردە كىشىنىڭ پەن ـ تېخنىكىسى ئۈستۈن ، كىشىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى يۇقۇرى بولسا شۇ كۆچلۈك بۇلىدۇ . كىم ئۆز مىللىتىنىڭ ، ئۆز خەلقىنىڭ مەنپەتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان ئىلغار ئەقىدىگە ئىگە بولسا ، شۇ موھتىرەم ، شۇ ئېتىبارلىق بولىدۇ .

سەنمۇ ئادەم ئاتامىنىڭ ئەۋلادى ، سەنمۇ ھاۋا ئانامىنىڭ يۈرەك باغرى ، ھالبۇكى سەنمۇ ئۆزۈڭنى قەدىرلە ، ئۆزۈڭنى سۆي ، ئۆزۈڭگە ئىشەن . بىلگىنكى ، ھەرقانداق مەۋجۇدات مۇئەييەن قىممەت بىلەن قەدىرلىك . ئىنسانمۇ شۇنىڭغا تائەللۇق . سېنىڭ قىممىتىڭ بولسا قەدىرلىك يارسەن . ئەگەر قىممىتىڭ بولمىسا قەدىرسىز خارسەن . قەدىرسىزلىك ، خارلىق ساڭا ۋە ماڭا ھەرگىز خاس ئەمەس ! شۇنداق ئىكەن ، قەددىڭنى كۆتۈر ، ئەتراپىڭغا قاراپ باق ، قەلبىڭگە ئەقىدە چىرىقىنى ياق ! مانا بۇ ـ نۇسرەت قەدىمىنىڭ ئېپتىداسى ، غالىپ ۋە مەنىلىك ھاياتنىڭ بىسمىللاسى . دوپپاڭنى ئالدىڭغا ئەپ قويۇپ تۇرۇپ ، ئوبدان ئويلان ، ئەبگا !

ئاخىرى داۋاملىق يوللىنىدۇ .  ئىملا خاتالىقلىرى بولسا تورداشلارنىڭ تۈزۈتۈپ ئوقۇشىنى ئۈمۈت قىلىمەن .  رەھمەت !

مەنبە : خاتىرەمدىن .

;1709#&;1609#&;1606#&;1609#&;1605#&;1744#&;1578#&    ;1735#&;1576#&:

;1609#&;1604#&;1587#&;1749#&;1574#&

;1588#&;1609#&;1604#&;1744#&;1603#&

::;1609#&;1587#&;1749#&;1576#&;1606#&;1749#&;1605#&

http://www.makanim.cn/read.php?tid=14032

ئەسكەرتمە:: بۇ يازما سەرسان@روھ تەرپىدىن بـەس ـــ مـۇنــازىـرە بۇ رايونغا يۆتكەلدى(2011 ـ 11 ـ 14) ئەخلاقنىڭ رولى ۋە نۇرى

يۇسۇپجان سەمەت ئەفيفي

ئەخلاق سۇبيېكتىپ جەھەتتىن ئىنساننىڭ ئوي ـ خىيالىنى ـ ئىدىيىسىنى، ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ھەر بىر ئىش ـ ھەرىكىتىنى ـ ئەمەلىيىتىنى ئۆلچەمگە، رەتكە سېلىپ تۇرىدىغان، ئىنساننىڭ بارچە ئىشلىرىدا ھەل قىلغۇچ بىرىنچى ئامىل بولغان مۇقەددەس سۇبيېكتىپ كۈچتۇر. ئەخلاقنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى ـ ئىش ـ پائالىيەتلىرىدىكى ھەر بىر ئۇششاق ھالقىلارغا قەدەر بولغان رولىنى باشقا ھېچقانداق مەنئۇيى كۈچكە سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ئىنساننىڭ ياخشى ـ يامانلىقى، ئالىيجاناپ پاكى رەزىللىكى ئۇنىڭ ياشاش جەريانىدا شەكىللەنگەن ئەخلاق قارىشى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. ئىنسانلارنىڭ بوۋىسى ئادەم ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىكى كىشلەرنىڭ ئۆز ئەۋرەتلىرىنى، مەھرەملىرىنى دەرەخ يوپۇرماقلىرى بىلەن توسۇغانلىقىدىن شۇنداق ھۆكۈم چىقىرىشقا بولىدۇكى، ئەخلاق تۇيغۇسى ۋە ئۇ شەكىللەندۈرگەن ئىنسان پسىخىكىسى ئىنسانلارنىڭ ئەسلى تەبىئىيتىدۇر. ئەنە شۇ ئادەم ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىن باشلانغان تارىخ ئەخلاقنىڭ، ئەخلاق قارىشىنىڭ ئىنسانلاردا تەدرىجىي مۇكەممەللىشىش جەريانى ئىدى. ئىنسانلار ئەينى چاغدا ئىپتىدائىي ئەخلاق تۇيغۇسى ، ئۆلچىمى بىلەن ياشىغان بولسا، كېيىنچە ئەخلاق پرىنسىپلىرى، ئەخلاق ئۆلچەملىرى بارا بارا تولۇقلاندى ۋە بىر پۈتۈنلۈككە قاراپ ماڭدى. ئەخلاقىي قاراشنىڭ مۇكەممەللىشىشى باتىنىي جەھەتتە ئىنسان روھىنىڭ مۇكەممەللىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولسا، زاھىرىي جەھەتتە ئۇنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشى، غىزالىنىشى ۋە كېيىنىشلىرىدە ئەدەب تۈسى شەكىللەندى. ئىنسان روھىنىڭ يۈيۈلۈپ، بېزىلىپ مۇكەممەللىككە يۈزلىنىشى روھى پاكلىق بولسا،

بۇ خىل مۇقەررەر ئەخلاقتا ۋە روھتا ماس ھەم خاس بولغان سىرتقى قىياپەت ـ كىيىنىش، ئىزالىنىش، يۇرۇش ـ تۇرۇش دەل پاكىزلىقتۇر. ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى بۇ خىل ئەخلاق قارىشى بىلەن شەھەر مەدەنىيىتى، كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى ۋە ئىزالىنىش مەدەنىيىتى قاتارلىق ماددىي مەئىشەت ۋاستىلىرىنى ئىختىرا قىلىپلا قالماستىن، ئىنسان روھىنى پاكلىق ۋە ئەخلاقىي مەسئۇلىيەت بىلەن قوراللاندۇرىدىغان روھىيەت ئېلېمېنتلىرىنىمۇ ۋۇجۇدقا كەلتۈردى.

بىر ئىنساننىڭ كىشىلىك ھاياتتا قانداق ياشىشى، قانداق ئىپادىلىنىشى ئۇنىڭ تەربىيىلىنىشىنىڭ ۋە تەربىيە ئېلىشىنىڭ بىۋاستە نەتىجىسى بولغان ئەخلاق قارىشىغا باغلىق بولىدۇ. بۈگۈنكى دۇنيا ھەزارەت(مەدەنىيەت)لىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى ئوخشىمىغان ئەخلاقىي ھالەتلەرنى شەكىللەندۈرگەن. شۇڭلاشقا، ئۇلارنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىنى رەتكە سېلىپ تۇرىدىغان ئىدىيە ـ مەپكۇرلىرىدىمۇ، زاھىرىي كۆرۈنۈشىدىكى كىيىنىش، ئىزالىنىش دېگەندەك ئۆرپ ـ ئادەتلەرىدىمۇ پەرقلەر مەۋجۇد. دېمەك، بىر ئىنساننىڭ ئەخلاق قارىشى شۇ ئىنساننىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرىنىڭ ھەر بىر ئۆگىسىگە قەدەر چېتىلغان بولىدۇ. شۇنداق بولغاچ، ھەر بىر ئىنساننىڭ ئۆزىگە، قول ئاستىدىكىلەرگە ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ۋە تەبىئەتكە نىسبەتەن مەسئۇلىيەتچانلىق ئېڭى ئوخشاش ئەمەس. يازغۇچى يازغۇچىغا خاس، رەھبەر رەھبەرگە خاس، ئوقۇتقۇچى ئوقۇتقۇچىغا خاس، دېھقان دېھقانغا خاس... ئەخلاقىي قاراشقا ئىگە بولمىسا ۋە ئۆزىدىن ھالقىغان ئومۇمىي كىشىلەر توپىغا نىسبەتەن مەلۇم مەسئۇللۇق تۇيغۇسىغا ئىگە بولمىسا، ھەر بىر ھەرىكىتىنى ئاشۇنىڭغا ماس ئېلىپ ماڭمىسا، بۇ، دۇنيا پاساتچىلىقنىڭ نېگىزى بوپ قالىدۇ. ھەر بىر تائىپە چوقۇم ئۆز مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيەتلىرىگە ئەخلاقىي مۇئامىلە قىلىشى كېرەك. بۇ دەل ئىنسانىيەت بۇرچ تۇيغۇسىدۇر، ئىنسانىيلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر. نېمە ئۈچۈن ئابدۇقادىر جالالىددىن( خۇدا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي): « مەن ئوغلۇمدىن نۇرغۇن ئىلھاملارنى سەزگەندىم، لېكىن بۇ ئىلھاملار تىرىكچىلىكنىڭ غەۋغالىرىدا يوقىلىپ كەتتى...»( ئابدۇقادىر جالالىددىن:«داغمۇ ياكى زىناقمۇ؟»، شىنجاڭ مەدەنىيىتى، 2002 ـ يىل، 3 ـ سان) دەپ قايغۇرىدۇ. چۈنكى ئۇ يازغۇچى. ئۇ ھەر دەقىق ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى، رولىنى

ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك. بۇ دەل يازغۇچىلاردا بولۇشقا تېگىشلىك روھتۇر، ئەخلاقتۇر. ھەر بىر يازغۇچىدا ئۆز خەلقىنىڭ ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ روھى كېسەللىكلىرىنى تاپىدىغان، ئۇنىڭغا جايىدا دىئاگنوز قويۇپ، ئۆز ۋاقتىدا داۋالايدىغان، ئۇنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنى تونۇپ يېتەلەيدىغان ۋە ئۆز دەۋرىگە ئىگە بولىدىغان يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن يۇغۇرۇلغان ئەخلاق قارىشى تىكلىنىشى كېرەك. بۇ دەل بۈگۈنكى يازغۇچىلىرىمىزدا بولۇشقا تېگىشلىك روھتۇر. ئەگەر يازغۇچىلاردا يازغۇچىلارغا خاس ئەخلاقىي قاراش بولمايدىكەن، ئۇ پۈتكۈل خەلقنىڭ، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئازابى بەدىلىگە «پەلسەپە» يارىتىدۇ، خالاس. ئۇنىڭ روھى مىليونلىغان خەلقنىڭ روھىيىتى، ئارزۇ ـ غايىسى، دۇنيا قارىشى ۋە تۇرمۇش قارىشى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدىغان، كۆزىنى يۇمۇپلا ئىش قىلىۋېرىدىغان ئاشۇ ئەكسىيەتچى، رەزىل سىياسىئونلارنىڭ چىركىن روھىدىن قىلىشمايدۇ ـ دە، ئۇ، تارىخنىڭ لەنەت تۈۋرۈكىگە مىخلىنىدۇ( بۇ گەپلەر ئەلۋەتتە بىلىپ تۇرۇپ قىلغانلارغا قارىتىلىدى). باشقا تائىپىلەرمۇ ھەم شۇنداق.

دېمەك، ھەر بىر ئىنساندا ئىنسان بولغانلىقى سەۋەبلىك ئۆز ھوقۇق، مەسئۇلىيەت دائىرىسىدىكىلەرگە، يەنى ئۆز توپىغا مەسئۇل بولىدىغان، تارىخ ئالدىدا ئۆزىدىن ھېساب ئالىدىغان ئەخلاقىي قاراش بولۇشى كېرەك. ئېيتىلىشىچە، ئۆمەر بىننى خەتتاب شۇنداق دېگەنىكەن:« سىلەر ئاخىرەتتە ھېساب بېرىشىڭلاردىن ئىلگىرى ئۆزۈڭلاردىن ھېساب ئېلىپ بېقىڭلار!» بىر ماشىنىنىڭ ھەرىكەتلىنىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەر بىر ۋىنتىسى پائال رول ئوينىغاندەك، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىمۇ ئۆز «ۋىنتىلىرى»نىڭ ھەمكارلىقى بىلەن ئۆز كەلگۈسىنى يارىتىدۇ. ناۋادا مەلۇم بىر تىپ ئۆز مەسئۇلىيىتىگە سەل قارايدىكەن، ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى ھالقىلىرى بىر بىرىگە تۇتاش بولغان ئەخلاق زەنجىرى ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ. ئەخلاق زەنجىرىنىڭ ئۈزۈلىشى ـ ئەخلاقنىڭ تەڭپۇڭسىزلىششى ئىنسانلار ھالاكىتىنىڭ ئىپادىسىدۇر. بۇ خىل ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە، مىللەتنىڭ ھاكىمىيەت ماشىنىسىنىڭ ئىلمىي ئادەملىرى بولغان زىيالىيلارنىڭ رولى باشقا تىپلارغا قارىغاندا مىسلىسىزدۇر. بۇ، ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ باشقىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ ئېغىر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

روھى تاكامۇللۇق ۋە ماددىي تەرەققىيات جەھەتتىن بولسۇن تەڭپۇڭ مۇۋازىنەت ئۈستىدە ئىلگىرلەۋاتقان ئىنسانلار بۈگۈنكى دەۋرگە كەلگەندە مىسلىسىز ئەخلاقىي كىرىزىسكە دۇچ كەلدى. بەلكىم بۇ، ئىنسانلارنىڭ ئۆزىگە:« ئادەم سۆزلىيەلەيدىغان، تەپەككۇر قىلالايدىغان، ئىشلەپچىقىرىش قۇراللىنى ياسىيالايدىغان... ھايۋان» دەپ تەبىر بەرگىنىدىن باشلانسا كېرەك. بۈگۈنكى كۈندە ئىنسانلار ئەخلاقتا ئىلگىرىكىدەك يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن قارىمايدىغان بولدى. بۇ خىل خاھىش جەمئىيەت تەرىپىدىن توغرا چۈشىنىلىپ، زامانىنىڭ تەقەززاسى سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىندى. ئىلگىرىكى كىشىلەر ئۆز بەختىنى ۋە قىممىتىنى ئەخلاق، شەرمى ھايا، دىيانەت ۋە پاكلىق (نومۇس) تۇيغۇلىرىدىن ئىزدىگەن بولسا، تارىخ چاقى چۆرگىلەپ بۈگۈنگە كەلگەندە ماددا ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئىگىلىدى. ئىنسانلارغا ماددىي نەرسىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىشى ئىنسانىيلىقنىڭ ـ ئەخلاقنىڭ دەپسەندە قىلىنىشى ئىدى. كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا ماددىي مەنپەئەت ئالدىدا ئەخلاق، ھايا... دېگەندەك ئىنسان مەنىۋىيىتىنىڭ گۈزەل زىننەتلىرىگە ھېچ نەرسە كەلمەيدىغان بوپ قالدى. ئەخلاقنىڭ ئىجتىمائىيەتتىكى ئورنىنى ماددىي مەنپەئەت ۋە چېكىدىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىك ئىگىلىدى. گېزى كەلگەندە ئەخلاقمۇ ماددىي مەنپەئەتنىڭ دەسمايىسىدۇر. كىشىلەر ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن ھەر قانداق ھالاكەتكە ئۆتۈشكە تەييار. پراگماتىزم پەلسەپىسىنىڭ ئاساسچىلىرىنىڭ بىرى ۋىليام جېمىس ئېيتقاندەك:« خۇداغا ئىشىنىش پايدىلىق بولىدىغان بولسا»( ئابدۇرېھىم دۆلەت: «پەلسەپە ھەققىدە ئىككى كەلىمە سۆز») مەسجىدنى ئاۋارە قىلىدىغانلارمۇ بولۇشى مۇمكىن. دېمەك، ماددا كونترول بولۇشتىن كونترول قىلىشقا ئۆتتى. نەتىجىدە كىشىلەر ئۆزلىرى ياسىغان ماددىي ئىختىرالىرىنىڭ قۇلىغا ئايلاندى. مىلتىق، پۇل... قاتارلىقلار بۇنىڭ تېمىسالىدۇر. بۈگۈنكى كۈندە «بازار ئىگىلىكى» پۇل «قىزىق تېما». مانا بۇ بازار ئىگىلىكى يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئىنسانلارنى بىر تاسقاپ قويۇۋېدى، ئىنسانلار بولالمايلا قالدى. ئۇلار پۇل ئۈچۈن بارلىقىنى، ھەتتا ئىنسانىيلىقىنىمۇ گۆرۈگە قويىدۇ. ئەسلى پۇل مەلۇم مەقسەتلەرگە يېتىش ئۈچۈن ۋاستە ئىدى. ھازىر بارچە «ۋاستە»لەر پۇل تېپىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

ئىنسانلاردا ۋاستە مەقسەت بوپ قالدى. مۇناپىقلىق، پاھىشلىك كىشىلەرگە ھېچقانداق تۈيۈلمايدىغان ھەتتا ئېتىقادىمۇ گېزى كەلگەندە تاۋار بوپ قالدى. دوختۇرلار پۇل ئۈچۈن «ساختا دورا»لارنى ياسىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. نەپسانىيەتچى رەھبەر ـ ئەمەلدارلار ئۆز «خوجايىنلىرى»نى ـ پۇقرالارنى قاقتى ـ سوقتى قىلسىمۇ بولۇۋېرىدۇ...( ئۈتوپىلىكسوتسىيالىزمچى، خىيالىي سوتسىيالىزمنىڭ ۋەكىلى فۇرىيې (1772~1837) ئەينى دەۋرنى پاش قىلىپ مۇنداق دەپتىكەن:«... دوختۇرلار كېسەللەرنىڭ كۆپ بولۇشىنى، ‹ئۆلۈك ساندۇقى›سېتىش دۇكىنى كۆپرەك ئادەمنىڭ ئۆلۈشىنى، ئادۋوكاتلار ھەممە ئائىلىلەرنىڭ دەۋا قىلىپ كېلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ...»)

ئەخلاقنىڭ بىرلا تەرەپتىن ئەمەس، ھەممە تەرەپتىن تەڭلا كىرىزىسكە دۇچ كېلىشى، شۇ جەمئىيەتنىڭ ۋە شۇ جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ ئەخلاق قارىشىنىڭ پالەچ ئورۇنغا چۈشۈپ قالغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئىنسانلار ھازىر ھېچقايسى دەۋردە كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئەخلاق مەسىلىسىگە دۇچ كەلدى. ئۇ بولسىمۇ چېكىدىن ئاشقان ھايۋانىيلىقنىڭ ـ ئاشكارا جىنسىيەتنىڭ مەيدانغا كېلىشىدۇر. غەربلىكلەر «ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببىتى»، «بەچچىۋازلىق»، «پاھىشىۋازلىق» دېگەنلەرنى رەسمىي قانۇنلاشتۇردى. كۆز ئالدىمىزدىكى غەرب جەمئىيىتى، ئۇلارنىڭ دۇنيا ۋە ئەخلاق قارىشى، ئۇ يەردىكى بۇزغۇنچىلىقلار كىشىنى چۆچۈتىدۇ. «ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببىتى»، «بەچچىۋازلىق»... دېگەندەك ئاتالغۇلار ۋە بۇ بۇزۇقچىلىقلار غەرب تۇپرىقىدا مەيدانغا كەلگەن ۋە شۇ جايدا قانۇنلاشتۇرۇلۇپ يولغا قويۇلغان بولسىمۇ، بۇ، غەربنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتىكى تەسىرى پۈتكۈل يەرشارىغا ئورتاق بولۇۋاتقان بۈگۈنكىدەك كۈندە كۆڭۈل بۆلۈش ئەڭ زۆرۈر مەسىلىدۇر. غەربتە ئىجاد قىلىنغان مەيلى نەزەرىيىۋى ئىختىرا بولسۇن، مەيلى ماددىي كەشپىياتلار بولسۇن شەرق تۇپرىقىدا بازار تېپىۋاتقان ، كېڭىيىۋاتقان، ئىستېمال قىلىنىۋاتقان كۈنىمىزدە بۇ خىلدىكى چېكىدىن ئاشقان ئەخلاقسىزلىقنىڭ ئىنسانلار جەمئىيىتىدە مەيدانغا كېلىشى ۋە تەشەببۇس قىلىنىشى كىشىنى ھەقىقەتەن خاتىرجەمسىزلەندۈرىدۇ. چۈنكى تۈنۈگۈن چىققان غەربچە پاسۇندىكى

كېيىم ـ كېچەكلەر بۇگۇن ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئۇچىسىدا ، تۇنۇگۇن ھوللىۋود ئىشلىگەن تېلېفىلىم بۇگۇن ياشلىرىمىزنىڭ مېڭىسىدە...

مەتبۇئاتلاردىن، ژۇرناللاردىن: « بۇ يىل (2002) 3 ـ ئىيۇلدا برازىلىيىنىڭ سان پاۋلو شەھرىدە 400مىڭ بەچچىۋاز نامايىش ئۆتكۈزۈپ، تەبرىكلەش پائالىيىتى ئېلىپ بارغان. تەبرىكلەش مۇراسىمدە سان پاۋلو شەھرىنىڭ باشلىقى نۇتۇق سۆزلەپ ، سان پاۋلو شەھرىنىڭ بەچچىۋازلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداشقا كاپالەتلىك قىلالىغانلىقىدىن ئىنتايىن خۇشاللىقىنى ئىپادىلىگەن. بۇ يىلقى نامايىشچىلار بۇلتۇرقىدىن بىر ھەسسە كۆپەيگەن( ئادىل ئابدۇقادىر: «مەن ياشاۋاتقان دۇنيا»، شىنجاڭ مەدەنىيىتى 2002 ـ يىل، 5 ـ سان) دېگەندەك گەپلەرنى ئوقۇپ: «توۋا، دۇنيا راستتىنلا مۇشۇنداقمىدۇ؟ ئىنسانلار قايسى دەرىجىدە ئەخلاقسىز بولغاندا مشۇنداق بولۇدىغاندۇ؟» دەپ ئىدىيەمدىن پەقەتلا ئۆتكۈزەلمەي، بۇنى قۇبۇل قىلالماي يۈرگەن كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە، ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا كېتىۋېتىپ ستولبىلاردىكى: « قىزلىق پەردىسىنى ئوپېراتسىيە قىلىمىز، ئادرېسى:*** تېلېفون:*** » دېگەندەك ئېلانلارنى كۆرۈپ ھاڭ ـ تاڭ قالدىم. «جاھان نېمە بوپ كەتتى؟ راستتىنلا مەن مۇشۇنداق مۇھىتتا ياشاۋاتامدىمەن؟» كىچىكىمدىن باشلاپلا ئەخلاق تەربىيىسىدە ئۆسكەچكىمىكىن، بۇ رېئاللىق ئەمەستەك، رېئاللىق باشقىچە بولۇشى كېرەكتەك ھېس قىلاتتىم. بۇنى ئېتىراپ قىلغۇم كەلمەيتتى. ھالبۇكى، بۇ رېئاللىق ئىدى. ئەتراپىمدىكى بۇزۇقچىلىقلار، كىشىلەرنىڭ، بولۇپمۇ قىز ـ ئاياللارنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرى، گەپ ـ سۆزلىرى، كىيىنىشلىرى بۇنىڭ راستتىنلا رېئاللىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. مېنىڭ ئەخلاقىي تەربىيىلىنىشىم بىلەن جەمئىيىتىمىزنىڭ، يۇرتىمىزنىڭ ئەخلاقىي چۈشكۈنلىشىشى تەتۈر تاناسىپ بوپتۇ.

بولۇپمۇ بۈگۈنكى كۈندىكى بۇ «ئەركىن دۇنيا» نىڭ ئاۋانگارتلىرى 1980 ـ يىللاردىن كېيىن تۇغۇلغان مەن دېمەتلىكلەر ئىدى( مەن 20 ياش). ئۇلار ئوغۇل بولسۇن، قىز بولسۇن چاچلىرىنى خىيالىغا كەلگەن رەڭ ـ بوياقلاردا بويىشىدۇ. ھەتتا ئوغۇللارمۇ قۇلاقلىرىغا نەرسە ئېسىۋېلىشىدۇ. تار

ئىشتانلىرىنى كېيىشىدۇ. قىزلارنىڭ يەڭسىز، كىندىك ياپالماس مايكىلىرى مەھرەملىرىنى ـ زىننەتلىرىنى توسۇپ قالالمايدۇ. ئۇلارنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرى تەربىيىلىنىشكە ماس ئەمەس. يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرى، گەپ ـ سۆزلىرىدىكى ھاياسىزلىقلار ئادەمنى تولىمۇ خىجىل قىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى خالاپ بىر قەۋملەرگە ئوخشىۋالغان كىشىلەر( مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام:«كىمكى خالاپ بىراۋلارغا ئوخشىۋالسا، شۇنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ كېتىدۇ»دېگەن). ھەتتا ئۇلارنىڭ قىز ياكى ئوغۇل ئىكەنلىكىنى ئايرىشمۇ گېزى كەلگەندە بەسىي مۈشكۈلدۇر. مەن دېمەتلىكلەر ئارىسىدىكى بۇ خىل ھالەتلەر مەن بىلەن ئۇلار ئارىسىدا ھاڭ شەكىللەندۈرگەن. ھەتتا ئىلگىرىكى دوستلىرىم ۋە ساۋاقداشلىرىممۇ مەندىن ئۆزىنى چەتكە ئالىدۇ. يالغۇزلۇق، تەنھالىق مېنى تولىمۇ بىزار قىلغان چاغلاردا، ئادىل ئابدۇقادىر ئاكىدەك: «ئادەملەر قېنى؟»( شىنجاڭ مەدەنىيىتى، 2002 ـ يىل، 1 ـ سان) دەپ ۋارقىرىغۇم كېلىدۇ. دېمەك، ئەقىدە، ئەخلاق ئەھلىلىرى مىسلىسىز تەنھالىققا دۇچ كېلىۋېتىپتۇ. بەلكىم بۇندىن كېيىن تېخىمۇ شۇنداق بولۇشى مۇمكىن.

بىلىشىمچە، غەربنىڭ ۋە ئۇلاردا شەكىللەنگەن ئەخلاقسىزلىقلارنىڭ تەسىرى ئانا دىيارىمىزغا خېلىلا بوپتۇ. گەرچە بۇ يەردىكى مەسىلەر غەربتىكىدەك بەك ئېغىر بولمىسىمۇ، لېكىن باشلىنىۋېتىپتۇ. ئۈرۈمچىدەك مەركىزى شەھەرلەردە( بولۇپمۇ ياشلار ئارىسىدا) زەھەرلىك چېكىملىك، بەچچىۋازلىق، پاھىشىۋازلىق دېگەنلەر مەۋجۇد ئىكەن. ئاڭلىشىمچە، ئۈرۈمچىدىكى بەزى ئائىلىلەردىمۇ ئائىلە ئەھلىلىرى ( غەربلىكلەردەك) سۆيۈشۈپ سالاملىشىدىكەن. ئالىي مەكتەپلەر تۈگۈل ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپلەردىمۇ قىز ـ ئوغۇللارنىڭ مۇھەببەتلىشىشلىرى ئادەتتىكىدەك ئىش. بەلكىم بۇ يەردىمۇ دېڭىز ساھىللىرى بولىدىغان بولسا، ئۇ يەردە ئېغىناپ ھوزۇرلىنىدىغانلار، ئاپتاپقا يالىڭاچ قاقلىنىدىغانلار چوقۇم چىقىشى مۇمكىن( ئاڭلىشىمچە، تۇرپان قۇم دېڭىز ساھىللىرىدا قۇمغا كۆمۈلىدىغان بەزى كىشىلەردىكى ئۇياتسىزلىقلار ئوتتۇرا دېڭىز ساھىللىرى بويىدىكى ئۇياتسىزلىقلاردىن قېلىشمايدىكەن. ئۇ يەرگە داۋالىنىش ئۈچۈنلا ئەمەس، «راھەتلىنىش» ئۈچۈنمۇ بارىدىغانلار كۆپكەن). دېمەك، ئەخلاق مەسىلىسى رايونىمىزدىكى ئېغىر مەسىلىلەرنىڭ بىرىدۇر. بۇ خىل ئەخلاقسىزلىقلار نۇرغۇنلىغان

ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى شەكىللەندۈرۈۋاتىدۇ: بىر قىسىم ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئالىي مەكتەپلەردە قىز بالىلىرىنى ئوقۇتماسلىقى نوقۇل ئىقتىسادىي چىقىمنىڭ كۆپ بولۇشىدىن بولماستىن، ئالىي مەكتەپلەردىكى ئەخلاقسىزلىقلارمۇ سەۋەب بولماقتا. قىز ـ ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ جىنسىي ھۆرمىتىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشىدىن ئەنسىرىمەكتە...

بۈگۈنكى دۇنيادىكى سىياسىي ئۆزگىرىشلەر، ئۇرۇش، زوراۋانلىق، ئىجتىمائىي بېسىملار ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ بۇزۇلۇشى ... قاتارلىقلارلا قورقۇنچلۇق بوپقالماستىن، چېكىدىن ئاشقان ئەخلاقسىزلىقمۇ ئاجايىپ ۋەھىمىلەرنى ئەكىلىۋېتىپتۇ. ئەتراپىمىزدا شەيتانىلار تەنتەنە قىلىۋېتىپتۇ. ئادەملەر نەپسى ـ خاھىشىغا بېرىلىپ كېتىپتۇ. تەكلىماكان بۆرجەكلىرىدىكى چەت يېزا ئەھلىلىرىمۇ بۇ كىرىزىستىن مۇستەسنا ئەمەسكەن. كىچىكىمدە چوڭلاردىن سوراپتىتىم:« تاغنىڭ ئارقىسىدا نېمە بار؟» ، «سۇ»دەيتتى ئۇلار. ئۇلار ئەسلى تاغنىڭ كەينىدىكى كىچىك بىر دەريا ئارقىلىق ئېقىپ كېلىدىغان سۇنى نەزەردە تۇتقانىكەن. مەن شۇ چاغدىكى گۆدەك تەپەككۇرۇم بىلەن ئويلاتتىم:« تاغنىڭ ئارقىسىدا دېڭىز باركەندە، ئۇ دولقۇنلاپ تاغنىڭ پەس جايلىرىدىن تېشىپ كەتسە، يۇرتىمىزدىكى كىشىلەرنى غەرق قىلىۋەتسە قانداق بوپ كېتەر؟» دەر ۋەقە، «تاغ ئارقىسى» دىن كېلىۋاتقان «توپان» كىشىلىرىمىزنى غەرق قىلىۋەتمىسىمۇ، سۇ ھوشۇققا كەپتۇ. ھەي...ي، بۇ «توپان» كىشىلىرىمىزنى غەرق قىلىۋەتمىگىيدى؟!...

بەلكىم بۇ كىرىزىسلار غەربلىكلەرنىڭ ئاخبارات ھۇجۇمىنىڭ ـ ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ تەسىرى كۈچىدىن بولسا كېرەك.

غەربلىكلەر ئۆز ئەخلاقىي قاراشلىرىنى تېلېۋىزور ، ئىنتېرنېت دېگەندەك ۋاستىلەر ئارقىلىق تارقىتىشقا ئۆرۈنۈپ كەلدى. ھەتتا ئىسلام ئەللىرىمۇ بۇلارنىڭ قايمۇقتۇرۇشىغا يولۇقتى... ( ئاڭلىشىمچە، مىسىردىكى ئاياللار «دېموكراتىيە»نى، «ئاياللار باراۋەرلىكى»نى دەۋا قىلىپ، «تارىختىن بۇيان ئەرلەر بىزنى تالاق قىلىپ كەلگەن، ئەمدى بىز ئەرلەرنى تالاق قىلىمىز!» دەپ نامايىش ئۆتكۈزگەنمىش...) ئەلۋەتتە، ئەخلاقسىزلىقلاردا ھاراقنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق نېسىۋىسى بار. ھاراق

بارچە جىنايەتنىڭ ئانىسىدۇر. ھاراق توغرىسىدا كۆپ سۆزلىگۈم يوق. پەقەت قەدىمكى زاماندىكى بىر ھېكايىنى قىستۇرۇپ قويىمەن: بۇرۇنقى زاماندا بىر كېلىشكەن، تەقۋادار كىشى ئۆتكەنىكەن. شۇ چاغدىكى ئايال پادىشاھ ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ ئۆز كېنىزىكىگە:« ئۇ كىشىنى چاقىرىپ كەل! گۇۋاھلىققا تارتىدىغان ئىشى بار»دەپتۇ. ئۇ ھېلىقى كىشىنى چاقىرىپ كەپتۇ. بۇ دېدەك ھەر بىر ئىشىكتىن كىرگەندە ئىشىكلەرنى تاقاپ مېڭىپتۇ. بۇ ئىشقا ھېلىقى تەقۋادار كىشى ئەجەبلىنىپتۇ. ئۇلار ئايال پادىشاھنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ. ئايال پادىشاھ ئۇ كىشىگە:« مەن سېنى گۇۋاھلىق بېرىش ئۈچۈن چاقىرمىغان. يا مەن بىلەن بىرگە بولىسەن، يا بۇ كىچىك ـ سەبىي بالىنى ئۆلتۈرىسەن، يا بۇ قەدەھتىكى مەينى ئىچىسەن!» دەپتۇ. بۇ كىشى ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىرى مۇنداق قارارغا كەپتۇ: « بۇ ئايال بىلەن بىرگە بولسام، مەنمۇ، ئۇمۇ گۇناھ ئۆتكۈزىمىز، بىر ھاراملىق كۆپىيىدۇ؛ بۇ كىچىك بالىنى ئۆلتۈرسەم، بىر پاك جاننى ئۆلتۈرگەن بولىمەن، ئۇ كەلگۈسىدە چوڭ ئىشلارنى قىلىشى مۇمكىن؛ ئەڭ ياخشىسى بۇ قەدەھتىكى مەينى ئىچىۋېتەي...» ئۇ، بۇ قەدەھنى كۆتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن مۇلازىملارغا:« يەنە بىرنى!» دەپتۇ. ئۇ يەنە بىر قەدەھ مەينى كۆتۈرۈۋېتىپتۇ. قارىسا، بۇ ئايال پادىشاھ شۇنداق چىرايلىق. ئۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزى خالىمىغان ئىشنى قىپتۇ، ھېلىقى گۆدەك بالىنىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ...

ئېيتىلىشىچە، لۇت قەۋمى ئومۇمىيۈزلۈك بەچچىۋاز بوپ كەتكەچكە، تاش ياغدۇرۇلۇپ ھالاك قىلىنىپتىكەن. ئەينى دەۋردىكى ئىرانلىقلاردىمۇ نىكاھ تۈزۈمى ئىنتايىن پاسات بولۇپ، يېقىن ئىرانلىقلار مەھرەملەر( توي قىلىش چەكلەنگەن يېقىن تۇغقانلار) بىلەن توي قىلىۋېرىدىكەن. مىلادىي بەشىنچى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىران ھۆكۈمرانى يەز جەرد(2) ئۆز قىزى بىلەن توي قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. كوپىنھاگېن ئۇنىۋېرسىتېتى شەرق تىللىرى مۇدەررىسى ، ئىران تارىخىي مۇتەخەسسىسى، پروفېسسور ئەرتەھىر كرىستىن سىن ئۆزىنىڭ «ساسانىيلار دەۋرىدىكى ئىران» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «ساسانىيلار دەۋرىنىڭ بۈگۈنكى زامان تارىخچىلىرى ئىرانلىقلاردا ئۆز مەھرەملىرى بىلەن توي قىلىدىغان ئادەتلىرىنىڭ بارلىقىنى دەلىللەپ كۆرسىتىدۇ. ساسانىيلار دەۋرىدە

مۇشۇنداق تويلىشىدىغان ئىشلار مەۋجۇد: بەھرام جۇۋبىين ۋە جۇشتەسپ ( خىرىستىئان بولۇشتىن ئىلگىرى) مەھرەملەر بىلەن توي قىلغان... جۇڭگولۇق ئېكسپېدىتسىيىچى تاڭ سىڭ بۇ خىل ئادەتكە ئىشارە قىلىپ شۇنداق دەيدۇ: ‹ئىرانلىقلار تۇغقان ئايرىماستىن توي قىلاتتى›. ئىراندا مىلادى 3 ـ ئەسىردە «مانى » ئوتتۇرىغا چىقىپ، چېكىدىن ئاشقان بۇزۇقچىلىققا قارشى تۇرۇپ، مانىي دىنىنى ئەكەلگەن ۋە كىشىلەر ئارىسىدا بۇنداق نىكاھنى مۇتلەق ھارام دەپ قارىغان. ئۇنى بەھرام مىلادى 276 ـ يىلى ئۆلتۈرىۋەتكەن. ئەمما ئۇنىڭ تەلىماتى ئىسلامغىچىلىك ھۆكۈم سۈرگەن. «مانى تەلىماتى»غا قارشى مىلادى 487 ـ يىلى تۇغۇلغان مەزدەك (ئىراندا) «ئىباھىزم» ( ئىباھ ـ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، دۇرۇس قىلماق مەنىسىدە، مەزدەك ھەممىنى دۇرۇس دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان) نى تەشەببۇس قىلغان. ئۇ شۇنداق دەپ قارايدۇ: « ئىنسانلار تۇغۇلۇشىدىنلا باراۋەر تۇغۇلغان. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق. نەپسى ئۇنى تارتىدىغان، ئۇنى ئىشتىھا قىلىدىغان مال ـ دۇنيا، خوتۇن دېگەنلەردە ھەممە كىشى ھەمشېرىك بولۇشى كېرەك» شەھرىستانىي مۇنداق دەيدۇ: « مەزدەك ئاياللاردىن، بالىلاردىن، مال ـ دۇنيادىن ۋە ئېكىنلەردىن پايدىلىنىشتا بارلىق كىشىلەرنىڭ خۇددى ئوتتىن، سۇدىن ۋە دەل ـ دەرەخ، ئوت ـ چۆپلەردىن پايدىلانغاندەك ئورتاق پايدىلىنىش ھوقۇقى بار، دەپ قارىغان»( ئەبۇل ھەسەن ئەلىييۇل ھەسەن نەدۋىي:« مۇسۇلمانلارنىڭ چۈشكۈنلىششى بىلەن دۇنيا نېمىلەرنى زىيان تارتتى؟» ناملىق كىتاب. 49 ـ سەھىپە، ئەرەبچە). مانا بۇ ئىراندا بارلىققا كەلگەن «ئىباھىزم » ۋە ئۇنىڭ قاراشلىرى. ھالبۇكى، غەربتە «خوتۇن ئالماشتۇرۇش كۇلۇبى»، «بەچچىۋازلىق كۇلۇبى»، «دۇنيا جەننىتى»... دېگەندەك ئورۇنلار يوق ئەمەس، ئەينى دەۋردىكى ـ «جاھىلىيەت دەۋرى»دىكى ئەرەبلەرنىڭ نىكاھ تۈزۈمىمۇ ئىنتايىن رەسۋا بولۇپ، ئالىملار ئۇنى تۆت تۈرگە يىغىنچاقلايدۇ:

1. خۇددى بۈگۈنكى ئەرەبلەردەك توي قىلماقچى بولغان قىزغا كىشى كىرگۈزىدۇ. پۈتۈشسە توي قىلىدۇ؛

2. ئەر ئايالى ھەيزدىن پاك بولغاندىن كېيىن ئايالىغا: «پالانىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە

بولغىن»دەيدۇ. ئايال تاكى ئۇ دېگەن ئەر بىلەن بىرگە بولۇپ، ئۇنىڭغا بالا تۇغۇپ بەرمىگىچىلىك ئەر ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولماي ئايرىلىپ تۇرىدۇ. ئايال تۇغقاندىن كېيىن ئۇنى ياخشى كۆرسە بىللە بولىدۇ. بۇ، بالىغا قىزىقىپ بولغان بولۇپ « باشقىلاردىن پايدىلىنىش نىكاھى»دەپ ئاتىلىدۇ؛

3. ئونغا يېقىن ئەر كىشى بىر ئايال بىلەن بىرگە بولىدۇ. تۇغقاندىن كېيىن ئۇلارغا ئادەم ئەۋەتىدۇ. ئۇلارنىڭ كەلمەي ئامالى يوق. ئايال ئۇلارغا: « نېمە قىلغىنىڭلار ئۆزۈڭلارغا ئايان. بالا تۇغۇلدى. ئى پالانى! بۇ سېنىڭ بالاڭ» دەپ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كىشىنى ئاتايدۇ. بالا شۇنىڭ بولىدۇ؛

4. «پاھىشەلەر» دەپ ئاتىلىدىغان ئاياللار بولۇپ، ئۇلار ئىشىكلىرىگە ئەلەم ـ بايراق قاداپ قويىدۇ. كىملا خالىسا ئۇلار بىلەن بىرگە بولىدۇ. ئۇ تۇغقاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغانلارنىڭ ھەممىسى چاقىرىپ كېلىنىپ، قىياپەتشۇناسلار( شۇ دەۋردىكى چىرايغا قاراپ تۇغقان ئايرىيدىغان كىشىلەر) تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئۇ چىرايغا قاراپ بالىنىڭ ئاتىسىنى بېكىتىدۇ ( سەفىييۇر رەھمان ئەلمۇباركفورىي: «پېچەتلەنگەن شاراب» (ھازىر«شېرىن بۇلاق» دەپ تەرجىمە قىلىندى) پاكىستان نەشرى، ئەرەبچە، 65 ـ بەت). ( ئۇ دەۋرنىڭ «جاھىلىيەت دەۋرى» دەپ ئاتىلىشىدا ئىككى سەۋەب بولۇپ، بىرى، ئۇلارنىڭ نىكاھ ئېڭى يوق، ئەخلاقى چۈشكۈن؛ يەنە بىرى، ئۇ دەۋردىكى بۇتپەرەسلىك ـ خۇراپىيلىق تارىختا مىسلىسىز بولۇپ، بۇ دەۋردىكى بۇتلارنىڭ سانى 330 مىليون ئىكەن، شۇ دەۋردىكى سەل ئۆزگىچە نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى «ئىلاھ» بوپ قالغانىكەن ـ ئەبۇل ھەسەن ئەلىييۇل ھەسەن نەدۋىينىڭ يۇقىرىقى كىتابىدىكى بايانلار).

بىز يۇقىرىدا ئەخلاق ۋە ئۇ شەكىللەندۈرگەن ئىنسان پسىخكىسى ئىنساننىڭ ئەسلى تەبىئىتى دېگەنىدۇق. ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن ئىنسانلار جەمئىيەتتە يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك ئەخلاقسىزلىق ۋە ئۇنى نەزەرىيىۋى جەھەتتىن ھىمايە قىلىدىغان تەشەببۇسلار مەيدانغا كېلىدۇ؟ بۈگۈنكى كۈندىكى غەربلىكلەرمۇ نېمە ئۈچۈن «بەچچىۋازلىق»، «ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببىتى»... دېگەنلەرنى قانۇنلاشتۇرىدۇ؟.. ھەي... ي، دەۋرىمىزدە مەيلى نەدە بولسۇن، ھايۋانىيلىق ۋە چېكىدىن ئاشقان ئەخلاقسىزلىققا پەتىۋا ئىزدەپ بىرەر «پەلسەپە» مەيدانغا كەلمىگەي! زوراۋانلىق، ئۇرۇش،

تەڭسىزلىككىمۇ «پەتۋا» تېپىۋاتقان ئىنسانلارنى بۇنىڭغا گەپ تاپمايدۇ دېگىلى بولارمۇ؟ بەلكىم بۇ خىل «پەتۋا»مۇ مەيدانغا كېلىپ بولغاندۇ: دارەن ئۆزىنىڭ «هايۋانچىلىك بولالمايدىغان ئىنسانلار» ناملىق ماقالىسىدا شۇنداق يازىدۇ:« ... بۈگۈنكى دەۋردە غەربلىكلەرنىڭ ‹جىنسىيەت› جەھەتتىن ئېچىۋېتىلگەن بولۇشى، هايۋانلىق تەبىئەتكە تېخىمۇ يېقىنلاشقانلىق بوپقالدى. نىكاھ سىرتىمىقدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن تېخىمۇ كۆ ئىمكانىيەت ۋە تاللاش بارلىققا كەلدى... خۇشاللىنارلىقى شۇكى، يېقىنقى يىللاردىن بېرى كىشلەر تەدرىجىي هايۋاني تەبىئەتكە يېقىنلىشىۋاتىدۇ...»( شىنجاڭ مەدەنىيىتى، 2003 ـ يىل، 3 ـ سان). بۇ، بۈگۈنكى زامانچە «ئىباھىزىم»مۇ؟

ئېيتىلىشىچە، نوھ ئەلەيهىسسالام دەۋردە كىشلەر ئەخلاقسىز بوپ كېتىپتىكەن. نوھ ئەلەيهىسسالام ئۆمرىنىڭ ئاخىرغىچىلىك ئۇلارنى بۇ رەزىل قىلمىشلاردىن يېنىشقا بۇيرۇپتۇ. ئۇلار بويۇنتاۋلىق قىپتۇ. ئاخىر نوھ ئەلەيهىسسالام پەرۋەردىگارغا: « ئۇلاردىن بىرىنىمۇ قالدۇرۇپ قويمىغىن، ئەگەر ئۇلارنى قالدۇرۇپ قويساڭ، شۇبھىسىزكى، بەندىلىرىڭنى ئازدۇرىدۇ...» دەپ دۇئا قىپتۇ. نوھ ئەلەيهىسسالامغا پەقەت ئازغىنا ئىنسانلار ھەمراھ ئىكەن. ئۇ كۆڭلىدە، بۇ بۇزۇقلار يوقالسا، كېيىنكى ئىنسانلاردا بۇنداق ئەخلاقسىزلىقلار يۈز بەرمەيدۇ دەپ ئويلاپتۇ... «توپان بالاسى»دىن كېيىنمۇ ئاشۇ ئەخلاقلىق كىشلەردىن بۇزۇق، هاياسىز، ئەخلاقسىز كىشلەر مەيدانغا كەپتۇ... بەلكىم بۇ، ئەخلاقسىزلىقنىڭمۇ ئىنسان ۋۇجۇدىدا بارلىققا ئىشارە بولسا كېرەك.

تالاي ئېمپىرىيىلەرنىڭ، تالاي ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئەخلاقسىزلىق تۈپەيلى ھالاك بولغانلىقى ئوقۇرمەنلەرگە مەلۇم. سەيىمل خانتىڭتونمۇ بۈگۈنكى غەرب جەمئىيىتىدىكى ئەخلاقسىزلىقلارنى، چۈشكۈنلۈكلەرنى دەلىللەپ كۆرستىدۇ. بۇنداق شارائىتتا غەرب ئەخلاقسىزلىقىغا ئەگىشىش خەۋپتىن دېرەك بېرىدۇ.

ملادى 7 ـ ئەسىرگە كەلگەندە مۇھەممەد ئەلەيهىسسالام ئىسلام دىنىنى ئەكەلدى. بۇ دىن رېئال دۇنياغا يېقىن بولغان تەشەببۇسى ۋە مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ يۈكسەك ئەخلاقىي باشلامچىلىقى

بىلەن قىسقا مۇددەتتە ئىنسانلار جەمئىيىتىدە ئۆزگىچە خاس ئورۇن ئىگىلىدى. بۇ دىن ياراتقان يېڭى ئۈممەت ئەخلاق ئۈستىگە قۇرۇلغان جەمئىيەتنىڭ كارتىنىسىنى سىزىپ ئۆتتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆز تەلىماتلىرىنىڭ ئەڭ يېتۈك ئىجراچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ مۇسۇلمان ئۈممەتلىرىنىڭ قەلبلىرىدىن ئورۇن ئالدى. ئۇ ئۆز قارشلىرىنى پۈتكۈل ئىش ـ ھەرىكىتىنىڭ ھەر بىر ئۈگىلىرىگە قەدەر سىڭدۈرگەنىدى. ئۇنىڭ ئەخلاقىدىن سورالغاندا، كىشىلەر:« ئۇنىڭ ئەخلاقى ‹قۇرئان كەرىم› ئىدى» دەپ جاۋاب بېرىشكەن. ئۇنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرىنىڭ، ھەتتا ئۇ ئارىلاشقان كىشلەرنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىنىشى شۇ سەۋەبتىن بولۇشى ئېھتىمال. ھەدىسلەردە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كىچىك ۋاقتىدا يۈرىكىدىن شەيتاننىڭ ئېلىۋېتىلگەنلىكى، مىراجغا ئۆرلىگەندە يۈرىكىنىڭ ئابى زەمزەمدە يۇيۇلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. مانا بۇلار ئۇ كىشىنى مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدە مىسلىسىز كىشىگە ئايلاندۇرغان. بەلكى بۇ پاكلىق ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشى مۇمكىن.

فارابي، ئىبنى سىنا، غەززالي ... قاتارلىق شەرق ئالىملىرى نوقۇل ئىلىم ـ پەن چولپانلىرى بولۇپلا قالماستىن، شەرق ئەخلاقىنىڭ ئىجراچىلىرىدۇر. فارابي ھەزرەتلىرىنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلەت ھەققىدىكى قاراشلىرىمۇ بىر قەدەر گەۋدىلىك. بۇ خىل روھنى بۈگۈنكى زىيالىيلىرىمىزدىن تېپىش تەس. شۇڭلاشقا دېھقانلار زىيالىيلارغا ئالدىراپ قايىل بولمايدۇ. ئۆز ئەمەلىيىتىگە خىلاپ كىچىككىنە ئىش ئارقىلىقمۇ ئۇلارنى ئىنكار قىلىۋېتىدۇ. قارىماققا ئۈستىبېشى چاڭ ـ توزان كۆرۈنىدىغان دېھقانلار ۋۇجۇدىغا ئاجايىپ ئەخلاق مۇجەسسەم: ئۇلار كىشىلەرگە تونۇسۇن، تونۇمىسۇن سالام قىلىدۇ. ئائىلىدە بولسۇن، كىشىلىك مۇناسىۋەتتە بولسۇن، ھەتتاكى ھاجەتخانىدىكى ئۇششاق تازىلىق ھەرىكەتلىرىدە بولسۇن ئىنتايىن مەسئۇلىيەتچان. ئەلۋەتتە، بەزى جەھەتتە دېھقانلار زىيالىيلارغا ئۈلگە بولۇشقا يارايدۇ...

ئىنسان دۇنيادا پاك ياشىشى كېرەك. بۇنى ئۇنىڭ تەبىئىتى بەلگىلىگەن. ئابلىز ئۆمەر ھاجى شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلىنىڭ 2003 ـ يىل 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «مەن بويلىغان قىرغاقلار» ناملىق

ئەسرىدە بالىلىقنى پاكلىقنىڭ يۇقىرى پەللىسى دەپ كۆرسىتىدۇ. ئاشۇ بالىلىقتىكى روھى ھالەت تەگرى «توقۇغان» ئەڭ پاك ھالەتتۇر. ئۇ، چوڭ بولغانسېرى ئۇنىڭ روھى ئاتا ـ ئانا ۋە جەمئىيەت تەرەپتىن تالاي قېتىم «چۇۋۇلۇپ» ، تالاي قېتىم قايتا «توقۇلىدۇ»( جايىدا توقۇلسىلا مەيلىغۇ). ئۇنداقتا بىزنىڭ روھىمىزنى چۇۋۇپ توقۇۋاتقان ئامىللار نېمە؟ ماددا نېمە ئۇچۇن كىشىنىڭ مەنىۋىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ؟ بۈگۈنكى دۇنيا ھەزارەت ئۆز ئارا خىرىس قىلىۋاتقان دۇنيادۇر. بۇ دۇنيا ھەر كىشىنىڭ دۇنيادا مەۋجۇد بولۇپ ياشىشى ئۈچۈن ئۆز روھىدا ئىدىيە قورغىنىنىڭ بولۇشى كېرەكلىكىنى تەقەززا قىلدى. ئۇنداق بولمىغاندا، ئىنسان زامان شاماللىرىدا سەرگەردان، دېڭىز دولقۇنلىرىغا يەم.

ئەتراپىمىز خىرىسقا تولغان دۇنيا. جىددىيلىككە ، ئالدىراشلىققا تولغان دۇنيا. غەربنى مەركەز قىلغان ئەخلاقسىزلىق مۇشۇنداق يامراۋېرەرمۇ ياكى بۇ توپاندىن قۇتۇزۇدىغان نوھ كېمىسى بارمۇ؟ يۇقىرىدا ئەخلاقنىڭمۇ، ئەخلاقسىزلىقنىڭمۇ ئوخشاشلا ئىنسان ۋۇجۇدىدا بارلىقنى دېگەندۇق. شۇنداق بولغانىكەن، دۇنيانىڭ تەڭپۇڭ مۇۋازىنەت ئۈستىدە نورمال تەرەققىي قىلىشىمۇ كىشىلەردە ئورتاق ئەخلاقىي قاراشنىڭ بولۇشىغا ۋە ئەخلاقلىق كىشىلەرنىڭ ئەخلاقسىز كىشىلەرگە تەسىر كۆرسىتەلىشىگە باغلىق( ھەر بىر ئادەمنىڭمۇ نەپسىدىن غالىپ كېلىشىگە باغلىق).

بۈگۈنكى دۇنيادا ئەخلاقسىز كىشىلەر كۆپمۇ، ئەخلاقلىقمۇ؟ بۇنىڭغا ھەرگىزمۇ ئالدىراپ جاۋاب بەرگىلى بولمايدۇ. چۈنكى بۇنى ستاتىستىكا قىلىشلا تەس بولۇپ قالماستىن، دۇنيا خەلقلىرىنىڭ ئەخلاق ئۆلچەملىرىمۇ ئوخشاش ئەمەس. ئىنسانلار يەن قانداق زامانلارغا، يەنە قانداق كىرىزىس، مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىدۇ، بۇ نامەلۇم. مېنىڭچە، ئىنسانلار ( ھەر بىر ئىنسان) ئۆز مەسئۇلىيەت ـ مەجبۇرىيەتلىرىنى تونۇپ ( يەنى ئۆزىنى تونۇپ) ، ئۇنىڭغا ئىنسانىي ئەخلاق بىلەن مۇئامىلە قىلالىغاندىلا گۈزەل كەلگۈسى يارىتىلىشى مۇمكىن. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئىنسانلار يەنە يېڭى ـ يېڭى كىرىزىسلارغا دۇچ كېلىۋېرىدۇ، بىر ـ بىرىنىڭ روھىنى ئىستېمال قىلىۋېرىدۇ، سېسىق ئالمىدەك بىر ـ بىرىنىڭ روھىنى چىرىتىدۇ.

2004 ـ يىل، يانۋار، شەھرى ئاتۇش.

ئېلان قىلىنغان ۋاقتى: 23 June 2010

ئاپتور: Karahan

[ بۇ يازمنسەرسان@روھدە2011 ـ 11 ـ 14 18:46قايتا تەھرى

:بۇ تېمىنىڭ

ئەسلى

كېلىش

مەنبەسى::

http://www.makanim.cn/read.php?tid=14110

# قەشقەر تارىخىدىكى " فېۋرال پاجىئەسى "

قەشقەر تارىخىدىكى " فېۋرال پاجىئەسى "

مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى

جەنۇبىي شىنجاڭ مۇھاپىزەت باش قوماندانى ( باۋۋېي زوڭسىلىڭ ) خوجانىياز ھاجى 1934 ـ

يىلى 1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى قەشقەرغە يېتىپ كەلگەن ئىدى .

شۇ كۈنلەردە قەشقەر يېڭى شەھەردىكى ماجەنساڭ ( چولاق زىخۇي ) غا قارشى " يېڭى شەھەر " سوقۇشى بولۇۋاتاتتى . بۇ ئۇرۇش باشباشتاقلىق ، ئىتتىپاقسىزلىق ۋە ئىچكى ـ تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق سىلىشى تۈپەيلىدىن بىر تەرەپ بولمىغان ئىدى . گەرچە بۇ ئۇرۇش باشلانغىلى 60 نەچچە كۈن بولغان ، " يېڭى ھۆكۈمەت " ( شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ) نىڭ جىددى سەپەرۋەر قىلىشى بىلەن كۈچەيتىلگەن بولسىمۇ ، يېڭى شەھەردىكىلەر تېخى تەن بەرمەيۋاتاتتى . خوجانىياز ھاجىنىڭ قوشۇنلىرى قەشقەرغە كېلىپلا يېڭى شەھەر مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشقا جىددى تۇتۇش قىلدىدە ، بىر بەچچە كۈن ئۆتمەيلا ئۇنۇم كۆرۈشكە باشلىدى . ماجەنساڭ چېكىنىپ سېپىل ئىچىگە مۆكۈنۈشكە مەجبۇر بولدى . دەل شۇ كۈنلەردە مافۇيۈەن باشچىلىقىدىكى 3 پولك ئەسكەر ئاقسۇدىن قەشقەرغە كېلىۋاتتاتتى . خوجانىيازھاجى ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن مارالۋېشى ، پەيزىۋاتلاردا كۈچلۈك قارشىلىق قىلغان بولسىمۇ مۇۋاپىقىيەتسىزلىككە ئۇچراپ بىر كېچىدىلا قەشقەردىن كېتىپ قالدى .

خوجانىياز ھاجى 28 ـ يانۋار كۈنى كېچىسى بىر بۆلۈك كۈچىنى ئېلىپ يەكەنگە كەتتى . مەھمۇت مۇھىتى ئاساسى كۈچى بىلەن يېڭىساردىكى خوتەنلىك ئەمىرلەر بىلەن ھەمكارلىششقا قالدى . " يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ " باش ۋەكىلى ساۋۇت داموللا ئاساسىي كۈچىدىن ئايرىلغان ھالدا يېڭىساردا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن يەكەنگە كەتكەن ئىدى . " يېڭى ھۆكۈمەت " قارمىغىدىكى قوشۇنلاردىن قەشقەر شەھەر مۇھاپىزەت قوماندانى ( چىڭپاڭ سىلىڭ ) كىچىك ئاخۇن ئەسكەرنلىرىنى ئېلىپ ئاستىن ئاتۇشقا ، " زىرائەت نازىرى ئوبۇل ھەسەن ھاجى ( مۇسابايوپ ) زەيدىن كارۋان باشچىلىقىدىكى قوشۇنلىرىنى ئېلىپ ئۈستۈن ئاتۇشقا ، " دۆلەت مۇداپىئە نازىرى " قىرغىز ئورازبەك قىرغىز ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ ئۇلۇغچات تەرەپكە ، " قەشقەر گارنىزون قوماندانى "ئۆزبەك يۈسۈپجان قۇر بېشى ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ يېڭىسار تەرەپكە كەتتىدە ، قەشقەر شەھىرى مافۇيۈەن قىسىملىرىغا ئۆتكىچە قالغان ئىدى . بۇ چاغدا شەھەردىكى بايلار قولىغا چىققاننى ئېلىپ چەتكە قاچتى .

ئمكانىيتى بارلار شەھەرنى تاشلاپ يېزىغا چىقىپ كېتىشتى . ئمكانىيتى يوق كاسىپلار ، كەمبەغەللەر . . . . . شەھەر ئىچىدە قالغان ئىدى . ئۆزبەك يۈسۈپجان قۇر بېشى باشباشتاقلىق قىلىپ ، ھىچكىمگە يۆلەنمىگەن ھالدا تۇڭگانلار بىلەن يەنە بىر قېتىم ئېلىشماقچى بولدى . خوجا نىياز ھاجى قەشقەرگە كەلگەندە ھاجى ئاكا دەپ يۈرۈپ نۇرغۇن مىلتىق ، ئوق دورىلارغا ئىگە بولغان يۈسۈپجان خوجا نىياز ھاجىنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىپ يېرىم يولدىن قايتىپ كېلىپ يولنى تاشلىق تەرەپكە سالدىدە بوراختاي ( بۇلاقسۇ ) ئەتراپىغا ئورۇنلاشتى ۋە بىر قىسمى شەھەر ئەتراپلىرىغا سۇقۇنۇپ ، يەرلىك دىخانلارچە كىيىنىپ خەلققە ئارىلىشىپ يۈرۈۋەردى .

مافۇيۇەن ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ ، قەشقەرغە يېتىپ كېلىپلا كونا شەھەرنى ئىشغال قىلدى . ئۇنى قەشقەرنىڭ ھاكىمى ( شەنجاڭ ) ياقۇپ بەگ لاۋسى ، ئىبراھىم لوزۇڭ باشچىلىقىدىكى بىر تۈركۈم بايلار شەھەر سىرتىغا چىقىپ قارشى ئېلىپ شەھەرگە باشلاپ كىردى . مافۇيۇەننىڭ ئەسكەرلىرى ، شەتەي يامۇلى بىلەن داۋتەي يامۇلىغا ئورۇنلاشقان بولسىمۇ بىر قىسمى شەھەر ئىچىدىكى تىجارەتچىلەرنىڭ سودا سارايلىرىغا ئومۇمەن ھېيتكا مەيدانى ئەتراپىغا ئورۇنلاشتى . مافۇيۇەن گەرچە قەشقەر شەھىرىنى ئىگەللىگەن بولسىمۇ سېپىل ئىچىگىلا ھۆكۈمران ئىدى . دەرۋازا تېشىغا ھۆكمى ئۆتمەيتتى . ئەسكەرلىرىنى قىشلىق كىيىندۈرۈش ئىشى مۇھىم بولغاچقا شەھەردىكى بارلىق كاسىپلارنى يىغىۋالدى . كىيىم تىككۈچى ، موزدۇز ، بوياقچى ،ئىگەرچى ، تاسمىچى ، ياغاچچى ھەتتا تۆگمە ياسايدىغان ئۇستىلارغىچە ھايداپ كېلىپ سارايلاردا بېسىۋالغان چەكمەن ، ماتالاردىن كىيىم تىكتۈردى . مىلتىققا تاسما ، ئاتلارغا ئېيىل ياساتتۇردى . كاسىپلارنى قۇرۇق جىگموما بىلەن ئاچ ـ توق ئىشقا سالدى . ياخشى ئىشلىمىسە مىلتىقنىڭ پاينىكى بىلەن ئۇردى . بالا ـ چاقلىرى بىلەن كۆرۈشتۈرمىدى . ھەتتا ئۆيىدىن كەلگەن تاماقنى ئالدۇرماي قاتتىق ئازاپ سالغان ئىدى .

مافۇيۇەن قوشۇنلىرىغا ئوزۇقلۇقنى يېزىلاردىن ئالاتتى . يېزىلارغا قورالىلىق ئەسكەرلەرنى چىقىرىپ ئوتۇن ، سامان يىغدۇراتتى . بەزىدە ئۇنىڭ قوراللىقلىرى يېزىلاردا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمغا ئۇچراپ قېچىپ كېلەتتى . يېزىلاردىن بولۇۋاتقان ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم بارغېنسېرى شەھەر بىقىنىغا يېتىپ

كەلدىدە ، تۇمەن دەرياسىغا ئېلىپ چىققان ئاتلىرىنى ھۇجۇمچىلار تارتىپ ئېلىپ كېتەتتى . مافۇيۈەن بۇ ئەھۋاللارنى ئوڭشاش ۋە شەھەر خەلقىنى باستۇرۇش ئۈچۈن بەگ ، پاششەپ ، مىرشاپلاردىن كەڭ پايدىلاندى . قەشقەرنىڭ بۇرۇنقى ئاتاقلىق باجگىرى ئىبراھىم لوزۇڭنى شەھەر مۇھاپىزەتچى قوماندانى قىلىپ تەيىنلىدى . ئىنقىلاپچىلار سىپىدىن قېچىپ كەلگەن رىشتەمى پارتىزانلار ئەتىرىتىنىڭ قوماندانى ( يۈيجى سىلىك ) قىلدى . رىشتەم ئاستىن ئاتۇش تىجەنلىك بولۇپ بۇرۇن دۇمبىلاقچى ( ئېشەكچى كىراكەش ) بولۇپ ، قورغانغا چىقىپ قىرغىزىستاندىن چىققان جانبەك قازىنىڭ ئىسيانچىلىرىغا قاتناشقان ، كېيىن قېچىپ كېلىپ قىمارۋازلىق قىلغان ، شۇ يىللاردا كىچىك ئاخۇن بىرىگادىسىدا لىيەن دەرىجىلىك ئەمەل تۇتقان ، كىچىك ئاخۇن شەھەردىن چېكىنگەندە 30 دەك قوراللىق ئادىمىنى ئەگەشتۈرۈپ شەھەرگە قېچىپ كىرىپ تۇڭگانلارغا تەسلىم بولغان ئىدى . مافۇيۈەن شەھەر ئەتراپىدىكى ھۇجۇمچىلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن نەيرەڭ ئىشلىتىپ ئاتۇشتىكى كىچىك ئاخۇن تۈەنجاڭنى يوقىتىش ئۈچۈن 6 - فېۋرال شەنبە كۈنى تاڭ سەھەردە ئاتۇش تەرەپكە ئەسكەر ماڭدۇردى . شۇ كۈنى قار يېغىۋاتاتتى . بۇلارنىڭ كەينىدىن يېڭى شەھەردىكى ماجەنساڭنىڭ ئالا ياماق چاپان كەيگەن ئەسكەرلىرى كېلىپ ھېيتكادىن ئۆتۈپ شەرق تەرەپكە مېڭىپ كەتتى . بۇ ئىككى قوشۇن ئەمەلىيەتتە ئاتۇشقا بارمىغان ئىدى . مافۇيۈەن ئاپپاق خوجامىنىڭ ئارقىسىدىكى چوڭ يول بىلەن بۇچا تەرەپكە كەتكەن بولسا ، ماجەنساڭ ئۆز قوشۇنىنى ئېلىپ دۆلەت باغ رايونى ئارقىلىق يېڭى شەھەرگە كەتكەن ئىدى . بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئۆزبېك قوشۇنلىرى باشلىقلىرىدىن قوچقار باي ، ئۇيغۇر ، ئۆزبەكلەردىن تەركىپ تاپقان يۈز نەپەر پىدائىلارنى باشلاپ شەھەرگە باستۇرۇپ كىردى . ئۇلار ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ رەستىدىكى مۇسابايوپلارنىڭ سودا سارىيىغا ئورۇنلاشقان تۇڭگان بىرىگادا شتابىنى قولغا چۈشۈردى . يەنە بىر بۆلىگى توققۇزاق دەرۋازا گۈزىرىدىكى موللاخۇن ھاجى سارىيىغا ئورۇنلاشقان تۇڭگان پولك شتابىنى ئىشغال قىلدى . بۇ ئىككى شتابتا بىر نەچچە نەپەرلا ئادەم قالغان بولغاچقا ئۆزبېك پىدائىلىرى ئاسانلا قولغا چۈشۈرىۋالدى . پىدائىلار يەنە ئىككىگە بۆلۈنۈپ شەتەي يامۇلى بىەن داۋتەي يامۇلىغا ھۇجۇم

قىلدى . داۋتەي يامۇلىدىكى زىخۇيچىلار ( تۇنگانلار ) يامۇلنىڭ تاشقارقى ھويلىسىغا چاقلىق پىلموت قۇرۇپ ئات سىلىپ كەلگەن پىدائىلارنى ئوققا تۇتتى ، بىرقانچىسىنى ئۇزمىدەك توكۋەتتى . قالغان پىدائىلار تۆرت تەرەپتىن ئوراپ ھۇجۇم قىلدى . زىخۇيچىلار ھەم ئۇلارغا قارشى مۇداپىئەلەندى . ھەر ئىككى تەرەپ ئۇرۇش قىلىشقا باشلىدى . پىدائىلارنىڭ شەھەرگە كىرىشى بىلەن نۇرغۇنلىغان " ئامىن " چىلار گۇرۇھى پەيدا بولدى . قولىرىغا كالتەك ، پالتا ، كەتمەن ئېلىشىپ پىدائىلارغا قوشۇلدى . بۇ گۇرۇھ بارغانسىرى كۆپەيدى . ئەتراپ يېزىلاردىن كىرىشكە باشلىدى . بۇ ئامىنچىلار داۋتەي يامۇلىنىڭ ئەتراپىدىن ؛يامغۇردەك ئوق يېغىپ تۇرۇشىغا قارىماي ئامىن تووۋلاپ دۈشمەنلەرنى قىستاپ بارماقتا ئىدى . ئۇرۇش شۇ خىل تىركىشىش بىلەن بىرنەچچە سائەت داۋام قىلدى . لېكىن پىدائىلار شەھەر دەرۋازىلىرىغا سەل قاراپ ئىچىدىن زەنجىرلەپ قويۇش بىلەنلا قانائەتلەنگەن ئىدى . ئاتۇشقا بېرىش داغدۇغىسى بىلەن شەھەردىن چىققان مافۇيۈەن بەشكېرەم ئاغزىغا جايلاشقان ئۈزۈن سايغا يېتىپ كەلدى . " شام پادىشا " دىگەن مازارنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ بىر نىمە كۈتكەندەك شەھەر ئىچىگە قاراپ تۇردى دەل شۇ ۋاقىتتا چاپارمىنى يېتىپ كېلىپ شەھەر ئەھۋالىدىن خەۋەر يەتكۈزدى . شۇنىڭ بىلەن مافۇيۈەن شەھەرگە قاراپ ئات سالدى ، ئۇلار شەھەرگە يېتىپ كەلگەندە داۋتەي يامۇلىدا ئۇرۇش داۋام قىلىۋاتاتتى . بۇلار سىپىل ئۈستىدە قاراۋۇلنىڭ يوقلىقىنى كۆرۈپ " تۆشۈك دەرۋازا " سىدىن شەھەرگە باستۇرۇپ كىردى . بۇلاردىن بىرقىسمى ھېيتكانىڭ شەرقىدىكى قاراگۇ رەستىنىڭ دوقمۇشىغا پىلموت قۇرۇپ ئېتىشقا باشلىدى . ئۇشتۇمتۇت بولغان ھۇجۇمدىن ھاڭ - تاڭ قالغان پىدائىلار بىلەن " ئامىن " چىلار خام بازىرى سولاقمىسىغا سۈرۈلدى . ئەمما ھەممە تەرەپنى تۇنگان ئەسكەرلىرى توساپ ئالغان ئىدى .

ئۇيقۇسى ئېچىلىپ دالدىلاردىن پايدىلىنىپ مۇداپىئە كۆرگەن پىدائىلار قەيسەرلىك بىلەن قايتۇرما زەربە بېرىپ بىسىپ كېلىۋاتقان زىخۇيچىلارنى توختاشقا مەجبۇر قىلدى . ئۇرۇش سائەتلەپ داۋام قىلىپ ھەر ئىككى تەرەپ چىقىمدار بولدى . پىائىلار سان جەھەتتىن ئازلىق قىلاتتى . پىدائىلارنىڭ بىر قىسمى ئارقا ئەنجان كوچىسىدىكى " لى جىڭ " يامۇلغا چېكىنىشتى . يەنە بىر قىسمى جاننى

ئالقانغا ئالدىدە يا ئۆلۈم ، يا كۆرۈم دەپ ئەنجان رەستىسگە قاراپ ئات سالدى زىخۇيچىلار بۇلارنىڭ قەھرىمانلىقىغا ھەيران بولۇپ ئۆزلىرىنى ئوڭشاپ بولغىچە بىر قانچىسى يار باغ دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى . زىخۇيچىلار ئۇلارنىڭ يولىنى قاتتىق توسغان بولسىمۇ ئۇلار ئاتنىڭ قارنىغا چۈشۈۋېلىپ زىخۇيچىلاردىن بىر قانچىنى دۇمۇلۇتۇپ تاشلاپ قېچىپ كەتتى . بەزەنلىرى ئۆلدى . چىقىپ كېتىشكە ئامال تاپالمىغان پىدائىلار سۈرۈلۈپ ھېيتكا ئارقا ئەنجان كوچىسىدىكى " لى جىڭ " يامۇلى دەپ ئاتىلىدىغان ئورۇنغا توپلۇنۇپ ئىگىز سىرەج تاملاردىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنى قوغدىدى . زىخۇيچىلار ئۇلارنى 4 تەرەپتىن ئوراپ كېلىپ ھۇجۇم قىلىپ ئوققا تۇتتى . بولۇپمۇ سىپىل تەرەپتىن قاتتىق ھۇجۇم قىلىشتى . لېكىن ئۇلارنىڭ ئاتقان ئوقلىرى قېلىن تامدىن ئۆتمەيتتى . پىدائىلار بولسا كۆزگە كۆرۈنگەن زىخۇيچىلارنى ئېتىپ دۇملىتاتتى .

بۇ ئۇرۇش كەچ سائەت 4 لەرگىچە داۋام قىلدى . زىخۇيچىلار كۆپلەپ چىقىم تارتتى . يېرىم كۈنلۈك ئۇرۇشتا شۇ كوچىدىن 45 پۇقرانى ئېتىپ تاشلىدى . ھايات قالغان كىشىلەر ئۆيدىن ئۆيگە تۆشۈك تېشىپ ئۆي ئاتلاپ يۈرۈپ بۇ ئورۇندىكى كىچىك خالتا كوچىدا ئولتۇرقلاشقان ئافغان پۇقراسىنىڭ ئۆيىگە كىرىۋېلىپ جېنىنى ساقلاشتى . زىخۇيچىلار ئافغان پۇقراسىنىڭ ئۆيىگە ئېسىلغان ئەنگلىز بايرىقىغا قاراپ بۇ كوچىغا كىرمىگەن ئىدى .

« لى جېڭ دىكى پىدائىيلار زىخۇيچىلار بىلەن كەچكە قەدەر ئېلىشىپ قارشى تەرەپنى ئېغىر چىقىمغا ئۇچراتتى . زىخۇيچىلار ھەم ئۇلارنى بويسۇندۇرۇشقا ھەرقانچە ئۇرۇنغان بولسىمۇ ئۇنىڭ بەرمىگەندىن كېيىن ئۇسۇلنى ئۆزگەرتىپ ئالدامچىلىق قىلىشقا كىرىشتى . مەھەللىدىن تۇتىۋېلىنغان ئابدۇخالىق دىگەن بىلەن زۇنۇن ئاتا دىگەن ئۇيغۇرنىڭ قولىغا بىر دانە ئاق بايراق بىلەن بىر پارچە خەت تۇتقۇزۇپ پىدائىيلار تەرەپكە ماڭغۇزدى .

پىدائىيلار ئاق بايراقنى كۆرۈپ ئەلچى ئىكەنلىكىگە قاراپ ئوق ئاتمىدى . ئەلچىلەر كېلىپ پىدائىيلارغا بىر پارچە خەت تاپشۇردى . بۇ خەت ئەھرارخان تۆرەم ، مۇھەممەت خان ئاقساقال باشلىق ئۆزبېك مۆتىۋەرلىرى نامىدىن يېزىلغان ئىدى . خەتتە : سىزلەرنىڭ خەتەرلىك ھالغا چۈشۈپ

قالغانلىغىمىزدىن خەۋەر تاپتۇق . بىز سىلەرنى بۇ خەتەردىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن مازۇك زىخۇيي بىلەن ئۇچرىشىپ سۆھبەتلەشتۇق . گۇناھلىرىڭىزدىن ئەپۇ سورىدۇق . ئۇ كىشى ھەم قوبۇل كۆرۈپ كېچىرىم قىلىدىغان بولدى . تەسلىم بولۇپ قورال تاپشۇرسىڭىزلار كەڭچىلىك قىلىدىغانلىغا ۋەدە بەردى . ئۆتكەننى سۈرۈشتە قىلمايمىز ، دىدى . ئەگەر ئۆزىڭىزلەرنىڭ ھاياتىنى ئىزدىسىڭىزلەر ۋە قەشقەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئامانلىقىنى خالىسىڭىزلار تەسلىم بولغايسىزلەر . مادارىن جانابلىرى چوقۇم كەڭچىلىك قىلىمەن دەپ قۇرئان تۇتۇپ قەسەم ئىچتى . بىز سىزلەرگە كېپىل بولدۇق ، سىزلەرنىڭ تەسلىم بولۇشىڭىزلەرنى تەلەپ قىلىمىز دىيىلگەن ئىدى . پىدائىيلار بۇ تەكلىپنى مۇزاكىرە قىلىپ بىر قىسمى تەسلىم بولۇش ، بىر قىسمى تەسلىم بولماسلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنگەن ئىدى . مۇزاكىرە ۋە مۇنازىرە قىلىشىپ ئاخىر تەسلىم بولۇشقا ماقۇل بولۇشتى . ئۆزۈن مىلتىقنى تاپشۇرىدۇ ، تاپانچا قىلىچلار ئۆز قولىدا قالىدۇ دەپ توختام قىلىشىپ 1 ـ قەدەمدە ئۆزۈن مىلتىقلارنى تاپشۇرۇپ بەردى . زىخۇيىچىلار ئۆزۈن قوراللارنى ھارۋىغا بېسىپ ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن تەسلىمچىلەرنى قورا ئالدىدىكى سەيناغا تىزىلدۇرۇپ ، يان قورال بىلەن قىلىچلارنى يىغىۋالدى . مۇندىن بىر سائەت ئىلگىرى ئۆزلىرىنى ئارسلاندەك ھىس قىلىشقان پىدائىلار ئەمدى قوراللىرىدىن ئايرىلىپ سۇغا چۈشكەن مۇشۇكتەك بىچارە بولۇپ قالغانلىقى تونۇپ ھەسرەت چېكىشتى . زىخۇيىچىلار ئۇلارنىڭ قوللىرىنى ئارقىسىغا قايرىپ ئارغامچا بىلەن باغلاشقا باشلىدى . باشلىق دەپ ھىساپلانغان 18 نەپەر كىشىنىڭ پۇتىغا كىشەن ، قولىغا كويزا سېلىپ يېڭى شەھەر تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى . قالغان قىرىق ئادەمنى باغلاپ داۋتەي يامۇلى تەرەپكە ھايداپ ماڭدى . بۇلار ھەرقانچە پۇشمان ، نادامەت قىلسىمۇ ۋاقتى ئۆتكەن ئىدى .

يېڭىشەھەر تەرەپكە ھايداپ كېتىۋاتقان 18 كىشى قىزىلنىڭ كۆۋرۈكىگە يېتىپ كەلگەندە كەچ قاراڭغۇ بولۇپ قالغان ئىدى . ئارىدىن ئىككى ئادەم ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ قاچتى . قاراڭغۇدا زىخۇيىچىلار بايقىمىغان ئىدى . بۇ ئىككەيلەن قوراللىقلار ئۈزاپ كەتكەندىن كېيىن كۆۋرۈك دالدىسىدا دەملىرىنى ئېلىۋېلىپ تاڭ ئاتقۇچە قېچىپ پاختەكلە يېزىسىنىڭ نېرىسىغا ئۆتۈپ ئامان تاپتى .

قالغانلىرى شۇ كېچىسى يېڭى شەھەردە ئېتىپ تاشلاندى . بۇلارنىڭ ئىچىدىن ئابلا كەتمەننىڭ ئوغلى ئابدۇكېرىم دېگەننى قورال - ياراق ئۇستىسى ھاۋاز چوڭ دېگەن كىشى مېنىڭ تۇققۇنۇم دەپ ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالدى .

مافۇيۇەن پىدائىيلارنى ئالداپ قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن پىدائىيلارغا ياردەملەشكەن « ئامىن » چىلارنى پىلىموتقا تۇتۇپ جازالىدى ۋە ئۈچ كۈنلۈك ھەربىي ھالەت ئېلان قىلىپ ، بارلىق قوشۇنلىرىغا بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقا ، ئۇچرىغاننى ئېتىشقا بۇيرۇق بەردى . شەھەر كوچىلىرىغا پىت تارىغاندەك تاراپ كەتكەن زىخۇيچىلار بىرىنچى قەدەمدە تىجارەتچىلەرنىڭ دۇكانلىرىنى بۇلاشتى ، 2 - قەدەمدە ئۆيلەرگە باستۇرۇپ كىرىپ بۇلاڭچىلىق قىلدى . ئۇچرىغان ئادەمنى ئېتىپ ئۆلتۈردى ۋە چاناپ تاشلىدى . ئۆيلەرنى بۇلىغاندا دەسلەپ يېڭىراق ئۆيلەردە بۇلاڭچىلىق قىلغان بولسا ، بارا - بارا ئومۇمىيۈزلۈك بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى . بۇلىغان ماللىرىنى كەمبەغەللەرگە كۆتەرگۈزۈپ ئېلىپ كەتتى ، ئىشى تۈگىگەندە ئۇلارنىمۇ ئېتىپ تاشلىدى ،ئۆيلەرگە باستۇرۇپ كىرگەندە ئۆي ئىگىلىرىنى تۇتۇۋېلىپ ئالتۇن - كۈمۈش ، پۇل ، سائەت بەر دەپ قىستىدى . خەلقلەر ئۆزىدە بار نەرسە كېرەكلەرنى بېرىپ تۈگىگەن چاغدا يەنە قانائەت قىلماي ، ئۇلارنىڭ قوللىرىنى باغلاپ تۈۋرۈكلەرگە بېسىپ ئۇردى . تۆمۈر قىزىتىپ ياقتى . پۈتۈن شەھەرنى دات - پەريات قاپلىدى . بىرىنچى قېتىم كىرگەنلەر بۇلاپ - تالاپ چىقىپ كەتسە ، 2 - قېتىم كىرگەنلەر ئەۋلقلارنىڭ كىرگەنلىكىنى ھساپقا ئالماي يانا قىينايتتى . قالغان ، قاتقانلارنى ئالتتى . 3 ، 4 .... قېتىم كىرگەنلەرگە بەرگىدەك نەرسە قالمىغاندا ئۇلار ئاچچىقىنى جازالاش بىلەن چىقىراتتى . ئۆلتۈرۈپ تاشلايتتى . بۇ ۋەھشىلەر بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپلا قالماستىن ، خوتۇن - قىزلارغا باسقۇنچىلىق قىلدى . خوتۇن - قىزلارنى ئاتا ـ ئانىلىرىغا ، ئەرلىرىگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ ، نومۇسغا تەگدى . بۇ قىرغىنچىلىقتا يېڭى شەھەردىكى ماجەنساڭ قوشۇنلىرىمۇ قاتناشقان ئىدى ، 6 ئايلاپ يېڭى شەھەر مۇھارىسىدە قامىلىپ ئازاپ چەككەن بۇ ئەسكەرلەر قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقى بولمىغان شەھەر خەلقىدىن ئۆچ ئېلىپ دەھشەتلىك قىرغىن يۈرگۈزدى .

تاڭ ئېتىشقا يېقىن ھەرقايسى ئۆيدە ئۆلگەن ئۆلۈكلەرنى ئىشىك ئالدىغا ئەچىقىپ ياتقۇزۇپ قويدى .
بۇ 2 ـ كۈنى كېلىدىغان ۋەھشىلەرنىڭ يولىنى توساش ئۈچۈن چارە ئىدى . بۇ چارە راستىنلا
ئۈنۈملۈك بولدى . 2 ـ كۈنى كەلگەن بۇلاڭچىلار ئۆلۈك بار ئۆيگە كىرمەي قايتىپ كېتىشتى .
دەھشەتلىك 6 ـ فېۋرال كۈنى ئەنە شۇنداق خەۋپلىك ئۆتكەن بولسىمۇ پاجىئە تېخى تۈگىمىگەن
ئىدى . شۇ كېچىسى تاڭ يورۇغىچە ھەممە ئەتراپتىن ملتىق ، پىلىموتلار ئېتىلىپ تۇردى . 7 ـ
فېۋرال كۈنى بۇلاڭ ـ تالاڭ يەنە داۋام قىلدى . لېكىن ئەھۋال تۈنۈگۈنكىدەك دەھشەتلىك
بولمىدى . چۈنكى بۇ كۈنى ماجەنساڭنىڭ ئادەملىرى يوق ئىدى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلايدىغانغا
پەقەت ئەسكى يوتقان مازلىرى ، تەكىيلەردىكى توزغاق سامانلارلا قالغان بولغاچقا ئەسكەرلەرگە
ئانچە ئەپلىشىپ بەرمىدى . شۇنداق بولسىمۇ كىشىلەرنىڭ قوي ، كالا ، ئاتلىرىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ
قىلدى . 7 ـ فېۋرال كۈنى چۈش بولغاندا تۈنۈگۈن تەسلىم بولغان پىدائىيلارنى داۋتەي يامۇلنىڭ
ئالدىغا تىزىپ كەلدى . بۇلارنى ئوراپ ماڭغان قوراللىق قوغدىغۇچىلار سەيناننىڭ ھەممە تەرىپىگە
يېيىلدى . ئەسىرلەرنى جاۋبى تامنىڭ ئالدىغا ئىككى قاتار قىلىپ تىزدى ، بۇگۈن بۇلارغا جازا ھۆكۈم
ئېلان قىلماقچى بولغان ئىكەن ، ئاز ئۆتمەي ، ئاز ئۆتمەي شەھەر ھاكىمى ( شەنجاڭ ) ياقۇپ بەگ
لاۋسى بېشىدا قارا پوسما ، ئۈچىسىدا قارا لەمبۇتتىن تىكىلگەن لاتا خەي . . . . . . . كىينگەن ھالدا
غەربىي يولدىن كىرىپ كەلدى ، ئاندىن قەشقەر شەھرىنىڭ قورچاق « چىڭپاڭ سلىڭى » ئىبراھىم
لوزۇڭ باشچىلىقىدا شەھەرنى مۇتىۋەرلىرىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر كېلىپ ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئورۇن
ئېلىشتى . بىر چاغدا يامۇل ئىچىدىن مافۇيۇەن چىقىپ كەلدى ، يۇرت كاتتىلىرى ئورنىدىن تۇرۇپ
سالام بېرىش ئۈچۈن قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ تازىم قىلدى . مافۇيۇەن كۆپچىلىككە سۆزلەپ :
خەلقنى بۇلىيدىغان ، جەمىيەتنىڭ ئامانلىقىنى بۇزۇدىغان ، ئىسيانچىلارغا قاتتىق جازا
بېرىلىدىغانلىقىنى بۇلارنى تىلەشنىڭ ئۆزىمۇ جىنايەت ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇردى . ئۆزبېكلەرنىڭ
بىشىۋاسى ئەھرارخان تۆرەم ئورنىدىن تۇرۇپ قايتا مۇراجىئەت قىلىپ ، بۇلارنى ياخشى ئادەم قىلىش
ئۈچۈن كاپالەت بېرىمەن دىۋىدى ، ئۇنىڭ سۆزىنى رەت قىلدى . ئۇنىڭ ئارقىدىنلا بىر بۇيرۇق بىلەن

پىدائىيلارنى پىلموتقا تۇتۇپ قىرىپ تاشلىدى ، بۇ قىرىق كىشىدىن ئابدۇراخمان ئىسىملىك بىرسى ئۆلۈكلەر ئارىسىدا يېتىۋېلىپ كېيىن قېچىپ جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالالىدى ، قالغان كىشىلەر قانغا بويۇلۇپ تۈگەشتى .

ھەربىي ھالەت بۇيرۇقى ئۈچ كۈن دەپ ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ 2 ـ كۈنى ( 7 ـ فېۋرال ) قاراڭغۇ چۈشۈشكە يېقىن بۇيرۇق ئېلىپ تاشلاندى . كوچىلارغا ئادەم چىقىرىپ ئەل ئامان دەپ جاكا سالدۇردى ، ئەسكى داسلارنى تاياق بىلەن ئۇرۇپ ، ئاۋاز چىقىرىپ ، ھەربىي ھالەتنىڭ ئاياقلاشقانلىقىنى ، بۇلاڭ ـ تالاڭنىڭ ئەمدى توختىغانلىقىنى ئۈنلۈك ئاۋازلار بىلەن جاكارلىدى .

8 ـ فېۋرال كۈنى كوچا ـ كوچىدىن ئۆلگەن ئۆلۈكلەرنىڭ تاۋۇتلىرى چىقىشقا باشلىدى ، بامدات نامىزىدىن باشلانغان ئۇزۇتۇش چاشكا ۋە پىشىنغىچە يېرىم كۈن داۋام قىلدى . ئۆلگەن ئۆلۈكلەر كۆپ بولغانلىقتىن پاششەپلار ھارۋىلارغا قاتلاپ بېسىپ گۆرۈستانلىقلارغا ئاپىرىپ چوڭ ئورەك كولىتىپ ئۆلۈكلەرنى ئۈستى ـ ئۈستىگە قويۇپ كۆمۈپ تاشلاشتى ، شەھەردىكى ئۆلۈكلەرنى ئۇزۇتۇش ، تاۋۇت كۆتۈرۈش بانىسى بىلەن تىرىك قالغان ئەركەكلەر شەھەر تېشىغا چىقىپ كەتتى .

7 ـ فېۋرال كۈنى قەشقەر كونىشەھەردە ماجوڭ يىلك ۋە مافۇيۇەن تەرىپىدىن قىلىنغان بۇ قەتلىئامدا ( چاپ ـ چاپتا ) ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم سانى زادى قانچە ؟ بۇ ھەقتە ئېنىق مەلۇمات يوق . لېكىن شۇيېت مىسسىئونىرلىرى كوچىلارغا ئادەم چىقىرىپ ئۆلۈكلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ تىزىملىغان ئىدى . شۇلارنىڭ تىزىملىغان سانى ھازىرغىچە ئاساسلىق سان بولۇپ كەلمەكتە ، شۇيېت ئادەملىرى ھېيتكا مەيداندىن ئۆتۈپ شەرقىي يولدىكى زەيكەش مەھەللىسىگە يېتىپ كەلگىچە تىزىملانغان ئۆلۈكلەرنىڭ سانى سانى 4508 . بۇ سان ئېنىق سان ھىساپلىنىدۇ . 1956 ـ يىلى يازدا جوڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن كەلگەن ئۇيغۇر سايرانى باشچىلىقىدىكى ئۆمەكلەر قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ زالىدا سۆھبەت يىغىنى ئاچقان ئىدى .يىغىندا 7 ـ فېۋرال كۈنى قەشقەردە ماجوڭ يىلك قىسىملىرى يۈرگۈزگەن قەتلىئام توغرىسىدا سۆز بولغاندا يىغىنغا قاتناشقان بارات ئاخۇن خەلپىتىم ( توكۇر ) شۇيېتلەر تىزىملىغان 4508 ئادەمنىڭ سانىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا

قويدى ، بەزەنلەر مۇلاھىزە قىلىپ شۇ قېتىمقى قىرغىندا ئۆلگەنلەرنىڭ سانى 6 مىڭغىچە دەپ پەرەز قىلىشتى . ھەر ھالدا شۇېت ئادەملىرىنىڭ تىزىملىغان سانى بىرقەدە ئەمىلىي سان بولۇپ ھىساپلىنىدۇ . بىر شەھەردىن شۇنچە نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئۆلتۈرۈلىشى ھەرقانداق ئادەمنى قاتتىق ئېچىندۇرىدۇ .

مەنبە: تارىم تورى

;1709#&;1609#&;1606#&;1609#&;1605#&;1744#&;1578#&    ;1735#&;1576#&:

;1609#&;1604#&;1587#&;1749#&;1574#&

;1588#&;1609#&;1604#&;1744#&;1603#&

:::;1609#&;1587#&;1749#&;1576#&;1606#&;1749#&;1605#&

http://www.makanim.cn/read.php?tid=13180

## تېما:ئابدۇقادىر جالالىدىن ئەپەندىم نۇتۇقى

**يوللىغۇچى:yalghuz | يوللىغان ۋاقت: 2010-09-30 19:30 | كۆرۈلۈش قېتىم سانى:19685**

ئەسسالامۇئەلەيكۇم، قەدىرلىك ساۋاقداشلار! بۈگۈن مېنى چەت ئەلدىكى ئىلمىي زىيارىتىم ئاساسىدا ئىگە بولغا
تەسىراتلىرىمنى سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىپسىلەر. بۈنىڭدىن دۇنيانى بىلىشكە تەشنا يۈرىكىڭلارنى كۆرۈۋالغ
بولىدۇ. توغرا، ئەتراپىمىزدىكى دۇنيانى چۈشىنىش بىزنىڭ ھوقۇقىمىز ۋە ھەققىمىزدۇر .ئۇچۇر ۋە بىلىمنى يۈكسىلى
ئاساسلىق سەرمايىسى قىلىۋاتقان ھازىرقى شارائىتتا، دۇنيانى چۈشىنىش ئەقەللىي بىر : ئىش بولۇپلا قالماي، بىز

قانچىكى چۈشەنسەك، ئۆزىمىز ھەققىدىكى چۈشەنچىمىزمۇ توغرىلىققا شۇنچە يېقىنلىشىدۇ. مەن سىلەرنىڭ يېگىلى
ئىنتىلىدىغان جۇشقۇن تەبىئىيىتىڭلارنى قەدىرلەيمەن. بۇ جەھەتتىكى ئىشتىياقىڭلارنى قاندۇرۇش قولۇمدىن كەلمە
ئۆزۈڭلار توغرىسىدا ئازراق ئويلىنىپ كۆرۈشكە تۈرتكە بولالىساملا، ھەممىمىزنىڭ ھازىرقى ۋاقتى بىكارغا كەتمىگ
بولىدۇ، دەپ ئويلايمەن. بەزىلەر مېنىڭدىن بۇ قېتىمقى چەت ئەل سەپىرىڭدىن زادى نېمىگە ئېرىشتىڭ، دەپ س
مەن »ۋەتەندىن ئايرىلغان ئادەمنىڭ ھېچنېمىسى بولمايدىكەن، دېگەن ھەقىقەتنى ھېس قىلدىم« دەپ جاۋاب
ئۇلار بۇ جاۋابىمنى ناھايىتى ئاددىي ھېس قىلىشتى. شۇنداق، قارىماققا بۇ گەپ شۇنچە ئاددىي، لېكىن بۇ گەپنى
تېگىدىكى ھەقىقەتنى ھەربىر ئەۋلاد ئۆزىنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن، ھىجراندىكى ئازابلىرى بىلەن، كۆز ياشلىرى
ئىزھارلاپ بولغىلى بولمايدىغان ماددىي-مەنىۋى بەدەللىرى بىلەنلا چۈشىنەلەيدۇ. ئاتا-ئانىسىنىڭ بايلىقىغا تاي
خاتىرجەم ياشاۋاتقان بىر بالىنىڭ ۋەتەن تۇيغۇسى بىلەن ئۇرۇشنىڭ زەربىسىدىن ئۆيى ۋەيران بولغان مېيىپ پەل
بالىنىڭ ۋەتەن تۇيغۇسىنى قانداقمۇ سېلىشتۇرغىلى بولسۇن؟! بەزى ھەقىقەتلەر ئېيتىلىشىدىنلا ناھايىتى ئاددىي ھ
ئاممىباب بولغاچقا، ئۇنىڭ توغرىلىقىدىن ھېچكىم گۇمانلانمايدۇ، ئۇنى تەبىئىي رەۋىشتە ئۆزىنىڭ خاتىرىسىگە ئ
ئالاھىدە بىر ئىش تەسىر قىلمىغۇچە ئىنسان ئۆزى پىششىق بىلىدىغان ھەقىقەت توغرىسىدا ئەستايىدىل ئويلىنىپ
باقمايدۇ، ئۇ ئويلىنىپ بېقىشقا مەجبۇر بولغان ۋاقىتتىن باشلاپ ئۆزىنى يېڭىۋاشتىن چۈشىنىۋاتقاندەك ھېس قىلىد
ۋەتىنىڭىزدە تۇرۇۋاتقاندا ۋەتەنىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ھېس قىلمايسىز ياكى يۈزەكى ھېس قىلىسىز، ئاشۇ ئەزىز ۋەتەنىد
مەزگىل ئايرىلغاندا، »ۋەتەن« دېگەن بۇ سۆزنىڭ ۋەزنىنىڭ كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز دەرىجىدە ئېغىرلىقىنى بايقايسى
لوندوندا باشقىلارغا يالىنىپ كۈن كەچۈرۈۋاتقان ئافغانىستانلىق بىر بالا بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم، ئۇ يەردىكى
ئۇرۇش ئوتى ئۇنى سەرگەردانلىق كوچىسىغا پالاپتۇ، ئۇ ئىككى ئاكىسىنىڭ ئىز-دېرىكىنى ھازىرغىچە ئالالماپتۇ
ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ۋەھىمە ئىچىدە ھېس قىلىپ، يالغۇز ئانىسىنى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر بوپتۇ. ئۇ ئانىسىنىڭ
قىلىۋاتقاندا ئۆزىنى باسالماي يىغلاپ كەتتى. »مەن ئۆزۈمنىڭ ۋەتىنىدە نېمىشقا تۇرالمايمەن؟« دەيتتى ئۇ. مەن
سۇماللىق بىر بالا بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم، مەن ئۇنىڭدىن: »لوندوننى ياخشى كۆردىڭىزمۇ؟« دەپ سورىدىم.
»ۋەتىنىمدىكى ئۇرۇش ۋە قەھەتچىلىك مېنى سەرسانلىق بالاسىغا سالدى، مەن لوندوندا تۇرۇپ سۇمالىنى چۈش
دېدى ئۇ ماڭا. ۋەتەن سېغىنچى مېنى راسا ئۆرتەپ تۇرۇۋاتقاندا، بىرەر كۆچمەننى كۆرسەم پۇرسەت بولسىلا ۋەت

توغرىسىدا پاراڭلىشىپ قالاتتىم، ئۇلارنىڭ ۋەتەن توغرىسىدىكى ھەسرەتلىك بايانلىرى مېنىڭ يارامغا تۇز بولۇپ
سېپىلەتتى. ھېلىمۇ ياخشى، بۈگۈنكى كۈندە مۇساپىرەتتىكى چاغلىرىڭىزدا دۇنيانىڭ ھەر قانداق جايىدىن دەرد
بىر قانچە ۋەتەنداشنى تاپالايسىز، ئۇلار بىلەن بولغان پاراڭ ئارقىلىق سىزنى قىيناۋاتقان سېغىنىش ئوتىنى باسا
مۇشۇنداق چاغدا شۇنداق تەسىراتقا كېلىسىزكى، قېرىندىشىڭىزنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان ھەربىر گەپ، ھەربىر ش
ئۇنىڭ مىجەزى ۋە روھىي ھالىتىنىڭ ئۆزىمۇ سىز سېغىنىۋاتقان سۆيۈملۈك ۋەتەنىنىڭ نەق بىر پارچىسى ئىدى. س
بىلىسىز، ۋەتەن دېگىنىمىز قانداقتۇر بىر پارچە يەرنىلا كۆرسەتمەيدۇ، ئۇ يەنە ئاشۇ يەردە ياشاۋاتقان خەلقى، خەل
مىجەزى، ئۆرپ-ئادىتى، مەدەنىيىتى ۋە بىر پۈتۈن تارىخىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىراق بىر ئەلدە ئويلىمىغان يە
قېرىندىشىڭىزنى ئۇچرىتىپ قالسىڭىز، سىزدە بىردىنلا ئىللىق دىلكەشلىك سەزگۈسى پەيدا بولىدۇ، ئۇنىڭ سالاھ
قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ ئاغزىدىن بىر ئېغىز ئانا تىلىڭىزنى ئاڭلىسىڭىزلا زور تەسەللىگە ئېرىشىپ
شۇڭا، بەزىدە يەت مۇھىتتىكى تونۇش بىر چىراي، ئاددىي بىر سالام، ھەتتا بىرەر تاۋۇشنىڭ ئۆزىلا ۋەتەن بولۇپ
تۇيۇلىدۇ.     ئىستانبۇلنىڭ ئاۋات بىر كوچىسىدا بىز ئۈچ يۇرتداش يۇمۇرلۇق چاقچاقلىرىمىز بىلەن كېتىۋاتاتتۇق
»مېنىڭچە، كەينىمىزدىكى ئاۋۇ قىز چوقۇم ئۇيغۇر «دېدى ھەمراھىمىزنىڭ بىرى. بىز ئىختىيارسىزلا كەينىمىزگە ئ
قاراپ، شۇنداق سەت چاندۇردۇق. »نېمىگە ئاساسەن ئۇنداق دەيسەن؟« دەپ سورىدىم مەن. »ئۇ قىز چاقچ
كۈلگەندەك قىلدى« دېدى ھەمراھىم. مەن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ شۇ قىزنىڭ ئۆزىدىنلا سورىماقچى بولدۇم. بىز
يېتىشكۈچە ساقلاپ تۇردۇق. قىز يېقىنلاپ كەلگەندە، »سىز ئۇيغۇرمۇ؟« دەپ سورىدىم. قىز كۈلۈپ كەتتى ۋە »ش
دەپ جاۋاب بەردى. بىز شۇ ھامانلا پاراڭلىشىپ كەتتۇق. ئۇ بىزنىڭ چاقچىقىمىزنى ئاڭلاپ قالغانىكەن. دېمەك
قىلىشقان گەپنىڭ بىر بۆلىكىلا رەستىدىكى يات ئادەملەرنى قېرىنداشلىق رىشتى بىلەن ئورىۋەتكەندى. قىز ئىس
ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقىلى ئۈچ يىل بوپتۇ، شۇ تاپتا چېنىقىش كۇلۇبىغا قاراپ ماڭغانىكەن. بىز ئارىمىزدىكى ب
تارتىشش كۈچىنى قەشقەر ياكى ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا بولساق ھېس قىلالمىغان بولاتتۇق، بەلكىم بۇ كەيپىياتنى
گۇمانسىراش ئىچىگە غەرق قىلىۋەتكەن بولاتتۇق. ئەسلىدە بىز بىر-بىرىمىز ئۈچۈن شۇ قەدەر سۆيۈملۈك بولۇپلا قا
بەلكى مۇھىم ئىكەنمىز. بىزدە »يالغۇز دەرەخ ئورمان بولماس« دېگەن ئاتىلار سۆزى بار، قېرىنداشلارنىڭ ئۆز
بىر-بىرىنى كۆزىگە سىغدۇرالماسلىقى نادانلىقنىڭ ئالامىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. مەن لوندوندىكى ۋەتەنداش

ساپ ئۇيغۇرچە ناخشلارنى بېرلىپ ئاڭلاۋاتقانلىقنى بايقىدىم، مەن چاقچاق قىلىپ: »سىلەر مايكول جېكسو

مادوننا، سېلىن دىئانلارنىڭ ناخشىسىنى ئانچە ئاڭلاپ كەتمەمسىلەر - نېمە؟ »دەپ سورىدىم. ئۇلار: »ئۆزىمىز

ناخشىلىرى بەكرەك ياقىدىغان بولۇپ قالدى، سەۋەبىنى ئۆزىمىزمۇ ئۇقمايمىز« دېيىشتى. هولليۇودنىڭ كىنولىرىن

ياقتۇرۇپ كۆرىمىز، لېكىن ۋەتەندە ئىشلىگەن تۇرمۇش فىلىملىرىنى ئالاھىدە ياقتۇرۇپ كۆرىدىغان بولۇپ قالدۇق

فىلىملەرنىڭ سەۋىيىسى تۆۋەن، لېكىن ئۆزىگە تارتىدۇ« دېدى بىرەيلەن. »مەن ئابدۇكېرىم ئابلىز ئىتوتلىرىدىكى

شېۋىسىنى ئاڭلاش ئۈچۈنلا تەكرار كۆرىمەن« دېدى يەنە بىرەيلەن.) مەن بۇ يەردە ھەرگىزمۇ ئاددىي ناخشا

ۋەتەنپەرۋەرلىكنى تىلغا ئالماقچى ئەمەس، دەل ئۇنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان كۈچ پەۋقۇلئاددە مۇھىم بولۇپ،

ھەم ئالىيجاناب ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەنە شۇنداق ئاددىي ئېلېمېنتلار ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. نەچچە يۈز تون

كېلىدىغان كىتمۇ ئاددىي ھۆجەيرىنىڭ مەھسۇلى ئەمەسمۇ؟ ئارىدا بىر ۋەتەندىشىم مېنى تاماققا تەكلىپ قىلىپ

تاماقتىن كېيىن تاغدىن-باغدىن پاراڭلاشتۇق. گەپ ۋەتەن تېمىسىغا كەلگەندە ئۇ جىمىپ كەتتى. مەنمۇ ئۇنىڭ

دەقىقىلىرىگە ھۆرمەت قىلدىم. ئۇ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە بىر ئۆيگە چىقىپ كەتتى، ھايال ئۆتمەي بىر ش

كۆتۈرۈپ كىردى. »بۇنى پۇراپ بېقىڭ »دېدى ئۇ شىشىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ. مەن ئېھتىيات بىلەن پۇرىدىم، ئاچ

ھىدى دىمىغىمنى يېنىك قىچىشتۇردى. مەلۇمكى، شىشىگە قاچىلانغىنى توپا ئىكەن. »بۇ مارالبېشىنىڭ سېرىقبۇيا

توپىسى. كۆن نۇرىدا تاۋلانغان توپا، سەككىز يىل بولدى ساقلىغىلى« دېدى ساھىبخانا چۈشەندۈرۈپ. شىشىدى

مېنى ئويغا سالدى، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ »توزان قەسىدىسى »دېگەن شېئىرى يادىمدىن ك

چەت ئەلگە چىققان بىرەيلەن بىر مۇھاجىر قېرىندىشىنىڭ ئۆيىگە چۈشىدۇ، مېھمان ئۇچىسىدىكى كىيىمنى قاقماقچ

بولغاندا، مۇھاجىر ساھىبخانا« :قېرىندىشىم، ئۇ چاڭدىكى توپىنى قاقمىغىن، ئۇ مەن ئۈچۈن تەۋەررۈك تۇتىيا«

مېنىڭچە، بۇنداق ھېسسىياتنى مۇساپىرچىلىقنىڭ مۇزدەك كۈنلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن ئادەملا چۈشىنەلەيدۇ. م

چۈشەندىمكى، چەت ئەلدىكى مۇھاجىرلار »ۋەتىنىم بارغۇ »دېگەن ئۈمىد بىلەن يۈرىكىنى پۈتۈن قىلىدىكەن، د

ئۈمىدنىڭ قۇدرىتى بىلەن نەچچە ئون يىللىق قارا ھىجرانغا بەرداشلىق بېرەلەيدىكەن. بەلكىم سىلەر »ۋەتە

دېگەن زادى نېمىدۇ، دەپ سورىشىڭلار مۇمكىن. ۋەتەن ئابستراكت مەنىدىكى جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم ئەمەس، ئۇ

بولغان ئۆي، مەھەللىڭىزدىكى كاداڭ قاپاق تېرەك، سىز كېچىپ ئۆتكەن كېچىك، ياۋا گىياھلار قاپلاپ كەتكەن

سارغىيىپ كەتكەن قولىيازما، سىزگە ئىسرىق سېلىپ ئوت كۆچۈرۈپ قويغان مويسىپىت موماي، سىزگە ئىسسىق قو
بەرگەن ئاخۇنۇم، قوي-كالىلار توپ توزۇتۇپ كېتىۋاتقان يېزا يولى، دېھقانىنىڭ تېرىق زاغرىسىدەك يېرىلىپ كەتك
تاپىنى، بۇرۇن ئۆتكەن ئالىملارنىڭ سىماسى ۋە ئۇلار ياراتقان ئەقىل-پاراسەت... ۋەھاكازالار. سىز يىراق بىر يە
ۋەتىنىڭىزنى سېغىنغاندا، ئالدى بىلەن ئانىڭىزنىڭ ئۆز قولى بىلەن ئېتىپ بەرگەن چۆچۈرىسى ياكى ئۆزىڭىز ك
ماڭغان قەدىم كوچىلارنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈشىڭىز مۇمكىن. بۇنداق بولۇشى تامامەن يوللۇق. چۈنكى، ۋە
كونكرېت ئۇقۇم، مۇھەببەتمۇ كونكرېت ھېسسىيات، سىزنىڭ ئۆز خەلقىڭىزگە ۋە ۋەتىنىڭىزگە بولغان مۇھەببىتىڭ
باشتىن كەچۈرگەن نۇرغۇن كونكرېت ئىشلار، سىز ئۇچراتقان نۇرغۇن كونكرېت ئادەملەرنىڭ تەسىرىدە شەكىللە
بولىدۇ. شۇڭا، سىز ياقا يۇرتتا كۆرگەن بىر پارچە سۈرەت، ھەتتا قامۇسلاردىن ئورۇن ئالغان يۇرتىڭىزنىڭ بىرەر خ
يۈرىكىڭىزنى لەرزىگە سالىدۇ، سىز يات بىر ماكاندا يۇرتىڭىزغا دائىر كىچىككىنە ئۇچۇرنى كۆرسىڭىز پەخىرلىنىپ
ئەنگلىيىدىكى ۋاقتىمدا تۇۋا جۇمھۇرىيىتىنىڭ پوباجىن دېگەن يېرىدىن 8- ئەسىرلەردە ئۆتكەن مويۇنچۇر قاغان
بىنا قىلىنغان ئۇيغۇر قەلئەسى ھەققىدىكى خەۋەرنى كۆرۈپ، ۋەتەن ھەققىدىكى ئۇقۇمۇمدا كېڭىيىش بولغانلىقى
ئىلىمنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىدە نەقەدەر مۇھىملىقىنى مۇشۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. تارىخىي پاكىتلا
ئۇيپۇقىمىزنىڭ سىرتىدا قالغاندا، ئېچىلىشقا تېگىشلىك ھەقىقەتنىڭ ئاچقۇچى بولالماي قالىدۇ. ۋەتەننىڭ پاسىلى
ئەقىل قۇۋۋىتىڭىز، غەيرەت-شىجائىتىڭىزنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ كېڭىيىدۇ. نەزەر دائىرىسى تار، شەخسىيەتچ
ئادەملەرنىڭ نەزىرىدىكى ۋەتەن تولىمۇ كىچىك بولىدۇ، نادانلىق ۋە نومۇسسىزلىق ئىسكەنجىسىدە قالغانلارنى
قاچىسى قەيەردە بولسا، شۇ يەرنى ئۆزىنىڭ ۋەتىنى دەپ قارايدۇ، ئۇلار ۋەتەننى تاماق قاچىسى ئارقىلىق چۈش
نەپسىگە بولغان تۈتقۇنلۇقتىن قۇتۇلالمىغان ئىنسان ۋەتەننى سۆيۈش لاياقىتىدىن مەھرۇم بولغان بولىدۇ، بىر جە
بۇنداق قورساق بەندىلىرى كۆپىيىپ كەتسە، خەلقنى ئاپەت باسقىنى شۇ. ساۋاقداشلار، مەن سىلەرگە ۋەتەن توغ
سۆزلەۋاتىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن گېپىمنى ۋەتەن ھەققىدىكى تەسىراتىمدىن باشلىدىم. بىر ئادەم سۆيۈملۈك ۋ
ئايرىلىپ بىر مەزگىل چەت ئەلدە يۈرۈپ، ئۆز ۋەتىنى ھەققىدە چوڭقۇر ئويلانسا، ئۇنىڭ سەپىرىنى تولۇق غەلىب
بولدى دېگىلى بولمايدۇ. مېنىڭ ۋەتەن توغرىسىدا مەخسۇس توختىلىشىمنىڭ سىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا زۆرۈر
باردۇ؟ سىلەر ئالاھىدە بىر دەۋردە ياشاۋاتىسىلەر، ھازىر ئۇچۇر ۋە ئىقتىساد ئالماشتۇرۇش ئاجايىپ تەرەققىي قىل

ئىقتىساد ۋە مائارىپ يەرشارىلىشىۋاتىدۇ، دۇنيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە كۈچىيىۋاتىدۇ
مىللەتلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىنىڭ تەسىرى كۆپىيىۋاتىدۇ، »مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى »دېگەن ئۇقۇم بىلەن بىللە
»مەدەنىيەتلەر دىئالوگى«، »مەدەنىيەتلەرنىڭ تەڭ مەۋجۇد بولۇشى« دېگەندەك شوئارلارمۇ بارلىققا كېلىۋاتىدۇ
خىرىس بىلەن ئۇمىد بىللە مەۋجۇد دەپ تەسۋىرلىگەن ۋەزىيەت دەل بىزنى ئوراپ تۇرماقتا. سىز تولۇق ئوتتۇرا
پۈتتۈرگەندىن كېيىن بېيجىڭ، شاڭخەيلەردە ئوقۇشىڭىز مۇمكىن، بەلكىم كېيىنچە ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىكى داڭ
يۇرتلىرىنىڭ بىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلىشىڭىز مۇمكىن. روشەنكى، سىز تۇغۇلغان يېرىمدە مەڭگۈ تۇرىمەن دەپ
ئېيتالماسلىقىڭىز مۇمكىن .بۈگۈنكى كۈندە »دۇنيانىڭ يەرشارىلىششى« دېگەن گەپ پۈرسەتنىڭمۇ يەرشارىلاشقا
بىلدۈرىدۇ. قەيەردە خەلقىمىزگە لازىم بىلىملەر بولسا، ئىمكانىقەدەر شۇ يەرگە بېرىپ ئوقۇشىڭىز كېرەك، بىزنىڭمۇ د
داڭلىق بىلىم يۇرتلىرىدا ئىشلەيدىغان ئالىملىرىمىز بولۇشى كېرەك؛ بىزنىڭمۇ دۇنيانىڭ مۇھىم ئىقتىسادىي ئورۇنل
كۆتۈرگەن خادىملىرىمىز بولۇشى كېرەك، سىلەر مۇشۇنداق ئالىي مەقسەتلەرنى كۆڭلۈڭلارغا پۈكۈپ تۇرۇپ ئوقۇش
لازىم. يېقىنقى خەۋەرلەرگە قارىسام، قازاقىستاننىڭ غالجات مەھەللىسىدە چوڭ بولغان، ئامېرىكىنىڭ بىر ئالىي
ئىشلەۋاتقان ئۇيغۇر يىگىتى شۆھرەت مۇتەللىپ غول ھۈجەيرە تەتقىقاتىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىسى ئارقىلىق
خەلقئارادا چوڭ تەسىر قوزغاپتۇ. ھە دېسىلا كىندىك قېنى تۆكۈلگەن يەردىن چىقماسلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسابلا
بىر ئۆمۈر ۋەتەندە ياشاپ ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىرىغا ھېچ ئىش قىلىپ بەرمەيدىغان ئىنسانلارمۇ بولىدۇ. ئانا يۇرتىد
ئايرىلىپ چەت ئەلدە تۇرۇپ قېلىش ۋەتەننى تەرك ئەتكەنلىكتىن دېرەك بەرمەيدۇ، چۈنكى، چەت ئەلدە تۇرۇۋې
ۋەتەنگە ئىش قىلىپ بەرگىلى بولىدۇ. ۋەتەندە ياشاپ تۇرۇپ قەلبىڭىزدە ۋەتەن بولمىسا، ۋەتەن ئالدىدا نانكو
ۋەتەندە بولالمىسىڭىزمۇ ۋەتەن ئۈچۈن پايدىلىق ئىش قىلسىڭىز، يەنىلا ۋەتەنپەرۋەر بولالايسىز. رۇسىيە شائىرى
»ۋەتىنى ۋە قېرىنداشلىرىنىڭ تەقدىرى بىلەن كارى بولمايدىغان ئىنسانلار ئەڭ خەتەرلىكتۇر »دېگەنىكەن. سىز
بولۇشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، ئانا تۇپراقتا بولغان سەممىي رىشتىڭىزنى ئۈزمىسىڭىزلا، بۇ رىشتە سىزنى ئادەمىيلىك
سۈزۈك بۇلاقلىرىغا ئۈندەپ تۇرىدۇ، ئۆزىڭىزدە ئۇرغۇپ تۇرغان ھاياتىي كۈچنى سېزىپ تۇرىسىز. كلاسسىك شائىر
»ئۆزۈم ھەر جايدىمەن، كۆڭلۈم سەندىدۇر« دېگەن ئوتلۇق مىسرانى قالدۇرغان، ئۇنىڭ مەزمۇننى ۋەتەنگە تە
تازا جايىغا چۈشىدۇ. ئادەتتە پەننىڭ چېگرىسى بولمايدۇ، ئۇ پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ ئورتاق بايلىقى، لېكىن ئال

هامان ۋەتنى بولىدۇ. قۇش ھەر قانچە ئېگىز پەرۋاز قىلسىمۇ، ئۇنىڭ ئوزۇقى بىلەن ئۇۋىسى زېمىندا بولىدۇ. ساۋ
مەن سىلەرگە تەرەققىي قىلىش پۇرسىتىنى يەر شارى كەڭلىكىدىن ئىزدەڭلار، لېكىن ۋەتىنىڭلارنى ئۇنتۇماڭلار دە
شۇنى ئەسكەرتمەي بولمايدۇكى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنىمۇ تەربىيىلەشكە ۋە پەرۋىش قىلىشقا توغرا كېلىد
ۋەتەنپەرۋەرلىك قەيەردىن باشلىنىدۇ؟ شۈبھىسىزكى، ئۇ ئائىلىدە بىلەن ئائىلىدىن باشلىنىدۇ. بىزنىڭ ئاتا-ئانىمىز،
تۇغقانلىرىمىز، بوۋا ۋە موملىرىمىز، ئاندىن قالسا قولۇم-قوشنا، مەھەللە-كويلىرىمىز ئەڭ بىۋاستە ۋەتەندۇر .بىز
ۋەتەن ئاساسىدا ۋەتەن ھەققىدىكى چۈشەنچىمىزنى تەدرىجىي كېڭەيتىمىز، بىپىتىمىز ۋە ئالىيجاناب پەللىگە كۆت
بىزنىڭ مىجەز-خۇلقىمىز ئانىمىز بەرگەن سۈت ۋە نان بىلەن شەكىللىنىدۇ، چۈنكى ئانىلار ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئالەم
مېھرىنى قوشۇپ بېرىدۇ. بىزنىڭ مىجەز-خۇلقىمىز ئاتىمىز بەرگەن غۇرۇر بىلەن بېجىرىملىك ۋە قەتئىيلىككە ئىگە ب
ئاتا-ئانا بىزنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئوقۇتقۇچىلىرىمىز سۈپىتىدە خاراكتېرىمىزگە ئۆچمەس تامغىلارنى باسىدۇ، ئەگە
ئۆزىمىز تەۋە بولغان خەلقنىڭ ئۆتمۈشى، ئېسىل ئەنئەنىسى، پارلاق مەدەنىيىتىنى بىلدۈرەلمىسە، بىز بالىلىقتىكى
ناھايىتى مۇھىم ئوزۇقتىن مەھرۇم قالغان بولىمىز. ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلەرنىڭ تىل ئۇستازى، ئانا تىلىمىزدىكى ج
مەنالىق، ھېسسىياتقا باي سۆزلەرنى پەرزەنتلەر ئاتا-ئانىسىدىن ئۆگىنىدۇ. ئانا تىل شۇنىڭ ئۈچۈن قۇدرەتلىكك
بىزگە مېھرىبان ئاتا-ئانىلىرىمىز ۋە ئەتراپىمىزدىكى قېرىنداشلىرىمىز مۇھەببەت بىلەن ئۆگەتكەن، تىلىمىزدىكى ھ
تاۋۇش، ھەربىر ئاھاڭ بىزگە ئازادىلىك ۋە مۇھەببەت ئەۋجىدىكى شېرىنلىك ئىچىدە سىڭگەن بولىدۇ. بىز ئاتا-ئ
ئارقىلىق سۆيۈشنى ۋە سۆيۈلۈشنى ئۆگىنىمىز، ئۆزىمىزنىڭ ھەرىكىتى، ئىنكاسى، خۇشاللىق ۋە قايغۇسى بىلەن تە
ئۆزلىشىپ كەتكەن ھايات بىلىملىرىنى ئۆگىنىمىز، بۇ بىلىملەر بىزنىڭ كېيىنكى سىستېمىلىق پەننىي بىلىملىرىمىزنى
خۇرۇچلىرىغا ئايلىنىدۇ.! بىز ئۆسكەن مەھەللە بىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكىمىزنىڭ يەنە بىر ئۇستازى، بىزنىڭ بالىلى
مەھەللىمىزدىكى تەبىئىي مەنزىرە، مەھەللىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى دۇنياسى بىلەن گىرەلىشىپ
بىزنىڭ تىلىمىز مەھەللىدىن ئىبارەت بۇ ئىخچام مەدەنىيەت مۇزېيى ئارقىلىق تېخىمۇ بېيىيدۇ، غەمسىز بالىلىق ب
قوشۇلۇپ كەتكەن مەھەللە بىزنىڭ ئۆمۈرلۈك ئەسلىمىمىزگە ئايلىنىپ، خۇشاللىق ۋە لەززەت ئاتا قىلىپ تۇرىدۇ،
ئۇنىڭدىن بىر ئۆمۈر روھىي ئوزۇق ئالىمىز، بىر ئۆمۈر ئىلھاملىنىمىز. بىر مىللەتنىڭ تىلىدىكى سۆز بايلىقى، ئىپادى
ئۇسۇلى شۇ خەلق ياشىغان ماكاننىڭ ئېكولوگىيىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بىزدە بىر بالا تۇغۇلسا »ئ

قىزمۇ؟« دەپ سوراشنىڭ ئورنىغا »بۆرىمۇ، تۈلكىمۇ؟« دەپ سورايدىغان ئەھۋاللار بار. ئەگەر بۆرە بىلەن تۈلكە
ياشاپ كەلگەن بۇ مۇقەددەس زېمىندا مەۋجۇد بولمىسا، بىزدە بۆرە بىلەن تۈلكىنىڭ ھاياتى ۋە خۇسۇسىيتى ھەق
ئىنچىكە كۆزىتىش بولمىسا، ئۇلار ھەققىدە ھەقىقىي تونۇشمۇ بولمايتتى، جۈملىدىن يۇقىرىقىدەك ئىپادىلەشمۇ بولم
تىل دېگەن ھاياتلىقتىكى كونكرېت ماكان-زاماننىڭ مەنىۋىلىششى سۈپىتىدە بىر مىللەتنىڭ ھايات شەكلىگە ۋە
قىلىدۇ، شۇڭا، بىر مىللەتنىڭ خۇلقىنى ئۇنىڭ تىلىدىن روشەن كۆرۈپ يەتكىلى بولىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇك
باللىقتا قوبۇل قىلغان تىل بىلەن تەپەككۇر بىزنىڭ كېيىنكى ۋەتەنپەرۋەرلىكىمىزنىڭ گېنىغا ئايلىنىدۇ .بۇ ھەقتە
مائارىپشۇناس م. مونتىسسارى: »كىشلەر ۋايىغا يەتكۈزۈپ سۆزلىيەلەيدىغان بىردىنبىر تىل - دەل بوۋاق مەزگ
ئۆگەنگەن ئاشۇ تىلدۇر »دېگەنىدى. بىز باشقا تىللارنى ئانا تىلىمىز ئارقىلىق ئۆگىنىمىز ۋە دۇنياغا يۈزلىنىش مۇ
بىر قەدەم-بىر قەدەمدىن باسىمىز.- ساۋاقداشلار، سىلەر ئۈرۈمچىدە چوڭ بولدۇڭلار، ئۈرۈمچى كۆپ مىللەتتىن تەر
تاپقان ئارىلاشما مەدەنىيەتلىك شەھەر، سىلەر تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى يېزا-قىشلاقلاردا ياشاۋاتقان
قېرىنداشلىرىڭلارغا نىسبەتەن بىر قەدەر ئەۋزەل ئائىلە ۋە مەكتەپ شارائىتىدا يېتىلدىڭلار. مەن سىلەرنىڭ ئائىلە
ئەھۋالىڭلارنى ئانچە بىلىپ كەتمەيمەن، سىلەردىن شۇنى سوراپ باققۇم كېلىدۇ: ئۆيۈڭلاردا كىچىكرەك بولسىمۇ
كۇتۇپخانىسى بارمۇ-يوق؟ سىزنىڭ ئاتا-ئانىڭىز تارىختىكى ھەم ھازىرقى ئالىم-ئەدىبلىرىمىزنىڭ كىتابلىرىنى ئو
تۇرامدۇ-يوق؟ سىزنىڭ ئاتا-ئانىڭىز ئائىلەڭلارنىڭ نەسەبنامىسىنى سۆزلەپ بېرەلەمدۇ-يوق؟ ئەگەر يۇقىرىقى شە
ھازىرلانمىسا، سىزنىڭ ئائىلىڭىزنىڭ مەنىۋى مۇھىتىنى ھەرگىزمۇ مۇكەممەل دېگىلى بولمايدۇ. شۇنى تولۇقلاش
قانداق قىلىش كېرەك؟ ئەڭ ياخشىسى سىز ئاتا-ئانىڭىزدىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن سوئال سوراڭ، بۇنداق قىلس
سىزنىڭ ئۇلارغا قىلغان ياردىمىڭىز بولىدۇ، ئۇلار سىزنىڭ سوئاللىرىڭىزدىن ئۆزلىرىنىڭ كەمتۈك تەرەپلىرىنى ھېس
قىلىدىغان بولسۇن. كلاسسىك كىتابلار سىزنىڭ ئەجدادلىرىڭىزنىڭ ئاۋازى، سىز بۇ كىتابلارنى ئوقۇسىڭىز ئەجداد
ئۆزىڭىزنى تۇتاشتۇرالايسىز، ئۇلارنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى چۈشىنىدىغان بولىسىز، ئۆزىڭىزنى توغرا تارىخىي ئاڭغ
قىلالايسىز، ئەقىل بۇلىقىڭىز تېخىمۇ ئۇلغىيىدۇ، ئىجادىيەت ھەۋىسىڭىز ئۇرغۇيدۇ. سىز ئىراننىڭ 10-، 11- ئەسر
ئۆتكەن داڭلىق شائىرى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىنى بىلىشىڭىز مۇمكىن. ئۇ تۈرك نەسىللىك سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋ
خوراسانغا ھۆكۈمدار بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە، پارسلارنىڭ ئەپسانە دەۋرىدىن ئىسلاملىشىش دەۋرىگىچە بولغان

پارس تىلىدا يېزىپ چىقىپ،« شاھنامە» دېگەن مەشھۇر ئەسەرنى تەقدىم قىلدۇ. شائىر ئۆز ئەمگىكىدىن پەخىر
ھالدا مۇنداق يازىدۇ: ئوتتۇز يىل مېھنەت ھەم زەخمەتتە قالدىم، پارسچىدا ئىراننى قۇتقۇزۇپ ئالدىم. فىردەۋس
بىلىدۇكى، چېچىلاڭغۇ تارىخ راۋان، ساپ تىل بىلەن رەتلىنىپ بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلانغاندا، ئۇ ئەۋلادلارنىڭ
بىلىشىدىكى ۋە قەدىر-قىممەتىنىڭ ئالتۇن بوسۇغىسىنى تېپىشىدىكى يول خەرىتىسىگە ئايلىنىدۇ.R2 i& r1 P' 2
gساۋاقداشلار، ئۈرۈمچى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركىزى بول
خەلقىمىزگە ھەقىقىي ۋەكىللىك قىلىدىغان دېھقانلار ئاممىسىنى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرمىسىڭىز ۋەتىنىڭىزنى ھەرگ
چۈشىنەلمەيسىز. ۋەھالەنكى، بىزنىڭ دېھقانلىرىمىز يېزىلاردا، سىز يېزىلارغا بېرىپ باقتىڭىزمۇ؟ يېزىلىرىمىزنىڭ جاي
لېكىن سېخىي قىياپىتىنى كۆرۈپ باقتىڭىزمۇ؟ ئەگەر تېخىچە ئۇنداق قىلىپ بولالمىغان بولسىڭىز، مەن سىزگە تەك
بېرىمەنكى، تەتىلدىكى پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىپ جەنۇب ۋە شىمالدىكى يېزىلارغا بېرىڭ، شۇ چاغدا ۋەتىنىڭىز
بىپايان قۇچىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالىسىز، خەلقىڭىزنىڭ روھىدىكى بايلىقلارنى كۆرۈپ كۆڭلىڭىز لىققىدە بولىدۇ.
تەكلىماكان ۋادىسىدىكى ھەر بىر يۇرت، ھەر بىر شەھەر ئۆزگىچە خىسلەتلەر بىلەن سىزنى رام قىلىۋالىدۇ، سىزگە
قانداق كىتابتا دېيىلمىگەن ھايات مۆجىزىلىرىنى نامايان قىلىدۇ، سىز ئۆگىنىشكە تېگىشلىك نەرسىلەرنىڭ
ھەددى-ھېسابىسىز ئىكەنلىكىنى بايقايسىز. ئۈرۈمچىنىڭ ئېگىز بىنالىرىدىن تورلىشىپ كەتكەن كۆزلىرىڭىز كەڭ د
باغرىدا ئەركىن قىيغىتىدۇ. سىز ئانا دىيارىڭىزدىكى تاغ-دەريالارنى، ئۇنىڭدىكى بايلىقلارنى، خەلقىڭىزنىڭ ياشا
شەكلىنى تۈزۈك چۈشەنمەيلا يىراق ئەللەرگە كېتىپ قالسىڭىز، كېيىنچە پۇرسەت يارىتىش تېخىمۇ تەس بولىدۇ. ج
سىز چوڭ بولغانسېرى ئالدىراش بولۇپ كېتىسىز. شۇنداق بىر ئاددىي پرىنسىپ بار، بىلىپ قويۇشىڭىزنى تەۋسىيە
ئۆزىنى سۆيۈشنى بىلمىگەنلەر باشقىلارنى سۆيەلمەيدۇ، ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسىنى سۆيمىگەنلەر باشقىلارنى تېخىمۇ س
ئۆز ۋەتىنىنىڭ قەدرىگە يەتمىگەنلەر باشقىلارنىڭ ۋەتىنىنىمۇ قەدىرلەشنى بىلمەيدۇ. بۇنداقلار ئۆزىنىڭ قەدرىنى م
باشقىلارغا بىلدۈرەلمەيدۇ. مەن سىزگە بىر ئاددىي ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدىكى قىممەتلىك تەرەپ ھەققىدىكى بىر مىس
بېرەي، بۇنى بىر ۋەتەندىشىم ماڭا دەپ بەرگەنىدى: »ئىستانبۇلنىڭ بىر قاتناش بېكىتىنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاتاتت
بايان قىلىشقا باشلىدى ئۇ ۋەتەندىشى، - بىر ئايالنىڭ قويۇق خوتەن شېۋىسىدىكى گېپى مېنى ئەندىكتۈرۈۋەتتى
ئايال مېنىڭ ئۇيغۇرلۇقۇمنى ھەرگىز بىلمەيدۇ، مەنمۇ ئۇ ئايالنى تونۇمايمەن، ئۇ مېنى بىر تۈرك دەپ يول سور

مەن ئۇ ئايالدىن ھەم ھەيران قالدىم، ھەم سۆيۈندۈم. ئۇ ھېچقانداق ئىككىلەنمەيلا ئۇيغۇرچە سۆزلىدى. ئەگە
ياكى غۇلجىدا بولغان بولسا ھەيران بولمايتتىم. ئۇ ئۇيغۇرنى ئالايتەن ئىزدىمىسە ئۇچراتقىلى بولمايدىغان يا
شەھەردە خوتەن پۇراپ تۇرىدىغان تەلەپپۇزدا مەندىن يول سورىدى. قارىسام ئۇ ئايالدا نە تەڭقىسلىق، نە خ
كۆرگىلى بولمايتتى، ئەكسىچە ناھايىتى تەبىئىي تۇراتتى .مەن ئۇنىڭغا ئۇيغۇرچە جاۋاب بېرىپ يولنى چۈشەند
ئۆزۈم شۇنداق ھاياجانلىنىپ كەتتىم.« مانا بۇ بىزنىڭ خەلقىمىزدىكى ساپ دىللىق. ئىشىنىمەنكى، ئۇ ئايال
ئىستانبۇللۇق بىر تۈرككە ئۇچراپ قالغان بولسىمۇ غەربىنى ئۇقتۇرالىغان بولاتتى. بىر سودىگەر ئۇيغۇرچە سۆزلە
ئالمۇتا، بىشكەك، تاشكەنت، ئاشخاباد، باكۇ، ئىستانبۇللاردا نان تېپىپ يېيەلىگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى.
ئانا تىلىڭىزغا پىششىق بولۇپ، خەنزۇ تىلىغىمۇ ماھىر بولسىڭىز، كېيىن ئىنگلىز تىلى قاتارلىق چەت ئەل تىللىر
ئۆگەنسىڭىز، سىز ياشيالايدىغان مۇھىت ھەسسىلەپ كېڭەيگەن بولىدۇ. سىز كۆپ تىللىشىش دەۋرىدە ياشاۋاتس
ئۆزىڭىز بىلەن ئۆزگىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا ھۆرمەت مۇناسىۋىتىنى قانداق يارىتىسىز؟ بۇ سىلەردەك ئەۋلادن
ئالدىغا قويۇلغان چوڭ مەسىلە. تىل - بىلىملەر خەزىنىسىنىڭ ئاچقۇچى، ئادەم بىلەن ئاچقۇچنىڭ مۇناسىۋىتىدە
بەلگىلىگۈچى ئامىل، ئاچقۇچنى نېمىگە ئىشلىتىسىز؟ بۇ غايە مەسىلىسىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. ) ساۋاقداشلار، سىز ئا
يۈرتىڭىزدىن ئايرىلغان ھامان ۋەتەن ۋە تىل مەسىلىسى شۇ ھامان ئايدىڭلىشىدۇ. بۇلارنى توغرا ھەل قىلماي ت
مۇۋەپپەقىيەتتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. شۇڭا، مەن بۇگۈن بۇلار ھەققىدە توختالدىم. يول ماڭغانسېرى ئېچىلىد
گەپ بار. سىلەر زېرەك ھەم چېچەن، نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئاستا-ئاستا بىلىۋالىسىلەر. ئاخىرىدا مەن سىلەرنىڭ ت
سالامەتلىك، ئۆگىنىشىڭلارغا ئۇتۇق، تۇرمۇشۇڭلارغا بەخت تىلەيمەن. زەپەر سىلەرگە يار بولسۇن! كۆپچىلىككە

ئەمەتجان مۇھەممەت ئەركزات

ئاشنا شر كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ باتۇر شاھزادىسى ئىدى.كۆكتۈرك خانلىقى مىلادى 583 ـ يىلى غەربىي تۈرك خانلىقى

تۈرك خانلىقى دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەندىن كېيىن، مىلادى 626 ـ يىلى شەرقىي تۈرك خانلىقى تەۋەسىدىكى 15 كە يې

قاتارلىق تۈركىي قەبىلىلەر بىرلىشىپ شەرقىي تۈرك خانلىقىغا قارشى ئىسيان كۆتەردى.دەل مۇشۇنداق ھالقىلىق پەي

تۈركلەر خاقانى قارا خاقان بۇ ئىسياننى باستۇرۇش ئۈچۈن ئاشنا شر بىلەن ئۆز ئوغلى يوغۇق شاد باشچىلىقىدا 100 مى

قوشۇننى ماڭدۇردى.ئاشىناشىر ئۇيغۇرلارنىڭ باتۇر سەركەردىسى ــ بوسات تېكىن تەرىپىدىن قاتتىق مەغلۇپ بولدى

629 ـ يىللىرى ئاشنا شر يەنە بىر قېتىم بوسات تېكىن تەرىپىدىن مەغلۇپ بولۇپ ھازىرقى جىمسار ئەتراپىغا كېلىۋالدى

شەرقىي تۈركلەر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن غەربىي تۈركلەر ھۆكۈمرانلىرى ئارىسىدىمۇ ئىچكى ماجرا يۈز بېرىدۇ.پۇرس

تۇتقان ئەقىللىق ئاشنا شر غەربىي تۈركلەر تەرەپكە ھۇجۇم قىلىپ غەربىي تۈركلەر زېمىنىنىڭ يېرىمىنى ئىگەللەپ ئۆ

خاقان(都布可汗) دەپ جاكارلىغان.دەل شۇ پەيتتە شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ ئورنىنى سىرتاردۇشلار خانلىقى(م

628~646 ـ يىللار) ئىگەللىگەن. غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ قىسمەن جايلىرىنى ئىگەللەپ ئۆزىنى ئازىراق كۈچلەندۈرگەن

شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ ئورنىغا قۇرۇلغان سىرتاردۇشلار خانلىقىنى ئىگىللەپ شەرقىي تۈرك خانلىقىنى قايتا تىكلىمەكچى بو

بۇ قېتىممۇ قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ تۇرپانغا چېكىنىدۇ.

تۈركلەرگىمۇ، سىرتاردۇشلارغىمۇ ۋە باشقا ئۇيغۇر قەبىلىلىرىگىمۇ قاتتىق نارازى بولغان ئاشنا شر مىلادى 635 ـ يىلى تاڭ

بەيئەت قىلىدۇ. ئۇ تاڭ تەيزوڭنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىپ سولقانات باقاۋۇللار ئۇلۇغ سانغۇنى (卫大将军

مەنسەپكە تەيىنلىنىپ خاننىڭ سىڭلىسى نەنياڭ مەلىكە (南阳公主) گە ئۆيلىنىدۇ، ئاشنا شرمۇ تاڭ تەيزوڭغا

ساداقەتمەن بولۇپ خاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى جان تىكىپ قوغدايدۇ. مىلادى 637 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى شەرقتە باش

ئۇيغۇرلار ئىتىپاقىدىكى سىرتاردۇشلار خانلىقىنىڭ،شەرقىي ـ جەنۇبتا تىبەت خانلىقىنىڭ،غەربتە غەربىي تۈركلەر ۋە غەربت

خانلىقلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا تاڭ تەيزۇڭ «ياتلارنىڭ قولى بىلەن ياتلارنى يوقىتىش ئەل

چارە» دىگەن ئەنئەنىگە ئاساسەن،غەربىي تۈركلەرنى ئاشناشىر ئارقىلىق يوقىتىش قارارىغا كېلىدۇ.شۇنىڭ بىلەن ئا

غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇنلارنىڭ باش سانغۇنى قىلىپ تەيىنلەپ 40 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن غەربكە يۈرۈ

سالىدۇ.ئاشناشىر ئالدى بىلەن قۇچۇ خانلىقىغا ھۇجۇم قىلغاندا قۇچۇ خانلىقىنىڭ خانى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ،بۇ قېتىم

توسالغۇسىزلا ئىدىقۇتنى ئالىدۇ ھەمدە قېيىنئاكىسى تاڭتەيزۇڭغا بۇ خوشخەۋەرنى يەتكۈزىدۇ. ئاشىنا شىر چىڭخەيدىكى ت

،ئاندىن قومۇلنى،قۇچۇنى بىرلا ۋاقىتتا ئالغاندىن كېيىن،غەربىي تۈركلەر جىددى تەدبىر قوللىنىپ كۈسەنگە بولغان كو

ھەسسىلەپ كۈچەيتكەن،ھەتتا كىنگىت(ھازىرقى قارا شەھەر) خانىنىڭ قىزلىرىغا غەربىي تۈرك يابغۇسى چۇلى ئاكا

ئۆيلىنىپ قۇدىلاشقان. مىلادى **644**–يىلى ئاشىنا شىر **40** مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا يېتەكچىلىك قىلىپ،كىنگىتكە ھۇج

ئۆزئارا ئۇرۇشۋاتقاندا غەربىي تۈركلەر بىلەن كۈسەن خانلىقى ئاشىنا شىرغا قارشى زور قوشۇن چىقىرىپ،كىنگىتنى ماد

بىلەن تەمىنلىگەن،يەنە كېلىپ ئاشىناشىر قوشۇنلىرىنىڭ يولىنى توسۇپ ئۇنى چېكىندۈرگەن. مىلادى **648**–يىلغا كەل

تەيزۇڭ كۈسەنگە ئىككىنچى قېتىم ئاشىنا شىر قوماندانلىقىدىكى **100**مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن يۈرۈش قىلىدۇ.ئاشىنا ش

كۈسەن خانلىقى بىلەن غەربىي تۈركلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۈزىۋېتىش ئۈچۈن،بىر يۆلىنىش قوشۇننى كۈسەننىڭ شەرقى

ھۇجۇم قىلدۇرغان. دەل ھالقىلىق پەيتتە غەربىي تۈركلەرنىڭ يابغۇسى قۇلۇبۇ بىلەن شىخۇي تۈركلەرگە ئۆزلىكىدىن

بىلدۇرۇپ تاڭ قوشۇنلىرىغا يول باشلىغۇچى بولغان.شۇنداق ئەۋزەل شارائىتتا ئاشىنا شىر بىرقانچە قېتىم ئېلىشىش ئارقىل

قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلغان. كۈسەن خانى خېلىبوسبى ۋە باش سانغۇنى جالالىدىن قاتارلىقلارنى تىرىك ئەسىر ئالغا

ۋەزىرى نالى كېچىدە قېچىپ كېتىپ غەربىي تۈركلەر تەرەپكە بېرىپ ياردەم سوراپ ھەمدە قالدۇق كۈسەن قوشۇنلىرى

كۈسەن شەھىرىنى ساقلاشقا قالغان گوشيۇلۇ ئاتا–بالا ئىككىسىنى ئۆلتۈرۈپ كۈسەن شەھىرىنى ئىگەللىۋالغان.بۇنى ئاڭل

شىر كۈسەنگە قايتا يۈرۈش قىلغان ،بۇ ۋاقىتتا نالىنى كۈسەنلىكلەر ئۆزلىرى تىرىك تۇتۇپ ئاشىناشىرغا تاپشۇرۇپ بەرگەن

ئىلگىرى –ئاخىر بولۇپ بەش چوڭ شەھەرنى ۋە **70** نەچچە كىچىك شەھەرنى تاڭ سۇلالىسىگە قارام قىلىپ بەرگ

ئاشىنا شىرنىڭ ھاياتى كېچە–كۈندۈز تاڭ سۇلالىسى ئۈچۈن قان كېچىپ جەڭ قىلىش،تاڭ ھۆكۈمىتىنى مۇستەھكە

كۈچەيتىش،تاڭ سۇلالىسىنىڭ زېمىنىنى كېڭەيتىش،چېگرا رايۇنلىرىنى تېنچلاندۇرۇش قاتارلىق ئۇلۇغ تارىخى ۋەزىپ

قىلىش بىلەن ئۆتكەن ھايات. مىلادى **655**–يىلى ئاشىناشىر پايتەخت چاڭئەندە كېسەل بىلەن ۋاپات بولغاندا تاڭ گاۋ

ھايات ۋاقتىدىكى ۋەسىيىتىگە ئاساسەن ئۇنىڭ جەسىدىنى ۋاڭلىك قەبرىستانلىقىغا قويۇپ، قەبرىسى ئۈستىگە ئابدە

## 2. قىرغىزلارغا تۆھپە كۆرسەتكەن ئۇيغۇر سانغۇن ——— كۈلۈگ باغا

ملادى **839** ـ يىلى ئۇيغۇر ئۇرخۇن خانلىقىدا ئىچكى جەھەتتىن نىزا پەيدا بولۇپ، پۈتۈن خانلىق تەۋەسىدە يۈز بەرگ
ئاپەتتە ئات ـ ئۇلاغلار، مال ـ چارۋىلار كۆپلەپ ئۆلۈپ ۋابا كېسەللى تارقىلىپ، خانلىق قىيىن ئەھۋالدا قالغان پەيت
سانغۇنى كۈلۈگ باغا خاككاسلار(قىرغىزلار) تەرەپكە بېرىپ ئۇيغۇر ئۇرخۇن خانلىقىنىڭ ئەھۋالىنى ئەينەن مەلۇم قىلغاند
پۇرسەتنى چىڭ تۇتقان خاككاسلارنىڭ **100** مىڭ كىشىلىك قوشۇنى كېلىپ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بارگاھى قارا بالغاسۇنن
قىلىدۇ. ئۇيغۇر خانلىقى ۋەيران بولۇپ بىرقانچە بۆلەككە بۆلۈنۈپ ھەر تەرەپكە كۆچۈشكە باشلايدۇ. ①

## **3**. موڭغۇللارغا يېلىنغان قورچاق پادىشاھ ـــ ئاپاق غوجا

ئەسلى ئىسمى ھىدايىتۇللا ئىشان بولۇپ ، ملادىيە **1626** ـ يىلى قۇمۇلدا تۇغۇلغان . دادىسى مۇھەممەد يۈسۈپ خۇ
**1620** ـ يىلى نەمەنگاندىن قۇمۇلغا كەلگەن . ئانىسى زۇلەيخا بىكىم ئۆز ۋاقتىدا قەشقەردىن قۇمۇلغا چىقىپ ئولتۇراقلىش
بەشكىرەملىك مىرسەئىد جەلىل دىگەن كىشىنىڭ قىزى بولىدۇ . ئاپپاق غوجا ملادىيە **1638** ـ يىلى ئون ئىككى ياش
دادىسى بىلەن قەشقەرگە كەلگەن ۋە شۇنىڭدىن ئىتىبارەن دادىسىدىن رەسمى سوپى ئىشانلىقنى ئۆگىنىشكە باشلىغان . 7
دادىسى مۇھەممەد يۈسۈپ يەكەندە «ئىسھاقىيە» مەزھىپىدىكى ئۆزىنىڭ نەۋرە ئەۋلادى بولغان جوجا ئەبەيدۇللا ت
زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كىيىن ، ئاپپاق غوجا ئۆزلىكىسىز مۇرت كۆپەيتىش ، كۈچ توپلاش ۋە تەسىرى دائىرىسىنى
ئارقىلىق ، ئەڭ ئاخىرى تىغ ئۇچىنى دىنىني پائالىيەتتىن ھالقىتىپ ، ھاكىمىيەتكە قاراتتى ۋە ملادىيە **1678** ـ يىلى
ئىشخالىيەتچىلەرنى باشلاپ كىلىپ ، سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ ئون ئىككىنجى سۇلتانى ئىسمايىل خاننى ئاغدۇرۇپ ، تا
يىل ھۆكۈم سۈرگەن شۆھرەتلىك سەئىدىيە خانلىقىنى بەربات قىلدى . ئۇنىڭ ئورنىغا جوڭغارىيە ھامىيلىقىدىكى ئاپ
خانلىقىنى تىكلەپ ، بۇ خانلىققا ئون بەش يىل ھۆكۈمران بولدى .

ئاپپاق غوجا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن بۇ دەۋردە ، ئىلگىر كيىن بولۇپ ، ئون بىر قېتىم چوڭ قىرغىنچىلىق بولدى ، بىر يۈ
مىڭ ئادەم قىرغىنچىلىقتا ئۆلدى .ئاپپاق غوجىغا ۋە ئۇنىڭ ھامىيسى بولغان جوڭغار ئىشخالىيەتچىلىرىنىڭ قاتمۇقات

قارشى ئىككى يۈز قېتىمدىن كۆپرەك خەلق ئىسيانى كۆتۈرۈلدى .

ئاپپاق غوجا مانا شۇنداق ئىسيانچىلاردىن ۋە ئۇ يۈرگۈزگەن زوراۋانلىقىغا قارشى چىققان تالىپلاردىن ئىككى مىڭدى
ئادەمنى تۇتۇپ ، مىلادىيە 1679 ـ يىلى جۇڭغارلارنىڭ كۈچى بىلەن ئىلىغا پالاپ ، غالچا يىگىت ۋە غالچا چوكان نامى
ئاقسۆڭەكلىرىگە قۇل قىلىپ بەردى .ئۇ يەنە ، خانلىق يارلىقى چۈشۈرۈپ ، مەسچىت ـ مەدرىسلەرنى خانىقا بىلەن تۈتە
ئۆزگەرتتى ، قۇر ئان بىلەن ھەپتىيەكتىن باشقا بارلىق كىتاپ ، مەدەنىي مىراس ۋە تارىخى قول يازمىلارنى كۆيدۈرۈۋەتتى
نارازى بولغان ، قارشى چىققان شەرىئەت پىشىۋالىرىنى ، دىنىي ئۆلىمالارنى يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئۆلتۈردى .

ئاپپاق غوجا مىلادىيە 1693 ـ يىلى رەجەپ ئېيىنىڭ بېشىدىكى بىر پەيشەنبە كۈنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلدى . بىر كېچە
يەكەندىن قەشقەرگە ئېلىپ كېلىنىپ ، ھازىرقى ھەزرەتتىكى ئۆزى بىنا قىلدۇرغان «مازارى شاھان»غا ئاپىرىپ دادىسىن
دەپنە قىلىندى .

## 4.تۈن بالىسى ـــ نىياز ھېكىم بەگ

پۈتكۈل ئۇيغۇر ئېلىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ياتلارنى تازىلاپ ،مۇناپىق خوجىلارنىڭ خەلقىمىزگە سالغان زۇلۇم ـ ستەملىر
تويۇپ ،نەپەسمۇ ئالالماس ھالەتكە كېلىپ قالغان ئاۋامنى قايتىدىن قەددىنى رۇسلاش ۋە سەئىدىيە سۇلتانلىقىنىڭ س
ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە بەل باغلىغان ياقۇپ بەگ (بە دەۋلەت) نى زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەن ساتقىن تۈن بالىسى نىياز ھ
تارىخىمىزدىكى تالاي پاجىئەلەرنىڭ سەۋەپچىسىدۇر.نىياز ھېكىمبەگ ئۆزىنى شۇنچە ئەتىۋارلىغان ياقۇپ بەگنى زە
ئۆلتۈرگەندىن كېيىن «زوڭتۇڭ دارېن» نىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۆزىنى ئېلىپ قېلىپ ئىشلىتىشنى،ھېچ بولمىسا «چەنتو»لارى
پايدا يەتكۈزەلەيدىغانلىقىنى ئېيتقاندا «زوڭتۇڭ دارېن» مىيىقىدا كۈلۈپ،«ئۆز پادىشاھىغا ئاسىلىق قىلغان كىشى ھام
ئاسىلىق قىلىدۇ ،ئۇنى ئاپىرىپ تۈرمىگە تاشلاڭلار!» دەپ تۈرمىگە قامىغان.شۇندىن ئېتىۋارەن نىياز ھېكىمبەگ زىندان
ئورنىدا ھاراق ئىچىشكە ،ئوزۇقنىڭ ئورنىدا ئۆزىنىڭ تېنىدىن شىلىۋېلىنغان گۆشتىن قورۇلغان قورۇمنى يېيىشكە

بولغان .شۇنداق قىلىپ 25كۈن بولدى دىگەندە ئۇنىڭ جېنى كۆپ يەرلىرىنىڭ گۆشى شىلىۋېلىنغان ،زەي زىنداند
،يىرىڭلاپ ،قۇرتلاپ ،بەدبۇي ھىد تارقىتىۋاتقان تېنىدىن جۇدا بولغان . ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى مەھبۇسلارغا بورىغا يۆگ
،كۆتەرتىپ يېڭىشەرنىڭ كۆنچىقىش تەرىپىدىكى بارىن قەبرىستانلىقىغا ئېلىپ بېرىپ ،شۇ پېتى كۆمدۈرىۋەتكەن

## 5.ئابدۇقادىر داموللامنى قەتلى قىلغان ـــ ئەھمەد مەزىن

`ئابدۇقادىر داموللام كېچىدە تەرەت ئالغىلى چىققاندا ئەھمەد مەزىن تەرىپىدىن پىچاقلاپ ئۆلتۈرلىدۇ.ئەھمەت مەزىننىڭ
داموللامنى ئۆلتۈرگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان ئابدۇقادىر داموللامنىڭ چوڭ ئوغلى ئابدۇلئەزىز مەخسۇم ھىندىستاندىكى
تاشلاپ ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ بۇ دېلۇنى ئادىل بىر تەرەپ قىلىپ بېرىشنى قايتا ـ قايتا تەلەپ قىلىپ ئەرز سۇن
كېيىن،قەشقەردىكى ئەمەلدارلار(ئۆمەربەگ بىلەن زۇنۇن پاششاپلار) شەھەر كاتتىسى تەرىپىدىن سۆڭگۈتۈلگەن ئالتۇن
كۈچى بىلەن بۇ سىرنى ئاشكارلىماسلىققا ۋەدە بېرىدۇ ئەھمەت مەزىننىڭ ئۆزىگىمۇ بارلىق جىنايەتلىرىدىن تېنىش كىر
شۇنىدىلا ئۇنىڭ ئۆلۈمدىن خالاس بولىدىغانلىقى ئالاھىدە جېكىلىنىدۇ. لېكىن توختىماي قىلىنغان بۇ دەۋادىن زىرىككە
كاتتىلىرى ئەھمەت مەزىننى تۆمۈر قەپەزگە سولاپ ئۈرۈمچىگە ماڭدۇرىۋېتىدۇ. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ چوڭ ئوغلى ئ
مەخسۇم ئىز قوغلىشىپ ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئەرز سۇنىدۇ.ھۆكۈمەت تەرەپ ئەھمەت مەزىننى ئېتىپ بېرىشنى ئېيتقان
ئابدۇلئەزىز مەخسۇم بۇنىڭغا قوشۇلماي پەردە ئارقىسىدىكى پىلانلىغۇچىلارنىمۇ جازالاپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرىۋالىد
بىلەن بۇ قاتىل ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ،لېكىن پەردە ئارقىسىدىكىلەر يەنىلا ئاشكارلانمايدۇ. قەشقەر كاتتىلىرىنىڭ
ۋەدىسى بويىچە ئەھمەت مەزىن سولاقتىن بوشىتىلىپ قويۇپ بېرىلىدۇ .بۇ قاتىل ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا بىر مەزگىل لاغايلا
بولسىمۇ ، لېكىن بۇ ئىشتىن خەۋىرى بارلىكى كىشىلەرنىڭ تىل ـ ئاھانەت ، دەشنامىلىرىدىن بىر مىنۇتمۇ ئارام تاپال
يۇرتلارغا قېچىپ بېرىپ جان باقىدۇ . روھىي جەھەتتىن قاتتىق زەربە يېگەن مەزىن ئاقىۋەتتە ئېلىشىپ قېلىپ شۇ
يېتىدۇكى ، ھەتتا ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېيىشكە باشلايدۇ . نەتىجىدە ئەنە شۇنداق ساراڭلىقتا بىر مەزگىلدىن كېيىن

1924 ـ يىلى ئابدۇقادىر داموللام سۇيىقەستكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، سۇيىقەستچىلەرنىڭ نىشانى ئۇنىڭ شاگىرتى
داموللامغا مەركەزلىشىدۇ.

## 6 .شىڭ شىسەيگە ساداقىتىنى بىلدۈرگەن ـــ شاپتۇل داموللام

ئابدۇغوپۇر شاپتۇل داموللام پەيزاۋات شاپتۇللۇق كىشى بولۇپ دىنىي مەلۇماتى يۇقىرى بولغاچقا، قەشقەر تەۋەسىدە
بولغان. لېكىن بۇكىشى سېپى ئۆزىدىن مۇناپىق بولۇپ، ئابدۇقادىر داموللامغا قەست قىلىش سۇيىقەستىگە قاتناشقان
پاشا بىلەن تۆمۈر شىجاڭنى زىددىيەتكە سېلىپ، ما جەنساڭ ئۇچۇن كەتمەن چاپقان. ئۇ **1934** ـ يىلىدىن كېيىن،
شىسەي ھۆكۈمىتى دەۋرىدە ئەتىۋارلىنىپ ئىشلىتىلگەن ھەم قەشقەردە قۇرۇلغان ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولغان.
يىلى يازدا ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئۆلكەبويىچە ئېچىلغان« ئىككىنجى قېتىملىق ئاۋام كونفرىنىيىسى » گە قاتناشقان
بارغاندىن كېيىن، شىڭ شىسەيگە بولغان ئالاھىدە ئىخلاسى ھەققىدە سۆزلەپ يۈرگەن ھەم شاڭ شىسەينىڭ « ئا
سىياستى » نى تەشۋىق قىلغان .

**1936** ـ يىلى **5** ـ ئايدا، شىڭ شىسەي قەشقەرنىڭ ۋالىسى ۋاڭ باۋچەنگە تېلېگرام بېرىپ،«سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئېك
ۋە زىيەرەتتە بولۇش ئۇچۇن سودا ـ سانائەتچىلەر تەكشۈرۈش ئۆمىكى تەشكىل قىلغانلىقىنى ، شۇڭا قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇ
مۇدىرى ئابدۇغوپۇر شاپتۇل داموللامنى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ بېرىشى لازىملىقى»نى ئۇقتۇرغان . شىڭ شىسەينىڭ ئابدۇغو
داموللامدىن پايدىلانماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلگەن مەھمۇت شىجاڭ ئۇنىڭ ئۈرۈمچىگە بېرىشىغا يول قويمىغان. ئۇ ، **5**
**12** ـ كۇنى كېچىدە، ئادەم ئەۋەتىپ ئابدۇغوپۇر شاپتۇل داموللىنى قەشقەر كونا شەھەرنىڭ ئۆتەڭ بازىرىدا يۇ
ئۇلتۇرگۇزۇۋەتكەن.

## 7.ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى چاققان شىڭ سىسەينىڭ سادىق غالچىسى ـــ روزى موللام

**1931** ـ يىلى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلاڭچىلىرىدىن ئەجەللىك زەربە يەپ، ئۈرۈمچىگە قېچىپ كېلىۋاتقان شىڭ شىسە
كەلگەندە ، روزى موللام شاڭ شىسەيگەغالچىلىق قىلىپ، ئېشەك مىنىپ ئالدىغا بېرىپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ سە

«دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ مەنىۋى تەرغىباتچىسى» دەپ چاقىدۇ. شىڭ شىسەي بۇنى ئاڭلاپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋ
سەپداشلىرىنى تۇتقۇن قىلىپ تۈرمىگە تاشلايدۇ. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 1933 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى سەبداشلى
باتۇرلاچە قۇربان بولىدۇ.

## 8. لۇتپۇللا مۇتەللىپنى چاققان گومىنداڭچى ـــ ھېكىم نۇر

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ جاسۇسلۇق بۆلۈمىدىن مۇتەللىپنى كۆزىتىدىغان ئادەملەر ئاللىبۇرۇن تەشكىللە
چاغدا ئاقسۇ گېزىتخانىسىدا لۇتپۇللا مۇتەللىپنى تەكشۈرىدىغان «ئەپەندى»، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا «ياخشى»، «ك
جەمئىيەتتە «گاڭبى» دېگەندەك مەخسۇس ئادەملەر بار ئىدى. ل.مۇتەللىپ قاتارلىقلارنى ئاشكارلاپ قويغان ھېك
مەخپىي ئىسمى «گاڭبى» ئىدى. ھېكىم نۇر شۇ يىللاردىكى ساقچى ئەمەلدارى، ل.مۇتەللىپلەرنىڭ تەشكىلاتىغا سوقۇنۇ
ئىشپىيون ھەم مۇتەللىپنىڭ قاتىلى ئىدى.

ئىزاھلار:

①: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى، «سۆي،تاڭ سۇلالىلىرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر تارىخىي شەخسلەر» 65~71 ـ بەتلە
خەلق نەشرىياتى 1999 ـ يىل 7 ـ ئاي

②: ئەخەت تۇردىنىڭ «بەختسىز سەئدىيە» ناملىق كىتاۋىدىن ئېلىندى .

③: ئابدۇۋەلى ئەلى ئەپەندى يازغان«بەدەۋلەت ـ ئۆركەشلەپ ئاققان قايدۇ دەرياسى» ناملىق رومانىنىڭ 11 ـ بابىد

مەنبە:سالام ئۈرۈمچى تورى

مەنبەسى : نۇر تورى بۇ خەۋەرنى دوستلىرىڭىزغا تەۋسىيە قىلىڭ

# ئۇيغۇر مىللىي روھىنىڭ تەۋرەنمەس ۋارىسلىرى_

# خۇنەن ئۇيغۇرلىرى

كىرىش سۆز

خۇنەن ئۇيغۇرلىرىنى بەلكىم دىيارىمىزدىكى كۆپچىلىك ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىز بىلسە كېرەك ،ئەمما خۇنەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ دىيارىمىزدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرىپ هازىرقى خۇنەن ئۆلكىسىدە ماكانلىشىپ قېلىش جەريانىدىن تارتىپ ،تا هازىرغا قەدەر بولغان ئەھۋاللىرىنى كۆپچىلىك قېرىنداشلىرىمىزنىڭ تولۇقى بىلەن بىلىپ كېتىشى ناتايىن. شەخسەن ئۆزەم يېقىندا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن1998 ـ يىلى نەشر قىلىنغان خۇنەن ئۇيغۇرلىرى ناملىق كىتاپنى ئوقۇپ ،ئۇ يەردىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئۆتمۈشى ۋە هازىرقى ئەھۋالى توغرىسىدا كىتاپ يۈزىدىن بىر قەدەر تەپسىلي مەلۇماتلارغا ئېرىشتىم ،ھەمدە خۇنەندىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ مىللي روھىدىن ناھايىتى تەسرلەندىم.

خۇنەندىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ماڭا ئەڭ قاتتىق تەسىر قىلغان تەرىپى ،ئۇلاردا ئىپادىلەنگەن كۈچلۈك ئۇيغۇر مىللي روھى بولدى. ئۆز ۋەتىنى ۋە قان قېرىنداشلىرىدىن ئايرىلىپ مەدەنىيەت ،تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادەت ،دىنىي ئېتىقاد ۋە ئىدىئولوگىيە قاتارلىق ھەرقايسى جەھەتلەردىن پۈتۈنلەي ئوخشاش بولمىغان ،ھەتتا بەزى جەھەتلەردىن پۈتۈنلەي قارىمۇ ـ قارىشلىققا ئىگە بولغان يات ئەل ۋە يات مىللەت ئىچىدە ،ئادەم سانى بارماق بىلەن سانىۋالغۇدەكلا ئاز بولغان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ700 ـ 800يىل جەريانىدا چەتكە قېقىلىش ،مىللي خورلۇق ۋە مىللي كەمستىش ھەم ياشاش ئىمكانىيەتلىرىدىنمۇ مەھرۇم بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغاندىمۇ ، يەنىلا مەردانىلىك بىلەن مەن ئۇيغۇر دەپ ئۇيغۇرلۇقتىن تانماي ،ئەجداد روھىنى ئەۋلادقا ئۇلاپ ياشاپ كەلگەنلىكىنىڭ ئۆزى بىر چەكسىز مۆجىزىدۇر!

خوتەندىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ تارىخىنى ئوقۇۋاتقان شۇ مىنۇتلاردا، ئىختىيارسىز ھالدا دىيارىمىزدىكى بىر قىسىم ئۆزىنىڭكى ئەمەن، ئۆزگىنىڭكى شېكەر تېتىيدىغان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىز كۆز ئالدىمغا كەلدى. ئۆز تىلىدا سۆزلىششىنى بىر خىل قالاقلىق ھىسابلاپ، ئۆزئارا يات تىللاردا ئالاقىلىشىۋاتقان؛ لەغمەن، پولو قاتارلىق تاماقلىرىمىزدىن چېنىپ، ياتلارنىڭ تاماقلىرىنى يۇقۇرى ئوزۇقلۇق قىممىتىگە ئىگە دەپ ماختىشىپ ئاغىزلىرىدىن شۆلگەيلىرى ئېقىۋاتقان؛ ياغلىق چەگكەن، دوپپا كەيگەنلەرنى مەتو دىيىشىپ ئېغىزلىرىنى پۈرۈشتۈرۈۋاتقان؛ ياتلارنى دوراپ ئۇ يەر بۇ يەرلىرىنى يالىڭاچلاپ كىيىم كىيىپ مودا يۈرۈۋاتقان؛ ئىچىملىك-چېكىملىكتىن بېرى كېلەلمەيۋاتقان... قىسقىسى، ئۇيغۇرچە تۇغۇلۇپ خەقچە ياشاۋاتقان، پەقەت ئىسىم-شەرىپىنىلا ئۆزگەرتمىگەن، باشقا ھەممە جەھەتتىن مىللىي كىملىكىمىزدىن ماھىيەت جەھەتتىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن يىراقلىشىپ كەتكەن، ھەتتا يۈز ئۆرۈپ كەتكەنلەرمۇ بار.

مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا خوتەن ئۇيغۇر روھى بىزنىڭ ئۈلگە ئېلىشىمىزغا، بىزنىڭ ئۆگۈنۈشۈمىزگە ئەرزىيدۇ ئەلۋەتتە!

## 1. خوتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەنبەسى ھەققىدە

خوتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرگەن ۋاقتىنى مىلادى1252-يىلىدىن سۈرۈشتۈرۈشكە بولىدۇ. مىلادى1252-يىلى چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى قۇبلايخان ئاكىسى مۆڭكە قاغاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن، ئۇرانغۇتاي قاتارلىق بىر قانچە ھەربىي قوماندانلارنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى زور قوشۇن بىلەن ھازىرقى سىچۈەن ئۆلكىسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، ھازىرقى يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ دالى شەھىرى(ھازىرقى

كۆنمك شەھىرى)گە ھۇجۇم قىلىدۇ. مىلادى1254 ـ يىلى ھازىرقى شىزاڭ رايونىنى ئىگەللەيدۇ. بۇ قېتىمقى يۈنىەن ۋە شىزاڭ ئۇرۇشى بولسا موڭغۇل ئىمپېرىيىسىگە ناھايىتى زور كۈچ بىلەن قارىشى تۇرۇۋاتقان جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنى قورشاپ يوقۇتۇش ئۇرۇشى ئىدى. بۇ ئۇرۇشنىڭ غەلىبە قىلىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشى موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ پۈتۈن جۇڭگو زېمىنىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشلىرىگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماي، بەلكى بۇ ئىمپېرىيەنىڭ ھايات ۋە ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك ئىدى. شۇڭلاشقا مۆڭكە قاغان بۇ ئۇرۇشقا ناھايىتى زور ئېتىبار بىلەن قاراپ، ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىش ئۈچۈن ناھايىتى كۈچلۈك قوماندان ۋە قوشۇنلارنى ئەۋەتكەن ئىدى. بۇ قوماندانلارنىڭ ئىچىدە تۆلىشگەن، تىكەچى تامغا ئايغۇچى قاتارلىق مەشھۇر ئۇيغۇر قوماندانلىرى بار ئىدى. بۇ قوماندانلارنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى ئۇيغۇر قوشۇنلىرى ھەر دائىم ئالدىنقى سەپتە ئۇرۇش قىلاتتى، موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرىدىكى ئالدى توسالغۇلارنى تازىلايتتى. شۇڭلاشقا، قاتمۇ ـ قات تاغ ـ ئېدىرلار، ناھايىتى خەتەرلىك يول، جىلغىلار ۋە سانسىز دەريالار، شارقىراتمىلاردىن ئىبارەت تەبىئىي توسالغۇلارغا ئىگە كەڭ غەربىي جەنۇبىي جۇڭگو رايونى پەقەت ئىككى يىل ئىچىدىلا موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ بايرىقى ئاستىغا ئۆيۈشىدۇ.

مىلادى1258 ـ يىلى مۆڭكە قاغان ناھايىتى نۇرغۇن قوشۇنغا بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلىپ، ھازىرقى چاڭجىياڭ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىنىنى بويلاپ، مەھكەم ئىستىھكام قۇرۇپ قاتتىق قارشىلىق قىلىۋاتقان جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىغا پۈتۈن سەپ بويىچە ھۇجۇم باشلىدى، ئۇ ئۆز قوشۇنىنى ئۈچ يولغا بۆلدى، ئۆزى ۋە ئىدىقۇت بارچۇق ئارت تېكىننىڭ ئوغلى مامۇل تېكىن ھەم يۈگرۈنچ، قايا، ئېسەن، بارسقۇت تامغا ئايغۇچى قاتارلىق ئۇيغۇر قوماندانلىرى يېتەكچىلىگىدىكى ئوڭ يول قوشۇن ليۇ پەنشەن(ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى گۈيييۈەن ناھىيەسى)رايونىنى كېسىپ ئۆتۈپ، خېجوۋ

قەلئەسى(هازىرقى سىچۈەن ئۆلكىسى خېچۈەن ناھىيەسى)گە ھۇجۇم قىلىدۇ؛ئوتتۇرا يول قوشۇنلىرى قۇبلايخان ۋە ئارىغ قايا قاتارلىق ئۇيغۇر قوماندانلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە،چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدىكى ئېجوۋ(ھازىرقى خۇبېي ئۆلكىسى ۋۇچاڭ شەھىرى)غا ھۇجۇم قىلىدۇ؛سول يول قوشۇنلىرى ئۇرانغۇتاي قوماندانلىغىدا چاڭجياڭ دەرياسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ،بىۋاستە تەنجوۋ(ھازىرقى خۇنەن ئۆلكىسى چاڭشا شەھىرى)غا ھۇجۇم قىلىدۇ.بۇ قوشۇنلارنىڭ ئىچىدىمۇ بىر مۇنچە ئۇيغۇر ئاتلىق سەرۋازلىرى بار ئىدى.لېكىن،مىلادى1259 ـ يىلى مۆڭكە قاغان خېچوۋدىكى دياۋيۈشەن تېغىدىكى بىر ئۇرۇشتا ئوق تېگىپ ۋاپات بولدى.قۇبلايخان جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى بىلەن سۈلھ تۈزۈپ ئۇرۇشنى توختۇتىدۇ.
1271 ـ يىلى قۇبلايخان يۈەن سۇلالىسىنى تىكلەپ ئىككىنچى يىلى،يەنە جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىغا ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قىلىدۇ.موڭغۇل قوشۇنلىرى ئالدى بىلەن ھازىرقى خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ شىمالىدىكى خەنشۇي دەرياسىنىڭ ۋادىسىدىكى شياڭياڭ قەلئەسىگە ھۇجۇم باشلايدۇ.بۇ ئۇرۇشقا ئۇيغۇرلاردىن يەنە يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان ئارىغ قايا قاتارلىق بىر قانچە كۈچلۈك قوماندانلار قاتنىشىدۇ.بۇ ئۇرۇش ناھايىتى ئۇزاققا سوزۇلغانلىقتىن،ئارىغ قايا قۇبلايخانغا ئالدى بىلەن شياڭياڭ قەلئەسىنى يېتىم قالدۇرۇش تەكلىپىنى بېرىدۇ.بۇ تەكلىپ قوبۇل قىلىنىپ،ئۇرۇش تامامەن ئارىغ قايانىڭ پىلانى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. 1273 ـ يىلى ئارىغ قايا يالغۇز قەلئەنىڭ يېنىغا بېرىپ،جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ جايدىكى قوشۇنلىرىنى تەسلىم قىلىدۇ.كەينىدىنلا ئۇنىڭ پىلانى بويىچە ئېجوۋ قەلئەسىمۇ تەسلىم قىلدۇرۇلىدۇ ھەم بۇ ئۇرۇشتا ئارىغ قايا قوماندانلىغىدىكى قوشۇنلار ئالدى بىلەن ئېجوۋ قەلئەسىنىڭ ئاساسىي ئۆتكىلى ۋە جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى سۇ قوشۇنلىرىنىڭ غول كۈچى جايلاشقان ۋۇجىبو دىگەن جايغا ھۇجۇم قىلىپ،بۇ ئۇرۇشنىڭ ئومۇمىي غەلىبىسى ئۈچۈن زور تۆھپە

يارتىدۇ.

مىلادى1275 ـ يىلى يۈەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى چاڭجىياڭ دەرياسىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ ،كەڭ جەنۇبىي جۇڭگو رايونىغا ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم باشلايدۇ ،بۇ چاغدا موڭغۇل بايان قوماندانلىقىدىكى بىر يول قوشۇن ئېجوۋدىن شەرقىي جەنۇبىي تەرەپكە قاراپ بىۋاستە جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى لىنئەنگە قاراپ(ھازىرقى جېجياڭ ئۆلكىسى خاڭجۇ شەھىرى)يۈرۈش قىلىدۇ.يەنە بىر تارمىقى ئارىغ قايانىڭ قوماندانلىقىدا جەنۇپقا قاراپ ھازىرقى خۇنەن ،گۇاڭدۇڭ ،گۇاڭشى ئۆلكىلىرىگە يۈرۈش قىلىدۇ.ئارىغ قايا ئالدى بىلەن تەنجوۋ(چاڭشا)قەلئەسىنى بېسىۋېلىپ،جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ھازىرقى خۇنەن ئۆلكىسى ئەتراپىدىكى كۈچلىرىنى تازىلاپ،ناھايىتى تېزلىك بىلەن جىنجياڭ قەلئەسى(ھازىرقى گۇاڭشى ئۆلكىسى گۈيلىن شەھىرى)نى ئىگەللىدى.

لېكىن،بۇ چاغدا جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ تىز پۈكمىگەن كۈچلىرى ھازىرقى خەينەنداۋ ئارىلىنى تايانچ بازا قىلىپ،ھەرقايسى جايلاردا مەغلۇپ بولغان ھەربىي،مەمۇرىي ئەمەلدار ۋە قوشۇنلىرىنى يىغىپ،يۈەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا،بولۇپمۇ ئالدىنقى سەپتە ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئارىغ قايا قوماندانلىقىدىكى قوشۇنلارغا ئومۇميۈزلۈك قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە تەييارلىنىدۇ.ئارىغ قايا ئالدى بىلەن ئەلچى ئەۋەتىپ،ئۇلارنى تەسلىم بولۇشقا چاقىرىدۇ.لېكىن تىز پۈكمىگەن كۈچلەر داۋاملىق قارشىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن،ئارىغ قايا قوشۇن باشلاپ خەينەن ئارىلىغا ھۇجۇم باشلايدۇ ھەم تىز پۈكمىگەن كۈچلەرنى پۈتۈنلەي يوق قىلىپ،جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ جەنۇبىي جۇڭگو رايونىدىكى بارلىق زېمىنىنى يۈەن سۇلالىسى تەۋەلىكىگە ئۆتكۈزىدۇ.مىلادى1276 ـ يىلى بايان قوماندانلىغىدىكى قوشۇنلار جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى لىنئەن(خاڭجۇ)شەھىرىنى ئىگەللەيدۇ.1279 ـ يىلى جەنۇبىي

سۇڭ سۇلالىسىنىڭ بارلىق زېمىنى يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئىلكىگە ئۆتىدۇ،شۇنىڭ بىلەن جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ152يىللىق ھۆكۈمرانلىقى پۈتۈنلەي ئاياغلىشىدۇ.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە،ئۇيغۇرلار موڭغۇللاردىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرۇدىغان زور ئىمتىيازغا ئىگە مىللەت ئىدى.شۇڭا،بىر مۇنچە ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرى خۇددى يۇقۇرىدا بايان قىلىنغاندەك مۇھىم ھەربىي خىزمەتلەرنى ئۆتىگەندىن باشقا،يەنە ئوردا ۋە يەرلىك ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىدىمۇ مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ،يۈەن سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشى،كۈچىيىشى ۋە بىرلىكى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقان ئىدى.(شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخ ئەنئۇەر بايتۇر.610 ـ 616 ـ بەتلەر.)

1368 ـ يىلى جۇيۈەنجاڭ يۈەن سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ مىڭ سۇلالىسىنى قۇرىدۇ.ئۆز ۋاقتىدا يۈەن سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇش كۈرىشىگە ئۇيغۇر ھەربىي قوماندانلىرىنىڭ پۇشتىدىن بولغان خېلىل باشىمۇ قاتناشقان ئىدى.خېلىل باشىنىڭ يىراق ئەجدادىنىڭ ئىسمى خېلىل بولۇپ،ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇتۇقى ئىدى.مىلادى1211 ـ يىلى ئىدىقۇت خانى بارچۇق ئارت تېكىن بىلەن تۇتۇق خېلىل بىرلىكتە كىرولىن دەرياسى بويىغا بېرىپ چىڭگىزخان بىلەن كۆرۈشۈپ،ئۆزلىرىنىڭ چىڭگىزخانغا بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈدۇ.شۇندىن باشلاپ ئىدىقۇت ئۇيغۇر قوشۇنلىرى چىڭگىزخان موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالىدۇ.خېلىل باشى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى.خەلىل باشى ئاستانە يەنجىڭ(ھازىرقى بېيجىڭ)دا خۇيزۇ سەركەردىلەردىن چاڭ يۈيچۇن،لەن يۈي،مۇ يىڭ،خۇداخەي ۋە جۇيۈەنجاڭنىڭ ئاغىينىسى شۈي دالار بىلەن تونۇشۇدۇ ۋە ئاستا ـ ئاستا مىڭ سۇلالىسىنى ياقلاش سېپىگە قوشۇلۇدۇ.

يۈەن سۇلالىسى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن،ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى مۇتلەق كۆپ سانلىق ئۇيغۇرلار ۋەتەنگە قايتىپ كېلىدۇ.جۇيۈەنجاڭنىڭ بىۋاستە خىزمەت ئىشلىشى ۋە

يۇقۇرى ھەربىي مەنسەپلەرنى ۋەدە قىلىشى قاتارلىق بىر قاتار سەۋەپلەر بىلەن،خەلىل باشى جەمەتىنى ئاساس قىلغان ئاز بىر قىسىم ئۇيغۇر كەسپىي ھەربىيلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە تۇرۇپ قالىدۇ.

2. خۇنەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ خۇنەندە ماكانلىشىپ قېلىشىنىڭ باش ـ ئاخىرى

مىڭ سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى جۇيۈەنجاڭ(مىڭ تەيزۇ)خېلىل باشىنى يەنجىڭ(ھازىرقى بېيجىڭ)نىڭ باش بوغى ۋە زېمىننى كېڭەيتىش تۇرشاۋۇلى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. خېلىل باشى مىڭ سۇلالىسىنىڭ سانغۇنلىرى_لى ۋېنجۇڭ،شۇيدا،جاڭ يۈيچۈن،خۇداخەي،پۇ يۇدې،لەن يۈيلەر بىلەن بىللە ھەربىي يۈرۈش قىلىپ داتۇڭغا ھۇجۇم قىلىپ،يىڭچاڭنى ئېلىپ يۈەن سۇلالىسىنىڭ باقاۋۇلى تولىبەگ،كوڭشىڭلارنى ئۆلتۈرۈپ،جۇيۈنجاڭنىڭ مىڭ سۇلالىسىنى بەرپا قىلىشى ئۈچۈن كۆپ خىزمەت كۆرسىتىدۇ.

جۇيۈەنجاڭ مىڭ سۇلالىسىنى تىكلەپ ئۇزۇن ئۆتمەي،يەنى1373 ـ يىلى كۈزدە خۇنەننىڭ ۋۇشى رايونىدىكى ياتلار بىلەن رىيو ـ كيو،ياۋۋ قاتارلىق ئەللەرنىڭ ئولپان تاپشۇرۇشقا كەلگەن ئەلچىلىرى تىل بىرىكتۈرۈپ،توپىلاڭ قوزغاپ،ئۆز ئالدىغا بۆلۈنمە بولىۋالىدۇ. مىڭ سۇلالىسى باستۇرۇشقا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بىر نەچچە قېتىم لەشكەر ئەۋەتكەن بولسىمۇ،ھەممىلا قېتىم مەغلۇپ بولۇپ قايتىپ كېلىدۇ. بىر كۈنى جۇيۈەنجاڭ ئوردىدا مۇشۇ ئىش ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ تارىختىن ئۇدۇم بولۇپ قالغان ياتلاردىن پايدىلىنىپ ياتلارنى ئىدارە قىلىش چارىسىنى ئويلاپ چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جۇيۈەنجاڭ ئايالىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن،ئالدى بىلەن ئاسراندى قىزى تۈيى مەلىكىنى خېلىل باشىغا ئىككىنچى خوتۇنلۇققا ياتلىق قىلىپ بېرىدۇ،ئاندىن يەنە خېلىل

باشنىڭ يەنجىڭنىڭ باش بۇغلىق ۋەزىپىسىنى تەڭشەپ ئۇنىڭغا جىڭشىياڭ تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ تۇتۇقى جەنۇپىنى تىنجىتقۇچى سانغۇن ۋەلئەھدىنىڭ مۇشاۋۇرى دىگەندەك بىر قاتار مەرتىۋىلەرنى بىرىپ، خېلىل باشنى خۇگۇاڭ، چىنجۇ تەرەپلەرنى ساقلاشقا قويىدۇ. جۇيۈەنجاڭنىڭ خېلىل باشنىڭ ۋەزىپىسىنى مۇنداق تەڭشىشىدە، خېلىلنىڭ كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئۆزىدىن يۈز ئۆرۈپ يەنە موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىنىڭ تەرىپىگە ئۆتىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى مەقسەدلىك ھالدا جەنۇپ تەرەپكە يۆتكەيدۇ. بۇنداق بولغاندا ھەم خېلىل باشنىڭ موڭغۇللار بىلەن بولغان تارىخىي مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈۋەتكىلى، ھەم ياتلارنى ياتلار ئارقىلىق تىزگىنلەشتىن ئىبارەت ئۆزىگە تارتىش سىياسىتىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولاتتى.

ئەينى يىللىرى خۇگۇاڭ، چىنجۇ تەۋەسىدە48ئۆڭكۈر ۋە جىيۇشى قورغىنى، جىيۇدۇ، شۈيبېڭ، سەنماۋ، لۇشىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر(ئەينى يىللاردىكى ئادەتلەنگەن تىل بويىچە بولغاندا بەدەۋىلەر)توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، قوشنا ئايماقلارغا بېسىپ كىرگەن ئىدى. خېلىل باشى يارلىقتا بىنائەن توپىلاڭنى تېزدىن باستۇرۇپ48ئۆڭكۈرنى جىمىقتۇرىدۇ. شۇندىن كېيىن خېلىل باشى يەنە تۇڭگۇ، ۋۇكەي، زاۋدى، تېڭلاڭ، دۇمۇ، خۇڭجۇ، گۈيىۈەن قاتارلىق جايلاردىكى توپىلاڭلارنى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ تىنجىتىدۇ. لېكىن مىلادى1381 ـ يىلى ۋۇشىدىكى بەدەۋىلەر يەنە كەڭ ـ كۆلەملىك توپىلاڭ كۆتۈرىدۇ، خېلىل باشى يارلىقتا بىنائەن ۋۇشىدىكى توپىلاڭنى تىنجىتىشقا بارىدۇ، توپىلاڭچىلار ھۆكۈمەت قوشۇنىنىڭ ئۇيغۇر قوشۇنلىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپلا قۇيرۇقنى تىكىۋېتىدۇ. شۇندىن ئېتىۋارەن بەدەۋىلەر ئۇيغۇر قوشۇنلىرىغا تىز پۈكۈپ، ۋۇشى تىنجىپ قالىدۇ.

1381 ـ يىلى قىشتا خېلىل باشى توپىلاڭنى تىنجىتىپ غەلىبىلىك قايتىپ كەلگەندە، جۇيۈەنجاڭ خېلىل باشى ۋە ئىككى ئايالنى ئالاھىدە زىياپەت ھازىرلاپ

كۈتۈۋالدۇ.

ــــسانغۇن خېلىل باشى،سىز مېنىڭ ئۈچۈن كۆپ قېتىم جياڭنەنگە لەشكەر تارتىپ بېرىپ جاپا تارتتىڭىز ھەم كۆپلەپ تۆھپە ياراتتىڭىز،مەن سىزگە بىر پەملە ئىنئام قىلسام قانداق؟ ـ دەپ سورايدۇ شىر كەيپ بولغان جۇيۈەنجاڭ.

ــــئالىيلىرى،مەنمۇ خېلىدىن بېرى ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىرىشقا تىلىم كەلمەي يۈرەتتىم.ئۇ بىز ئۈچۈن كۆپ قېتىم جياڭنەنگە لەشكەر تارتىپ توپىلاڭنى بېسىقتۇردى،جاپادىن قورقماي كۆپ قېتىم تۆھپە ياراتتى.ئالىيلىرى ئۇنىڭغا قانداق پەملە بېرىشنى ئويلاۋاتىدىكىن؟ ـ دەيدۇ خانىش ئارقىدىنلا.

ــــسۈڭ تۆرەم ـ دەيدۇ جۇيۈەنجاڭ گەپنى سۈڭ ليەنگە يۆتكەپ ـ سىز قەلەمگە ماھىر ئادەم،بۇ ئىشنى مېنىڭ ئورنۇمدا ئويلاپ كۆرۈڭە!

سۈڭ ليەن قولىدىكى قاچا بىلەن چوكىنى قويۇپ،ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ،سانغۇن خېلىل باشىدىن سورايدۇ:

ــــخېلىل باشى،سىز ھەر قېتىم يۈرۈشكە ئاتلانغاندا زەپەر بىلەن قايتىسىز،18خىل چامباشچىلىق ماھارىتىنى پىششىق بىلسىڭىز كېرەك.بۇنىڭغا دانالىقىڭىز قوشۇلۇپ يېڭىلمەس سەركەردە بولۇپ قالدىڭىز جۇمۇ!

ــــيوقسۇ،سۈڭ ھەزرەتلىرى،بىزنىڭ غەربىي يۇرتتا18خىل چامباشچىلىق ماھارىتى دېيىلمەيدۇ.چۈنكى قىلىچ،نەيزە،گۇرزە ـ بىر خىل قوراللار بولۇپ ئۇزۇن قوراللار دەپ ئاتىلىدۇ،باشقىلىرى ئانچە پەرقلەنمەيدۇ،شۇڭا چامباشچىلىقتا خىل ماھارەت دېيىلىدۇ.مېنىڭ چامباشچىلىق ماھارىتىم18خىل ئەمەس،15خىل.سۈڭ جاناپلىرى ئاشۇرۋەتتىلە ـ دەيدۇ خېلىل باشى.

ــــھە!ئەسلىدە مۇنداقكەن ـ دە ـ دەپتۇ سۈڭ ليەن سۆزلىگەچ ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ،15خىل،15خىل ھىيلە!15قەلەم!15تىزىق!.

__ئالىيلېرى ـ دەيدۇ سۇڭ لىيەن بىر نەرسىنى بايقىغاندەك قىلىپ ـ ھېلى خەلىل باشى ئۆزىنىڭ15خىل ماھارىتى بارلىقىنى ئېيتتى.خانىش ئۇنى توپىلاڭنى پۇتۇنلەي بېسىقتۇردى،جاپادىن قورقماي تۆھپە ياراتتى دەپ ماختىدى.پېقىر بۇ15خىل ماھارەت،15سىزىق چوقۇم پەمىلە رىسالىسىنىڭ سىرتىدىكى بىر خەت!مېنىڭچە خانىش ئېيتقان توپىلاڭنى بېسىقتۇردى،دىگەن سۆزدىكى بېسىقتۇردى(剪)جىيەن دىگەن خەتنى ئالساق،ئالىيلېرى،قېنى ئۆزلېرى بېكىتىپ بەرسىلە ـ سۇڭ لىيەن سۆزىنى تۇگۇتۇپلا جايىغا كېلىپ ئولتۇرۋالدۇ.جۇيۇەنجاڭ:بۇ(剪)جىيەن دىگەن خەت15خىل ماھارەتكە توغرا كېلىدۇ،ئوبدان بولدى،بەك ئوبدان بولدى دەپ ئۆز ھاياجىنىنى باسالماي قالدۇ.

__ئالىيلېرى،ئاقىلانە پىكىر قىلدى.ئاقىلانە گەپ قىلدى ـ خانىش بىلەن سۇڭ لىيەن بىردەك پادىشاھقا مەدھىيە ئېيتىدۇ.

__شۇنداق بولغاي،سانغۇن خېلىل باشى يارلىقىنى ئاڭلىغاي!

خەلىل باشى ۋە ئىككى ئايالى تۆۋەنگە چۈشۈپ يارلىقنى قوبۇل قىلىدۇ.

__سەن تاغ ـ دەريالارنى كېزىپ توپىلاڭنى بېسىقتۇرۇپ،جاپادىن قورقماي تۆھپە ياراتقانلىقىڭ ئۈچۈن،ساڭا بۈگۈندىن باشلاپ جىيەن خەتلىك پەملىنى ئىنئام قىلدىم.ئوردا ئىچى ۋە سىرتىغا جاكارلانسۇن،ئۆزگەرتىلمىسۇن!

شۇندىن باشلاپ خېلىل باشى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلېرى جىيەن پەملىسىنى قوللۇنىدۇ.

1383 ـ يىلى خېلىل باشىنىڭ ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ۋەلىئەھد مەرۇپ بېگى كېڭەش بېگى قاتارلىق مەرتىۋىلەر بېرىلىدۇ.

1388 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى خېلىل باشى بىر قېتىملىق ھەربىي يۈرۈشتە ۋاپات بولىدۇ.ئوردىنىڭ يارلىقى بويىچە خېلىل باشىنىڭ مېيىتى ھازىرقى خۇنەن ئۆلكىسى چاڭدې شەھرىنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى سىرتىدىكى خۇڭلۇڭگاڭغا دەپنە

قىلىندى. مىلادى1252 ـ يىلى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرگەن كەسپىي ئۇيغۇرلار
ھەربىيلىرى خېلىل باشنىڭ ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن خوتەن ئۆلكىسى تاۋيۈەن
ناھىيەسىگە رەسمىي ھالدا ماكانلىشىپ قالدى.
(قوشۇنچە:مەملىكەت بويىچە1990 ـ يىلى ئېلىپ بېرىلغان4 ـ قېتىملىق نوپۇس
تەكشۈرۈش ستاتىكىسىدىن قارىغاندا ،خوتەن ئۆلكىسى تەۋەسىدە
جەمئىي7مىڭ739نەپەر ئۇيغۇر بار. چېڭدې شەھىرى ۋە تاۋيۈەن ناھىيەسىدە
ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار جەمئىي5مىڭ477نەپەر كىشى بولۇپ ،پۈتۈن ئۆلكىدىكى
ئۇيغۇرلارنىڭ95%نى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلاردىن تاۋيۈەن ناھىيەسىدە ئولتۇراقلاشقانلار
ئەڭ كۆپ بولۇپ ،جەمئىي5مىڭ113كىشى بار. ئۇنىڭدىن باشقا چاڭدې
ناھىيەسىدە36كىشى ،ۋۇلىڭ رايونىدا142كىشى بار. يەنە خەنشۇ ،زاۋشىيەن
ناھىيەسى ،جىنشى شەھىرى ،چاڭشا ،جۇجۇ ،خىڭياڭ ،شياڭتەن ،يۆياڭ قاتارلىق
ناھىيە ،شەھەرلەردە ،جاڭجياجيې شەھىرى ،ساڭجى ناھىيەسىنىڭ لىشەن ،جۇيىپىڭ
دىگەن يېرىدە تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلارمۇ بىرەر يۈزگە يېتىدۇ.
خوتەندىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىز توپلۇشۇپ ئولتۇراقلاشقان جاي ـ تاۋيۈەن
ناھىيەسى قاتنىشى قولاي ،مۇھىتى گۈزەل ماكان. قارلىق چوققا ،ۋۇلۇڭشەن تاغلىرىنىڭ
تارماقلىرى ناھىيە دائىرىسىدىكى يۈەنجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبى ،شىمالىي قىرغاقلىرىغا
يېيىلىپ ،پاكار تاغ ،ئېدىر ،تۈزلەڭلىكلەرنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ ناھىيەنىڭ
شىمال ،غەرپ ،جەنۇپ تەرەپلىرى ئېگىز ،شەرق تەرىپى پەس. ئۇيغۇرلار دەل مانا مۇشۇ
شەرقىي قىسمىدىكى تۈزلەڭلىكتە توپلۇشۇپ ئولتۇراقلاشقان ،بۇ يەر بەيياڭخې دەرياسىغا
يېقىن بولۇپ ،كان بايلىقلىرىدىن ئالتۇن ،مىس ،ئاليۇمىن ،تۆمۈر ،سىنىك ،ئالماس
قاتارلىق كان بايلىقلىرى بار ،بولۇپمۇ ئالتۇنى بىلەن ئالمىسى ناھايىتى
داڭلىق. تاۋيۈەننىڭ گۈزەل تەبىئىي مەنزىرىسى ،مول سەيلى ـ ساياھەت تەبىئىي

بايلىقى جۇڭگو ۋە چەتئەللىك ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان.)

### 3. خوتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ قان ـ ياشلىق تارىخى

خوتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ سەركەردىسى خېلىل باشى(جىيەن باشى)1388 ـ يىلى بىر قېتىملىق ھەربىي يۈرۈشتە ۋاپات بولىدۇ. ئۇنىڭ ئوغلى خا بەيجۇ دادىسى خېلىل باشىنىڭ ۋەزىپىسىگە ۋارىسلىق قىلىدۇ.

خا بەيجۇ كىچىكىدىن باشلاپلا قورالغا ئامراق بولۇپ، چوڭ بولغاندا دادىسىغا ئەگىشىپ جەڭلەرگە قاتنىشىپ يۈرگەن ئىدى. 1381 ـ يىلى ئاستاندا ھەربىي ماھارەت كۆرۈكى بولغاندا، جۇيۈەنجاڭ ئۇنىڭغا ھەربىي جۇاڭيۈەن، جىڭشىياڭ تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ باش بۇغى دىگەن مەرتىۋىلەرنى بەرگەن ئىدى. جۇيۈەنجاڭنىڭ بەيجۇغا يۇقۇرىقىدەك ئوتۇغات بېرىش جەريانى تۆۋەندىكىدەك بولغان ئىدى.

رىۋايەت قىلىنىشىچە1381 ـ يىلى ۋۇشىدىكى ياتلار يەنە يۈز ئۆرۈپتۇ. پادىشاھ جۇيۈەنجاڭ يەنە خەلىل باشىنى تىنجىتىشقا بۇيرۇپتۇ، باشى سەركەردە مەشق مەيداندا لەشكەرلىرىنى رەتلەۋاتقاندا، پادىشاھ جۇيۈەنجاڭ يېتىپ كەپتۇ.

ــــباغرىم، چاپاۋۇللۇققا كىمنى ماڭدۇرماقچى بولۇۋاتىسىز ـ دەپ سوراپدۇ جۇيۈەنجاڭ.

ــــئالىيلىرى، مەن مادىپچىڭنى ئالدىنقى چاپاۋۇل قىلماقچى ـ دەپ جاۋاپ بېرىدۇ خەلىل باشى.

ــــيالغۇز ما سانغۇن كۇپايە قىلمايدۇ، يەنە ئوڭ قول چاپاۋۇل بولۇشى كېرەك ـ دەيدۇ جۇيۈەنجاڭ.

ــــئالىيلىرى بۇ ئوڭ قول چاپاۋۇلنى قانداق تاللاپ بېكىتىمىز؟ ـ دەپ سوراپدۇ خەلىل باشى.

__تەس ئەمەس،بۇگۇن مۇشۇ يەردە جەڭ ماھارىتىدە مۇسابىقە ئېلىپ بارىمىز،ماھارەت كۆرسىتىش جەريانىدا تالالامدۇق.مەن تونۇشمايدىغانلىكى سەركەردىلەر مەيدانغا چۈشۈپ ماھارەت كۆرسىتىپ باقسۇن،سىزگە ئۆلۈك قول چاپاۋۇلنى ئۆزەم بەلگىلەپ بېرىمەن! ـ دەيدۇ جۇيۋەنجاڭ.

دەل مۇشۇ چاغدا خىلىل باشلىق ئوغلى بەيجۇ ئوتتۇرىغا چىقىپ پادىشاھنىڭ ئالدىدا قول باغلاپ تۇرۇدۇ.جۇيۋەنجاڭ بەيجۇنىڭ كۈچلۈك قەددى ـ قامىتىنى،سۈرلۈك ۋە ھەيۋەتلىك سىياقىنى كۆرۈپ ئۇنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويىدۇ.

ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئون نەچچە سەركەردە مەيدانغا چۈشۈپ ماھارەت كۆرسىتىپتۇ.ھەممىسىلا چاغلىق ئىكەن،جۇيۋەنجاڭ لام ـ جىم دېمەيدۇ.بىردىنلا مەن كىچىك بولسامۇ ئوتتۇرغا چۈشۈپ باقاي،خان ئالىيلىرى كۆرۈپ باققاي دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ بەيجۇ مەيدانغا چۈشۈپ قول باغلاپ تۇرىدۇ.ئۇ ئالدى بىلەن180نەچچە جىڭلىق قىلىچنى كۆتۈرۈپ گاھ ئايلاندۇرۇپ،گاھ ئاسمانغ ئېتىپ،گاھ ئوڭ،گاھ سول تەرىپكە شىلتىپتۇ.مەيداندا ئالقىش ساداسى ياڭراپتۇ.باركاللا ئېيتىشقان ئاۋازلار ھەممە يەرگە تاراپتۇ.ئارقىدىنلا ئۇزۇن نەيزىنى ئەجدىھادەك ئوينىتىپ،شىلتىپ توسۇۋالغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە تېز ھەرىكەتلەندۇرۇپتۇ،ئەڭ ئاخىرىدا100جىڭدىن ئېغىراق قاتتىق يانى ئېلىپ200قەدەم نېرىدىكى تېرەكتىن تېشىپ ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ،يۈز قەدەم نېرىدىكى ئارغامچىنى ئۈزۈپتۇ.مەشق مەيدانىدا قىقاس ـ چۇقان كۆتۈرۈلۈدۇ.

__باغرىم،مانا بۇ ئۆلۈك قول سەركەردە ئەمەسمۇ؟ ـ دەيدۇ جۇيۋەنجاڭ خىلىل باشىغا.

__ئالىيلىرى،ئۇنىڭ گۇمپىسى يامان ئەمەس،ئەمما ئۇ تېخى نام ـ ئاتىقى چىقمىغان بىر بالا! ـ دەيدۇ خىلىل باشى پادىشاھقا.

__باغرىم،بۇ كىچىك باتۇرنى مەن مۇرادىغا يەتكۈزىمەن،ئۇنىڭغا ھەربىي جوڭيۈەن دېگەن مەرتىۋىنى بېرىپ،جىڭشياڭ تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ باش بۇغىلىغىغا

تەيىنلەيمەن.سىز بىلەن بىللە ھەربىي يۈرۈشكە ماڭدۇرىمەن.ئۇ سەركەردىنىڭ ئوڭ قول تۇرشاۋۇلى بولسۇن.

—ئالىيلىيلىرىغا رەھمەت! ـ خېلىل باشى پادىشاھقا تەشەككۈر بىلدۈردى.شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن بەيجۇ دادىسىغا ئەگىشىپ ھەربىي يۈرۈشلەرگە ئاتلىنىدىغان ئەلەمدارلىق يولىغا ماڭدى.

خېلىل باشى ۋاپات بولغاندىن كېيىن،خا بەيجۇ دادىسىنىڭ ۋەزىپىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ جىڭشىياڭغا تۇتۇق بولدى.1385 ـ يىلى4 ـ ئايدا ، بەيجۇ يارلىققا بىنائەن ۋۇكەي،زاۋدىلارغا جازا يۈرۈش قىلىپ،ئۇ يەرلەرنى ئالدى.1389 ـ يىلى يەنە يارلىققا بىنائەن يۈننەن،گۈيجۇلارغا يۈرۈش قىلىپ كۆپ قېتىم خىزمەت كۆرسەتكەنلىكتىن چېگرىنى تىنجىتىش سانغۇنى ۋەلىئەھد مەرۋپ بېگى كېڭەش بېگى لىگىگە تەيىنلىنىدۇ.شۇ يىلى ھەربىي يۈرۈشتىن قايتىپ كېلىۋاتقاندا ئۆيلىمىغان يەردىن خەندەككە چۈشۈپ كېتىپ قازا تاپىدۇ.يارلىققا بىنائەن ئۇنىڭ مېيىتىمۇ دادىسى خېلىل باشىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنىدۇ.خۇنەندىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئازاپ ـ ئوقۇبەتلىك تارىخىمۇ مانا شۇ بەيجۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن باشلىنىدۇ.

بەيجۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن،مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى ئۇنىڭ دادىسى خېلىل باشىنىڭ ئەلنى تىنجىتىشتا كۆرسەتكەن خىزمىتىنى،ئۆزىنىڭ جەڭ مەيدانىدا قازا قىلغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ،ئۇنىڭ ئەۋلادىغا چېگدىنىڭ باقاۋۇللىقىغا ۋارىسلىق قىلىپ، جىيەن تۇغلۇق قوشۇنغا داۋاملىق قوماندانلىق قىلىپ چاڭدې،چېنجۇ،تاۋيۈەن ئەتراپىدا يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلغاي،ۋۇلۇڭنى قوغدىغاي دەپ يارلىق چۈشۈرىدۇ.جۇيۈەنجاڭ خېلىل باشى ئاتا ـ بالىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن،تاۋيۈەن ناھىيەسىنىڭ شەرقىدىن40چاقىرىم يىراقلىقتىكى شىنشىڭ يېزىسى خۇچۈن كەنتىگە پەزىلەت راۋىقى، جىيەنجياگاڭغا جەنۆپىنى تىنجىتىش زالى، بېيلۇگاڭ دېگەن يەرگە جەنۆپىنى تىنجىتىش قىرائەتخانىسىنى

ياستىدۇ،ھەمدە ئۆز قەلىمى بىلەن جەنۇپنى لەرزىگە سالغان دېگەن ۋۇۇسكىنى يېزىپ،جىڭنەنتاڭ زالىغا ئاستۇرىدۇ.

بەيجۇنىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ،چوڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى چاڭپۇ،كىچىكىنىڭ ئىسمى چاڭلى ئىدى.بەيجۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن چوڭ ئوغلى چاڭپۇ مەنسەپ تۇتۇشنى خالىمىغانلىقتىن شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ،لوپنۇر ناھىيەسىدە تۇرۇپ قالىدۇ.خېلىل باشى بىلەن بىللە خۇنەنگە بارغان ئورۇنباسار سەركەردىلەرمۇ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىدۇ.كىچىك ئوغلى چاڭلى دادىسى بەيجۇنىڭ ۋەزىپىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ قالىدۇ.

چاڭلىنىڭ يۈەندى،دىڭدى ئىسىملىك ئىككى ئوغلى بار بولۇپ،يۈەندىنىڭ چوڭ ئوغلى چىڭ،چىڭنىڭ چوڭ ئوغلى شياڭ،شىيڭنىڭ چوڭ ئوغلى دىڭلار چاڭدېنىڭ باقاۋۇللۇقىغا ۋارىسلىق قىلغان.دېڭنىڭ چوڭ ئوغلى شياڭ باشتا مەمۇرىي ۋەزىپىگە ۋارىسلىق قىلغان.1467 ـ يىلى ۋۇلىڭ ئايمىقىنىڭ خەزىنىسىگە بۇلاڭچى تەگكەندە،مىڭ سۇلالىسىنىڭ شىيەنزۇڭ خانى جيەن شياڭنى بۇلاڭچىلارنى چەكلەش سۈرۈك ئىچىدە تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇيدۇ،جيەن شياڭ بەلگىلەنگەن سۈرۈك ئىچىدە بۇلاڭچىلارنى تۇتۇشقا ئامالسىز ئىدى.شۇنىڭ بىلەن1469 ـ يىلى جيەن شياڭنىڭ ۋەزىپىسى چاڭدېنىڭ سول قول مىڭبېشىلىقىغا چۈشۈرۈلىدۇ.كېيىن جيەن شياڭنىڭ چوڭ ئوغلى چۇڭدې(خۇنەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ11 ـ ئەۋلادى)چاڭدېنىڭ سول قول مىڭبېشىلىقىغا ۋارىسلىق قىلىدۇ.شۇندىن باشلاپ،خۇنەندىكى ئۇيغۇرلار ئەمەل ـ ئىمتىيازدىن مەھرۇم بولۇپ،يا يەر تېرىپ دېھقانچىلىق قىلدى،يا ئېلىپ ـ سېتىپ سودىگەرچىلىك قىلدى،يا ئوقۇپ ئۆلىما بولدى.ھازىرقى خۇنەندىكى ئۇيغۇرلار خېلىل باشىنىڭ26 ـ ئەۋلادى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

خۇنەندىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىز تارىختا ئىنتايىن ئېغىر قارا كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى.خۇنەن ئۇيغۇرلىرى ناملىق كىتاپتا سۆيەتلەنگەندەك خۇنەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ

نۇرغۇن تارىخىي شاھىتلىرى جەڭ ئوتلىرىدا ۋەيران بولمىغان بولسىمۇ، ئەمما سىياسىي بوراندا ئامان قالمىدى خوتەن ئۇيغۇرلىرى ئىچىدىكى نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر ئوغۇل ـ قىزلارنىڭ بەزىلىرى دۆلەتنى ئەمىن تاپقۇزۇش ئۈچۈن جەڭ مەيدانلىرىدا قانغا بويالدى، بەزىلىرى زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيەگە قارشى تۇرۇش، ئىرقىي كەمسىتىشنى توساش ئۈچۈن خانىۋەيران بولدى.

خوتەندىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىز جىيەن چوڭدى دەۋرىگە كەلگەندە، ئەمەلدارلىق ئۇنۋانى، مائاش يېرى ۋە لەشكەر يېرىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئۇلار ئامالسىزلىقتىن ھەربىي خىزمەتتىن تېرىقچىلىققا ئۆتتى. بىر ناتونۇش كەسىپ بىلەن قايتىدىن شۇغۇللاندى، ئۇلار خىلىل جەمەتى بارگاھدا ماكانلىشىپ قالدى.

خىلىل جەمەتى بارگاھى شۇ چاغدا ئۇرۇش مالىمانچىلىقىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۋاتاتتى، ئۇزۇن يىللىق چۆللۈشۈش نەتىجىسىدە ئۇ يەر بوك تىكەنلىشىپ كەتكەن بولۇپ، يولۋاس ـ يىلپىزلار كۆپىيىپ، ئاھالە شالاڭلىشىپ، بىر پارچە قاقاسلىققا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. خىلىل جەمەتى باشلىق ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ يولۇققان ئەڭ زور قىينچىلىقى كىيىم ـ كېچەك ۋە يېمەك ـ ئىچمەكنى قامداش قىينچىلىقى بولدى. ئۇلارنىڭ تەييار ئېتىزلىقى، دېھقانچىلىق سايمانلىرى يوق ئىدى. ئۇلار ئەسلىدىكى تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتمىسە بولمايتتى، كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك، تۇرالغۇ جاي، كۆچمەن تۇرمۇش قاتارلىق جەھەتلەردە قايتىدىن باشلىنىش بولۇشى كېرەك ئىدى. تىل ئۇقۇشماسلىق، ئۆرپ ـ ئادەت ئوخشىماسلىق، قاتناش قولايسىز بولۇش ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇ يەردە كۆپىيىپ تىرىكچىلىك قىلىشى ئۈچۈن قىينچىلىق ئېلىپ كەلدى. ئەمگەكچان، باتۇر ۋە شەرەپلىك ئەنئەنىگە ئىگە ئۇيغۇرلار

ئوتۇغۇچ، گۇرجەك، سوقا، ئورۇقلارنى خەنزۇلار رايونىدىن ئېلىپ كېلىپ قاقاس يەرلەردە ملك بىر جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ، ئويمانلىقلارنى تىندۇرۇپ سۇلۇق ئېتىزلىققا

ئايلاندۇردى،سازلىق ۋە تۆپىلىكلەرنى بىنەم يەرگە ئۆزگەرتتى،چوڭ ـ كىچىك سۇ ئازگاللىرىنى قېزىپ بېلىق كۆلچىكىگە ئايلاندۇردى.سۇ ۋە ئوت كۆپ جايلاردا كالا،قوي،ئۆردەك،غاز باقتى.ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ غەيرىتى ۋە ئەقىل ـ پاراستىگە تايىنىپ،قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدىلا شال تېرىش،كېۋەز تېرىش،يىپ ئېگىرىش،رەخت توقۇش،ئۆي هايۋانلىرىنى بېقىش قاتارلىق هۈنەرلەرنى ئىگەللىۋالدى.يول ياسىغىلى بولىدىغان ئۆيلەرنىڭ ئالدى ـ كەينى ۋە ماڭغىلى بولىدىغان يەرلەرنى تۈزەپ يول قىلدى،هەمدە غالتەك،ياغاچ هارۋا ياساپ يۈك توشۇش قىيىنچىلىقىنى هەل قىلدى.ئۇلار مەسچىتلەردە كوللىكتىپ ناماز ئوقۇش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ،ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىلىرىنى ۋە تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى ئۆزئارا ئالماشتۇردى،قىيىنچىلىقتا يولۇققاندا مەسلىهەتلىشىپ ئۆزئارا ياردەملەشتى،مەسچىت ئۇلارنىڭ ئۆزئارا قوللايدىغان،ئۆزئارا ئۆگىنىدىغان مۇهىم سورۇنغا ئايلانغان ئىدى.خېلىل جەمەتى بارگاهى بۇرۇن دۆڭتىكىخۇ كۆلى ساهىلىدىكى قاقاسلىق تاغ ئىدى،بۈگۈنكى كۈندە مۇنبەت ئاشلىق ماكانىغا ئايلاندى.

خۇنەندىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ نوپۇسى ئەسلىدىنلا ناهايىتى ئاز ئىدى،ئۇنىڭ ئۈستىگە تىل،يېزىق،ئۆرپ ـ ئادەت،مىجەز ـ خارەكتېر جەهەتتىن يەرلىكلەرگە پەقەت ئوخشىمايتتى.شۇڭا ئۇلار ئەمەل ـ ئىمتىيازلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىپ،ئاددىي پۇقراغا ئايلانغاندىن كېيىن جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدا تۇرىدىغان مىللەت بولۇپ قالدى.ئۇلار خۇنەندە ئولتۇراقلىشىپ قالغان نەچچە يۈز يىل جەريانىدا سىياسىي جەهەتتە قىلچە ئورنى بولمىدى.بۇ نۇقتا تۆۋەندىكى ئۈچ جەهەتتە كونكرت ئىپادىلىنىدۇ:بىرىنچىسى،ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى بوغۇلدى.هۆكۈمران سىنىپلار خۇنەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىسلام دىنىغا قارىتا ئىزچىل تۇردە چەكلەش ۋە كەمسىتىش سىياستىنى قوللۇنۇش ئارقىلىق،ئۇيغۇرلارنىڭ نورمال دىنىي پائالىيىتىگە خىلمۇ ـ خىل توسالغۇلارنى

قۇرۇپ،ئۇلارنىڭ مىللىي ھىسسىياتىنى ئۇزۇن مەزگىل باستى.تاۋيوەن ناھىيەسىنىڭ دىنىي
ساھە تونۇرىسىدىكى ماتىرىياللىرىدىن ئېنىقلاندىكى،چەك سۇلالىسىنىڭ شۇنتۇڭ
يىللىرىدا ،تاۋيوەندىكى نەنيۈي مەسچىتى ناھىيىلىك يامۇل تەرىپىدىن ئۇدا ئىككى قېتىم
يولسىزلارچە پېچەتلىۋېتىلگەن.ئۇزاق ئۆتمەي چېگگوەن بازىرىدىكى قەدىمىي مەسچىت
ناھىيەلىك يامۇل تەرىپىدىن يولسىزلىق بىلەن ئىگەللىۋېلىنىپ ئاشلىق ئامبىرى
قىلىنغان.مىنگونىڭ11-يىلى جيەنجاگاڭ مەسچىتىنىڭ ئاخۇنى جيەن شاگچەن،زۇشى
شەھىرىدىكى ئەكسىيەتچى قوراللىق كۈچلەرنىڭ پېڭشۇكۇدا سۇرلەنگەن چوشقا گۆشى
پىشۇرۇشنى توسقانلىقتىن،ئەكسىيەتچى قوراللىق كۈچلەر تەرىپىدىن رەھىمسىزلەرچە
ئۇرۇلۇپ پۈتۈن بەدىنى تىتما - تىتما بولۇپ كەتكەن.مىنگونىڭ34-يىلى تاۋيوەن
ناھىيەلىك قورچاق پىرقە بۆلۈمى ئېلان قىلغان تونپىلاگنى باستۇرۇپ تەرتىپكە سېلىش
نىزامى دا ئېنىق قىلىپ:... ...ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مۇسۇلمانلار ھەر قېتىم
ناماز ئوقۇغاندا ئۈچ ئادەمدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى،دىنىي كىتاپلارنى ئوقۇش بىلەنلا
چەكلىنىشى كېرەك،ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلار مەنئىي قىلىنىدۇ،ياشلارنى تالىبلىققا قوبۇل
قىلىش مەنئىي قىلىنىدۇ...دەپ بەلگىلەنگەن.ھۆكۈمرانلار ھەر خىل مەمۇرىي ۋە قانۇنىي
ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ،ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي تۇرمۇشىغا ئارىلاشتى ۋە ئۇنى
چەكلىدى،مەنئىي قىلدى.سىرتتىن تەكلىپ قىلىنغان ئاخۇنلاردىن يەنە ھەسسىلەپ
نوپۇس بېجى،توغان بېجى ئالدى.بولمىسا ئاسىيلىق قىلىشنى پىلانلىغۇچى دەپ
قارالدى.خۇنەندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەخسۇس كەمسىتىلىدىغان نامى،يەنى مۇسۇلمان
تومپايلار بەدەۋيلەر دىگەن نامى بار ئىدى،ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىز ناماز ئوقۇسا
تاشپاقىنىڭ ئەپسۇن ئوقۇشى دەپ ھاقارەتلىدى.مانا مۇشۇنداق ئېغىر ئەھۋالدىمۇ ئۇ
يەردىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىز ئىسلام دىنىمىزدىن بىر قەدەممۇ چېكىنمىدى.چۈنكى
ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارنىڭ بىزنى ئىسلام ئەقىدىسىدىن ياندۇرۇپ،مىللىي

ھسسياتىمىزنى سۇسلاشتۇرۇش ئارقىلىق،مىللىتىمىزنى ئاسسىملاتسىيە قىلىشقا ئۇرۇنۇشى ئۇلارنىڭ پەقەت بىر ئۇخلاپ چۈشى ئىدى خالاس!ئىككىنچىسى،خوتەندىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزدا كىشىلىك ئەركىنلىك بولمىغان.خوتەندىكى ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان ھەمىشە ناھىيەلىك يامۇلنىڭ جاپالىق ھاشارلىرىنى قىلىپ كەلگەن.داۋگۇاڭ يىللىرىدا تاۋيۇەندە يەنچۈەن مۇنارى قوپۇرۇلغان بولۇپ،تۇتۇپ كېلىنىپ ئېغىر ئەمگەككە سېلىنغانلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئۇيغۇرلار ئىگەللىگەن.شۇ مەزگىلدە يەنە زۇشى شەھىرىدىكى شىشى بۇتخانىسى رېمونت قىلىنغان بولۇپ،ئېغىر ئىش بىلەن شۇغۇللانغانلارنىڭ كۆپ قىسمى تۇتۇپ كېلىنگەن ئۇيغۇرلار ئىدى.مىنگونىڭ24 ـ يىلى(1935 ـ يىلى)تاۋيۇەندە ئاز ئۇچرايدىغان زور سۇ ئاپىتى يۈز بەردى.شۇ يىلى ناھىيەلىك ھۆكۈمەت شۇيشىگە كۆچۈرۈلدى،ھاشارغا كەلگەن ھاممال (ئەپكەش كۆتۈرىدىغان كىشىلەر)لارنىڭ كۆپ قىسمى تۇتۇپ كېلىنگەن قۇرامىغا يەتكەن ئۇيغۇر ياشلىرى ئىدى.ئۇلار جاپالىق ھاشارلارغا ئەۋەتىلىشتىن سىرت،يەنە ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇش ئازابىنى يەتكۈچە تارتقان.ئۆتمۈشتىكى ھەر نۆۋەتلىك ناھىيەلىك يامۇل ئۇيغۇرلاردىن ئەسكەر تاللاشتا قانچە كۆپ بولسا شۇنچە ياخشى بىرنى كۆرسە بىرنى تۇتۇشتەك تېرورلۇق ۋەھشىي سىياسەت يۈرگۈزگەنلىكتىن،بىر مۇنچە ئۇيغۇر ئائىلىلىرى بالا ـ چاقلىرىدىن ئايرىلىپ خانىۋەيران بولۇپ كەتكەن.بەزى قۇرامىغا يەتكەن ئۇيغۇر ياشلىرى ئەسكەرلىكتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ،چىدىغۇسىز ئاغرىققا بەرداشلىق بېرىپ ئۆزلىرىنىڭ بارماقلىرىنى كېسىۋېتىپ،ئۆمۈرلۈك مېيىپقا ئايلانغان،بەزىلىرى قىلچە سەۋر ـ تاقىتى قالمىغان ئەھۋالدىلا ئېسىلىپ ياكى سۇغا سەكرەپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان(بەلكىم ئۇلار قىسمىغا بارغاندىن كېيىن ھارام نەرسىلەرنى ئىلاجسىزلىقتىن يەپ قېلىپ،ئىمانىنىڭ بۇلغۇنۇپ قېلىشىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ شۇنداق قىلغاندۇ).مانا مۇشۇنداق دەھشەتلىك ئېغىر بېسىملار ئالدىدىمۇ خوتەندىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىز ئۆزىنىڭ مىللىي كىملىكىدىن

پەقەت ۋاز كەچمىگەن! ئۈچۈنچىسى، مىللىي ماجىرا تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان قوراللىق توقۇنۇشتا ئۆلگەن. مىنگو ھۆكۈمىتى يەرلىك چوڭ خەنزۇچىلىق سىياسىتىنى يۈرگۈزگەنلىكتىن، ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مىللىي ئايرىمچىلىق يىلسايىن چوڭقۇرلۇشۇپ بارغان ئىدى. ھەتتا تەرەققىي قىلىپ ھېچكىم ھېچكىمنى كۆرۈشنى خالىمايدىغان، ھېچكىم ھېچكىمگە بويسۇنمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتكەن. مىنگونىڭ دەسلەپىدىن 1949 ـ يىلىغىچە بولغان 30نەچچە يىلدا، ھەر يىلى دېگۈدەك ھەرقايسى مىللەتلەر ئارىسىدا قوراللىق توقۇنۇش يۈز بېرىپ تۇرغان. 1944 ـ يىلى ئەتىياز بىلەن يازنىڭ ئارىلىقىدا ماجىياپىڭدا زور كۆلەملىك بىر مەيدان مىللىي ماجىرا يۈز بەرگەن. ھازىر ھايات ياشاۋاتقان شۇ ۋەقەنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن پىشقەدەملەرنىڭ ئەسلىمىسىگە ئاساسلانغاندا، شۇ چاغدا بۇ ماجىراغا ئۇيغۇر ـ خەنزۇ ئىككى تەرەپتىن 600، 500دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشقان بولۇپ(مۇتلەق كۆپچىلىكى ئەلۋەتتە يەرلىكلەر)، قېچىنى ئورۇپ بولۇپ كېۋەز تېرىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئىككى تەرەپ توقۇنۇشۇپ قالغان. بۇ قېتىمقى توقۇنۇشتا ھەر ئىككىلا تەرەپتىن بەزىلەر يارىلانغان ۋە ئۆلگەن، ئۇيغۇرلاردىنلا نەق مەيداننىڭ ئۆزىدە 13ئادەم قازا قىلغان. بۇ خىل ئەھۋال 1948 ـ يىلى زۇشى شەھىرىدە لىجىياگاڭ بىلەن جىيەنجاگاڭ ئوتتۇرىسىدىكى مىللىي قوراللىق توقۇنۇشتىمۇ يۈز بەرگەن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىمى بەكمۇ ئاز بولغاچقا يېڭىلىپ قېلىپ ئۈچ ئادىمىنىڭ ئۆلۈشى بىلەن توقۇنۇش ئاخىرلاشقان.

خۇنەندىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىز ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ياقا يۇرتتىن كۆچۈپ بارغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئىگەللىگەن يېرىنىڭ كۆلىمى بەك ئاز ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ يېرى يوق ياكى ناھايىتىمۇ ئاز بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بارىدىغان ئاساسىي ئامىلى بەك كەمچىل ئىدى. ئۇلار تىرىكچىلىكنى قامداش ئۈچۈن، ئامالسىزلىقتىن خەنزۇ پومىشچىكلار ۋە باشقا بايلارنىڭ قولىدىن يەر ئىجارە ئېلىپ

تېرىدى،ئۇلاردىن يۇقۇرى ئۆسۇملۇك قەرز ئېلىپ تىرىكچىلىك ئۈچۈن سەرپ قىلدى.1935 ـ يىلى تاۋيۇەن ناھىيەسىدە تارىختا ئاز كۆرۈلۈدىغان زور كەلكۈن ئاپىتى بولدى،جىيەنجاگاڭدىكى ئۇيغۇرلار قەھەتچىلىك دەستىدىن تەرەپ ـ تەرەپتە يۇرۇپ تىلەمچىلىك قىلدى.خېلىل باشى جەمەتىدە ساقلانغان ئاشلىق باشقۇرۇش رىسالىسىدە مۇنداق خاتىرە بار: شۇ يىلى

خېيجۇدىن67ئادەم،خۇچۇندىن71ئادەم،مىڭيۆدىن35ئادەم،نەنبىيجۇڭيۇدىن42ئادەم يۇرتىنى تاشلاپ تىلەمچىلىك قىلدى،ئۈچ ئائىلە ئايالى،20ئۆسمۈر بالا سېتىۋېتىلدى.يالغۇز ئۇيغۇر مىللىتىمىزدىن بولغان قېرىنداشلارلا زور بەختسىزلىككە ئۇچرىدى. يۇقۇرى ئۆسۇملۇك قەرزلەردىن باشقا،ئۇيغۇرلار يەنە ئۇزاق مۇددەت ھۆكۈمەتنىڭ خالىغانچە قاقتى ـ سوقتى قىلىشىغا ئۇچرىغان بولۇپ،ئېغىر باج ـ سېلىق تاپشۇرغان، دەسمايىسى كۆپ بولمىسا،ئەڭ ئاخىرقى بىر تامچە قېنىنى تۆكگىچە ساتقان. خۇنەندىكى ئۇيغۇرلىرىمىز ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدە ياشىدى،شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كۆپلىگەن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ تۇرمۇشى چەكسىز كۈلپەت ئىچىدە ئۆتتى.ھېچقانداق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بولمىغان يوقسۇللار ياكى ناھايىتى ئاز يېرى بار يېرىم يوقسۇللار كۆپ ساننى ئىگەللەيتتى.بۇ قېرىنداشلىرىمىز ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن تارتىپ يىل بويى ئىككى بىلىكى ۋە مۈرىسىگە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلاتتى.1948 ـ يىلى جىيەنجىياگاڭدىكى234ئائىلىلىك ئۇيغۇر ئىچىدە،پومچىككە يىل بويى158ئادەم يىللىقچى بولۇپ ئىشلىگەن.مىنگونىڭ34 ـ يىلى ئەتىيازدا تاۋيۈەندە قەھەتچىلىك يۈز بېرىپ،پېڭشۇنىڭ جىيەنجىياچاۋ دىگەن يېرىدىكى21ئائىلە ئاچلىقتىن تىرىك تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتمەسلىك ئۈچۈن16نارەسىدەنى سېتىۋەتكەن.جىيەنجىياپىڭدىكى بىر ئائىلىنىڭ ئالتە ئوغۇل،بىر قىزى بار بولۇپ،شۇ يىلى بىر ئوغۇل ۋە بىر تاللا قىزنىنى سېتىۋەتكەن.مىنگونىڭ37 ـ يىلىغا كەلگەندە بەزگەك تارقىلىپ،بۇ ئائىلىنىڭ داۋالىنىشقا

پۈلى بولمغاچقا قالغان يەتتە جاننىڭ ھەممىسى ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلۈپ كەتكەن. 1950 ـ يىلىنىڭ بېشىغا قەدەر تاۋيۈەندىكى907ئائىلىلىك ئۇيغۇرنىڭ پەقەتلا127كورپۇس كاھىشلىق ئۆيى،386ئېغىز كەپىسى بار ئىدى،بۇنىڭ ئىچىدە يەنە بوۋا ـ نەۋرە ـ ئەۋرە ئۈچ ئەۋلاد ياكى ئاتا ـ بالا ئىككى ئەۋلاد ئائىلىلەرنىڭ بىر كورپۇس ئۆيگە قىستىلىپ قالغانلىرىمۇ بار.907ئائىلە ئىچىدە300چە ئائىلە ئۆيسىز بولۇپ،ئۇلار ياكى كونا بۇتخانە،ئىبادەتخانە ۋە مەسچىتلەردە ۋاقىتلىق يېتىپ ـ قوپتى،ياكى ياقا يۇرتلارغا سەرگەردان بولۇپ چىقىپ كەتتى.لېكىن ئۇلار تىرىكچىلىكنى دەپ ئەسلا ئۆز ئۇيغۇرلىقىدىن ۋاز كەچمىدى!!!!

### 4.خۇنەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرى

خۇنەندىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ تەڭدىن تولىسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، قۇرئان كەرىمنى ئۆزىنىڭ ھەرىكەت مىزانى دەپ بىلىدۇ.قالغانلىرىچۇ؟ئاز بىر قىسمى داۋجىياۋ دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ،قالغانلىرى ئاساسەن يەرلىك خەلقلەرگە ئوخشاش ئەركىن ئېتىقادتا.بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەپ ھەر خىل ۋە مۇرەككەپ بولسىمۇ،ئەمما ئەڭ ئاساسلىغى ئەنئەنىۋى ئاقساقال كېڭەش تۈزۈمىنىڭ ئەمەلدىن قېلىشى ۋە ئارىلىقتا ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن بولغان.لېكىن ئىسلام ئېتىقادىدا بولمىغان ياكى تولۇق بولۇپ بولالمىغانلار ئۆزلىرىنى يەنىلا ئۇيغۇر دەپ ئاتايدۇ.ئىشىنىمىزكى،ئەگەردە ئۇلارغا قابىل دىنىي زاتلىرىمىزنىڭ يېتەكچىلىكى بولغان شۇنداق بىر كۈنلەر يېتىپ كەلگەندە،ئەشۇ بىر قىسىم ئىسلام ئېتىقادىدا بولالمىغان قېرىنداشلىرىمىز تېزدىن ئۆز ئىسلام دىنىي ئېتىقادىمىزغا قايتىپ كەلگۈسى!

ئەينى يىللىرى قالى بارس(مەن ئىزچىل تۇردە خېلىل باشى دەپ ئالغان ئىدىم،چۈنكى خۇنەن ئۇيغۇرلىرى ناملىق كىتاپتا باشتىن ـ ئاخىر شۇنداق ئېلىنغان ئىكەن. تېخى بۇگۈنلا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئۈچۈن تۈزۈلگەن6 ـ قىسىم تىل ـ ئەدەبىيات دەرسلىگىگە كىرگۈزۈلگەن جىيەن بوزەن ئەپەندىنىڭ مىنىڭ پەملەم ۋە يۇرتۇم نامىدىكى پارچىنى كۆردۈم ،ئۇنىڭدا جىيەن بوزەن ئەپەندى ئۆزىنىڭ ئەجدادىنى قالى ، قالىنىڭ ئەۋلادىنى بارس دەپ ئالغان. قالىدىگەن بۇ ئىسىم مەزكۇر تېمىمىزنىڭ بىرىنچى قىسىمدا تىلغا ئېلىنغان ئۇيغۇر گېنرالى ئارىغ قايانىڭ ئىسمىغا يېقىن ئىكەن. شۇڭا مەن كېيىنكى بايانلاردا خېلىل باشى دىگەن ئىسمىنىڭ ئورنىغا قالى بارس دىگەن ئىسىمنى قوللۇنۇشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. قېرىنداشلىرىمىنىڭ تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.)باشچىلىغىدىكى ئۇيغۇر قوشۇنلىرى خۇنەننىڭ تاۋيۇەن ناھىيەسىگە رەسمىي ماكانلىشىپ قېلىشى بىلەن تەڭ،ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشتا پاكىزلىغى،ئادەملىرىنىڭ سەممىيلىگى، باتۇرلىغى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىڭ ئاددىيلىغى يەرلىك خەنزۇ ئاھالىسىگە چوڭقۇر تەسىر قىلىدۇ. مۇشۇ خىل تەسىرنىڭ نەتىجىسىدە بۇندىن400يىل بۇرۇن زو پەمىلىلىك خەنزۇلار ئۇيغۇرلاردىن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ،ئۆزلىرىنى خۇيزۇ دەپ ئاتايدۇ.

خۇنەندىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئاتامانى بولغان قالى بارس ناھايىتى تەقۋادار ئادەم بولۇپ،1380 ـ يىللىرى ئىچىدە قالى بارس يۇننەن ۋە گۈيجۇدىكى توپىلاڭلارنى باستۇرۇشقا بارغاندا،يۇننەندىن قۇرئان كەرىمنى ئېلىپ كەلگەن،ھەمدە دىنىي ئاخۇن تەكلىپ قىلىپ جىيەن تۇغلۇق قوشۇندا خۇنەن بويىچە ئەڭ دەسلەپكى مەدرىسنى ئېچىپ،تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ ئىسلام دىنىنىڭ دىن تارقاتقۇچى ئىزباسارلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىققان. چاڭدې ۋە تاۋيۈەنلەردە ئارقا ـ ئارقىدىن مەسچىتلەر سېلىنىپ،ئىسلام دىنى خۇنەنگە رەسمىي تارقىلىشقا باشلىغان ئىدى.

خۇنەندىكى ئۇيغۇر قىرىنداشلىرىمىز ئۆرپ ـ ئادەت جەھەتتە دىيارىمىزدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىنى داۋاملاشتۇرغان. ئۇلار دىنىي ئېتىقاد، تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادەت، مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى جەھەتتە يەرلىك مىللەتلەردىن پەرقلەنگەچكە ئۇزاق مۇددەت كەمسىتىلىپ كەلگەن. لېكىن ئۇلار بۇنىڭلىق بىلەن ئۆز مىللىتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدىن ۋاز كەچمىگەن، بەلكى ئۇلار ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئاساسىدا ئۆزگىچە بولغان خۇنەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن. چوڭقۇرراق ئويلاپ كۆرسەك پۈتۈنلەي يات بىر ئەل ۋە يات بىر مۇھىتتا نوپۇسى ئىنتايىن ئاز ئەھۋالدا بۇ نۇقتىنى ئىشقا ئاشۇرماق ھەقىقەتەن ئاسان ئەمەس. بۇ مۇقىم پىسخىكا ساپادىن باشقا، خۇنەن ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ دىنىي ۋە مىللىي مائارىپقا ئەھمىيەت بەرگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەلۋەتتە!

خۇنەندىكى قېرىنداشلىرىمىز دەسلىپىدىلا تۇركلەرنىڭ<<ئاقساقاللار كېڭەش>>تۈزۈمىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئابرويلۇق مويسىپىتلاردىن تاللاپ<<ئاقساقال>>سايلاپ چىققان. ئاقساقالنىڭ ھوقوقى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، مىللەتنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىغا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلغانلارغا ئۆلۈم جازاسى ۋە باشقا تۈرلۈك جىنايى ئىشلار جازاسى بېرىش ھوقوقىغا ئىگە ئىدى. خۇنەن تەۋەسىدە ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاقساقالنىڭ رازىلىقىدىن ئۆتكۈزۈلەتتى. ئادەتتىكى ئىشلارنى ئاقساقال بىر قىسىم كىشىلەرنى چاقىرىپ بىرلىكتە ھەل قىلاتتى. خۇنەندىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئالتە جامائە بولۇپ، ئۈچ جامائەنىڭ ئادىمى ئاقساقالغا ئىشەنمىسە ئاقساقال ئۆزلۈكىدىن ئىستىپا بېرەتتى، شۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى جامائەنىڭ ۋەكىللىرى باش قوشۇپ كېلەر نۆۋەتلىك ئاقساقالنى سايلاش توغرۇلۇق مەسلىھەتلىشەتتى. بۇ خۇددى ھازىرقى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ پارلامېنت تۈزۈمىگە ئوخشايتتى. ئاقساقاللىق تۈزۈمى شارائىتىدا

خۇنەندىكى ئۇيغۇرلار ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدىن چەتنەشكىنۇ پېتىنالمايتتى. جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلۇپ ئۇزۇن بو ـ جا(ھەر بىر كەنت ياكى مەھەللەرنى بىر بىرلىك قىلىپ، شۇ كەنت ياكى مەھەللىدىكى ئائىلىلەرنىڭ يىپدىن ـ يىڭنىسىغىچە ھەممە ئىشىنى نازارەت قىلىدىغان ۋە ھەممە ئىشقا ئارىلىشىدىغان ئەكسىيەتچىل تۈزۈم)تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ئاقساقاللارنىڭ ئورنىنى بوجاڭلار ئىگەللىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشى بىلەن خۇنەندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ<<ئاقساقال كېڭەش>>تۈزۈمگە پۈتۈنلەي خاتىمە بېرىلدى.

خۇنەندىكى ئۇيغۇرلار خۇددى دىيارىمىزدىكى يېزىلاردا كۆپرەك ساقلىنىۋاتقان(ناھىيە بازارلىرىدىمۇ ئاز نىسبەتتە بار)چوڭ ئائىلىلىك تۇرمۇش ئەنئەنىسىنى ساقلاپ قالغان. ئۇلاردا ئادەتتە بىر چوڭ ئائىلىدە15 ـ 16ئادەم بولىدۇ، چوڭ ئوغۇل ئۆيلىنىپ بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۆي ئايرىپ چىقىپ كېتىدۇ. ئادەتتە بالىنىڭ ئەڭ كىچىكى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېنىدا قېلىپ ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ. خۇنەن ئۇيغۇرلىرىدىمۇ يالغۇز ئوغۇل ئۆي ئايرىمايدۇ، ئەرلەر ئائىلە ئىشلىرىدا ئاساسلىق قارار چىقىرىش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ. خۇنەندىكى ئۇيغۇر ئاياللىرى بەك ئەدەبلىك كېلىدۇ، سىرتقا چىقسا بېشىغا رومال سالىدۇ، رەتلىك، پاكىزە كىيىنىدۇ.

خۇنەن ئۇيغۇرلىرىدا ئائىلە مىراسىنى تەقسىم قىلىش<<قۇرئان كەرىم>>نىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. لېكىن ۋاپات بولغۇچىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە، دىنىنىڭ بەلگىلىمىسىنى ئاساسا قىلىپ زاكات ئايرىپ، شىرەم تۇققانلار ئارىسىدىكى ئەڭ كەمبەغەللەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ. بىۋاستە تۇققانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ، قىزلار ئەڭ كۆپ بولغاندا ئوغۇللارنىڭ يېرىم ئۈلۈشىگە ئىگە بولىدۇ. خوتۇن مىراسنىڭ تۆتتىن بىرىنى ياكى

ئىككىدىن بىرىنى ئالىدۇ،قالغان قىسمى بالىلىرىغا بېرىلىدۇ.پەرزەنتى بولمىسا،خوتۇن مىراسنىڭ ئىككىدىن بىر قىسمىنى ئالىدۇ،قالغان ئىككىدىن بىر قىسمى ئەرنىڭ بىر تۇغقانلىرىغا ياكى باشقا تۇغقانلار ئىچىدىكى ئەڭ كەمبەغەللىرىگە بۆلۈپ بېرىلىدۇ.ئەگەر خوتۇن بالدۇر ئۆلگەن بولسا،بالىسى بولسا مىراسقا پۈتۈنلەي ئەر ۋارىسلىق قىلىدۇ،لېكىن پەرزەنتلىرىنى بالاغەتكە يەتكىچە بېقىشى شەرت.بالىسى بولمىسا ئەر مىراسنىڭ ئىككىدىن بىر قىسمىغا ۋارىسلىق قىلىدۇ،قالغان ئىككىدىن بىر قىسمى يا خوتۇننىڭ بىۋاستە تۇغقانلىرىغا،يا قانداشلىق مۇناسىۋىتى ئەڭ يېقىن،ئەڭ كەمبەغەل تۇغقىنىغا بېرىلىدۇ.بېقىۋېلىنغان پەرزەنتلەرنىڭمۇ ئوخشاشلا مىراسلىق ھوقۇقى بولىدۇ.ئەگەر ۋاپات بولغۇچى تىغجان بولسا،مال ـ مۈلكى پۈتۈنلەي مەسچىتنىڭ بولىدۇ.

نىكاھ ئىشلىرىدا ئۆزئارا نىكاھلاشمايدۇ(يېقىندىن بۇيان بەش ئەۋلاد ئاتلىغانلار ئۆزئارا نىكاھلىنىدىغانمۇ بولۇپ قالغان،لېكىن بۇ ئايرىم ئەھۋال)،ئۇلار خۇيزۇلار بىلەن نىكاھلىشىدۇ.خۇنەندىكى قېرىنداشلىرىمىز ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرگەندىن باشلاپ تاكى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانغا قەدەر خەنزۇلار بىلەن نىكاھلاشمايتتى.ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ خەنزۇلارغا ياتلىق بولۇشىغا قەتئىي رۇخسەت قىلىنمايتتى.ناۋادا ئايرىم كىشىلەر قىزلىرىنى خەنزۇلارغا بەرمەكچى بولۇپ قالغاندا،ئالدىنقى شەرت شۇكى،خەنزۇ تەرەپ چوقۇم ئىسلام دىنىغا كىرىشى شەرت ئىدى.تويدا قىزلار دىيارىمىزدىكى قىزلارغا ئوخشاش ئۆز ئاتا ـ ئانىسىدىن يىغلاپ خوشلىشىدۇ.

خۇنەندىكى قېرىنداشلىرىمىز دىيارىمىزدىن چىقىپ كەتكىنىگە750يىل بولغاچقا،ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ تەسىرىدىن ھازىرقى ۋاقىتتا خەنزۇ تىلىنى قوللىنىشنى ئاساس قىلىدۇ.ئەمما،ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر مۇنچە كىشىلەر ئۇيغۇر يېزىقىنى ئاز ـ تولا بىلىدۇ،بەزى ئۇيغۇرچە گەپلەرنى قىلالايدۇ.ئۇلار ناماز ئوقۇغاندا،دىنىي پائالىيەتلەردە

ۋە باشقا مۇھىم سورۇنلاردا ئەرلەر بېشىغا تۆت بۇرجەكلىك دوپپا كىيىدۇ،دوپپىلارنىڭ كۆپۈنچىسى قىزىل،يېشىل بولىدۇ.ئاياللار پۈتىغا ئۆتۈك كىيىدۇ،قىزلار ئۇچىسغا كۆڭلەك كىيىدۇ ۋە چېچىنى ئۆرۈۋالىدۇ.

ئۆلۈملۈك بولغاندا بولسا،بىر ئۆيگە بورا سېلىپ مېيىتنى بورىنىڭ ئۈستىگە بېشىنى شەرققە،پۇتىنى غەرپكە قىلىپ،بېشىنى ئېگىزرەك قىلىپ ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇدۇ،ئۈستىگە ئاق رەخت يېپىپ قويىدۇ.مېيىتنى3 ـ 4ئادەم بىرلىكتە سۇغا ئالىدۇ ۋە كېپەنلەيدۇ.مېيت يۇيۇلىدىغان سۇنى ۋاپات بولغۇچىنىڭ چوڭ ئوغلى ياكى چوڭ نەۋرىسى ئەپكەش بىلەن ئېلىپ كېلىدۇ.مېيت سۇغا ئېلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىن ئۈچ قەۋەت كېپەنلىنىپ بېلى باغلىنىدۇ.بېشى ۋە پۇتى تېڭىلىپ تاۋۇتقا سېلىنىپ،مەسچىتتە نامىزى چۈشۈرۈلۈپ يەرلىككە قويۇلىدۇ.

خوتەن ئۇيغۇرلىرى دىيارىمىزدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مېھماندوست،ئاقكۆڭۈل،راستچىل بولۇش،كىشىگە ياردەم بېرىشنى خوشاللىق دەپ بىلىشتەك مىجەز ـ خارەكتېرىنى ساقلاپ كەلگەن.ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن كۆرۈشكەندە سالاملىشىپ كۆرۈشىدۇ.كىچىكلەر سىرتقا چىققاندا ئاتا ـ ئانىسىدىن ئىجازەت ئالىدۇ،قايتىپ كەلگەندە سىرتتا بولغان ئەھۋاللارنى ئاتا ـ ئانىلىرىغا ئېيتىپ ئۇلارنى خاتىرجەم قىلىدۇ.ئۇنىڭدىن باشقا ئۇلار كىشى بىلەن بىر يەردە ئولتۇرغاندا چۈشكۈرمەيدۇ،تىرناق ئالمايدۇ،ئوسۇرمايدۇ،پۇتىنى ئالماشتۇرۇپ ئولتۇرمايدۇ،ئۇلارنىڭ بۇ تۇرمۇش ئادەتلىرى يەرلىكلەردىن تولىمۇ پەرقلىنىدۇ.ئىلىم ـ بېرىمدە گېپىدە تۇرۇدۇ،ھەرقانداق چاغدا كىشىنىڭ شەنىگە ۋە ئىززەت ـ نەپسىگە ھۆرمەت قىلىشقا بەك دىققەت قىلىدۇ،بولۇپمۇ كىشىنى ئاساسسىز چېقىۋالىدىغان ئىشنى قىلمايدۇ.

خوتەنلىك ئۇيغۇر ئاياللىرى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان زىننەت بويۇملىرى

هالقا، بلەيزۈك ۋە مارجاندۇر. ئۇيغۇر ئاياللىرى توقۇش، كەشتە تىكىشكە ئامراق. ئۇلار توقۇغان يۇز ياپقۇچ، يوپكا، گۈللۈك جيەك قاتارلىقلارغا ھەر خىل قۇشلار، ھايۋانلارنىڭ سۈرىتى كەشتىلىنىدۇ، بۇلارنىڭ رەڭلىرى ناھايىتى ماسلاشتۇرۇلغان بولۇپ، سۆلەتلىك ۋە ئازادە كۆرۈنىدۇ. ئۇيغۇر ئاياللىرى يەنە ھەر خىل رەڭلىك مەشۈت يىپتىن خىلمۇ ـ خىل مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە كەشتىلەنگەن ئاياغ، ياستۇق قېپى، چىملىدىق قاتارلىقلارنى كەشتىلەيدۇ. ئاز ساندىكى ياشانغان ئاياللار يۈز ياپقۇچ ئارتىۋالىدۇ.

## 5. خۇنەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ مىللىي مائارىپى

خۇنەندىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىز قالى بارسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، تاۋيۈەن ناھيەسىنى ئاساس قىلىپ خۇنەن ئۆلكىسىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغاندىن كېيىن يات مۇھىتقا قانداق ماسلىشىش، يەنە قانداق قىلىپ ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ساقلاپ قېلىش، داۋاملاشتۇرۇش، راۋاجلاندۇرۇش، ئۆز مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى، دىنىي ئېتىقادىنى مەڭگۈ ساقلاپ، ئۇنى خانلىقلارنىڭ ئالمىشىشى، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى جەريانىدا ئۆز مىللىتىنىڭ ئۆزگىچە پەلسەپىۋى ئىدىيەسى، ئىدېئولوگىيەسى، ئەخلاقىي قاراشلىرى، شۇنىڭدەك مەدەنىيەت ـ سەنئىتى بويىچە داۋاملىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان.

خۇنەن ئۇيغۇرلىرى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى مائارىپىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى

جارىي قىلدۇرۇش جەريانىدا، مەدرىس مائارىپىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ھەربىي تۇرمۇش جەريانىدا قالى بارس يۈەن سۇلالىسىنىڭ كونا قىسمىدىن ئايرىلىپ، يۈەن سۇلالىسىگە قارىشى تۇرۇپ مىڭ سۇلالىسىنى قۇرۇش ئۇرۇشىغا ئاتلانغان. بۇنىڭدىكى مۇھىم سەۋەپ جۇيۈەنجاڭ موڭغۇللارغا قارىشى تۇرۇشتا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان سەركەردە ـ سەرۋازلارنى ئۆز ئەتراپىغا توپلىغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن قالى بارسنىڭ ئۇيغۇر قوشۇنىغا تەڭ كېلەلمەسلىگىگە كۆزى يېتىپ، قالى بارسنىڭ ئىسلامىي ھىسسىياتىدىن پايدىلىنىپ ئۇنى ئۆز يېنىغا تارتقان. قالى بارسمۇ بۇرۇنلا ئورتاق ئېتىقادتا ئىگە خۇيزۇ سەركەردىلەردىن چاڭ يۈيچۈن، لەن يۈي، مۇيىڭ، خۇ داخەي قاتارلىقلار بىلەن تونۇش ئىدى، ئۇلارنىڭ تەسىرى ئاستىدا قالى بارس ۋە ئەۋلادلىرى خۇنەندە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. قالى بارس دەۋرىدىن باشلاپلا مەدرىسە مائارىپى خۇنەن ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە رەسمىي يولغا قويۇلۇشقا باشلىغان.

خۇنەندىكى مەدرىسە مائارىپىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى مائارىپىنىڭ ئوقۇتۇش ماتىرىياللىرى، ئاساسلىقى يۈنەندىن ئېلىپ كېلىنگەن <<قۇرئان كەرىم>> ھەمدە شىنجاڭدىن كەلتۈرۈلگەن ئۇيغۇرچە، پارسچە ئوقۇشلۇقلار ئىدى. مەدرىس تالىپلىرى ئەسكەر ـ سەرۋازلار ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئىدى.

ئاخۇن ۋە تالىپلارنىڭ خىراجىتى ئورتاق يىغىلاتتى. دەسلەپكى مەدرىس مائارىپىدا خەنزۇچە ئوقۇتۇش ماتىرىياللىرى يوق ئىدى. بۇ چاغدىكى مەدرىسنىڭ ئاساسلىق مەقسىدى، دىنىي پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ بەزى رىئال مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ئىدى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، مەدرىس مائارىپى تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويدى. مەسچىت، مەدرىسلەردىكى مال ـ مۈلۈكلەرنىڭ مەنبەسى كېڭىيىپ ۋەخپە يەر، قۇشخانا، مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەر دۇكىنى قاتارلىقلارنىڭ كىرىمىگە ھەمدە

مەسچىتلەر،مۇسۇلمانلار ئىئانە قىلغان پۇل ۋە ئۇلارنىڭ مىراسلىرىغا ئىگە بولدى.شۇ سەۋەپتىن مەسچىتلەر خېلى تېز سېلىندى،تاۋيۈەن ناھىيەسىنىڭ ئالتە يېرىدە مەسچىت سېلىندى.ئۇنىڭدىن باشقا چاڭدې شەھىرىدىمۇ دۆڭشى،شىشى،گۇشى مەسچىتلىرى سېلىندى.

خۇنەندىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن،مەدرىسە مائارىپىنىڭ خىراجىتى يېتەرلىك بولدى.مەدرىس مائارىپىمۇ يۇقۇرى يىللىق ۋە تۆۋەن يىللىق سىنىپ دەپ ئايرىلدى.ئوقۇش يىلى ئۈچ يىل ۋە بەش يىل بولدى.ئوقۇتۇش ماتىرىياللىرى بىر تۇتاش مەتبەئەدە بېسىلغان بولۇپ،ھەرقايسى يىللىقلارنىڭ ئوقۇتۇش ماتىرىياللىرى ۋە باشقا ئەرەبچە ئوقۇشلۇقلار ئۇزاققىچە يۇننەندىن كىرگۈزۈلدى.ئۆگىنىش مەزمۇنىغا خەنزۇچە ئۆگىنىش توغرىسىدىكى مەزمۇنلار قوشۇلدى.بۇ مەزگىلدە تالىپلار خېلى كۆپ بولۇپ،ئۇلار ئادەتتە مەسچىتلەردە قونۇپ ئوقۇيتتى.ئاخۇنلار بىلەن تالىپلارنىڭ خىراجىتى مەسچىتنىڭ بىر قىسىم كىرىمىدىن ئاجرىتىلاتتى.بەزى مەسچىتلەرنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى خېلى كۈرۈنەرلىك بولۇپ،بۇ مەسچىتلەر خۇسۇسلار بىلەن بىرلىشىپ پەننىي مەكتەپلەرنى ئاچتى.چېڭدې شەھىرىدىكى دۇڭشىڭۋەن مەكتىپى دەل مەسچىت بىلەن خۇسۇسلار ھەمكارلىشىپ ئاچقان مەكتەپ.

خۇنەن ئۇيغۇرلىرى مەدرىس مائارىپىغا ۋارىسلىق قىلغان ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرغان بولۇپلا قالماي،بەلكى يەنە ئۆزىنىڭ ئالاھىدە مۇھىتتىكى ياشاش ئىمكانىيىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن،خەنزۇچە ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ،خەنزۇچە ـ ئەرەپچە مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇپ،پىئوداللىق جەمئىيەتتىكى كېجۈي ئىمتىھانىدا ئالدىنقى قاتاردا تۇردى.ئۇلار جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدا تۇرغاچقا(ئەمەل ـ مەنسەپ ۋە ئىمتىيازدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولغاندىن كېيىن)،مىللەتنى ساقلاپ قېلىش ۋە تەرەققىي

قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ تاۋيۇەن ناھىيە بازىرى، جيەنجياگاڭ، زۇشى، دۇلياڭچۇڭ، جىنجىشەن، چېنجياپىڭ ۋە مۇشىيۈي قاتارلىق جايلاردا خۇسۇسىي مەكتەپ قۇرۇپ، خەنزۇچە ـ ئەرەپچە مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق، كېچۈي ئىمتىھانىغا قاراپ يول ئالدى.

خۇنەن ئۇيغۇرلىرى ئىچىدىكى بىلىملىك زاتلار نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان، ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى ئەزەلدىن ئۇنتۇپ قالغىنى يوق. ئۇلار تالانت ئىگىلىرىنى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بەردى ھەمدە تەدبىر قوللىنىپ مائارىپنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈردى. چاڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈينىڭ24 ـ يىلى جيەن خۇەننەن مەسچىتلەرنىڭ قوللىشى بىلەن <<چاڭدې مۇسۇلمانلار خۇسۇسىي يۇقۇرى يىللىق مەكتىپى>>(بۈگۈنكى چاڭدې دۆڭشىڭيۈەن باشلانغۇچ مەكتىپى)نى قۇردى، مەكتەپنىڭ كۆلىمى5مىڭ كۇۋادرات مېتىردىن كۆپرەك بولۇپ، بىر ئىشخانا بىناسى، ئالتە ئوقۇتۇش بىناسى بار ئىدى. ھەر مەۋسۇمدە ئۇيغۇر، خۇيزۇلاردىن بولۇپ200دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىناتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە مۇسۇلمانلار شەرقىي مەكتىپى ۋە مۇسۇلمانلار غەربىي مەكتىپى(شىشى مەسچىتى مەكتىپى)قۇرۇلدى. مائارىپ ساپاسىنى يۇقۇرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، 1906 ـ يىلىدىن1909 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتاقلىق ئەرباپلىرىدىن جيەن جېيۈ، جيەن كۇيۈۋ، جيەن شياڭيې قاتارلىق كىشىلەر چاڭدې، تاۋيۇەن رايونلىرىدىكى بىر قىسىم مەسچىتلەرنىڭ قوللىشى بىلەن ئۇيغۇر مائارىپىغا ياردەم بېرىش جەمئىيىتىنى قۇردى. تاۋيۇەننىڭ شەھەر ـ بازارلىرىدا ھەم زۇشىدىمۇ جيەن ۋەننيەن، جيەن ۋەنشياۋ، جيەن ۋەنلۇڭلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن<<تاۋيۇەن ئۇيغۇر مۇپەتتىش جەمئىيىتى>><<ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشقا ياردەم بېرىش بىرلەشمىسى>>تەشكىل قىلىندى، ھەمدە زۇشىدىكى شىشى ئالىي باشلانغۇچ

مەكتىپى،مىللىي تولۇق باشلانغۇچ مەكتىپى،جىنجىشەن تولۇق باشلانغۇچ مەكتىپى،دۇلياڭچۇڭ باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدە كەينى - كەينىدىن مۇپەتتىش(مائارىپ ساپاسىنى تەكشۈرۈشكە مەسئۇل)ئورنى تەسىس قىلىندى.ئۇيغۇرلىرىمىز ھارماي - تالماي تىرىشچانلىق كۆرسەتكەچكە،تارىختىكى كېجۇي ئىمتىھانلىرىدا ئۇيغۇرلاردىن كۆپلىگەن ئاتاقلىق ئەرباپلار يېتىشىپ چىقتى.ئومۇمەن ھەربىيلىكتىن چىققان داڭلىق شەخسلەرنىڭ ھەممىسى تارىختا ئۆتكەن سۇلالىلەرنىڭ كېجۇي ئىمتىھاندا تاللىۋېلىنغان غالىپلار ئىدى.

<<جىيەن جەمەتىنىڭ نەسەبنامىسى>>دىن مەلۇمكى،جىيەن جەمەتىدىن بولغان بەيجۇدىن كېيىن ئۆتكەن چاڭپۇ،چاڭلى،يۈەن دى،دېڭ دى،جىيەن جۇڭ،جىيەن چېڭ،جىيەن شياڭ،جىيەن دىڭ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كامالەتكە يەتكەن چامباشچىلىق ھۈنىرى بولۇپ،ئوخشاشلا ھەممىسى مىڭ سۇلالىسىنىڭ كېجۇي ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ ئاندىن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن.مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە جىيەن يىڭجۇي كېجۇي ئىمتىھانغا قاتنىشىپ ئاياماقلىق مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى دىگەن نامغا ئېرىشىپ<<ھەربىي سەپكە قاتناشقان>>.چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن جىيەن رۈيەن كېجۇي ئىمتىھانغا قاتنىشىپ<<خۇنەن،گۇاڭدۇڭ قوشۇنغا سول قول مىڭبېشى>>؛جىيەن مىڭ،جىيەن رۇنلەر باشبۇغ،جىيەن بىڭنەن ئورۇن باسار سانغۇن بولغان.شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا،خۇنەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئالغان خەنزۇچە - ئەرەپچە تەربىيەسى خېلى يۇقۇرى بولغاچقا،ئۇلار ئىچىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ خەنزۇچە مەلۇماتى يۇقۇرى بولغان.چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى كۆپ قېتىملىق ئىمتىھاندا جىيەن سۇڭپىن،جىيەن شەنكۈن،جىيەن شەنشۈ،جىيەن شەنشىڭ،جىيەن خېڭكۇي،جىيەن خېڭجىن،جىيەن خېڭپا،جىيەن خېڭتەي،جىيەن ۋەنشاۋ،جىيەن

دۇنجۇن قاتارلىقلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا دۆلەتلىك مەكتەپ ۋە ئايماقلىق مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولدى. بەزىلىرىگە يەنە خانلىق بىلىم يۇرتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى، ئەدىپ دىگەن ناملار بېرىلدى. ئاردا جىيەن شەنشۆ لىنلىك ناھىيەسىنىڭ ئامبىلى بولدى.

خۇنەن ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئاساسلىقى ئۇيغۇرلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئىدى. يەنە بىر قىسىم خۇيزۇ، خەنزۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ قوبۇل قىلىناتتى. دىنىي ئەقىدە تۇپەيلى، خۇيزۇلارنىڭ بالىلىرى مەكتەپكە كىرسە قىزغىن قارشى ئېلىناتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەلاچى ئوقۇغۇچىلار ۋە نامرات ئائىلىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىگە ئوخشاشلا قەرەللىك ھالدا مەسچىتلەرنىڭ ئوقۇش ياردەم پۇلىغا ئېرىشەلەيتتى. بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى ئوقۇماقچى بولسا ئەركىن ھالدا مەكتەپ تاللىيالايتتى، قايسى مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى كۈچلۈك بولسا، قەيەردىكى مەكتەپنىڭ مەكتەپ ئىستىلى ياخشى بولسا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى پەرزەنتلىرىنى ئۆزى خالىغان مەكتەپكە ئوقۇشقا بېرەتتى. خۇيزۇ، خەنزۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ ئوقۇتقۇچى تاللاشقا ئامراق ئىدى. مىللىي تولۇق باشلانغۇچ مەكتىپى، شىشى تولۇق باشلانغۇچ مەكتىپى ۋە ماساۋجىيې باشلانغۇچ مەكتىپى قاتارلىق ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنىڭ ئەزەلدىن مەكتەپ ئىستىلى ياخشى بولغانلىقتىن، ھەر مەۋسۇمدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى ئېشىپ كېتەتتى. كۆپلىگەن ياقا يۇرتلۇق بالىلار ئۇيغۇر مەكتەپلىرىگە كېلىپ ئوقۇيتتى.

خۇنەندىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىز قۇرغان مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش مەزمۇنى خەنزۇ مەكتەپلەرنىڭكىدىن مول بولۇپ، ئادەتتە دۆلەت تىلى، ھېساب، چوت، تەبىئەت، تارىخ، جۇغراپىيە، گۈزەل ـ سەنئەت، مۇزىكا، ئەرەب تىلى، چامباشچىلىق، دورىگەرلىك، تەنتەربىيە ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك قاتارلىق13خىل دەرس ئۆتۈلەتتى. ئەلۋەتتە ئەينى يىللىرى شۇنچە كۆپ ھەم مول مەزمۇنلۇق

دەرسلەرنىڭ تەسىس قىلىنىشى،كۈچلۈك ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ ئاللىقاچان يېتىشىپ چىققانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ،بۇ خىل شارائىتنى ھۆكۈمەت مەبلەغ سېلىپ ئاچقان يەرلىك مەكتەپلەرمۇ ھازىرلاپ بولالمىغان ئىدى.ئۇيغۇر مەكتەپلىرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىنىڭ ياخشى ياكى ناچار ئىكەنلىكىنى تەكشۈرۈشتە،چامباشچىلىق،خەتتاتلىقتىن سىرت باشقا پەنلەرنىڭ ھەممىسىدىن بىر تۇتاش ۋە يەككە ئىمتىھان ئېلىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ پەن نەتىجىلىرىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىنى ئايرىيتتى.

خۇنەندىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىز ئەڭ ئىمتىيازلىق ۋە ھوقۇققا ئىگە چاغلىرىدا ھەشەمەتلىك ساراي سالمىدى،بەلكى مەسچىت سېلىپ ئۆز ئىمانىنى كۈچەيتتى؛ھوقۇق ۋە ئىمتىيازغا ئىگە چاغلىرىدا ئەسكەرلەر ئۈچۈن ئارامگاھ ئاچمىدى،بەلكى ئەسكەرلەر ئۈچۈن مەدرىس ئېچىپ ئۇلارنىڭ قەلبىگە ئىسلامنىڭ چىرىقىنى ياقتى،ئەزەلدىن كەيپ - ساپا ۋە بۇزۇقچىلىققا زەررىچىلىك يول قويمىدى.خۇنەندە ماكانلىشىپ قالغان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىز ھوقوق ۋە ئىمتىيازدىن ئايرىلىپ قالغاندا ئۆزلىرىنى تاشلىۋەتمىدى،ئەكسىچە ياراتقۇچىغا تېخىمۇ كۈچلۈك سېغىنىپ ئۆزىنى كۈچەيتىش يولىدا ھارماي تىرىشچانلىق كۆرسەتتى،بىر ياقىدىن باش،بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ ئۆز ئالدىغا پەننىي مەكتەپلەرنى ئېچىپ ئەۋلادلىرىنى تەربىيلىدى،ئىجتىمائىي ئورۇن جەھەتتە گەرچە جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن ئورنىدا بولسىمۇ،ئەمما ئاڭ - سەۋىيە جەھەتتىن جەمئىيەتنىڭ ئەڭ ئالىي قاتلىمىدىكى ئورنىنى باشتىن - ئاخىر ساقلاپ قالدى... دەل شۇنداق بولغاچقا،خۇنەندىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىز بىر نەچچە يۈز يىللىق ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئەڭ جاپالىق دەۋرلەردىمۇ ئۆزىنىڭ دىنىي ئېتىقادى،مىللىي مەدەنىيىتى ۋە مىللىي كىملىكىنى ساقلاپ قېلىپ،تا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر<<ئۇيغۇر بىز>>دەپ مەردانىلىك بىلەن ئەجداد روھىنى ئەۋلادقا

## ئۇلاپ يېتىپ كېلەلىدى!!!

6.تارىخچى جىيەن بوزەن ھەققىدە

;مېنىڭ پەملەم جۇڭگو تارىخىدا ئۇچرىمايدۇ،ئۆتكەن تارىخىي دەۋرلەردە يېزىلغان lt&;lt &

;نىڭ gt&;gt;خۇاڭدى&lt&;lt&انەسەبنامىلەردىمۇ ئۇچرىمايدۇ... مېنىڭ قەۋمىم ئاتالمىش&

ئەۋلادى ئەمەس،بۈيۈك خەنزۇ مىللىتىنىڭ بىر جەمەتىمۇ ئەمەس،شىنجاڭدىن كەلگەن،ئاتالمىش

;ــــ جىيەن بوزەن.gt&;gtغەربىي يۇرتلۇق ياتلاردىن... &

جىيەن بوزەن قالى بارسىنىڭ ئەۋلادى بولۇپ،ئۇيغۇر.1898 ـ يىلى تاۋيۈەن ناھىيەسىنىڭ جىيەنجىياگاڭ دېگەن يېرىدە دۇنياغا كەلگەن.تولۇقسىز باشلانغۇچ مەكتەپنى ئۇيغۇر كەنتىدىكى مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپتە،تولۇق باشلانغۇچ مەكتەپنى تاۋيۈەن ناھىيەسى جاڭجياڭ باشلانغۇچ مەكتىپىدە،ئوتتۇرا مەكتەپنى چاڭدېدىكى ئۆلكىلىك4 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ(ھازىرقى چاڭدې شەھەرلىك1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ)تە ئوقۇغان.ئالىي مەكتەپنى ھازىرقى ۋۇخەن ئۇنىۋېرسىتىدا ئوقۇغان.ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئىنقىلابقا قاتناشقان،ئىنقىلاپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ھەممە كۈچىنى تارىخ تەتقىقاتىغا بېغىشلاپ،تارىخ ئەسەرلىرىنى يېزىش ئارقىلىق ئىنقىلابىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغان.

جىيەن بوزەن1 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى،1 ـ ،2 ـ ،3 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى،مەركىزىي مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئەزاسى،جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن بۆلۈمىنىڭ ئەزاسى(ئاكادېمىك)،بېيجىڭ داشۆسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئۆتىگەن.جىيەن بوزەن ئەپەندى مەيلى قانچىلىك يۇقۇرى دەرىجىلىك خىزمەتلەردە بولۇشىدىن قەتئىنەزەر باشتىن ـ ئاخىر ئۆزىنىڭ بىر ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى،ئۆزىنىڭ شىنجاڭغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئىزچىل تەكىتلەپ كەلدى.

جىيەن بوزەن1926 ـ يىلى ئەتىيازدا بېيجىڭدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان

نامايىشقا قاتناشقان، نامايىش گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قوراللىق باستۇرۇلغاندا جيەن بوزەن ئوق تېگىپ ھاياتىدىن ئايرىلىپ قالغىلى تاس قالدى. شۇ يىلى قىشتا ئۇ باشقىلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ۋۇچاڭدىكى مىللىي ئىنقىلابىي ئارمىيە باش سىياسىي بۆلۈمگە بېرىپ خىزمەت قىلدى ۋە جۇئېنلەي بىلەن تونۇشۇدۇ. 1927 ـ يىلى جيەن بوزەن گومىنداڭ تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىش ئالدىدا شاڭخەيگە كېلىپ ۋاقىتلىق يوشۇرۇندى. ئۇ ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ بېيجىڭ، تيەنجىن، شاڭخەي ئوتتۇرىسىدا بېرىپ ـ كېلىپ يۈرۈپ، زامانىنىڭ ئىللەتلىرىنى سۆكۈدىغان ماقالىلەرنى يېزىپ ئېلان قىلدى. 1937 ـ يىلى5 ـ ئايدا جيەن بوزەن كوممۇنىستىك پارتىيەگە ئەزا بولۇپ كىردى، شۇ يىلى ئۇ جۇڭگو كومپارتىيەسى تەشكىلى ئورۇنلاشتۇرغان مەخپىي ۋەزىپە بىلەن گومىنداڭنىڭ يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى تەن جىن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ، ئىنتايىن زور خەۋپ ـ خەتەرگە قارىماي ئالىقاچان ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ بولغان، چوڭچىڭ يەر ئاستى پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ مەسئۇلى لى ليۇرۇنى قۇتقۇزۇۋالدى. شۇ ئىشتىن كېيىن جاڭجېشى تەن جىننىڭ ئەدلىيە مەھكىمىسىدىكى ھوقۇقىنى بىكار قىلىپ، ئۇنى ئەدلىيە مەھكىمىسىدىن سىقىپ چىقىرىدۇ، 1947 ـ يىلى تەن جىن شاڭخەيدە كېسەل بىلەن ۋاپات بولىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن ئۇنىڭ ئەڭ كىچىك قىزى بېيجىڭغا ئوقۇشقا كەلگەندە جيەن بوزەن بىلەن لى ليۇرۇ ئۇنىڭ قىزىنى قىزغىن كۈتىۋالدى ۋە جۇئېنلەيگە مەخسۇس تەستىق سالدۇرۇپ ئۇ قىزغا ھەر ئايدا60يۈەن تۇرمۇش پۇلى ھەل قىلىپ بېرىدۇ. 1941 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى 1942 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، جيەن بوزەن پۈتۈن ئائىلىسى بويىچە چوڭچىڭدىن120چاقىرىم يىراقلىقتىكى باشەن ناھىيەسىدىكى بىر دېھقاننىڭ ئۆيىدە تۇرۇدۇ. مۇشۇ جەرياندا جيەن بوزەن جۇڭگو تارىخىنى يەنىمۇ قېتىرقېنىپ ئۆگىنىپ، ئومۇميۈزلۈك تەتقىق قىلدى. ھەمدە شۇ چاغدىكى ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ۋەزىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ10نەچچە پارچە ;جوڭگو تارىخى lt&;ltماقالە ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ يەنە&
;نامىلىق ئەسىرىنىڭ بىرىنچى تومىنى پۈتتۈرۈپ مەتبەئەگە تاپشۇرۇدۇ. ئەينى gt&;gtتىزىسى&

;جۇڭگو تارىخى lt;سىزنىڭ &lt&;lt&چاغدا گومورو ئەپەندى جىيەن بوزەنگە يازغان خېتىدە:&
;ناملىق ئەسىرىڭىز پۈتەي دەپ قاپتۇ،بۇ 1942 ـ يىلىدىكى چوڭ بىر ئىش بولۇپ gtتىزىسى&
; دىگەن gt&;gtقالغۇسى.مەن سىزنى تەبرىكلەيمەن،كەسپداشلار سىزنى تەبرىكلەيدۇ&
ئىدى.1942 ـ يىلى8 ـ ئايدا چوڭچىڭدا جۇ ئېنلەي جىيەن بوزەن بىلەن كۆرۈشۈدۇ،جۇ ئېنلەي
جىيەن بوزەننىڭ تۇرمۇش،ئۆگىنىش ۋە خىزمەت ئەھۋالىنى تەپسىلي سوراپ جىيەن بوزەندىن
سەممىي ھال سوراپ،ئۆزىنىڭ جىيەن بوزەنگە بولغان يېقىنچىلىقىنى ئالاھىدە
;ۋېيتنام مۇستەقىللىق lt&;ltئىپادىلەيدۇ.ئارقىدىن جۇ ئېنلەي جىيەن بوزەنگە مۇنداق دەيدۇ:&
ئويۇشمىسىنىڭ رەئىسى خۇجىمىڭ گۇاڭشىدا قولغا ئېلىنىپتۇ،ھازىر گۇيلىندا تۇرۇشلۇق جاڭ پاكۇي
قوماندانلىقىدىكى 4 ـ ئۇرۇش رايونىدا قاماقلىق ئىكەن.مەركەز بىزنىڭ بارلىق چارە ـ ئامالالار
; جىيەن بوزەن بۇ تولىمۇ مۇشكۇل ۋەزىپىنى gt&;gtبىلەن ئۇنى قۇتقۇزۇشىمىزنى قارار قىلدى.&
تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن گۇاڭشىدىكى ئەمەلىي كۈچكە ئىگە سەركەردە،مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ لى
زۇڭرېننى ئارىغا سالىدۇ،لى زۇڭرېن پىك يۈيشاڭ بىلەن بىرلىكتە بېرىپ جاڭ جېشى بىلەن مۇشۇ
ئىش ئۈستىدە كۆرۈشۈدۇ.جاڭ جېشى بۇ ئىشنىڭ پايدا ـ زىيىنىنى دەڭسەپ كۆرۈپ ئاخىرى
خۇجىمىڭنى قويۇپ بېرىشكە بۇيرۇق بېرىدۇ.

جىيەن بوزەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى تەشكىلىي ۋە تەشۋىقات خىزمىتىدە
پائالىيەتچانلىقى كۈچلۈك بولۇپ،ئۆز ۋاقتىدا نۇرغۇنلىغان گومىنداڭ يۇقۇرى دەرىجىلىك ھەربىي
ئەمەلدارلىرىمۇ ئۇنىڭغا قايىل بولغان ئىدى.شۇڭلاشقا جاڭ جېشى پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ
;بوزەننى ئۆلتۈرمىسەم ئادەم بولماي lt&;ltجىيەن بوزەننى تۇتۇشنى بۇيرىغان،ھەمدە:&
;دەپ قەسەم قىلغان.ئۆز ۋاقتىدا جۇئېنلەي جىيەن بوزەننىڭ ھاياتىي gt&;gtكېتەي&
بىخەتەرلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ ئۇنى شاڭگاڭدا پاناھلىنىشقا ئەۋەتىدۇ.شەرقىي شىمال ئازاد
بولغاندىن كېيىن جىيەن بوزەن دالىيەن ئارقىلىق چوڭ قۇرۇقلۇققا چىقتى،كېيىن ئۇ چوڭ قوشۇنغا
ئەگىشىپ پايتەختكە كىردى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن مەملىكەتلىك1 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا ،ماۋجۇشى جىيەن بوزەننىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ ،مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئالىم ۋە مۇتەخەسسىلەرگە جىيەن بوزەننى تونۇشتۇرۇپ:<<بۇ بىزنىڭ داڭلىق تارىخچىمىز جىيەن بوزەن ئەپەندى بولىدۇ>>دەيدۇ.جىيەن بوزەن1956 ـ يىلى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى،قوشۇمچە تارىخ پاكولتېتىنىڭ مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئالغان.

جىيەن بوزەن ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتىغا جىددىي پوزىتسىيە بىلەن قارايتتى،قەدىمكى كىشىلەرگە خۇراپىيلارچە چوقۇنمايتتى،كونا كۆز قاراشلارغا قارىغۇلارچە ئېسىلىۋالمايتتى،يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىپ،ئورۇنلۇق،ئىسپاتلىق سۆزلەشكە تىرىشاتتى،ئاغزىغا كەلگەننى بىر نەرسە دىمەيتتى.شۇڭا ئۇ كۆپ كىتاپ كۆرۈش ۋە ماتىرىيال توپلاش ئۈچۈن،باھاسى بىلەن ھىسابلاشماي قەدىمكى كىتاپلارنى يۇقۇرى باھادا سېتىۋالاتتى.كىتاپ ساقلاش ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ زور خوشاللىقى ھەم قىممەتلىك بايلىقى ئىدى.لېكىن كىشىنى ئېچىندۇرىدىغىنى شۇكى،جىيەن بوزەننىڭ ئون نەچچە مىڭ پارچە كىتابى ياپۇن ئالۋاستىلىرىنىڭ بومباردىمان قىلىشى ۋە گومىنداڭ ئاختۇرۇشلىرىدىن ئامان ـ ئېسەن قالغان بولسىمۇ،بىراق ئاتالمىش<<مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى>>دا ئون نەچچە مىڭ پارچە كىتاۋىدىن ئاران570پارچىسى قالدى.(ھەي نادانلىق!ھەي...) خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتى ئاستىدا<<گۆھەر>> كېرەكسىز نەرسىگە ئايلىنىپ قالدۇ،زور مىقداردىكى قىممەتلىك بويۇملارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى كېرەكتىن چىقىدۇ...
جىيەن بوزەن<<مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى>>دا ئىنسان كۆرمىگەن خارچىلىقلارغا ئۇچرايدۇ.ھەتتا ئۇنىڭ ئالىلىقاچان ئالەمدىن ئۆتكەن دادىسىمۇ تارتىپ چىقىرىلىدۇ.ئەمما جىيەن بوزەن باشتىن ـ ئاخىر ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ،ناھەقچىلىككە قىلچە تىز پۈكمەيدۇ.ئۇ بىر قېتىم ئوغلى ۋە ئايالىغا:<<مەن كۆرەشكە تارتىلىشتىن قورقۇپ قالمايمەن،مەن باشقىلارغا ئوخشاش شامالغا قاراپ كېمە ھەيدىمەيمەن.ئۆزەمنىڭ بىر ئۆمۈر قىلغان سۆزلىرىمنى بىردىنلا

ئىنكار قىلىۋەتسەم، بۇنىڭدىن كېيىن رەھىمسىز تارىخنىڭ خۇلاسىسىگە قانداقمۇ يۈز كېلەلەيمەن. ئادەم دىگەن ھەقىقەتنى، ئادالەتنى ياقلىشى كېرەك!>>

<<مەدەنىيەت زور ئىنقىلاپچىلىرى>> جىيەن بوزەنگە قاتتىق ئۆچمەنلىك قىلدى. ئۇلار پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىش، يالغاننى ئويدۇرۇپ چىقىرىش، بەتنام چاپلاش قاتارلىق رەزىل ۋاستىلەرنى قوللۇنۇپ، جىيەن بوزەنگە ھۇجۇم ۋە زىيانكەشلىك قىلدى، ھەمدە <<ئاتالمىش بۇرژۇئازىيە تارىخچىلىرى پادىشاھلارنى قوغداش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ>> دىگەن بەتنامنى جىيەن بوزەنگە تاڭدۇ. ئۇلار تارتىپ چىقىرىش كۈرىشى بولسىلا جىيەن بوزەننى قويۇپ بەرمەي، ئۇنى ئۆلتۈرۋەتمىگىچە ئارام تاپمىدى. گەرچە ماۋزىدوڭ جىيەن بوزەننى ئازاد قىلىش، ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈش، خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا كۆرسەتمە بەرگەن بولسىمۇ، بىراق ئىنقىلاپچىلار قىستىغىنە بىر قانچە كۈن ئىچىدە ئۇنى ئۇدا بەش قېتىم ئىقرارنامە يېزىشقا قىستاپ قىيناققا ئالدى. جىيەن بوزەن ۋە ئايالى ئىنقىلاپچى ئادىمى مەلئۇنلارنىڭ زىيانكەشلىكى بىلەن1968 ـ يىلى12 ـ ئاينىڭ18 ـ كۈنى ئارمان بىلەن بۇ دۇنيادىن كەتتى!

جىيەن بوزەن ئەپەندىنىڭ ئۇيغۇر مىللىي روھىي ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، ئۇنىڭ خاتىرىسىدىكى تۆۋەندىكى جۈملىلەردىن جىيەن بوزەننىڭ كۈچلۈك مىللىي روھقا ئىگە ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلاشقا يېتەرلىكتۇر: <<... ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى <<جىيەن>> پەمىلىسىنىڭ رەسمىي بېكىتىلىشى چاڭلى چاڭدىنىڭ باقاۋۇللۇق <<جىيەن>> شۇكى ۋەزىپىسىگە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، يەنى يۈگلى دەۋرىدە كۆپ قىسىم كىشىلەرگە ئۆزگەرتكەندىن كېيىن باشلىنىدۇ. لېكىن بىزنىڭ ئەجدادىمىزنىڭ <<جىيەن>> پەمىلىسىنى يەنىلا قالى بارىس بولغىنى تۈزۈك.>>

تۆۋەندە جىيەن بوزەن ئەپەندىنىڭ ئىككى پارچە خاتىرىسىدىكى ئايرىم قىسىملىرىنى توردىشلارنىڭ دىققىتىگە سۇندۇم.

<<مېنىڭ يۇرتۇم ،مېنىڭ پەملەم>>

مېنىڭ پەملەم جۇڭگو تارىخىدا ئۇچرىمايدۇ ،ئۆتكەن تارىخىي دەۋرلەردە يېزىلغان نەسەبنامىلەردىمۇ ئۇچرىمايدۇ. . .

لېكىن مەن جەمەتىمنىڭ نەسەبنى تەكشۈرۈپ كۆردۈم ،مېنىڭ پەملەمنىڭ جۇ يوسۇنلېرىدىكى جىيەن پەمىلىلىك مەنسەپدار بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق ،بۇ پەمىلنى مىڭ سۇلالىسىنىڭ <<خانى ئىنئام قىلغان. مېنىڭ قوۋمىم ئاتالمىش <<خۇاڭدى>>نىڭ ئەۋلادى ئەمەس ،بۇيۇك خەنزۇ مىللىتىنىڭ بىر جەمەتىمۇ ئەمەس ،شىنجاڭدىن كەلگەن ،ئاتالمىش غەربىي يۇرتلۇق ياتلاردىن ،شۇڭا كىلاسسىكلارنى ،دانىشمەنلەرنى شىپى كەلتۈرۈپ ،خۇڭدىنىڭ ئەتىۋارلىق ئەۋلادى بولۇۋالىدىغان ،بۇيۇك خەنزۇنىڭ جەمەتى بولۇۋېلىپ ،لىۇ يىڭجىدەك <<زورمۇ - زور چەتئەلنى كۆز - كۆز قىلىپ>>، <<يوق ئەرۋاھقا ياغ
پۇرۇتۇپ>>، <<كىشىنىڭ تۇغقىنىغا سىغىنىپ>> ئىشنى قالىدىغان كۈلكىگە
قىلمايمەنكى ،پەملەمنىڭ جۇ يوسۇنلېرىدىكى <<ھەزرەت>>جىيەن مەنسەپدار دېگەن
بىلەن ئالاقىسى يوقلۇقىنى ،جەمەتىمنىڭ غەربىي يۇرتتىكى يات ئەلدىن كەلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىمەن.

. . .

<<ئەسلىمە راۋىقىدىكى پەزىلەت>>

. . .

ئۆز ۋاقتىدىكى <<راۋىقى پەزىلەت>> بۇ ،لېكىن كەتكەن ئۆرۈلۈپ ئالىبۇرۇن
بىنانىڭ شەكلى ،ئورنى كىشىلەرنىڭ خاتىرىسىدە ئېنىق تۇرماقتا ؛بۇ يەرنى
<<ساقلىغان قوشۇن>>جىيەن تۇغلۇق ،ئۇلار بولسىمۇ بولغان غايىپ ئاللىقاچان
تۇرغان يەر ھېلىمۇ جىيەنجاگاڭ دەپ ئاتالماقتا ؛جەنۇپىي تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن دىگەن ئاتا
<<جەمەتىدىكىلەر جىيەن ،بولسىمۇ تۈگەشكەن ئاللىقاچان مەرتىۋە مىراس>>جەنۇپىنى

&زالى تىنچلاندۇرۇش gt&;gt ۋاقتىدىكى ئۆز كەلمەكتە: ساقلاپ ھېلىغىچە نامنى دىگەن;

مەشقخانە ئېكىن يەرگە ئايلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، بايراق قادايدىغان تاشتىن ئىككىسى ھېلىمۇ

ساقلىنىپ تۇرماقتا؛ خۇاڭخۇاگۇاڭدىكى ئۇيغۇر قەبرىستانلىقى سانائەت بازىسىغا ئايلىنىپ كەتكەن

بولسىمۇ، ئېگىزلىكى ئۈچ مېتىر، كەڭلىكى بىر مېتىر كېلىدىغان، جىيەن جەمەتىنىڭ ئەجدادى

خاتىرىلەنگەن ئابىدە ھېلىمۇ بار. قۇرئان ئىسلام قوشۇنى كۆزدىن غايىپ بولغان

&بولسىمۇlt&;lt قۇرئانgt&;gt& دىكىlt&;lt& قىل جەڭ دىسەڭ ھۆرلۈكنى gt&;gt دىگەن;

ئايەت ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېسىدە ھېلىمۇ بار، مانا بۇلار تارىخنىڭ گۇۋاھچىسى.

ئاخىرقى سۆز

خوتەندىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىز ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرىپ شۇ يەرلەردە ماكانلىشىپ

قالغان750يىلدىن بۇيان، ئىزچىل تۇردە ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇرلىقىدىن، دىنىي ئېتىقادى ئىسلام

دىنىدىن ۋاز كەچمەي ياشاپ كەلدى. خۇددى بارماق بىلەن سانىغۇدەكلا ئاز ساندىكى خەلق

&خۇددى سىڭىشتۇرغاندا نوپۇسىغا خەلقىنىڭ يەرلىك lt&;lt بىر دېڭىزنىڭ;

&تامچىسى gt&;gt& مۇشۇ مانا قىلىدىغىنى خوشال بىزنى ئەمما ئىدى. lt&;lt بىر;

&تامچە gt&;gt مەرۋايىتتەك يەنىلا ئىچىدە دېڭىز بىپايان شۇ كېيىنمۇ ئۆتكەندىن يۈز نەچچە;

پارقىراپ تۇردى. يەنە بىر تەكىتلەيمىزكى بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئاسان ئىش ئەمەس ئەلۋەتتە!

خوتەندىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىز نەچچە ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئاينىپ

كەتمەي، ئۆزىنى ساقلاپ قالالىشىدىكى ئاساسىي سەۋەپ ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىغا چوڭقۇر ئېتىقاد

قىلغانلىقىدىن بولغان. ئىسلام دىنىي ئېتىقادى ئۇلارنىڭ گەرچە سانى ناھايىتى ئاز بولسىمۇ، ئەمما

سان جەھەتتىن مۇتلەق ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىغان يەرلىك مىللەتلەر بىلەن بولغان ئارىلىق

& نۇقتا بۇ ئەلۋەتتە تەمىنلىگەن. بىلەن كاپالەت كۈچلۈك ساقلىشىنى lt&;lt ئاساقاللار;

&كېڭىشى gt&;gt ئۇيغۇر خوتەندىكى ئەھكاملىرى ئىسلام ئاشقان. ئىشقا تولۇق ئارقىلىق تۈزۈمى;

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئۆز كىملىكى، مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتىنى قوغداشتىكى كۈچلۈك قورالغا

ئايلانغان،ئەشۇ قېرىنداشلىرىمىز پەقەت ئىسلام ئەھكاملىرى ئارقىلىقلا ئەۋلاددىن ـ ئەۋلادقا ھالال ۋە ھارام،ياخشى ۋە يامان،توغرا ۋە خاتانى ئېنىق ئايرىپ،ئۆز ئەجدادلىرىنى ئۇنۇتماي ياشاپ كەلگەن.

نۆۋەتتە،خۇنەندىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزدا ئانا مەدەنىيەتكە تەلپۈنۈش ۋە يۇرتقا بولغان مۇھەببەت بارغانسېرى كۈچىيىپ بارماقتا.ئىقتىسادى ئەھۋالى يار بەرگەنلىرى شىنجاڭغا كېلىپ قۇمۇلدىكى<<قۇچۇ قەدىمي شەھەر خارابىسى،<<تاش كۆۋرۈك>>(قالى بارسىنى قۇمۇل ۋىلايىتىدىن دەپ قارايدۇ)قاتارلىق ئەجدادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئورۇنلارنى زىيارەت قىلىپ كېتىۋېتىپتۇ.شىنجاڭغا كېلەلمىگەنلىرى شىنجاڭدىن ئېلىپ كېلىنگەن قۇچۇ قەدىمي شەھىرىنىڭ توپىسىنى ياكى شىنجاڭنىڭ خاتىرە بۇيۇملىرىنى<<قىممەتلىك خاتىرە>> دەپ قاراپ ئۆيلىرىدە ساقلاۋېتىپتۇ.ھەتتا بىر ئۇيغۇر بوۋاي ئۆزىنىڭ ئۆيىنىڭ 3 ـ قىلىۋالغان بولۇپ،ئۇنىڭدا <<ئۇيغۇر مەدەنىيەت كۆرگەزمىخانىسى>>قەۋىتىنى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى كىتاپلار،دوپپا،ئۇيغۇرلار ئىشلەپچىقارغان تەييار چۆپىنىڭ قېپى قاتارلىق ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇيۇملار بار ئىكەن.

خۇنەندىن قەشقەرگە كەلگەن ئىبراھىم جيەن شاڭپۇ ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر ھېيتگاھقا كەلگەندە،قېرىنداشلىرىمىز ئۇنىڭ خۇنەندىن كەلگەن ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ ھەيرانلىقتا ئۇنى <<خۇنەن ئۇيغۇر ـ خۇيزۇ مۇسۇلمانلار ئورىۋالغان،بۇ قېرىندىشىمىز شۇ ۋاقىتتىكى تەسىراتىنى <<ژورنىلى>>غا مۇنداق يازغان:

شىنجاڭدىكى تەسىرات

ئەجدادىمىز كېلىپ جەڭ بىلەن تەڭرى تېغىنىڭ باغرىدىن،

ماكانلاشقان چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىغا600يىل بۇرۇن.

يىلتىزىمنى ئىزدەپ بارغىنىمدا ئانا يۇرتۇمغا،

سىرغىدى كۆز ياشلىرىم بۇلاق سۈيىدەك.

قېرىنداشلار كۆرۈشتۇق لېكىن تونۇشمىدۇق،

كۆلۈمسىرىدىم تاۋۇپەندىن مەن دەپ.

...

2010 ـ يىلى چاغاندا خۇنەننىڭ تاۋيۈەن ناھىيەسىگە ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە بارغان،شىنجاڭ ئۇنىۋېرستىتىنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانتى ھىدايەت يانتاق يۇرتقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن،خۇنەندىكى قېرىنداشلىرىمىزدىن بىرى ئۇنىڭغا تېلېفوندا بىز سىلەرنىڭ بىزنى ئىزدەپ <<تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئۇچۇر قىلىپ قالدۇرغان: تۇرغۇنىڭلاردىن مىننەتدار بولدۇق،بىز مىللەتداش،مەدىنىيەتداش،قەلبداش.تەك كۆچ چىقىرىپ مىللىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بىرلىكتە تىرىشايلى،بىزگە ئانا دىيارىمىزنىڭ روھىي مەدەتى بولمىسا بولمايدۇ،ئانا دىيارىمىز بىزنى ئۇنتۇپ قالسا بولمايدۇ.بىز ھەر تەرەپتىن خۇنەندىكى يەنە بىر ئۇيغۇر>>تىرىشىپ،ئورتاق تەرەققىيات ئۈچۈن كۆچ چىقىرايلى. ئەجدادىمىز640يىل بۇرۇن بۇ يەرگە كېلىپ ماكانلاشقان بولسىمۇ،بىز <<قېرىندىشىمىز: ئۇلارنىڭ غەربىي يۇرتتىن كەلگەنلىكىنى،يىلتىزىمىزنىڭ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن بىر ئىكەنلىكىنى،يىلتىزىمىزنىڭ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن بىر ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغىنىمىز يوق،ئۆزىمىز خۇنەندە ياشىساقمۇ،قەلبىمىز ھامان تەڭرى تېغىدا،بىز ئۆزىمىزنىڭ ئانا يۇرتىدىن،ئۇيغۇر بولغانلىقىمىزدىن پەخىرلىنىمىز>>دىگەن.

شۇنداق،خۇنەندىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىز تاغدەك قىيىنچىلىق ئالدىدا تىز پۈكمىدى،ماددىي مەنپەئەت ئۈچۈن باش ئەگمىدى،ئەمەل ـ ئىمتىياز ئۈچۈن ئەجدادىدىن تانمىدى ...

ئۇيغۇر مىللىتىمىز قەدىمىي ھەم ئۇزۇن تارىخقا ئىگە مىللەت.ئەجدادلىرىمىز تارىختا ئۆزىنىڭ يۈكسەك ئەقىل ـ پاراستى ۋە باتۇرلۇقىغا تايىنىپ دۇنيا مەدەنىيەتىنىڭ يۈكسىلىشىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان.بۇ ھەممە بىلىدىغان ۋە ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان ھەقىقەت.ئەمما بۈگۈنكى

;مۇ مىللىتىمىز gt&;gtئۆز مىللىي كىملىكىمىزنى ساقلاپ قېلىش&lt&;ltكۈنگە كەلگەندە&

ئالدىغا قويۇلغان جىددىي مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. مەزكۇر مەسىلىنى چۆرىدىگەن ھالدا

بىزدە ھەم كۆپلىگەن مۇنازىرىلەر بولۇپ ئۆتتى. مېنىڭچە خۇنەندىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ

مىللىي روھى، مىللىتىمىزنىڭ ئۆز مىللىي روھىمىزنى مۇستەھكەملەپ، رىقابەت ئىچىدە مەزمۇت

قەدەم بىلەن ئىلگىرلىشىمىزدە بىر ياخشى ئۈلگە بولۇپ قالغۇسى!

پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار:

;(ئەنۋەر بايتۇر)مىللەتلەر gt&;gtشىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى&lt&;lt&

نەشرىياتى 1999 ـ يىلى 2 ـ نەشرى.

;(چېڭ زۇنۋاڭ، جىيەن ۋېن)شىنجاڭ خەلق gt&;gtخۇنەن ئۇيغۇرلىرى&lt&;lt&

نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

;جەنۇبىي lt&;ltژۇرنىلى ھىدايەت يانتاق قەلىمىدىكى&gt&;gtشىنجاڭ مەدەنىيىتى&lt&;lt&

;ناملىق ماقالە. gt&;gtجۇڭگودا يىلتىز تارتقان ئۇيغۇرلار&

ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ دەرس ئۆلچىمى تەجرىبە دەرسلىگى تىل ـ ئەدەبىيات 6 ـ

قىسىم. شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى.